ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى تارىخىدىن

# ئوچېركلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ھاشىم

# نەشرىياتتىن

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىيات تارىخى چوڭ تېما. بۇنىڭ ئۈچۈن كوپ ئىزلىنىشكە ۋە جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاپتور بۇ كىتاۋىدا بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆز كوز قاراشلىرى ۋە مۇلاھىزىلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كىتاپقا يەنە نۇرغۇن تارىخى ھوججەتلەر، يازما يادىكارلىقلاردىن نەمۇنىلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەدەبىيات تارىخىمىزنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. لېكىن تەجرىبىمىزنىڭ كەملىگى، سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بەزى كەمچىلىك، خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىي. كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

بۇ كىتاپنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا بىزگە قىزغىن ياردەم بەرگەن يولداش تۇرغۇن ئالماسقا رەھمەت ئېيتىمىز.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باپ: ئۇيغۇرلار يۈكسەك، باي مەدىنىيەتكە ئىگە خەلقتۇر ........................ 1

ئىككىنچى باپ: قەدىمى ئۇيغۇرلار جەمىيىتىدە دىن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ........................ 39

ئۈچىنچى باپ: قەدىمىي ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر توغ ـ رىسىدا........................ 106

تۆتىنچى باپ: ئۇيغۇر قەھرىمانلىق داستانلىرى «چىس ـ تانى ئىلىك بەك»، «ئوغۇزنامە»، «دەدە قورقۇت» توغرىسىدا ........... 151

بەشىنچى باپ: قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رى ـ يالىزم ........................ 220

ئالتىنچى باپ: ئەبۇ ناسىر فارابى ........................ 298

يەتتىنچى باپ: يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى توغرىسىدا... 338

سەككىزىنچى باپ: مەھمۇت قەشقەرى ۋە «تۈركى تىللار دىۋانى» توغرىسىدا ..................... 425

## بىرىنچى باپ

# ئۇيغۇرلار يۇكسەك، باي مەدەنىيەتكە ئىگە خەلقتۇر

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر لۇشۇن: بۇرۇن يول يوق ئىدى، ئادەملەر ماڭغاندىن كېيىن يول پەيدا بولغان، دەيدۇ. بۇ سوزلەر ئادەتتىكى "ئىز" ياكى ئادەتتىكى "يول" مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ "ئىزى"، ئىنسانىيەت ياراتقان مەدەنىيەت "يوللىرى"نى كورسىتىدۇ.

تارىختىن ئىنسانىيەت بېسىپ ئوتكەن "ئىز"، "يول"لارنى تەكشۇرسەك، جۇڭگو، ھىندى، گىرىك، ئىرانلىقلارنىڭ جاھان مەدەنىيىتى غەزنىسىگە ئۇلەس، پارلاق ھەسسە قوشقانلىنى كورۇمىز.

تۇركى خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا كەلسەك، ئۇيغۇرلار بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغانلىغىنى كورگىلى بولىدۇ. پروفېسسور ك. ئا. بوروكوۋ: "ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنى تۇرمۇش تارىخىدا ئۇيغۇرلار مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن خەلق. ئۇيغۇرلار قەدىمقى زامانلاردا يۇقۇرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان شەرق خەلقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ①" دەپ كورسىتىدۇ.

① «تىل تارىخ—ئەدەبىيات مەسىلىلىرى» (ئۇيغۇرچە 21 - بەت).

بىزگە مەلۇمكى: ھەرقانداق مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنـ-ئەت بەلگىلىك ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ ئىنكاسى.

"داروۋىن ئورگانىك دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىنى كەشىپ قىلغىنىغا ئوخشاش، ماركس ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىنى كەشىپ قىلدى. يەنى كىشىلەر سىياسەت، پەن، سەنـ-ئەت، دىن ۋەھاكازالار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا قادىر بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋال يېمەك-ئىچمەكلەرگە، تۇرار جايلارغا ئىگە بولۇشلىرى ۋە كىيىنىشلىرى كېرەك؛ دېمەك، تىرىكچىلىك ئۈچۈن تۇغرىدىن-توغرا زۆرۈر بولغان ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە خەلق دەۋرىنىڭ ئىقتىسادىي تە-رەققىياتىدىكى ھەر بىر باسقۇچ شۇنداق بىر نېگىز بولۇپ تۇرىـ-دۇ. دولەت مۇئەسسەلىرى، ھوقوق قاراشلىرى، سەنئەتى ۋە كىشىلەرنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇرلىرىمۇ شۇ نېگىزدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئەنە شۇ نېگىزگە ئاساسلىنىپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئەمما، ھازىرغىچە رەسىم بولۇپ كەلگىنىدەك ئەمەس. ئەكسىـ-چە چۈشىنىش كېرەك دېگەن ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلارغىچە كەينى-كەيىندىن ئىدالوگىك پەردىلەر ئاستىدا بېسىلىپ ياتقان ئاددىي پاكىتـ-لىرىنى كەشىپ قىلدى①". ماركسىزمنىڭ بۇ كلاسسىك قائىدىسىنى تېخىمۇ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا "جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قانداق بولسا، ئاساسەن جەمئىيەتنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى ۋە نەزىرىيىلىرى، سىياسى قاراشـ-لىرى ۋە مۇئەسسەلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ ياكى قوپالراق قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولسا ئۇلارنىڭ

---

① ف. ئېنگېلس «ماركس قەۋرىستانىدا سۆزلەگەن نۇتۇق» (تاللانمىلار 2-توم 254-بەت).

پىكرىمۇ شۇنداق بولىدۇ①" دىگەندىن ئىبارەت.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ماددى ئاساسى مانا مۇنداق ئىدى:

تېخى دۇنياۋى سودا دېڭىز يولى ئېچىلمىغان بۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس تارىخىي ماكانى بولغان غەرپ (ھازىر-قى شىنجاڭ، يەتتە سۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دۇنيا سودا يولى بولغان مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ باش بېكەت-تۈگىنىگە جايلاشقان ئىدى. بۇ يىپەك يولىنى شۇ يوللاردىكى چارۋىچى تۈركى خەلق ۋە ئۇلارنىڭ سودىگەرلىرى ئاچقانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

يىپەك يولى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاساسەن ئىككى ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى ياڭگۇەن ئوتكىلىدىن چىقىپ، پىشامشەن ئارقىلىق ئالتۇن تاغ (تىيانشان)، كۇئىنلۇن ۋە قارا قورۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ يەركەنگە كېلىپ، ئاندىن پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق ئۇلۇغ ياۋچىغا (كوشان دولىتى-باكتىرىيەنى مەركەز قىلغان) ۋە ئىرانغا باراتتى. بۇنى جەنۇبىي يول دەپ ئاتايتتى. يەنە بىرسى يۈيمىنگۇەن ئوتكىلىدىن چىقىپ، ئالدىنقى قانقىلى (تۇرپان) ئارقىلىق تىيانشاننىڭ جەنۇبى ئېتىكىگە، ئۇ يەردىن پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق پەرغانىغا، كاڭگوي (سوغدىيانە) قاتارلىق يەرلەرگە باراتتى. بۇنى بولسا شىمالىي يول دەپ ئاتايتتى. كېيىنرەك دۇڭخۇاڭدىن چىقىپ قۇمۇل، بارىكول، ئۈرۈمچى جۇڭغاردالىسى ئارقىلىق تەلكىدىن ئۆتۈپ ئىلى ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوتتۇرا شىمالى يوللارمۇ ئېچىلدى.

① ئى. ستالىن «دىئالېكتىكا ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە 43-بەت)

شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار يىپەك يولىنىڭ باش بېكىتىگە جاي-
لاشقانلىقى ئۈچۈن شۇ زاماننىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەتلىرى
جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران ھەتتا ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرى-
يىسى) بىلەن سودا-ئالاقە قىلاتتى.

ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۇجۇمىدىن تارمار بولغان (شىما-
لىي ئافغانىستاندىكى باكتىرىيەنى مەركەز قىلىپ دۇنياغا داڭلىق
كوشان دۆلىتىنى قۇرغان، خەنزۇ يىلنامىلىرىدە يۈ ئەيشى دەپ
ئاتالغان) تۇخارلار (مىلادىدىن بۇرۇنقى 165-يىل)، سىيانتىپلار (4-
ئەسىردە) كېيىن تارىختا داڭلىق كوشانلار دۆلىتى ئورنىدا ئېپتالىتلار
دۆلىتىنى قۇرغان ئاق ھونلار، جوجەن (ئاۋار تۈركلىرى 4-ئەسىر-
نىڭ ئاخىرلىرى) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا نەچچە ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن
ھونلار ئاتتىلا رەھبەرلىكىدە ياۋروپاغا قاراپ كۆچكەندە ئەنە
شۇ يىپەك يولىنى بېسىپ ئۆتكەن، كېيىن 12-ئەسىردە قاراخىتاي
(كىدان) لار، 13-ئەسىردە موڭغۇللار يىپەك يولى بىلەن ئوت-
تۇرا ئاسىياغا كىرىپ كەلدى. كېيىن بۇددا راھىبلىرى چۇشتىڭ
(2-ئەسىر)، فاشەن (5-ئەسىر)، شۈەنجاڭ (7-ئەسىر)، خىرىس-
تىيان ماركوپولومۇ مانا شۇ يىپەك يولى بىلەن شىنجاڭدىن ئۆت-
تى. بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىمۇ ئەنە شۇ يىپەك يولى بىلەن
كىرىپ كەلدى. ئەنە شۇ خىلمۇ-خىل ئىجتىمائىي، سىياسىي،
ھەربىي، دىنىي مۇناسىۋەتلەر شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئىن-
تايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىۋى ئالاھى-
دىلىكى ئۇنىڭ ماددىي ھاياتىغا پەۋقۇلئاددە زور تەسىر كۆرسە-
تىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش
ئۇسۇلىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە يېڭى

① "شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى" (1-قىسىم 75-بەت)

ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

تارىخي ئەپسانىلاردا تىيانشاننى "ئىران قابىرغا" دىسە، قازاقلار "يەر ئاتا تاغلىرى" دەيدۇ. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى بولغان تۈركى خەلقلىرى "تەڭرى ئاتا" ياكى "تەڭرى تاغلىرى" دەپ ئاتايدۇ. جۇڭگو يىلنامىلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئىلگىرى شىنجاڭدا 36 خانلىق بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكلىرى ئىلى (ئۇسون)، قوچۇ، كەنكىت (قارا شەھەر)، ئۈچ (ئاقسۇ)، كۇچار، قەشقەر، يەركەن، خوتەن، چەرچەن، لولان، ئالتاي تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتەكلىرىدىكى قارلۇقلار ئىدى.

هونلار هازىرقى موڭغۇلىيە تاغلىرىدا ياشايتتى. هونلارنىڭ دولەت تارىخى توغرىسىدا پىروفېسسور كورپولوزادە مۇھەممەت پوئات: مىلادىدىن بۇرۇنقى 15-ئەسىردە هونلارنىڭ دولىتى بار ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ تارىختا سىياسى سەھنىگە چىقىپ ھەركەت قىلىشى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىلا باشلىنىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ كوز قارىشىغا بەزى شەرق تارىخچىلىرىمۇ قوشۇلىدۇ، لېكىن هونلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن باشلاپ شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيانىدىن غەرپتە كاسپى دېڭىزىغىچە بولغان 26 چوڭ تۈرك دولىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئۇلۇغ "هون ئىمپىرىيىسى" نى قۇرغانلىقى جاھان تارىخچىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن كوز قارىشىدۇر.

ئۇيغۇرلار هون ئىتتىپاقىغا مىلادىدىن 2-3 ئەسىر بۇرۇن كىرگەن. بۇرۇندىنلا يۇقۇرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى هون ئىتتىپاقىدا ئاساسى ئورۇننى ئىگەللەيتتى (بۇنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرى تۆۋەندىكى باپلاردا سوزلىنىدۇ).

هون ئىتتىپاقىغا كىرگەن شەرق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بولسۇن، مەيلى غەرپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بولسۇن بەزىدە هونلار بىلەن بىر بولۇپ جۇڭگو هۆكۈمرانلىرىغا قارشى ۋە بەزىدە جۇڭگو هۆكۈمرانلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ هون قۇلدارلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، ئۆز ۋەتىنىنى، ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ كەلدى......

يۇقۇرقى تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي سەۋەپلەردىن شىنجاڭنىڭ (غەرپ ئۇيغۇرلىرىنىڭ) ئىشلەپچىقىرىشى مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا — هون ئىتتىپاقى دەۋرىدىن باشلاپلا زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

كۇچار، قاراشەھەر، ئاقسۇ مىلادىدىن بۇرۇنلا تۆمۈرچىلىك، ئالتۇن-كۈمۈش ئېرىتىش، ناھايىتى نازۇك توقۇلمىلارنى توقۇش، سودا، دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

تۇرپاندا پاختىنىڭ 5-6-ئەسىرلەردە، ئۈزۈمنىڭ 6-ئەسىرلەردىلا جاھان بازىرىغا چىققانلىقىنى بىزگە تارىختىن مەلۇم.

ئىدىقۇتتا سۈڭ خانلىقىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ تۇرغان ۋاڭيەندى (981-يىللاردا): "ئۇيغۇرلار قۇرۇلۇشلارنى ئاق گەنجى بىلەن ئاقلايدۇ. ئالتۇن تاغدىن (تىيانشاننىڭ شەرقىي تىزمىلىرىدىن بىرى) ئېقىپ چىققان ساي سۇلىرى پايتەخت ئەتراپىدىكى ناھىيە ئېتىزلىرىنى سۇغۇرۇشقا ۋە تۈگمەنلەرنى قۇرۇشقا ئىشلىتىپ كېلىنىدى... چالغۇ ئەسۋاپلىرىدىن ھەممىدىن كۆپ پىپا ۋە كونخوي (23-25 سىملىق، چاڭغا ئوخشاش چالغۇ ئەسۋابى) كەڭ تارالغان. ئۇلار سوسەر، يۇڭ، پاختىدىن ئاق گۈللۈك

رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ... شەھەردە ساراي بىنالىرى ۋە باغچىلار كۆپ، ئادەملىرى ئاق تەنلىك، ئوقۇملۇق (ئەقىللىق— ئاپتور)، مىجەز خۇلقى توغرا. ئۇلارنىڭ ئۇستا زەرگارلىرى ئال- تۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن ئاجايىپ بۇيۇملارنى ياسايدۇ. قاش تېشىدىن ئاجايىپ چىرايلىق بۇيۇملار ئىشلەيدۇ...... ياغ- شى ئاتنىڭ باھاسى بىر توپ يىپەك رەخ..." دەپ يازغان. "...بۇ چاغلاردا ئۇيغۇر ئىدىقۇتى سىرتقا يىپەك، يۇڭ، پاختا، كەندىردىن توقۇلغان سۇپەتلىك شايى، گۈللۈك ھەم چاقماق يوللۇق سىلىق ۋە يىرىك تاۋار، دۇردۇن، نېپىز رومال، تاغار، خۇرجۇن، ئاياللارنىڭ كۆينەكلىرى ۋە باشقا بۇيۇملارنى چىقىرىدۇ. 951- يىلى تۇرپاندىن جۇڭگو ئىچكى ئۆلكىلىرىگە بىر قېتىمدا باشقا تاۋارلار بىلەن بىللە 1328 توپ پاختا رەخت، 280 توپ تۆۋت رەخت... ۋە 953- يىلى بىر قېتىمدا 770 توپ ھەر تۈرلۈك رەخت ئېلىپ بېرىلغان"①.

دېمەك، سىرتقا چىقىرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇنچىلىك ئېغىر سالمىقىنى توقۇلما تاۋارلىرىنىڭ ئىگەللىشىگە قارىغاندا، بۇ ساھەدىكى ھۈنەر، تۈرىنىڭ خېلىلا كۆپلىكىنى ۋە توقۇمىچى- لىق قوراللىرى سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى مولچەرلىگىلى بولىدۇ.

"ئۇيغۇرلار باش كىيىم، چاپان، كۆينەك، ئاياق ۋە بەل- ۋاغلارنى ئالتۇن، كۈمۈش، پىل ئۇستىخانلىرى، قاش تېشى، يېشىل ياقۇت، ئاق ياقۇتلار بىلەن بېزەپ، تۈرلۈك رەڭلىك يىپەك يىپلار بىلەن كەشتە بېسىشقا ئىنتايىن ماھىر ئىدى. زەر- گارلىرى بولسا، مىتالنى سوغاق ئىشلىتىشتىن تاشقىرى ئۇنى

① "سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى" (72- 9- بەت).

ئېرىتىپ، مەخسۇس قېلىپقا قۇيۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ناھايىتى
نازۇك سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەيتتى. بولۇپمۇ تۇمۇرچىلەر
تازا پولاتتىن سوققان ۋە زەرگارلار نەقىشلىگەن قىلىچ-خەن-
جەرلەر جۇڭگو ۋە غەرب ئەللىرىدە يۇقۇرى باھاغا ئىگە ئىدى.
شۇڭا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى چەتئەل پادىشالىرى بىلەن
دوستلۇق-ئالاقە شەرتنامىلىرىنى تۈزگەندە ئۇلارغا ھەربى قورال-
لارنى ھەدىيە قىلىپمۇ ئەۋەتەتتى. مەسىلەن، 932-يىلى
گەنجۇ خانلىقى جەنيۈي جۇڭگو ئىمپىراتورىغا سوغا قىلىپ ئە-
ۋەتكەن، ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن ساۋۇت ۋە باشقا سوغىلار-
نى يولدا تاڭغۇتلار (تىبەتلىكلەر) بۇلاپ كەتكەندە جۇڭگو پادى-
شاسى چېگرا گېنېراللىرى ياۋيۈەنجۇ بىلەن كانفۇنى ئەۋەتىپ،
تاڭغۇتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ سوغىسىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە
مۇيەسسەر بولغان①".

ئۇيغۇرلار باشقا كۆپلىگەن خەلقلەردەك ئۇتمۇشتە گىراۋ-
بورا سەنئىتى — نەققاشلىق، ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى بىلەن نا-
ھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى تونۇش ئىدى. بۇلارنى
XX - XIX ئەسىرلەردە شىنجاڭغا كەلگەن ئىنگلىز ئارخېئولوگى
ستەيىن، نېمىس ئارخېئولوگلىرى لىكوك، گىرۈنۋېدىل قاتار-
لىقلار ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇلارنى كىتاپ قىلىپ پۈتۈن
دۇنياغا تونۇشتۇرغان. بۇلاردىن تاشقىرى، كۆچار مىڭ ئۆيلى-
رى، تۇرپان مىڭ ئۆيلىرى — مورتۇق، بېزەكلىكلەردىكى بۇددا
مىڭ ئۆيلىرىدە قالغان ئىزلىرىمۇ بىزگە ھەقدا گۇۋالىق بېرىدۇ.

① "بەش سۇلالە ۋەقەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كونا ھەقىقى خىرونىكا" (27-باپ 12-بەت، 43-باپ 30-بەتلەر).

ئۇزىمىزنىڭ كوچار، تۇرپان (قوجۇ)، خوتەندىن تېپىلغان، ھازىر شىنجاڭ موزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخىئولوگىيىلىك ماتېرىياللار خېلىلا يىراق ئوتمۇشتە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل نېپىز ياغاچ تاختىلارغا خەت ئويۇپ باسقانلىقىنىڭ نەق ئىسپاتىدۇر.

ئۇيغۇرلار ياپىلاق تاختىچىلارغا تېكىستلەرنى ئويۇپ كىتاپ چىقىراتتى. بۇنداق كىتاپ چىقىرىشنى خەلقارادا كېسىلوگىراپىيە دەپ ئاتايدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا كېسلوگىراپىيىنى كەشىپ قىلىش ناھايىتى زور ئىنقىلاۋى، مەدىنى ۋەقە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇسۇل ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئەمگەكنى كوپ تەلەپ قىلىدىغان مۇشەققەتلىك ئۇسۇل ئىدى. بىر نەچچە بەتلىك تېكىستنى بېسىش ئۇچۇن نۇرغۇن ۋاقىت، ئاز بولمىغان ئەمگەك سەرپ قىلىناتتى.

ئىجات قىلىش ئىنسان پائالىيىتىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەتتۇر.

IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەيدانغا كەلگەن، تۇز مەركەزلىرىنى "قوجۇ" (ھازىرقى ئاستانە) ۋە بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) لارغا قۇرغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت دولىتىنىڭ ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتى ئىنسان ماھىيىتى كۇچىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققى قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەردى. كىتاپ بېسىشتىكى يۇقۇرقى مۇشكۇللىكنى تەخمىنەن X ئەسىر ئەتراپىدا ھەل قىلىپ، ياغاچتىن ھەرپ ياساپ ھەرپ تىزىش ئارقىلىق كىتاپ بېسىشنى ئىجات قىلدى. ئىنگلىز ئالىمى كارتىرنىڭ "دۇنيادىكى تۇنجى مەتبە ھەرپلىرى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن ئويۇلغان بو-

لۇپ، تۇركىدۇر" دىگىنى تامامەن مۇتلەق ھەقىقەتتۇر.

XX ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭغا كەلگەن چەتئەل ساياھەتچى ئارخېئولوگلىرى "دۇڭخۇاڭ" مىڭ ئۆيلىرىدىن ئەنە شۇ قاتتىق ياغاچتىن پۇختا ئىشلەنگەن ئۇيغۇر مەتبە ھەرپلىرىدىن خېلى كۆپ قىسمىنى تېپىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپانغا كەلگەن رۇس شەرقشۇناسى س. ف. ئولدىنبورگ ئەنە شۇ يۇقۇرقى ياغاچتىن ياسالغان ھەرپتىن 100 مىڭغا يېقىن ھەرپنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھەرپلەر ھازىر "ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلەر موزېيى" دا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك ئالەمشۇمۇل پارلاق نەمۇنىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇرلاردا كىتاپ بېسىش سەنئىتى XII – XIII ئەسىرلەردە خېلىلا يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. بۇ دەۋردە تۇرپاننىڭ كىتاپ بېسىش سېخلىرىدا تېكىستلىك ۋە تەسۋىرى باسما مەھسۇلاتى شۇ ۋاقىتتا نىسبەتەن يۇقۇرى تېخنىكىلىق دەرىجىدە ئورۇنلانغان ئىدى. بۇ جايدا كىتاپلار پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، بەلكى تىبەت، تاڭغۇت، خەنزۇ قاتارلىق باشقا تىللاردىمۇ بېسىلىپ چىقاتتى. خەنزۇ ئىلىنامىلىرىنىڭ بەزى مەلۇماتلىرىدا 17 خىل تىلدا كىتاپ چىقاتتى دىيىلىدۇ.

XIII ئەسىردە شىنجاڭغا چىڭگىز ئىستىلاسى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ جايدىكى كىتاپ نەشر قىلىش ھوقۇقى چىڭگىز موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. تۇرپاندىكى نۇرغۇن كىتاپ بېسىش سېخلىرى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇلىستاندىكى مەركىزى «قاراقۇرۇم» شەھىرىگە كۆچۈرۈلدى. قال-

نغان قسمى بولسا چىڭگىز ئارمىيىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، چىڭ-گىز ئىستىلاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى.

كىسلوگىراپىيە يولى بىلەن كىتاب بېسىش ئىشى غەربىي ياۋروپاغا XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XV - ئەسىرنىڭ بېشىدا تارقالدى. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نېمىس ئىختىراچىسى ئىوگەن ئوتىنبېرگ ھەرپلەرنى مىستىن تەييارلاش ئۇسۇلىنى ئىجات قىلدى. بۇ كەشپىيات كىتاپ بېسىش تېخنىكىسىدا نا-ھايىتى زور ئىنقىلاپ بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا زور ئۆتۈقلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلاندى.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخى نوقتىسىدىن قارىغاندا، ياۋروپا ئۇيغۇرلاردىن 500 يىل كېيىن بۇ ئۆتۈقا ئېرىشتى. يۇقۇرقى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇيغۇرلار مەتبەچىلىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئىجاتچىسى بولۇپ، ئۆز توھپىسى بىلەن ئىنسانىيەت مە-دەنىيەت تارىخىدا ئالدىنقى قاتاردىكى ئورۇننى ئىگەللەشكە ھەقلىقتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ توھپىسىنى يۇقۇرقىلارغا قوشقاندا ئۇيغۇر ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ قانداق سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كورەلەيمىز.

ئەمدى ئورخۇن - ئۇيغۇر دولىتى (شەرق ئۇيغۇرلىرى)نىڭ ماددى - مەدەنىيىتىگە كەلسەك: موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېس-سورى، تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى ل. ر. كوزلوسوۋ ئورخۇن-ئۇيغۇر دولىتى شەھرىنىڭ خارابىلىرى ۋە سېپىل خارابىلىرىنى تېپىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان ۋە ئور-خۇن دولىتى خاقانلىرىنىڭ بىرى بولغان مويۇنچۇر ئىلتىمىشىن

خاقان ۋە باشقا ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى تارقاتقانلىقى ۋە موىيۇنچۇر خاقانىنىڭ ئورخۇن كىتاپلىرىنى كوچۇرۇشكە زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، مانى دىنىغا ئائىت كىتاپلارنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.

تاڭ يىلنامىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ئوكيانىدىن تارتىپ غەرپتە قارا دېڭىز ئارىلىقىدىكى دولەتلەر بىلەن كەڭ دىپلوماتىيە ۋە سودا ئالاقە قىلغانلىقى؛ سىرتقا ئاساسلىقى نەسىللىك ئات، كەھرىۋا، ئەينەك نوشىدىل، پىلچىشى قاتارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدىغانلىقى؛ بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن ئات سودىسى بەك كۈچەيگەنلىكى، ھەر يىلىغا يۈزمىڭ ئات ساتقانلىقى، ھەر بىر ئاتنىڭ باھاسى بىر توپ تاۋار بولۇپ، ئاخىرى تاڭ سۇلالىسىنى بىر مىليون سەك-كىز يۈزمىڭ توپ تاۋارغا قەرزدار قىلىپ قويغانلىقى قاتارلىق ئىشلار يېزىلغان.

بۇ پاكىتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئوچۇق كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭ يالغۇز ماددى مەھسۇلاتلارنىلا ئالماشتۇرۇش ئور-نى بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭمۇ مۇھىم ئورنى ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئىچكى ئولكىلەر ۋە چەتئەللەرنىڭ ئىل-غار مەدىنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئوزىنىڭ مىللى خۇسۇسىيەتكە ئىگە يېڭى مەدىنىيىتىنى ياراتتى.

ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مەيدانغا كەلگەن ئىشلەپچىقى-رىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوسۇشى مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇر جەمىيىتىدە يېڭى ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنى مەي-

دانغا كەلتۈردى. سىنىپىي كۈرەشلەر ئۇتكۇرلەشتى، سىنىپىي ئاڭ ئۇستى، نەتىجىدە شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىلادى 745 - يىلى كۇچلۇك ئورخۇن - ئۇيغۇر دولىتى دۇنياغا كەلدى. بۇ ئۇيغۇر دولىتى توغرىسىدا شەرق ۋە غەرب تارىخچىلىرىنىڭ ناھايىتى تەسىرلىك تەرىپلىرى بار...

شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلارنى بىسىپ ئوتكەن ئەرەپ ساياھەتچىسى تىمىمەي بەھرەلەتۇنى: "قەشقەر بارساغاندىن ئورخۇن ھۇدۇتلىرىغىچە بولغان ئۇچ ئايلىق يولدا بىرلا تۇرك خاقانىنىڭ پوچتىسى يۇرۇپ تۇرغان..."① دەيدۇ. بۇ سوز ئەنە شۇ ئۇيغۇر دولىتىگە قارىتىلغان.

ئورخۇن - ئۇيغۇر دولىتى دۇنياغا داڭلىق ئورخۇن - يەنسەي "رۇنىك" ئىلىپبەسى ۋە كونا ئۇيغۇر ئىلىپبەلىرىنى مۇكەممەللەشتۇردى ۋە ئومۇملاشتۇردى.

ئىنگىلس: "ئىنسانىيەت تومۇر رودىلىرىنى تاۋلاشتىن باشلاپ شۇنىڭ بىلەن بىللە يىزىق يارىتىپ ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، يادىكارلىقلارنى يىزىپ قالدۇرۇشتىن باشلاپ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان" دەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئوزىنىڭ مەدەنى يادىكارلىقلىرىنى "ئورخۇن" ئىلىپبەسى ۋە "كونا ئۇيغۇر" ئىلىپبەسى بىلەن يىزىپ قالدۇرغان. بۇ ئىككى ئىلىپبەنىڭ قايسىسى قاچان يارىتىلغان، قانداق مەنبەلەرگە تايىنىپ مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدە تىخى ئىنىق مەلۇمات يوق.

ھازىرقى تۇركولوگلار ئۇيغۇر تىلىنى ئالتاي تىل سىس-

---

① ئەخمەت زەكى «قەدىمقى كۇچارلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى»(1948-يىل «شىنجاڭ گىزىتى» 24 - نويابىر سانى، ئۇيغۇرچە).

تىمىسى، تۈرك تىل ئائىلىسى هون تارمىغى، ئۇيغۇر - قارلۇق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى مىلادىدىن بۇرۇن شەكىللىنىپ، 11 - ئەسىرگە كەلگەندە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەرپ، شەرق تۈركى خەلقلىرى ئەدەبىي تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە هەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىق - لىرىنى قارلۇق - ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن يازاتتى. بۇ پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇنىڭ يېزىقىمۇ هازىرقى ۋا - قىتتا ئېيتىلىۋاتقان 4 - 5 - ئەسىرلەردە ئەمەس، بەلكى مىلادىدىن خېلىلا بۇرۇن يارىتىلغان بولۇپ، هون ئىمپېرىيىسى ئىشلەتكەن تىل - يېزىقنى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىقى دەپ پەرەز قىلىشقا تارىخىي ئاساسلار بار.

شۇڭا مەشھۇر تۈركشۇناس ۋېنگىر ئالىمى ژوزېپ تېورى: "ئۇيغۇرلار يېزىقىنىڭ ئۆزۈن تارىختا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قە - دىمقى جۇڭگو، ۋىزانتىيە ۋە پارس مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا مۇكەممەل يېزىقى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ناهايىتى چىرايلىق ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بەدىي ئەدەبىياتىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنلا ۋۇجۇتقا كەلگەن...... ئۇلار مىلادىدىن مىڭ يىل بۇ - رۇنلا ئۆزىگە خاس يىلنامىلەرنى ياراتقان"① دەيدۇ.

---

① ۋ. تېورى «14 - ئەسىرگىچە تۈرك سانلىرىدا تارىخىي ئابىدى - لەر» («تۈرك يۇرتى» مەجمۇئەسى 1915 - يىل) «شەرق ھەقىقىتى» 49 - يىل 11 - سان.

# قەدىمقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى



| Начертание | | | Значение | |
|---|---|---|---|---|
| начальные | средние | конечные | русск. | латинск. |
| | | | а | a |
| | | | ā | ā |
| | | | ы, i | y, i |
| | | | о, у | o, u |
| | | | ö, ÿ | ö, ü |
| | | | п, б | p, b |
| | | | в | v, w |
| | | | ҕ | γ |
| | | | қ | q |
| | | | х | χ |
| (kä) | (kä) | | г, к | g, k |
| | | | д т | d, t |
| | | | ж | ž |
| | | | з | z |
| | | | j | j |
| | | | л | l |
| | | | м | m |
| | | | н | n |
| | | | р | r |
| | | | с | s |
| | | | ш | š |
| | | | ч | č |

## قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىل ھىساپلاش ۋە يۇلتۇز تۇزۇش كالىندارى

| ئوت | توپراق | شامال | سۇ |
|---|---|---|---|
| چاشقان | كالا | يولۋاس | توشقان |
| بېلىق | ئىلان | ئات | قوي |
| مايمۇن | توخۇ | ئىت | چوشقا |

بۇنىڭدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرى بۇرۇن تۇتىمىزىم ئېتىقادى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردىلا "ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس كالىندارى بار ئىدى" دىگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. يۇقۇرقى كالىندار بويىچە، چاشقان، بېلىق، مايمۇن يىللىرى تۇغۇلغانلارنىڭ يۇلتۇزى ئوت؛ كالا، ئىلان، توخۇ يىللىرى تۇغۇلغانلارنىڭ يۇلتۇزى توپراق؛ يولۋاس، ئات، ئىت يىللىرى تۇغۇلغانلارنىڭ يۇلتۇزى شامال؛ توشقان، قوي، چوشقا يىللىرى تۇغۇلغانلارنىڭ يۇلتۇزى سۇ بولىدۇ دىگەن ئۇقۇمنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش مۇمكىن.

بۇ پىكىرلەر 10 - ئەسىردە شىنجاڭغا كەلگەن جۇڭگولۇق ۋاڭ يەندىنىڭ «ئۇيغۇر دۆلەتلىرى توغرىسىدىكى خاتىرە»لىرى ۋە مەتەر ئىبنى تاھىر ئەلمۇقەددەسنىڭ «كىتابۇل بەدئ ۋە تارىخ» دىگەن ئەسىرىدىمۇ بايان قىلىنغان. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغلاردا يازغان ئەسەرلىرىدىن بىزگە ھېچ بىرى يېتىپ كەلمىگەن.؟ ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ۋە ئورخۇن ئېلىپبەسىدىن باشقا يەنە قانداقتۇ باشقا ئېلىپبەلەرنىمۇ ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يېقىندا خوتەندىكى "ئاق سىپىل" خارابىسىدىن

ئۇيغۇر كونا يېزىقىدىكى يېزىلغان يېزىقلىرى تېپىلغان:
دى. بۇ يۇقۇرقى پىكىرلەرنى ئىسپاتلاشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

745 - يىللىرى ئورخۇن بويىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر دولىتى ئۇزىنىڭ قېرىنداشلىرى "كوك تۇرك"لەر بىلەن بىرلىكتە "ئورخۇن يېزىغى" ياكى "ئورخۇن-يەنسەي رۇنىك" يېزىغى بىلەن يېزىلغان ۋە "ئورخۇن يادىكارلىقلىرى" دەپ ئاتالغان داڭلىق «بىلگە خاقان»، «كول تېكىن»، «تونيۇ قوق» ۋە «كول بىلگە خاقان»، «بايۇنچۇر يادىكارلىغى»، «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت، بولمىش ئالپ بىلگە خاقان يادىكارلىغى»، قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن «چىستانى ئىلىك بەگ»، «بوكۇخان توغرىسىدا رىۋايەت» قاتارلىق زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، غەرپ ئۇيغۇرلىرى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدا زور ئېپىك داستان «ئوغۇزنامە»، «ئىدىقۇت سوزىگى»، «ئىدىقۇت مەھكىمىسىدىن يوللانغان ھوججەتلەر» ۋە بۇددا تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن «ئالتۇن يارۇق»، خىرىستىيان دىنىغا ئائىت «ئىنجىل» ھەم ئىرانلىقلارنىڭ «ئاۋىسقا»سىدىنمۇ زور قىسمەتكە ئىگە بولغان «شۇۋەنجاڭ تەرجىمىھالى»، مانى مۇخلىسلىرىنىڭ «تۇۋۋا» نامىلىرى ۋە ئۇيغۇر قانۇنىغا ئائىت ھوججەت «ئىرق پۈتۈك»، شامان دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر ۋە تىببى دورىگەرلىك، يول خاتىرىلىرى قاتارلىق نۇرغۇن تارىخىي يادىكارلىقلارنى قالدۇردى (بۇلار ئۈستىدە كېيىنكى بابلاردا تەپسىلىي توختىلىمىز).

7 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر دولىتى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ يەنىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەپ بولدى. بۇ چاغدا

ئۇيغۇر يېزىغى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان
خەلقلەر ئىچىدە هوكۇمران ئورۇندا ئىدى. 1930—1940 -
يىللىرى سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر ئارخېئولوگىيە ئۆمى -
كى بايقال ۋادىسىنى قېزىپ "قۇرقانلارنىڭ" قۇرۇمچى مەدەنى -
يىتىگە ئائىت يازما پارچىلارنى تاپتى. بۇ پارچىلار ئۇيغۇر تى -
لىدا "ئورخۇن - يەنسەي رۇنىك" يېزىغى بىلەن يېزىلغان ئىدى.
بۇنى ئاكادېمىك مالوف: "بۇ قۇرۇمچى مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار -
نىڭ كونا ماكانى بولغان شىنجاڭدىن باشقا جايلارغا تارقالغان -
لىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر"① دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سوۋېت شەرقشۇناس ئالىملىرى قۇر -
قانلارنىڭ "قۇرۇمچى" دەپ ئاتالغان بۇرئاركىتكا مەدەنىيىتى ۋە
ئۇلارنىڭ يېزىقلىرىنىڭ "ئورخۇن - يەنسەي رۇنىك" يېزىغىدىن
تەرەققى قىلىپ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ۋە "قۇرۇمچى" مەدە -
نىيىتىنىڭمۇ كونا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەركىۋي قىسمى ئىكەن -
لىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى......

ئۇيغۇر دولىتى ئىچكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن پارچىلى -
نىشقا يۈز تۇتقان چاغدا يەنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدا
ياشاۋاتقان قىرغىزلار ئۇلارنىڭ ئىچكى توقۇنۇشىدىن پايدىلىنىپ،
845 - يىلى ئۇيغۇر دولىتىنى تارمار قىلدى. لېكىن بۇرۇندىنلا
ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىغىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان قىرغىزلار يە -
نىلا ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قال -
دى. يەنسەي سېلىنگى بويىدىن تېپىلغان قىرغىز يادىكارلىقلىرى
يەنىلا ئۇيغۇر يېزىغىدا تاشقا ئويۇلغان ئىدى.

---

① س. مالوف «بايقال كولىدىن تېپىلغان يېڭى رۇنىك خەت -
لەر» (1946 - يىلى 275 - بەت، رۇسچە)

ليكىن قىرغىزلار ئۇيغۇر دولىتىنى تارمار قىلغان بول-
سىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قەبىلە بىرلىكىنى يوقىتالمىدى، شۇڭا
ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسمى شىنجاڭغا كېلىپ ئۆز قېرىنداشلىرىغا
قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت دولىتى قۇردى. مانا بۇلار بىزگە
مەلۇم بولغان توققۇز ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلار ئۇيغۇر-ئورخۇن
دولىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جۇڭغار دالاسىنى گۈللەت-
تى. بۇلارنىڭ يەنە بىرقىسمى كەڭسۇ ئەتراپىغا بېرىپ، "گەن-
جۇ" خانلىغىنى قۇردى.

كېيىن (9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
شەرقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قۇدرەتلىك دولىتى ۋۇجۇتقا
كەلدى. بۇ «قارا خانىلار دولىتى» دىگەن نام بىلەن دۇنياغا
داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ ئاساسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كۆپچىلۈك
قەبىلىلىرى بولغان ياغما، قارلۇقلار تەشكىل قىلاتتى. قاراخانىلار
دولىتىنىڭ تەركىۋىدە باشقا نۇرغۇن تۈركى قەبىلىلەرمۇ بار ئى-
دى. ئەمما سىياسى ھاكىمىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئىدى.
خاقان، ۋەزىر ئومۇمەن دولەت ئاپاراتىدىكى خادىملارنىڭ ھەم-
مىسى ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. چۈنكى بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەر ئىچىدە مەدىنىيەت جەھەت-
تىن ھەممىدىن يۇكسەك ئورۇندا تۇراتتى. قارا خانىلار دولە-
تىنىڭ ئىككى مەركىزى بولۇپ، بىرى قەشقەر، يەنە بىرى چۇ
دەريا بويىدىكى بالاساغۇن ئىدى. خان يازدا بالاساغۇندا تۇر-
سا، قىشتا قەشقەردە تۇراتتى.

بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا مەدىنىيەت-
لىك دولەتلەردىن سامانىلار دولىتى، غەزنەۋىلەر دولىتى، خارە-
زىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەركىزى چوڭ شەھەرلىرىدىن بولغان

بۇخارا، مەرۋە، غەزنە شەھەرلىرى مەدىنى، سىياسى مەركەز ئىدى. بولۇپمۇ سامانىلار بۇخاراسىدا پارس تىلىدىكى ئەدەبىيات ئىنتايىن گۈللەنگەن بولۇپ، خوشنا دۆلەتلەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. 997-يىلى ئۇلۇغ بۇغراخان كۈچلۈك ئەسكەر توپلاپ، ماۋەرەننەھر (ئامۇ-سىر دەرياسى ئارىلىغىدىكى ئوالكىلەر)گە يۈرۈش قىلدى. بۇ جايلار ئۇ چاغلاردا سامانىلارغا قارايتتى. قاراخانىلارنىڭ ماۋەرەننەھرگە قىلغان ھۇجۇمىنى سامانىلار توسيالمىدى. نەتىجىدە قاراخانىلارنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بۇخارا جېڭىدە سامانىلارنى تارمار كەلتۈرۈپ، سامانىلارنىڭ مەركىزى بۇخارانى ئىگەللىدى.

قاراخانىلار چېگرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئۇيغۇر تىل-يېزىقى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. چۈنكى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۈچۈن سامانىلار دەۋرىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئەرەپ-پارس يېزىق تىلىغا قارىغاندا ئۇيغۇر يېزىق تىلى ئاسانغا چۈشەتتى......

يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قاراخانىلار دۆلىتى ئەمدى يالغۇز مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەنلا ئەمەس، خىرىستىيان دۆلەتلىرى بىلەنمۇ سودا-ئالاقە ئورناتقان ئىدى. بۇ ھال دۆلەتنىڭ ماددى، مەنىۋى ھاياتىدا زور يۈكسىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭى چوڭ شەھەرلەر، يېزىلار، ئۆز زامانىسىغا لايىق سانائەت ئورۇنلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مانا بۇ چاغدا يىپەك يولىنىڭ موھىم سودا مەركەزلىرىگە ئورناشقان بارساگان، قەشقەر، بالاساغۇن، تۇرپان، ئۆز كەنت، كۇچار، خوتەن، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەر ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەق-

قى قىلغان مەركىزى بولۇپ قالدى ۋە شۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەنىۋى موھتى ۋۇجۇتقا كەلدى. ئەنە شۇ موھتەـ تا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار (ئىسلامغىچە ۋە ئىسلامدىن كېيىن) ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ئۇتۇقلىرى يېڭى شارائىت روھى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، تېخىمۇ تەرەققى قىلدى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەنە شۇ ئۇيغۇر مىللى موھتى ئۇيغۇر مەدەنىـ يىتىنى، ئىسلام مەدەنىيىتىنى، ئىسلام دىنىنى تولۇق ياكى بىر ئاز قوبۇل قىلغان بارلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى ئۆز تەركىۋىگە سىڭدۈرۈپ، قەدىمى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇتۇقلىـ رىنى يېڭىۋاشتىن ئىشلەپچىقارغان بىر موھىت بولدى.

پۈتۈن شەرق دۇنياسىدا ئۆز زامانىسىنىڭ نادىر ئەسەرـ لىرى بولغان «تۈركى تىللار دىۋانى» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك») ۋە «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ئاپتورلىرى مەھمۇت قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇ قۇدرەتلىك قارا خانىلار دۆلىتىدىكى ئۇيغۇر ئەۋلاتلىرىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئاشۇ موھىتنىڭ مەھـ سۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىككىسى شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ موھىم بولغان ئىككى مەسىلىسىگە جاۋاپ بەردى.

11 ـ ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» دىگەن ئەسىرىنى يېزىپ، ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار سىياسى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، ئىجتىمائى ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ھەتتا گۈللەپ ياشناۋاتقان قاراخانىلارنىڭ فېوـ دال بازىسىغا ماس كەلمەي قالغان كونكرىت ئۈستقۇرۇلما شەكلى بولغان دۆلەت ئاپاراتىنى ئۆزگەرتىشنى ئىنچىكىلەپ كۆـ زىتىپ، ئۆز ئەسىرىدە پادىشادىن تارتىپ سۇ توشۇغۇچى ئاددى

كىشىگىچە خىلمۇ - خىل كەسىپ - ۋەزىپىلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى مەلۇم ئۇسۇل ۋە تەرتىپكە سې - لىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىردىن - بىر مەقسەت قىلىپ قويى - دى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئۇلۇغ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىشتىكى مەقسىدىمۇ شۇ بولسا كېرەك.

دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دىگەن قامۇسىدا يەنە باشقا مەسىلىگە جاۋاپ بەردى. ئاپتور بۇ ئەسەرنى نىمىشقا يازغانلىغى توغرىسىدا ناھايىتى ئالىجاناپلىق، كەمتەرلىك بىلەن: "بۇ ئەدىبىي يادىكارلىقلارنى پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ يازدىم" دەيدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئەسەر پۈتۈن قاراخانىلار تەۋەسىدى - كى تۈركى قەبىلىلەرنى 15 يىل ئايلىنىپ يىققان، ناھايىتى باي ماتىرىياللار تەتقىقاتىنىڭ جەۋھىرى ئىدى.

لېكىن بۇ، مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، دەۋرنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئالدىغا قويغان تەلىۋى تېخىمۇ زور ئىدى.

مەھمۇت قەشقەرى مىللى مەدىنىيەتنىڭ ئىسلام مەدىنىيىتى تەرىپىدىن تامامەن يىمىرىلىپ ناۋۇت بولماسلىغى ئۈچۈن ئوتت - تۇرىغا چىققتى. مانا بۇ مەسىلىنىڭ تۈپ ئاساسى تەرىپىدۇر.

10 - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، يەنى 999 - يىلى ئۇي - غۇر خاقانى بىرىنچى ناسىر ئىبنى قاراخانى (مەھمۇت قەشقەرى - نىڭ چوڭ بوۋىسى) بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، سامانىلارنى تار - مار كەلتۈردى ۋە پۈتۈن ماۋرەننەھرنى ئىگەللىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىلار دۆلىتى تامامەن يوقىتىلدى. بۇ، پۈتۈن يېقىن شەرقتە چوڭ سىياسى ئەھمىيەتكە ئىگە مەسى - لە ئىدى. بۇ پۈتۈن ئەرەپ دۇنياسى ۋە ئىرانلارنىڭ ئۇيغۇر

تىلى، ئومۇمەن تۈركى خەلق تىللىرىنى ئۆگىنىشكە سەۋەپ بول-
دى. شۇڭا ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز قامۇسىنى تۈركى
تىلىدا يېزىپ، ئۇنى ئەرەپ تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلاپ،
ئاببىاسلار خەلىپىسى ئەلموقتەدىرى بىننى ئەمرۇللانىڭ ئوغلى ئو-
بۇلقاسىم ئابدۇللاھقا تەقدىم قىلىشى تاسادىپى ئەمەس ئىدى.
قاراخانىلار ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى غەزنەۋى، خارەزىم
شاھلارىنىڭ مەۋجۇتلىغى يىراق باغداتتىكى ئىراق ئاببىاسلار خەلىپە-
لىكىنى قايغۇغا سالدى.
1048 - يىلى سالجۇق تۈركلىرى غەزنەۋىلەرنى يېڭىپ
"سالجۇق ئىمپىرىيىسى"نى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ چېگرىسى
ھازىرقى ئىستامبولغىچە يېتىپ باردى. سالجۇقلار 1055 - يىلى
ئاببىاسلار خەلىپىلىگى ۋە شۇ دەۋردىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ
پايتەختى باغداتنى بېسىۋېلىپ، پۈتۈن ئەرەپ دۇنياسىنى خەۋپ
ئاستىدا قالدۇردى. مانا بۇ ھال ئەرەپ دۇنياسىنى تۈركى تىل-
لارنى ئۆگىنىشكە تېخىمۇ مەجبۇر قىلدى.
يۇقۇرقى ئەھۋالنى كورگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر مەھمۇت
قەشقەرى: "مەن دولەت قۇياشىنىڭ تۈركى خەلقلەر ئۈستىدە
چىققىنىنى ۋە پادىشالارىنىڭ پۈتۈن پەلەك چاقىنى ئايلاندۇرغىن-
نىنى كوردۇم. خۇدا ئۇلارغا تۈرك ئۇيغۇر نامىنى بەردى ۋە
ئۇلارنى پۈتۈن يەر يۈزىگە ھاكىم قىلدى. زامانىمىزنىڭ خاقان-
لىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سايلىنىپ، خەلقنىڭ ھەممە ئىرادىسى
ئۇلارغا تاپشۇرۇلدى، تۈرك—ئۇيغۇرلارنىڭ كوڭلىنى خوش قىلىش
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلىدا سوزلىشىشتىن باشقا چارە يوق"① دەپ

① مەھمۇت قەشقەرى—«تۈركى تىللار دىۋانى» (1 - توم 3 - 4 -
بەتلەر، ئۆزبېكچە).

يازدى.

بۇ چاغدا پۈتۈن شەرق دۇنياسىغا تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ئەبۇ ناسىر فارابى (873—950) ئىدى.

ئەبۇ ناسىر فارابى فاراپ شەھىرىدىن بولۇپ، ئۇلۇغ تارخان ئۇنۋانىغا ئىگە، قارلۇق قەبىلىسىدىن چىققان مەھەممەتنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ تالاس، بالاساغۇن، قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ئوقۇغان، ئىسلام ئەللىرى—باغدات، ئىراق، شام (سۈرىيە) ئەللىرىگە ساياھەت قىلىپ، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان. بۇنىڭغا ئىسلام دۇنياسىنىڭ پەيلاسوپلىرى "ئىككىنچى ئارىستوتىل......" دەپ نام بەرگەن.

ئۇلاردىن باشقا بۇ دەۋردە يېزىلغان «تارىخىي خانى» يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ «شاھنامە» سىنىڭ بارلىقى مەلۇم. لېكىن ئۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. ئۇنى بىز پەقەت شەرقشۇناس تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنلا كۆرىمىز. مەسىلەن، تومۇرلەرنىڭ تارىخىنى يازغان شاراپىتتىدىن يەزدى (1454-يىلى ۋاپات بولغان) ۋە دۇنيا تارىخى «زوپرەت ئول-ئەسەر» نى تۈرك تىلىدا يازغان ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىن ئەلى نەسرۇللا ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىرى (شائىرلىرى)نىڭ قەدىمى ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن يېزىلغان «تارىخىي خانى» دىگەن شېئىرىي ئەسەردىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتقان. جۈملىدىن ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىن ئەلى نەسرۇللا «زوپرەت ئول-ئەسەر» دىگەن ئەسىرىدە "تارىخىي خاندۇركى ئۇيغۇر باقشىلارى ئانى ئۇيغۇر خېتى، تىلى بىلەن پۈتۈپتۇرلەر" دەيدۇ.

يۇقۇرقى ئەسەرلەر ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللار جەريانىدا مەي-

دانغا كەلگەن مەدەنىيەت ئوتتۇقلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ سىڭ-دۇرۇۋېلىپ، ئۆز زامانىسىنىڭ روھى بىلەن يۇغۇرۇپ، قايتا ئەكس ئەتتۇرگىنى ئۈچۈن ئۇلاردا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى خېلىلا يۇقۇرى كامالەتكە يەتكەن ئىدى. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى كىچىك ئاسىياغىچە بولغان كەڭ زېمىندىكى تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئۆز تىل - ئەدەبىياتلىرىنى شەكىللەندۇرۇشكە نەچچە يۈز يىللاپ تەسىر كورسەتتى.

12 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا بارغاندا قاراخانىلار سۇلالىسىغا مەنسۇپ بولغان فېودال ئىسلام خانلىرىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرى قاراخانىلار دولىتىنى ئاجىزلاشتۇردى. مانا شۇ پەيتتە باش كوتەرگەن كىدان① (قارا خىتاي)لار قاراخانىلارنىڭ شەرقىي قىسمىنى تارمار قىلدى. ئۇنىڭ غەربى قىسمىدىكى ئاخىرقى خان ئوسمان بولۇپ، ئۇنى خارەزىم شاھ مۇھەممەت تارمار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 300 يىلدىن كوپرەك ھوكۇم سۇرگەن قاراخانىلار ئۇزۇل - كېسىل تارمار بولدى.

ئۇيغۇر دولىتى يوقالغان بىلەن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ساقلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو، تاۋغاچ-سېمىگىچە تارقىلىپ يىلتىز تارتقان ئىدى.

13 - ئەسىرگە كەلگەندە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملە-دىن شىنجاڭ چىڭگىز ئىستىلاسى ئاستىغا چۈشتى.

"ياۋايى ئىستىلاچىلار ئۆزى ئىستىلا قىلغان مىللەتلەر-نىڭ يۇكسەك مەدەنىيىتى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىدۇ. بۇ بىر تارىخىي قانۇندۇر"②. چىڭگىزخان قۇرغان موڭغۇل ئىمپىرىيىسى

① جۇڭگو يىلنامىلىرىدا «لياۋ ئىمپىرىيىسى» دىيىلىدۇ (ئاپتور).
② ماركس - ئېنگېلس «تاللانما ئەسەرلەر» (241 - بەت)

ھەرقانچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراشتىن ساقلىنالمىدى. "ئۇزىنىڭ بىپايان ئىمپىرىيىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن موڭغۇللارغا مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۇيغۇرلار ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. موڭغۇللارغا بولغان بۇ چوڭ تەسىرنىڭ نەمۇنىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى موڭغۇل تىلى ئۈچۈن رەسمى ئېلىپبە بولۇپ قوبۇل قىلىندى"①.

خۇددى ئاكادېمىك بارتولد ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇر يېزىغىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ بىرىنچى نەتىجىسى موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ-ئادەتكە تايانغان ھوقۇقلىرىنى قانۇن شەكلىدە "ياساق" قىلىپ تەرتىپكە سېلىپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. مۇشۇ "ياساق" چىڭگىزخاننىڭ سۆزلىرى (بىلىك) موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۈچۈن ئۆزۈن مۇددەت دەستۇر-ئالى قانۇن خىزمىتىنى ئۆتىدى. "چىڭگىزخاننىڭ پەرمانىشلىرىغا مۇۋاپىق ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە چىڭگىزخان «ياساق»لىرى (قانۇنلىرى) تۈزۈلدى. بۇ«ياساق»لار «قۇداتقۇبىلىك»نىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا بولسا كېرەك. چۈنكى چىڭگىزخاننىڭ «ياساقلىرى» قۇداتقۇبىلىك «چىڭگىزخان» دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالدى".

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنى ئىستىلا قىلغان چىڭگىزخان ئۇيغۇرلاردىن يالغۇز يېزىغىنىلا ئەمەس، بەلكى سىياسەت بەلگىلەش، دولەت تۈزۈمى، مالىيە-ئىقتىسادى تۈزۈمى قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەرنىمۇ ئۆگەندى. چىڭگىزخاننىڭ موھۇردارى — بۇرۇنقى

---

① ئاكادېمىك كىرىمسكى «ئىران ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى ھەم دەرۋىش نوسومىنىيىنىڭ تارىخى» (3-جىلد 46-بەت رۇسچە)

قىپچاق دالاسىدا ياشىغان نايمان خانى مۇھۇردار بولغان ئۇيغۇر زىيالىسى تاش ئاتۇن ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ پۈتۈن مانارىپ، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى بالا قىلىۋالغان (ئۇيغۇرچىنى ئۆگەنگەن) تاتارىشكى (ئىسمى) خوتوخۇ. نويان باشقۇراتتى.

يالغۇز چىڭگىزخاننىڭ ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى جوجى، تولى، چىغتاي، ئۆگدەيلەر باشقۇرغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر زىيالىلىرى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. ھەتتا قۇبلايخان (يۈەن سۇلالىسى) ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى باشقا ئېلىپبە بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان.

ئۇيغۇر ئېلىپبەسى خۇددى ئۇنىڭ ئىجاتچىسى قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقىدەك، ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ھەرقانداق قارشىلىقنى يېڭىپ، تۈركى - ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئىدىيە - كۆز-قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان باي يادىكارلىقلىرىنى ساقلاپ قالغان قورالى بولۇپ كەلدى.

ئۇيغۇر ئېلىپبەسى مۇڭغۇل چىڭگىز ئىمپېرىيىسى ئارقىلىق موڭغۇلىيىدىن توڭگوسىيىگىچە، يورياتىنىيىدىن ياكوتسىيىگىچە تارقىلىپ، مەھكەم ئورنىشىپ قالدى. ئۇلار كېيىنكى كۆنلەردىمۇ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىگە مەلۇم ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ، ئىشلىتىپ كەلدى.

ئىسلام مەدەنىيىتى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا راۋاجلانغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىرلەر داۋامىدىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يەنىلا ناھايىتى چوڭ رول ئويناپ كەلدى.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تىل ۋە يېزىق ساھەسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئەدەبىياتى ۋە يېزىقىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ چاغدىكى ھۆكۈمران تىل مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تىلى بىلەن خاقانىيە تىلى ياكى شۇ زامانىنىڭ ئەدەبىي تىلى قارلۇق — ئۇيغۇر تىلىدۇر. «قۇتادغۇبىلىك» — شۇ تىلدا ياكى شۇ ئەدەبىي تىلنى ئاساس قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر.

شۇنىڭدەك خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ «ھېكمەتلەر توپلىمى» ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر سوغىسى)، سۇلايمان باقىر خاننىڭ «ھاكىم ئاتا» ۋە «ئاخىر زامان كىتاۋى». بورھانىددىن ئوغلى نەسىردىن رابغۇزىنىڭ «قىسسە سۇل ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر تارىخى). جانىبەك ئوگدەلمىش ئوغلىنىڭ «جانى بىك ئوكتولمىش ئوغلىنىڭ كەچۈرمىشلىرى» رومانى، تىپىك پوئىما «يۈسۈپ-زۇلەيخا» قاتارلىق ئەسەرلەر شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرى ھېساپلىنىدۇ.

بۇلاردىن باشقا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن. تارىختا "ئوغۇز يادىكارلىقلىرى" دەپ ئاتالغان «مېنىڭ دادامنىڭ كىتاۋى كوركۇدا» ھىدايىسى ۋە قەدىمقى تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىگە كىرىدىغان سۇلتان ۋەلىد سالجۇق ۋىرشكى (1312 — 1226) ئەسەرلىرى، ئاشىق پاشا (1332 — 1271) ئەسەرلىرى، نەسىمىبوي ۋىرتىشىنىڭ

«دىۋان بۇرھانىددىن» ئەسىرى، سىۋاس (1391 — 1345)نىڭ ئەسەرلىرى، خەلق قوشاقچىسى مەخسۇم قۇلى پىراغىنىڭ (1782 — 1733) ئەسەرلىرى، شاباندى (1720 - يىلى ئۆل- گەن)نىڭ ئەسەرلىرى، خارەزىمنىڭ تارىختا "ئالتۇن ئوردا يادىكارلىقلىرى" دەپ نام ئالغان «مۇھەببەتنامە»سى، ئىبنى موخاننە تۈزگەن «لۇغات»① (13 - ئەسىر)، قۇتۇپ (كوتۇپ)نىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن» ئەسىرى (13 - ئەسىر)②، مەشھۇر تۈرك- شۇناس باڭ تۈزگەن «لاتىن، پارس، قىپچاق لۇغىتى ③»، ئىسپانىيەدە ئەبۇھەييانىنىڭ ئەرەپ ئېلىپبەسىدە تۈزگەن «قىپچاق لۇغىتى» (19 - ئەسىرنىڭ 1 - يېرىمىدا)، م. ئا. بولولىنسكى تۈزگەن «پولوۋىتسكى - رۇسكى لۇغات» (1850 - يىلى)④، «نەئۇل فارادوس» - «جەننەت ئىشىگىنىڭ ئېچىلىشى» (1771- يىلى)، «مىراژنامە»، «قىپچاق ئېغىز تىلى» قاتارلىقلار بار. ۋ. ي كورۇش: يۇقۇرقى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە، گەرچە ئۇزلىرىنىڭ يەرلىك شىۋە ئالاھىدىلىكلىرى بولسىمۇ، كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىمېنتى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇ- دىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا قاراخانىلار-

① بۇ لۇغات توغرۇلۇق پ.م. مىلودانىسكى: "13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىراندا ئەزەربەيجان تىلىدىمۇ شۇنداق لۇغات تۈزۈلگەن" دەيدۇ. لېكىن س. پ. مالوف بۇ لۇغاتنىڭ ئاخىرقى تۈرك تىلىدا چىققان نەشرىنى تەكشۈرۈپ، لۇغاتنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپلىقىنى ئېيتىدۇ (ف.ئا. باسكاكوۋ «تۈركى تىللار» 56 - بەت، رۇسچە)

② ئەسلى نۇسخىسى پارىژ كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا (ئاپتور).

③ قىپچاقلارنىڭ يادروسى بولغان «پولوۋىتس»لارنىڭ ئەڭ يىرىك يادىكارلىقى.

④ ۋ. باڭ بۇ لۇغاتتىن پارچىلار ئېلان قىلغان (ئاپتور).

نىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان قارلۇق ـ ئۇيغۇر تىلى تەسىرىدە شەكىللەنگەن. شۇنىڭدەك ئۇلار كونا ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى ياكى ئۇيغۇرلارغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر ـ ئەرەپ ئېلىپبەسىنى ئىشلەتكەن ئىدى.

"...غەربىي ۋە شەرقىي ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇيغۇر تىلى ئەھمىيەتلىك تەسىر قىلىپلا قالماستىن، شۇنىڭدەك ئالتۇن ئوردا خان سارايلىرىدا كاتىپ بولغان، نايىپلىق ۋە باشقا مەنسەپلىرى بىلەن ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرلار تەسىرىدە ئۇلارنىڭ تىلىدىمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ساقلانغان. ئۇلارنىڭ ئىدارىسىدا ئىشلىتىلىدىغان تامغا (شتامپا) ئالاھىدە مۇكاپات ۋە يارلىقلىرىمۇ ئۇيغۇر يېزىغىدا بولۇپ، ئالتۇن ئوردا بۇ ھالەتنى تا 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ كەلدى"①.

ئومۇمەن كونا ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىغى توغرىسىدا شۇ خۇلاسىنى ئېيتىش مۇمكىنكى، قاراخانىلار ئەڭ كۈچلۈك خاقانلار ئەدەبىي تىلىنى ۋۇجۇتقا چىقاردى. بۇ تىل ئوغۇز ـ قىپچاق ئەدەبىي تىلىغا، 13 ـ 14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىغا (13 ـ 16 ـ ئەسىر)، كېيىنرەك كونا ئۆزبەك تىلىغا (15-19 ـ ئەسىرگىچە)، كونا تۈركمەن ئەدەبىي تىلىغا (17 ـ 19 ـ ئەسىرگىچە) ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى.

"موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىغىنى ھازىرمۇ ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ كەلمەكتە"②.

---

① ۋ.ۋ. رادلوۋ «توختامىش ۋە تومۇر قۇتلۇقنىڭ يارلىقلىرى» (1888 ـ يىل، III توم).

② ئۇيغۇر (مانىخەي يېزىغىنىڭ كېلىپ چىقىش توغرىسىدا ن.ئا. باسكاكوۋ (هون دەۋرى بابىدىن، رۇسچە).

بۇ پاكىتلاردىن شۇ نەرسە كۆرۈنىدىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەبلەر بېسىپ كېلىش بىلەن ئەرەب تىلى، كېيىن پارس تىلى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تالاشقان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنىلا ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى ناھايىتى ئۇزاق - قىچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

شۇڭا مۇشۇ چاغلاردا موڭغۇللار تارىخىنى پارسچە يازغان ساراي تارىخچىسى جۇۋاينى ناھايىتى خاپا بولۇپ: "ئۇيغۇر تىلى پارس تىلىغا زىيان يەتكۈزۈپ، كۆپ شائىرلار ئۈچۈن يېڭى رەسمىيەت بولۇۋاتىدۇ. ئىلگىرى پارس تىلىدا يېزىپ كېلىۋاتقان بۇ شائىرلار ئەپسۇسكى، ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆز شېئىرلىرىنى ئەنە شۇ قوپال، ھەرقانداق گۈزەللىكتىن مەھرۇم بولغان ئۇيغۇر تىلىدا يازماقتا ... شېئىرىيەتنى سۆيگۈچى كۆپ ئادەملەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە دىتلىرى قوپاللاشتى ۋە تامام بۇزۇلدى①" دەپ بىكار ۋايسىمىغان ئىدى.

شەرقشۇناس ئالىملار مانا شۇ دەۋرنى "ئۇيغۇرىزىم" دەپ ئاتاشتى.

چىڭگىز ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن ئۇ شىنجاڭ ۋە غەربىي تۈركىستاننى چاغاتايغا، ئالتاي ئېدىل بويىنى ئوگدەيگە، پۈتۈن قىپچاق دالاسىنى جوجىگە بۆلۈپ بەردى.

چاغاتاي ئۇلۇسىغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلىرى ۋە تۈركى خەلقلىرى جايلاشقان يەرلەر تەككەنلىكى ئۈچۈن ئۇ بۇ جايلارنىڭ ئۈششاق فېئودال بەگلىكلىرىنى ئۈيۈشتۈرۈپ، كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇپ، يۇقىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياراتتى.

---

① جۇۋاينى — «جاھان گوشاھ» دىگەن ئەسەردىن.

ئەمدى ئاتالمىش «چاغاتاي تىلى»، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەن نەرسىگە كەلسەك، بۇنىڭ ھەر ئىككىسى خاتا قاراش، بۇ خاتا قاراش ھازىرمۇ داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ئاتالمىش «چاغاتاي تىلى»، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» بۇ ھەرگىزمۇ «موڭغۇل تىلى»، "موڭغۇل ئەدەبىياتى" ئەمەس.

تىل تارىخى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قارلۇق ئۇيغۇر تىلى قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە قاراخانىلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تىلى "خاقانىلار" تىلى ئىكەنلىكىنى، بۇ تىل شۇ دەۋردىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھوكۇمران تىلغا ئايلىنىپ، پۈتۈن غەرپ ۋە شەرق تۈركى تىللىرىنىڭ ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە شۇ ئاساستا بەدىئى يادىكارلىقلارنى يارىتىشتا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ چاغاتايلار دەۋرىدىلا ئەمەس، تا 17-18-ئەسىرلەرگىچە ئاساسەن ھوكۇمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى يېتەرلىك مىساللار بىلەن ئىسپاتلاپ ئوتكەن ئىدۇق.

ئەنە شۇ پاكىتلارغا تايىنىپ تۇرۇپ شۇنى ئېيتىمىزكى، چاغاتايلار دەۋرىنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتى قاراخانىلار دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋە شۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىياتىنىڭ بىۋاستە داۋامى ۋە راۋاجىدۇر. ن. ئا. باسكاكوۋ بۇ ھەقتە: قارلۇق — ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق تۈركەش شارائىتىدە ئىران، تاجىك تىلىدىن ئۈستۈن چىقىش ئاساسىدا راۋاجلانغان، دەيدۇ.

«تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىگ»لەر ئۇنىڭ ساقلانغان نامايەندىسىدۇر. موڭغۇللار دەۋرىدە ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئىشلىتىلىشى، ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ ھاكىمىيەتكە جەلب قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۈستۈنلۈك ئورۇندا تۇرۇشىغا

تېخىمۇ زور ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

بىز چاغاتايلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر ئەدە-بىياتىنىڭ تۆۋەندىكى نەمۇنىلىرىنى كۆرىمىز:

مۇدەررىس، ئالىم ۋە شائىر مەۋلانە سىدى (بۇ ئادەمنى ئابدۇراخمان جامى ۋە ئەلىشىرناۋايىلار ئۇزلىرىنىڭ ئۇستازى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان)نىڭ ئەسەرلىرى: دوربەكنىڭ «يۇسۇپ-زۇلەيخا» (مۇھەببەت توغرىسىدىكى رومانتىك پوئېما) داستانى: يۇسۇپ ساككاكىنىڭ «دىۋان ساككاكى» شېئىرلار توپلىمى: لۇتپىنىڭ «گۇل ۋە نورۇز» داستانى ھەم «دىۋان لۇتپى» شېئىرلار توپلىمى: ئاتايىنىڭ «دىۋان ئاتايى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى: ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە» ناملىق بەش داستانى (54 مىڭ مىسرا)، «چاردىۋان» (47 مىڭ مىسرا)، «دىۋان ناۋايى»، «قۇشلار تىلى» ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ 4 دەۋرىنى كۆرسىتىدىغان «غەزەللەر» توپلىمى: چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خېنى سۇلتان ماخمۇتخاننىڭ شېئىرلىرى: جامال قارشە-نىڭ ئەسەرلىرى ۋە بۇلاردىن باشقا بىر قانچە يازغۇچىلارنىڭ پارىسچە، ئەرەپچە يېزىلغان ئەسەرلىرىمۇ بار. بۇ دەۋردە يەنە زوھىرىدىن بابىرنىڭ «بابىرنامە»سىدە مىر ئەخمەت ھاجى دېگەن بىر ئۇيغۇر شائىرنى ئاپتور ئەلىشىر ناۋايى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويىدۇ. ئەلىشىر ناۋايى: بۇ شائىرنىڭ ئەدىبىي تەخەل-لۇسى "ۋاپايى" بولۇپ، ئۇ بۇرۇن سەمەرقەندە، كېيىن ھىرات ھاكىمى ئىدى، دەيدۇ.

ئۇندىن كېيىن سەئىدىلەر دەۋرىدە شائىر ئامانىسا ماخمۇت قىزىنىڭ «دىۋان نەپىسى»، «ئەخلاق جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق)، «سورولقۇلۇپ» (قەلبلەر كېچمىشى) ئەسەرلىرى، سەي-

دىخاننىڭ «غەزەللەر توپلىمى»، ئابدىرىشتخاننىڭ «غەزەللەر» ۋە مۇزىكىغا دائىر ئەسەرلىرى. شائىر ئاياز بەگ قوشچىنىڭ «غەزەللەر»ى، شائىر قىدىر خاننىڭ «دىۋان قىدىرخان»، شائىر مەۋلانە خولقىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرىدا خوجامقۇلى فىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانى، گۇمنامىنىڭ «غەزەللەر»ى، مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ «دىۋان زەلىلى» ۋە «تەزكىرئى خوجا مۇھەممەت شىرىپ، بۇزرۇكۋار» داستانى، نوبىتىنىڭ «دىۋان نوبىتى»، مەشھۇر مىرزا ھەيدەر گوراگاننىڭ «تارىخى رەشىدى» كىتاۋى، خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللا بىننى نىمەتۇللانىڭ «تارىخى مۇسىقىيىن» (مۇزىكا تارىخى) كىتاۋى قاتارلىق ئەسەرلەر دۇنياغا كەلدى.

سەئىدىلەر ھوكۇمىتىدىن كېيىن جۇڭغار خانلىغىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش بۇلاڭ-تالىڭى، ئۇندىن كېيىن ياقۇپبەك ۋەيرانچىلىغى شىنجاڭ خەلقىنى ئېغىر دەرىجىدە ھالىدىن كەتكۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنچىڭ ئىستىبداتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قىرغىنچىلىق، ۋەيزانچىلىق ۋە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كەلدى. لېكىن خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقىتالمىدى. قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق پەرزەنتلىرى ئۆز خەلقىنىڭ قانلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى، ھەسرەتكە تولغان يۈرەك پىغانلىرىنى، تارىخنى دېموكراتىك روھ بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆلمەس بەدىي يادىكارلىقلارنى ياراتتى... بۇ خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن تۆۋەندىكى بەدىي يادىكارلىقلارنى كۆرىمىز:

موللا ئەلەم شاھيارنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى، شائىر مەجلىسىنىڭ «غەزەللەر» توپلىمى، مۇھەممەت ئىمىن

بەردىشى ئەسەرلىرى، موللا سىدىق يەركەندى، ئۆمەر باقى،
ئەرشى، نىشان، ساراپى، زەھۇرى، موللا مۇھەممەت تۆمۈر
قارىقاش، شائىرە مۇترىبان قەشقەرلەرنىڭ شېئىرلىرى ۋە نەسرى
ئەسەرلىرى، قاسىمنىڭ «تەزكىرى ئارسلانخان» داستانى، موللا
نىيازنىڭ «تەزكىرى ئىسلام زەبىھۇللا» داستانى، مۇھەممەت
سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرى،
شۇنىڭدەك شائىر ئابدىرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھات ۋە شىرىن»،
«لەيلى مەجنۇن»، «رابىيە ـ سەيدىن»، «دۇرۇلناجات»، «ۋاموق
ئوزرا» ناملىق داستانلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى، تۇردۇش
ئاخۇن غېرىبىنىڭ «كىتابى غېرىپ» داستانى، نورۇز ئاخۇن
(زىيائى)نىڭ «مەھزۇنىل ۋەھزىنىن» داستانى، موللا ئابدىغاپ-
پارنىڭ «زەپەرنامە شاھ باھادىر خان» داستانى ۋە ئىمىر
ھەسەن سەبۇرىنىڭ «غەزەللىرى»، شائىر قەلەندەرنىڭ «قەلەندەر
دىۋانى»، غوجا شاھيار غەرىبىنىڭ «ئىشتىياق نامە» ناملىق
ئەسىرى، شائىر ناقىنىڭ «گۈلزارى بىيىش» داستانى، موللا
شاكىرنىڭ «زەپەر نامە» داستانى، شائىر مۇغەننى ئەخمەتنىڭ
«زەپەر نامە» داستانى، يەنە ئۇز زامانىسىغا يېڭى دېموكراتىك
ئىما ۋە ئىدىيەلەرنى ئېلىپ كىرگۈچى موللا بىلال بىننى موللا-
يۈسۈپنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمى «غەزەليات» ۋە يىرىك،
ئېپىك تارىخىي داستان «غازات دەر مۈلۈك چىن» ھەم
قەھرىمان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تېپىك ئوبرازىنى ياراتقان
«نۇزۇگۇم» داستانى، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي
ئەمنىيە» دىگەن مەشھۇر ئەسرى ۋە ئۇنىڭدىكى لىرىك شېئىرلار
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق پەرزەنتلىرى ياراتقان ئاجايىپ
قىممەتلىك ئەسەرلەردۇر.

بۇلاردىن باشقا ئەخمەتشا قارىقاشىنىڭ «ئات قىسمىسى»، ھەسەن ئاخۇن تەجەللىنىڭ «بەرق تەجەللى» ۋە قەشقەرلىق ھەسەن ئاخۇن تەرجىمە قىلغان «ئىنجىلنىڭ تەرجىمىسى»① قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتىنى كۆرسەتمەمدۇ؟

شۇ دەۋرنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئابدۇقادىر ئىبزىنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى، ساۋۇت ئابدۇباقىنىڭ شېئىرلىرى، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ داستانلىرى، مەھەممەت ئارتۇشىنىڭ ئەسەرلىرى ھەم ئابدۇقادىر شاھيارنىڭ «ساپائىي» ناملىق شېئىرلىرى تومىلىرى قاتارلىقلار ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەنىۋى ئىنكاسى بولۇپ، قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ياراتقان «12 مۇقام» ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ساھەسىدە ئېرىشكەن غايەت زور ۋە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتىدۇر. جۇڭگونىڭ خەن، تاڭ، ۋى يىلنامىلىرىدا مۇزىكىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە شىنجاڭدىن تارقالغانلىقى مەلۇم.

يۇقۇرقىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر ئانا تىلى، ئۇيغۇر يېزىقى، ئۇيغۇر پىسخىكىسى ۋە مىللى ئىستېتىك بەدىي دىتىنىڭ دەۋر خاراكتېرلىق، مەڭگۈ ئۆلمەس گۇۋاچىسىدۇر.

"... يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قابىلىيەتلىك كىشىلىرى ئىچىدىن ئورغۇنلىغان سىياسى ئەرباپلار، ھەربى مۇتەخەسىسلەر، پەن ئالىملىرى، ئەدىپ - تەرجىمانلار ۋە سەنئەتچىلەر يېتىشىپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەتكە

① بۇ ئىنجىلنىڭ تەرجىمىسى 1895 - يىلى دانىيەنىڭ پايتەختى كوپېنھاگىندا بېسىلغان.

مۇناسىپ توھپە قوشقانلاردىن سارابان «چىن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ تەھرىرلىگىگە قاتناشقان، لەنخۇيىسەن لياۋ سۇلالىسى تارىخىنىڭ تەھرىرلىگىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەم «ئوردا خاتىرىسى» تەھرىرلىگىگە قاتناشقان گوەن يۇگشەي مەشھۇر ئەدىپ ئىدى. جەدو ۋەجىنۇ ئەدىپ بولۇپ، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ تەھرىرلىگىگە قاتناشقان. ليۇمىنشەن دانا ئاگرا-نوم ئىدى. ئۇ «ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك تەييارلاشنىڭ دىخانچىلىق ئاساسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان. تەرجىمانلاردىن ئەنزاڭ «قەدىمقى تارىخ»، «شاھانىلىق يىلنامىسى»، «تىبابەتچىلىك»، «دورا گىيالار»، «ئىبرەتنامە»، «چىنگزەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسى ئىشلار» قاتارلىق كىتاپلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. گارناراس سانسكرىت ۋە تىبەت تىللىرىدىكى بۇددا كىتاپلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بىلاناشىل خەنزۇچە، سانسكرىتچە، تىبەتچە بۇددا سوترا-لىرىدىن 5-6 خىلىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان..."①
ئۇنىدىن باشقا تاڭ دەۋرىدە كەكمىنىر، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە سەيدۇللارنىڭ خەنزۇچە شېىر يازغانلىقى تارىختىن مەلۇم.

دېمەك، ئۇيغۇرلار يالغۇز ئۆز ئانا تىلى بىلەن تارىخىي يادىكارلىقلارنى يارىتىپ قالماستىن، بەلكى باشقا تىللار ئارقىلىقمۇ باي تارىخىي، مەدىنى يادىكارلىقلارنى ياراتقان.

يۇقۇرقى پاكىتلار ئەڭ باي مەدىنى يادىكارلىقلىرى بىلەن ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ دۇنياغا داڭلىق، باي مەدىنىيىتىنى بىللە ياراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە

① فېڭ جاشىن «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» (بىرىنچى جىلد 115-116-بەتلەر).

ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسىگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان پەخرى ئورنىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، جۇملە-دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشە-دىغان خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىمىي ۋە باي مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

## ئىككىنچى باپ

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە دىن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ئۆزلىرىنىڭ ياشىغان جۇغراپىيە ئورنىغا قاراپ شەرق ئۇيغۇرلىرى ۋە غەرپ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنەتتى. شەرق ئۇيغۇرلىرى بولسا، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى يەنى ھازىرقى تاشقى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدە ياشايتتى. غەرپ ئۇيغۇرلىرى بولسا، ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، دۇڭخۇاڭ ۋە چىلەنشەن تاغلىرى، گەنسۇ ئەتراپىدا ياشايتتى.

ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا دىنىي ئېتىقات جەھەتتە ئۆز بېشىدىن خېلىلا مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن خەلق. ئۇلار ئۆز تارىخىدا توتېمىزىم، سېھىرىزىم، شامانىزىم، زەردۇشتىزىم، بۇددىزىم، مانىخېيزىم، قىسمەن خىرىستىيان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان.

تارىخىي ماتېرىيالىزىم نۇقتىسىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئىج-

ىتمائى هاياتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تەرەپلىرى بار. جەمىيەتنىڭ ماددى هاياتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىرلىكىدىن يەنى ماددى نەمەتلەر ئىشلەپ- چىقىرىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەمىيەتنىڭ ماددى ئاساسى ياكى ئىجتىمائى مەۋجۇدىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. جەمىيەتنىڭ مەنىۋى هاياتى سىياسەت، قانۇن، پەلسەپە، ئەخلاق، ئەدەبىيات - سەن- ئەت، دىن قاتارلىق ئىجتىمائى ئاڭ فورمىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

ئىجتىمائى ئاڭنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەت. شۇڭا ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەت قانداق بولسا، كىشىلەرنىڭ ئېڭىمۇ شۇن- داق بولىدۇ. دىنمۇ ئىجتىمائى ئاڭ فورمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇمۇ دۇنيانى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

"دىن ئەڭ ئىپتىدائى زامانلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەت- راپلىرىدا بولغان تەبىەت توغرىسىدىكى ئەڭ نادان، ئەڭ ساد- دا ئىپتىدائى تەسەۋۋۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان"①، "ھەرقانداق دىن باشقا نەرسە ئەمەس، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىدىغان تاشقى كۈچلەرنىڭ شۇ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يەر كۈچ- لىرى، يەرگە خاس بولغان كۈچلار شەكلىنى ئالىدۇ"②.

دېمەك، بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ماركسىزىمچە بولغان ماتېرىيالىستلارنىڭ دىگىنىدەك دىن ئاممىنىڭ قالاقلىقى

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» (2 - توم 627 - بەت.

② ئېنگېلس «ديۇرىنگە قارشى» دىن.

دىن پايدىلىنىپ راھىپلارنىڭ ئالدامچىلىقى بىلەن ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىسى ئەمەس، بەلكى بەلگىلىك ماددى بارلىقنىڭ ئۆزىگە خاس ئىنكاسى.

كىشىلەرنىڭ دىنى قاراشلىرى ۋە دىنىي تۈزۈملەر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇردى.

"قېرىنداش بىر گۇرۇپپا تەرتىپسىدە تەشكىل بولغان مەلۇم خەلقلەر ئۈچۈن تولاراق ھالدا ئومۇمى بولغان دەسلەپكى دىنىي تەسەۋۋۇرلار، بۇ گۇرۇپپىلار بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەر بىر ئايرىم خەلق ئارىسىدا، شۇ خەلق دۇچار بولغان تۇرمۇش شارائىتىغا قاراپ، ئۆزىگە خاس يول بىلەن تەرەققىي قىلىشۋېرىدۇ. شۇ يول بىلەن ھەر بىر ئايرىم خەلق ئارىسىدا يارىتىلغان خۇدالار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكمى ئۆزلىرىگە قاراشلىق مىللى ساھە دائىرىسىدىن ئۆتمەس ئىدى"①.

بۇ ھالنى بىز گرېكلارنىڭ ئالى خۇداسى "زېۋس"، ئىرانلىقلارنىڭ "ئاھورامازدا"، جۇڭگولۇقلارنىڭ "شاڭدى"سىدا ئوچۇق كۆرەلەيمىز. بۇ خۇدالارنىڭ مىللى خاراكتېرى، پېشىنكىسى بولغانلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا شۇ يەردىكى خەلق چوقۇنغان ۋە بويسۇنغان.

ئەڭ دەسلەپكى دىنلارنىڭ بىرسى بولغان توتېمىزىم ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى بولسا، قەبىلە تەڭرىسى ئۇرۇقلارنىڭ قەبىلە بولۇپ بىرلەشكەن تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

قۇلدارلىق تۈزۈمى ۋۇجۇتقا كەلگەندە ئەڭ ئالى تەڭرى بارلىققا كېلىپ، باشقا قەبىلە تەڭرىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇندى.

---

① ماركس - ئېنگېلس «دىن توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە، 35-بەت).

پادىشالىق مۇستەبىتلىك تۈزۈمىدىكى چوڭ دولەتلەر مەيدانغا كېلىشى نەتىجىسىدە يىگانە ۋە ھەممىگە قادىر تەڭرى بارلىققا كەلدى. ئەمدى بۇ چاغدىكى خۇدالار بۇرۇنقىدەك خەلق تۇرمۇشىغا، خەلققە يېقىن كونكرېت ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئابستراكتلاشقان بولۇپ، بۇمۇ ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇزاق جەرياندا مەيدانغا كەلتۈرگەن مۇرەككەپلەشكەن مەھسۇلى ئىدى.

پادىشا مۇستەبىتلىك تۈزۈمىگە ماسلىشىپ، كوپ خۇدالىق دىنلارنىڭ ئورنىغا بىر خۇدالىق دىنلار — بۇددا، خىرىستىيان، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ دۇنياۋى دىن ئەنە شۇنداق شارائىتتا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ خۇدالىرىمۇ يۇقۇرقى تۈسكە كىردى.

مەلۇم ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئۆزئارا زىچ بىرىكىشى مۇئەييەن ئىجتىمائى فورماتسىيىنى تەشكىل قىلىدۇ. بازىسنىڭ ئۇستقۇرۇلمىنى بەلگىلىشى تارىخىي ماتىريالىزىمنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى بولغىنىدەك، ئۇستقۇرۇلمىنىڭ بازىسقا تەسىر قىلىشىمۇ تارىخىي ماتىريالىزىمنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىدۇر. ئىجتىمائى ئاڭنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ئۆزئارا رول ئوينايدۇ ۋە بىر - بىرىگە تەسىر كورسىتىدۇ. بۇنداق رول ۋە تەسىرلەرنى ھىساپقا ئالماستىن، ئىجتىمائى ئاڭنىڭ تەرەققىياتىنى پەقەت ئىقتىسادىي شارائىتلار بىلانلا چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا، ئىجتىمائى ئاڭنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ. مانا بۇ ئىجتىمائى ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ نىسبى مۇستەقىللىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

"دىن ئىپتىدائى زامانلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆز تەبىئەتلىرى ۋە ئۆز ئەتراپلىرىدا بولغان تەبىئەت توغرىسىدىكى ئەڭ نادان،

ئەڭ ساددا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىدىن كېلىپ چىققتى. لېكىن ھەرقانداق ئىدىئولوگىيە پەيدا بولغاندىن كېيىن تەسەۋۋۇرلار بىلەن باغلانغان ھالدا تەرەققىي قىلىپ، بۇ تەسەۋۋۇرلارنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرىدۇ. ئەكس ھالدا ئۇ ئىدىئولوگىيە بولمىغان بولاتتى ......»①.

ماركسچە ئىنكاس نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دىن ئەڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئاڭنىڭ ماددىي بارلىق بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولغان ھېسسىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ سەنئەتنىڭ تىپىكى خۇسۇسىيىتى بولغان ئوبرازلاردىن ئايرىلمىدى. نەتىجىدە سەنئەت بىلەن گىرەلىشىپ، ئۆز مەزمۇنىنى سەنئەت شەكلى بىلەن ئىپادىلىدى.

دەسلەپكى دىنلارنىڭ ھەممىسىلا ئەمەس، بەلكى كېيىنرەك مۇكەممەللىشىپ دۇنيا دىنلىرىغا ئايلانغان شامانىزىم، زاردوشتىزىم ھەتتا بۇددىزىممۇ، "كۆك ئاسمان"، "قۇياش" ۋە «ئوت» نى ئىلاھى تونۇپ ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلىشقان ئىدى.

يۇنانلىقلارنىڭ گۈزەل تەبىي شارائىتى — ئۇنىڭ بۇلۇتسىز كۆك ئاسمىنى، ئۇنى ئوراپ ئالغان چەكسىز يېشىل رەڭلەر دېڭىزى ئۇلارنى گۈزەللىككە ئوندىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىلىرىنىمۇ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئالىي كىشى قىياپىتىدە تەسۋىرلەشكە، گەۋدىلەندۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇلار مىلادىدىن 7 - 8 يىل ئىلگىرىلا (گومىردىن خېلىلا بۇرۇن) ئۆز ئىلاھىلىرىنى گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەشنى بىلەتتى. گىرىتسىيىنى قاپلاپ تۇرغان گۈزەل، رەڭگەر كۆك ئاسماننى ئادەم قىياپىتىدە-

① ماركس، ئېنگېلس، لېنىن «دىن توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە 34 - بەت).

كى "بۈيۈك ئاتا" دىگىمىزدا لەھەڭگە مىنىپ، شىددەتلىك دول-
قۇنلار ئارىسىدا يۈرىدىغان زور بىر كىشى قىلىپ تەسۋىرلىسە،
قۇياشنى ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچىدىغان بىر ئاقساق تۆمۈرچى
قىلىپ تەسۋىرلىدى. ئۇنىڭ كورىگىنى بولسا، يەر ئاستىدىكى
ۋولقانلار دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. كېيىن ئۇلار ھەققىدە تۈرلۈك
ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر يارىتىلىشقا باشلىدى...

"ياۋايىلىق ۋە ۋارۋارلىقنىڭ تۆۋەنكى باسقۇچى — ئىنى-
سانىيەت تارىخىنىڭ $\frac{4}{5}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ۋارۋارلىقنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىلا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكى تەرەققى قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شەخسى
پەزىلەت، گۈزەل سۆز، دىنىي ھىسسىيات، راستچىللىق، قەھرى-
مان-باتۇرلۇق ئىنسانىنىڭ ئومۇمى خاراكتېرلىك بەلگىلىرىگە
ئايلانغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قاتتىقلىق، قەبىھلىك، مۇ-
تەئەسسىپلىك، خىيانەتكارلىق ۋە خائىنلىقمۇ بىللە پەيدا بول-
غان ئىدى.

دىنىي ساھەدە بولسا، شېرىيەت كىشىلەرنىڭ خۇدا ۋە ئۇ-
لۇغ روھلار توغرىسىدىكى ھىسسى ئوي-خىياللىرىنى ئەكس
ئەتتۈرىدىغان، گەۋدىلەندۈرىدىغان ۋاستىسى ھىساپلىناتتى.

ئەڭ دەسلەپكى شېرىيەت ئەنە شۇ دەۋرگە تەئەللۇقتۇر.
بۇ دەۋر بىزگە يەنە ئائىلىلەردىن ئۇسۇپ چىققان ئۇرۇغلار،
ئۇرۇغلاردىن تەشكىل تاپقان قەبىلە-قەبىلىلەردىن ئۇيۇشقان
ئىمپراتورىيەلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. بۇ مۇ-
ۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ ئىشلىشى جەريانىدا
مەيدانغا كەلگەن تەرەققىياتلار ئەمدىلىكتە ئېغىز ئەدەبىياتى بول-

غان رىۋايەت، ئەپسانىلارنى ياراتقان ئىدى. خەلقنىڭ بۇ ئىجا-
دىيەتلىرى ئىنسانىيەتنىڭ يۇقۇرقى كوللېكتىۋىگە قۇدرەتلىك تەسى-
رىنى كورسەتمەكتە ئىدى"①.

بۇ پاكىتقا ئاساسلانغاندا پەيلاسوپ ھەردەر: دىن شېئىرى-
يەتنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئەنئەنىسىدۇر، دېمەكچى. تامامەن ھەقلىق. بۇ
ھالنى بىز ئىران ۋە يۇنانلىقلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىنمۇ
ئۇچۇق كورەلەيمىز. مەسىلەن، ئىران ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا-
نىڭ ئەڭ قەدىمىي دىنىي ئېتىقادىنى، ئورپ - ئادەت، تارىخىنى
ئىپادىلەيدىغان، پارس شېۋىسىدە يېزىلغان «ئاۋېستا» ناملىق
مۇقەددەس كىتاپ (ئىككى يۈزمىڭ مىسرالىق شېئىرلار توپلىمى)
بولۇپ، ئۇ، مىلاددىن بۇرۇنقى 1400 يىلدىن 3 - ئەسىرگە-
چە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. زاردو-
شىزىم دىنىنىڭ بۇ مۇقەددەس كىتاۋى زارۇتوستۇرا پەيغەمبەر،
ئىلاھى ئاخۇر ئامازدادىن سوئال سوراش، ئاخۇر ئامازدا ئۇنىڭ
سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىش شەكلىدە شېئىر بىلەن يېزىلغان. بۇ
بىرقانچە قىسىملارغا بولۇنگەن بولۇپ، ئالدىنقى قىسمىدا زار-
دوشىزىم دىنىغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنى ياقلىغان ئەپسانىۋى قەھرى-
مانلار توغرىسىدا يېزىلغان قەسىدىلەر بولسا، كېيىنكى قىسمىدا
ئىلاھى ئاخۇر ئامازدانىڭ زارۇ توستۇرانى پەيغەمبەرلىككە
ۋەھى قىلغانلىغى تەسۋىرلىنىدۇ. قالغان قىسىملىرىدا بولسا، خىلمۇ-
خىل دۇئالار بىلەن ئاغرىق داۋالاش ھەققىدە ۋە باشقا مەسىلى-
لەر ئۈستىدە سوزلىنىدۇ.

بۇ "مۇقەددەس" كىتاپ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا

① ماركس، ئېنگېلس «سەنئەت توغرىسىدا» (1 - توم 270 -
بەت روسچە)

خەلقلىرىنىڭ يالغۇز دىنىي ئېتىقاتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قەدىمىي تارىخى توغرىسىدىمۇ خېلىلا ئوبدان مەلۇماتلارنى بې-رىدۇ.

ئەمدى يۇنانلىقلارغا كەلسەك مىلادىدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىرلەردە مەزيود ئىسىملىق بىر كىشى «تەياگونىيە» دىگەن شېئىرىي ئەسەرنى يازغان. بۇ كىتاۋدا گىرىكلار ئىلاھلىرىنىڭ سېستىمىسىنى تۈزدۇ ۋە بۇ ئىلاھلار بىلەن خەلقلەر ئارىسى-دىكى ئۇرۇش، ئىلاھلار بىلەن يېرىم ئىلاھى قەھرىمانلار ئارى-سىدىكى ئۇرۇش ۋە باشقا خىلمۇ-خىل ئۇرۇشلار، دىنىي ئېتى-قات، ئۆرپ-ئادەتلەر توغرىسىدا سوزلەيدۇ. بۇمۇ گىرىكلارنىڭ "مۇقەددەس" دىنىي كىتاۋى ھىساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى گومىرنىڭ دۇنياغا داڭلىق «ئىلىئادا» «ئودىسا» داستانلىرى بولۇپ، بۇمۇ مىلادىدىن تەخمىنەن 7-8 ئەسىر بۇرۇن مەي-دانغا كېلىپ، بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

گومىر بۇ داڭلىق «داستانلار» نى يارىتىشتا خەلق ئېپوسىغا تايانغان. ئەسلى بۇ داستانلار گىرىتسىيىنىڭ ھەرقاي-سى جايلىرىدا خەلق تەرىپىدىن كەڭ تارقىلىپ ئېيتىلىپ كەل-گەن ئىدى. گومىر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، ئۇنى تۈزەپ تەرتىپكە سالدى. گومىر خەلق رىۋايەتلىرىنى قانداق ئالغان بولسا، ئۇمۇ خەلققە سادىق بولۇپ شۇ پېتىچە ئىشلىدى.

بۇ داستانلاردىكى خۇدالار ئۆز زامانىسىدىكى كىشلەر قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

لېكىن بۇلار پەۋقۇلئاددە تەبىئەتلىك زاتلار بولسىمۇ، بۇلارنىڭ قىياپەتلىرى، تۇرمۇشلىرى كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇ كىشىلەردەك خوشاللىنىدۇ، ئاچچىغلىنىدۇ، ئۇرۇشلاردا ياردارمۇ

بولدۇ. بالا-قازا، بەختسىزلىكلەرگىمۇ ئۇچرايدۇ. گۇنا ئۆتكۈ-زۈپ جازالارغىمۇ تارتىلىدۇ، ئۇلار تاماقىمۇ يەيدۇ، لېكىن ئىن-سانلاردەك ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىگە "مەڭگۈلۈك ھايات بېغىشلايدىغان" "ئامبىدۇزىيە" دېگەن نەرسىنى يەيدۇ. بۇلار جىسمانى جەھەتتىن ئاددى كىشىلەردىن كۈچلۈك. تەن قۇرۇ-لۇشلىرى پۇختا، تازا، كۆزلىرى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرىدۇ. ئاس-مانلاردا ئۇچۇپ يۈرەلەيدۇ. تاۋۇشلىرى جاراڭلىق، ھەيۋەتلىك، ئۇلار خالىسا كىشىلەرگە كۆرۈنمەيدۇ. تۈرلۈك قىياپەت-تۈسلەر-گە كىرەلەيدۇ. ئۇلار مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان خىسلەتلىرى بىلەن ئاددى كىشىلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىسلەتلىرى ئۆز زامانىسىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دىن بىلەن سېھىرلەنگەن ياكى نىقاپلانغان ئۇزاق زامانلار جەريانىدىكى خەلق تەپەككۇرىنىڭ جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت رومانتىكىسىدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

گومېر قەھرىمانلىرىنىڭ رېيال تارىخى ئەھمىيىتىنى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى يېتەرلىك تەكىتلەپ ئۆتكەن ئىدى:

"... ھەتتا گومېر داستانىنىڭ بىر جايىدا پىراتىرىيىنىڭ ھەربى قىسىم تەرتىپىدە تەسۋىر قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ يەردە ئاگاممېنونغا 'كىشىلەرنى قەبىلە-قەبىلە، پىراتورىيە-پە-راتورىيە قىلىپ سەپكە تارت، تاكى پىراتورىيە-پىراتورىيىگە، قەبىلە قەبىلىگە ياردەم بەرسۇن' دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ... «ئىلىئادا» دا ئەرلەر ھاكىمى ئاگاممېنون گىرىكلارنىڭ ئالى پادىشاسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى قامال قىلىنغان شەھەردە تۇرغان ئىتتىپاق قوشۇنىنىڭ ئالى قوماندانى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئورۇن تۇتقانلىقىنى ئۇدىسسىنىڭ

ئۇزىمۇ مەلۇم جايدا كۆرسىتىدۇ. گرېكلار ئوتتۇرىسىدا ئىزا
چىققان ۋاقتىدا مۇنداق دەيدۇ: ھاكىملارنىڭ كۆپ بولۇشى
ياخشى ئەمەس، بىر كىشى قوماندانلىق قىلىشى كېرەك ۋە ھاكا-
زا... ئۇدىسسا بۇ يەردە ئىدارە ئۇسۇلى توغرىسىدا لېكسىيە ئوقۇ-
مايدۇ، بەلكى ئۇرۇش ۋاقتىدا ئالىي قوماندانغا ئىتائەت قىلىشنى
تەلەپ قىلىدۇ. ئاخىللىد سوۋغا ياكى ئولجىنى بۆلۈشۈۋېلىش
توغرىسىدا سۆزلىگەن ۋاقتىدا بۇ ۋەزىپىنى ئاگاممېنونغا ياكى
باشقا بىر باسىيلېۋسقا يۈكلىمەيدۇ. بەلكى ھەر قاچان "ئاخىيا-
لىقلارنىڭ ئوغۇللىرىغا" يەنى خەلققە يۈكلەيدۇ. "زېۋىس تۇغدۇر-
غان"، "زېۋىس ئۆستۈرگەن" دىگەن سۈپەتلەر ھېچ بىر نەرسىنى
ئىسپات قىلمايدۇ. ھەر بىر ئۇرۇق، ئۆزىنى خۇدالارنىڭ بىرىنىڭ
ئەۋلادى دەپ بىلىدۇ، قەبىلە باشلىغىنىڭ ئۇرۇغى بولسا، "زاتى
تازا" خۇدادىن يەنى زېۋىستىن تارقالغانمىز دەپ بىلىدۇ.
ھەتتا چوشقا باققۇچى ئېۋمى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش شەخسەن
ئەركىن بولمىغانلارمۇ "ئىلاھى كىشىلەر" دەپ ھېساپلىنىدۇ.
«ئودىسسا» دا دىمەك «ئىلىئادا» دا تەسۋىرلەنگەن زاماندىن
خېلىلا كېيىن ئەھۋال شۇنداق ئىدى. يەنى شۇ «ئودىسسا»
دا قارىغۇ ناخشىچى دوك بىلەن بىللە گىرولىد مىبلىيگە "قەھ-
رىمان" نامى بېرىلىدۇ. قىسقىسى گرېك يازغۇچىلىرىنىڭ گۇ-
مىر ۋاقتىدىكى پادىشالىق ھاكىمىيىتى دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىد-
نى ئاتاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان basileia دىگەن بۇ سۆز شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە يولباشچىلار كېڭەشمىسى ۋە خەلق مەجلىسى
مەۋجۇت بولغان ھالدا پەقەت ھەربى دېموكراتىيە مەنىسىلا
بېرىدۇ (چۈنكى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسي خۇسۇسىيىتى ھەربى

باشچىلىقتۇر.)"①

مانا بۇ يەردە گۇمىر داستانلىرى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەت خاراكتېرىنى ئىنقىلاشقان ئاساسىي ماتېرىيال بېرىدۇ. بۇ بىزگە گۇمىر قەھرىمانلىرىنىڭ رېيال تارىخىنى، ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى گۇمىر قەھرىمانلىرى دىنىي سېھىر بىلەن قانچىلىك ئىلاھىلاشتۇرۇلغان قەتئىي نەزەر، ئۇ بەدىئىي تىپ سۈپىتىدە دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىقىدۇ:

"... مەسىلەن، گۇمىردا، — دەيدۇ ئۇ زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى گېگېل، — ھەر بىر قەھرىمان ئۆزىگە خاس مۇكەممەل، جانلىق، ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە، ئاخىللى ئەڭ ياش قەھرىمان، نېكىن شۇنىڭغا قارىماستىن ئۇنىڭ بالىلىق ياش كۈچى ھەقىقىي ئىنسانىيەتنىڭ سۈپىتىدىن قېلىشمايدۇ ھەم گۇمىر ئۇنى خىلمۇ-خىل شارائىتلار ئاستىغا قويۇپ، بۇ ئوبرازنى خىلمۇ-خىل تەرەپتىن تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئاخىللى ئۆزىنىڭ فېتدۇسىنى سۆيىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا دېڭىزنىڭ مەيىن شامىلىغا يۈز تۇتۇپ يىغلايدۇ، ئۇنىڭ شان-شەرىپى ھاقارەتلەنگەندە ھاياجانغا تولۇپ ئاگاممنون بىلەن بۇ ۋەقەنى باشتىن-ئاخىرغىچە مۇنازىرىلىشىدۇ.

«ئىلىئادا» دا ئۇ پاترووكىل ۋە ئانتىلوخنىڭ ئەڭ سادىق دوستى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇ ئەڭ نۇرلۇق، ئەڭ يالقۇنلۇق ئوت يۈرەك ياش،

---

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» (2 - توم 402 - 407 - بەتلەر، ئۇيغۇرچە).

ئۇ ئايىغى يېنىك باتۇر، ئاقساقال فىنكىس ئالدىدا ناھايىتى خۇشخۇي بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك خىزمەتچىسى سۇ-پىتىدە ئۇنىڭغا تىز پۈكۈپ، تازىم قىلىدۇ. ئۇ پاتىرۇكىلنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك تەزىيىدە ئاقساقال فىنىروغا ئۇلۇغ ھورمەت، ئېھتىرام ۋە ھېسداشلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاخىللى ئۆزىنىڭ دۈشمەنگە نىسبەتەن غەزەپلىك ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ، دۈشمەن گىكتورنىڭ جەسىدىنى جەڭ ھارۋىسىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ سورۇتۇپ؛ تېروييا سېپىلى-نى ئۈچ ئايلاندۇرىدۇ. كېيىن ئۇ، ئوغلى ئۈچۈن ھازا ئېچىپ، يىغلاپ قالغان ئاتىنىڭ كوڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇدۇل ئۇنىڭ چېدىرى ئالدىغا كېلىپ، تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ...... دېمەك ئاخىللىنى ئادەم دەپ ئېيىش تامامەن مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدا ئادەم قىياپىتىنىڭ ۋە خىسلىتىنىڭ بايلىقى نۇرغۇن تەرەپلەردە كورسىتىلگەن. گومىر ياراتقان خا-راكتىرلەرنىڭ قالغانلىرى ئۇستىدىمۇ يۇقۇرقى باھانى بەرگىلى بولىدۇ. ئادىسى، دىمودى، ئاياكس، ئاگاممېنون، گىكتور، ئاندىرو-موخا قاتارلىق شەخسلەر ئوز ئالدىغا پۈتۈن بىر مۇستەقىل دۇنيا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى تولۇق، جانلىق ئادەمدۇر..."①

لېكىن مەزيودىنىڭ «تەياگونىيە» داستانى ۋە گومىرنىڭ «ئىلئادا»، «ئودىسسا» داستانلىرى گىرىكلارنىڭ نەزىرىدە "مۇ-قەددەس" دىنىي كىتاپمۇ ھېساپلىنىپ كەلدى. ھەتتا مىلادىدىن كېيىنكى 4-ئەسىردە بويۇك كونستانتىن ۋاختىدا، يۇنان خەلقى مىرىد يولئان زامانىسىدا مەجبۇلار گومىر داستانلىرىنى ئىنجىلگە قارشى قويۇپ، كۆرەشكە ئاتلانغانلىقى تارىختىن بىز-

① پروفېسور تېمافابىيۇ «ئەدىبىيات نەزىرىيىسى» (22-بەت، رۇسچە).

گە مەلۇم.

دىن بىلەن سەنئەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بىرلىك-
تە يارالغان قانداشلىقىنى ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى
ماكسىم گوركىي ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلغان: "خەلق ئۆز-
لىرىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا، ئۆزىنى ساقلاشنىڭ تەبىي ھېسسى-
ياتى بىلەن ياشاپ، قۇرۇق قوللىرى بىلەن تەبىئەتكە قارشى
كۈرىشىپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ۋەھىمە قىلىپ، ھەيران
بولۇپ، خۇشال بولۇپ يۈرۈپ، دىننى ئىجاد قىلدى. دىن
خەلقنىڭ پوئېزىيىسى ئىدى.

خەلقنىڭ ئۆز تەجرىبىسى دائىرىسىنىڭ تاشقىرىدا دۈش-
مەن كۈچلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا ئالغان ھەممە تەجرى-
بىلىرىنى، تەبىئەت كۈچلىرى توغرىسىدىكى ھەممە بىلگەن-
كورگەنلىرىنى شۇ دىن ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تەبىئەت ئۈستىدىن
قازانغان دەسلەپكى غەلىبىلىرى خەلقتە ئۆزىنىڭ مۇستەھكەملىكى،
ئۆزى بىلەن پەخىرلىنىش سېزىمى ۋە يېڭى غەلىبىلەر قازىنىش
خاھىشىنى قوزغىدى ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرى يارىتىشقا
مەجبۇر قىلدى. خەلقنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ ھەم
ئۆز-ئۆزىگە قويغان تەلەپلىرىنىڭ غەزىنىسى بولۇپ قالدى. شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئەپسانە ۋە داستانلار بىرلىشىپ كەتتى... ئادەم
ئۆز خۇداسىنى ھەممىنى بىلگۈچى، چەكسىز قۇدرەتلىك،
ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى، يەنى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىن-
تىلىشلىرىنى ئىپادە قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان. خۇدا
پەقەت ئادەمنىڭ 'خىيالىدۇر'. بۇ خىيال ناھايىتى كەمبەغەل،
ئېغىر تۇرمۇش ۋە ئادەمنىڭ ئۆز كۈچى بىلەن ھاياتىنى باي،

يىنكرەك، ئادالەتلىك، گۈزەل قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىش نەتە-جىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن... خۇدالار توغرىسىدىكى ئەپسانىلار "دىن ئىجادىيەت" دەپ ئاتالىمۇ، ئۇز ماھىيىتى جەھەتتىن بەدىي ئىجادىيەت قاتارىغا كىرىدۇ.»①

دىن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇنداق بىرلىكىنى ھون دەۋرىدە (پەرەزلەرگە قارىغاندا ھون ئىتتىپاقىغا كىرگەن دەۋرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان شامانىزىم تەسىرىدە) يارالغان ئۇيغۇرلارنىڭ يە-رىك ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە، 4-5-ئەسىرلەردە مانىخەيزىم تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن «مۇقەددەس قەۋرە» دۇئانامىسىدا، 5-ئەسىر ئەتراپىدا يارىتىلغان قەھرىمانلىق داستانى «چىمە-تانى ئىلىك بەگ» دە، 7-ئەسىر ئورخۇن دولىتى دەۋرىدىكى ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا ۋە مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالدى-كەينىدە «بۇددا» شامان، مانىخەي دىنلىرى تەسىرىدە يارىتىلغان ئە-دەبىي يادىكارلىقلىرىدا ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەن-گەن دەۋرى «قاراخانىلار» (10-11-ئەسىر) دەۋرىدە يا-رىتىلغان ئاجايىپ باي ئەدەبىي يادىكارلىقلاردا، جۈملىدىن ئۇنىڭ داۋامى چاغاتاي دەۋرى، سەئىدىيە دەۋرى، ئاخىرى جۇڭغارخانلىقى، مەنچىڭ دەۋرى، ئاخىرى ياڭ، جىڭ، شىڭ، گومىنداڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبى-يات-سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىتالايمىز.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئىزىنى ئاختۇرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئاساسىدا يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ھۇلى بارلىقىنى كورگىلى بولىدۇ.

---

①گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» (1-توم، 376-377-بەتلەر، ئۇيغۇرچە).

ياۋروپا پەلسەپىسىدىن تارتىپ تەبىي، ئىجتىمائىي پەنلەرگىچە قەدەر كۆز تاشلىساق، ئۇنىڭدا يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان فورمىسىنى كۆرىمىز. ئەمدى ئەنە شۇ ئۇلۇغ يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىنى سۈرۈشتۈرسەك، ئۇ يۇنان دىنىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

دىن مانا شۇ مەدەنىيەت ئېتىقاداندا، جاھانغا سىڭىپ كىرگەن ئېلىپ كەلگۈچى ۋە تارقاتقۇچى رولنى ئوتەپ كەلدى. شۇڭا بەلگىلىك مەدەنىيەت ئېتىقاداندا، خەلقنىڭ دىنى شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئەينىكىدۇر.

شامانىزىم ئوتتۇرا ئاسىيادا 2 يۈز يىل ھوكۇم سۈرۈپ، جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ھون دولىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە قانداق رول ئوينىغان بولسا، زارو ئاستىرا-مازدا-ئىزىم "ئاخمىنلار"، "ساسانىلار" سۇلالىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىمۇ شۇنداق رول ئويناپ، جاھانغا داڭلىق مىللىي مەدەنىيەت يارىتىشىغا تۈرتكە بولدى. دۇنياۋى دىنلار بۇددا، خىرىستىيان، ئىسلام دىنلىرى توغرىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق خۇلاسە ئېيتىلىشى تامامەن مۇمكىن.

دۇنياغا داڭلىق مىسىر ئېھراملىرىدىن تارتىپ، يۇنان، مىسىر ھەيكەللىرى، دۇنياۋى كلاسسىك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ نەپىس، ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى بولغان "دۇڭخۇاڭ" ئاسارە-ئەتىقىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پۈتۈن مۇسۇلمان شەرقىدە مەيدانغا كەلگەن نەچچە ئون مىڭلىغان جامە-مەسچىتلەر، ئۇلارنىڭ گۈزەل گۈمبەز، نەقىشلىرى، ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، زەرگەرلىك، رەسساملىق قاتارلىق ماددى، مەنىۋى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇنى

دىنلارنىڭ تارىخىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

تارىختا ماركسچە نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، دىنىنىڭ ئەكسىيەتچى، مۇتەئەسسىپ تەرىپىمۇ بار. سىنىپلار پەيدا بولۇپ، سىنىپىي جەمئىيەت مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ئۇلارنى قوغداش، ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى ئېزىش قورالىغا ئايلاندى. شۇڭا لېنىن: "ھەرقانداق ھۆكۈمران سىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىككى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىلغا — جاللات ۋە پوپقا ئىگە بولۇشى كېرەك" دېگەن ئىدى.

دىمەك دىن تەبىئەت زۇلمى ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇمنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشى ياكى يوقىلىش تەقدىرى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي، سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق.

سىنىپلار يوقىتىلغان بىزنىڭ سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىمىزدە دىن "ئېزىش قورالى"، "ئەپيۇن" ئەمەس، بەلكى نورمال ئېتىقات ۋە ئۆرپ-ئادەت بولۇپ قالدى.

بىز ئەمدى تۆۋەندە قەدىمىي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن دىنلار ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات-سەنئەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## بۇددا دىنى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت

ئۇيغۇرلار ئەڭ ئۇزاق ئېتىقات قىلغان دىنىنىڭ بىرى بۇددا دىنىدۇر.

بۇددا دىنى مىلادىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ھىمالايا

تاغلىرىنىڭ ئەتەكلىرىدە ياشىغان شاكى ناملىق ھىندى قەبىلە-
سىنىڭ شاھزادىسى ساكيامونى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى رىۋا-
يەت قىلىنىدۇ. خىرىستىيان دىنىنىڭ "ياراتقۇچىسى" ئەيسا
قانداق ئەپسانە بولسا، ساكيامونىمۇ شۇنداق ئەپسانە. ئەمما
بۇددا دىنىنىڭ يارىتىلغان، دۇنياغا كەلگەنلىكى ھەقىقەت.
بۇددا دىنى ھىندىستاندا بۇرۇن بار بولغان ۋېدانىزىم، بىراخ-
مانىزىم، سىپىرتىزىم، شامانىزىم، مازدائىزىم، زاروئاستىرائىزىم
دىنلىرىنىڭ بەزى ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە يىغقان ھالدا تاكا-
مۇللاشقان.

بۇ دىن ئاساسەن ھىندى دولىتى مەغەرخانىڭ پادىشاسى
ئەشكا (ئاسوكا) زامانىسىدا (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇن) كەڭ
كولەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا،
بۇددا دىنى مىلادىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى كوشان ئىمپېرىيە-
سىنىڭ پادىشاسى كانىشكاي بىرىنچىسىنىڭ زامانىسىدا كەشمىر
ئارقىلىق خوتەنگە كىرىشكە باشلىدى.

خوتەن جاھانغا مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ غەربىي قاتناش
تۈگۈنى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغ بەنچاۋنىڭ كۇچاردا
رۇخۇ بولۇپ تۇرغان ۋاقتى بولۇپ، خوتەن خانلىقىنىڭ كەشمىر
بىلەن سىياسى-ئىقتىسادى ئالاقىسى بار ئىدى. خوتەننىڭ
ئوسۇۋاتقان ئىقتىسادى ئەھۋالى، سىياسى، ئىجتىمائى، ئىدىئولوگىيە
ئەھۋالىدىمۇ يېڭى ئىزلىنىش، تەلپۈنۈشلەر مەيدانغا كېلىشكە باش-
لىغان ئىدى. بۇ چاغدا خوتەن خانلىقى شىنجاڭدىكى ئەڭ كۈچ-
لۈك خانلىقلارنىڭ بىرسى بولۇپ، جەنۇپتىكى (قەشقەرمۇ ئىچىدە)
13 بەگلىك قارايتتى. ئۇنىڭ مانا شۇنداق ئىقتىسادى، سىيا-
سى، ئىجتىمائى ۋە جۇغراپىيە ئورنى كەشمىرنى بۇددا دىنىنىڭ

كىرىپ كېلىشكە قولايلىق شارائىت ھازىرلىغان ئىدى.

"پادىشا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا — 10 نەچچە يول يىراق-لىقتا زور ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇنى بۇ دولەتنىڭ ئوتكەن پادىشا-سى، ئالوخاننىڭ تەكلىۋى بىلەن بىنا قىلغان. قەدىمىي بۇددىزىم بۇ دولەتكە تارقالغان ۋاقىتىدا ئالوخان كەشمىردىن بۇ يەرگە كېلىپ، ئورمانلىقتا ماكان تۇتقان. ئۇنى كورگۇچىلەر ئۇنىڭ قىياپىتىنى، كىيىم-كېچىكىنى، ھال ئەھۋالىنى پادىشاغا مەلۇم قىلىدۇ. پادىشانىڭ ئوزى كېلىپ كورىدۇ.

— كىمسىز ۋە نىمىشقا يالغۇز ئورمانلىقتا تۇرىسىز؟

ئالوخان:

— مەن ساكيامۇتلەننىڭ شاگىرتى. پادىشا، ئەگەر سىز، بەخت ئورنىتىشنى، بۇددا دىنىنى بېيىتىشنى ياخشى كورسىڭىز ئىبادەتخانىلارنى سېلىپ، راھىپلارنى توپلاڭ!

پادىشا:

— ساكيامونى قانداق پەزىلەت، قانداق خىسلەتلەرگە ئىگە، سىز نىمە ئۈچۈن قۇشقا ئوخشاش ئورمانلىقتا ئۇچۇپ جاپا چې-كىسىز؟

ئالوخان:

— ساكيامونى جىمى تىرىكلىكلەرگە مېھرىۋان، ئالەمگە يېتەكچى. ئۇ ھەم ئاشكارا، ھەم يوشۇرۇن، ئولۇكمۇ، تىرىكمۇ كورۇنىدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتىغا ئېتىقات قىلغۇچىلار ئولۇش، تىرد-لىش دىگەنلەردىن خالىدۇر..."①

شۈەنجاڭدىن 200 يىل بۇرۇن خوتەندىن ھىندىستانغا ئوتكەن خۇي سىڭمۇ يۇقۇرقى رىۋايەتنى خاتىرىلەيدۇ. بۇ ۋاقىت

① شۈەنجاڭ «غەرپ خاتىرىسى» دىن.

جەھەتتە بۇددا دولىتى قۇرۇلۇپ 165 يىل ئۆتكەن ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىبادەتخانىنى ۋە شەھەردىن 50 يول يەراقلىقتىكى "زەيىنمۇ" ئىبادەتخانىسىنىمۇ ئالوخان راھىپ سالدۇرغان بولۇپ، بۇددانىڭ خوتەنگە مىلادىدىن بۇرۇنقى 75-يىللىرى تارقالغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ رەقەم «تىبەت قىسسىسى» دىمۇ، «غەرپ خاتىرىسى» دىمۇ شۇنداق.

بۇددا توغرىسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كىتاپنىڭ بىرى بولغان «فاشەن قىسسىسى» دە بۇددا سەيلىسى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدا خوتەندىكى چوڭ ئىبادەتخانىدا راھىپلارنىڭ نەچچە ئون مىڭلىغى، ئۇششاق ئىبادەتخانىلارنىڭ سانسىزلىغى، 4-ئاينىڭ 1-كۈنى سەيلە باشلىنىدىغانلىغى، راھىپلارنىڭ باشلىغى كومتى بولۇپ، ماخيانا مەزھىپىگە مەنسۇپلىغى، پادىشانىڭ ئۇنىڭغا چوڭ ھورمەت-ئېھتىرام بىلەن قارايدىغانلىغى ھىكايە قىلىنىدۇ.

بۇددىزىمنىڭ يانا بىر مەركىزى تۇرپان بىلەن كۇچار ئىدى. بۇ كۇچار خانىشىنىڭ جىيەنى مەشھۇر بۇددىست كومىرا جىۋانىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاختىغا توغرا كېلىدۇ.

"كۇچاردا ئىبادەتخانا ناھايىتى تولا، ناھايىتى چىرايلىق زىننەتلەنگەن، پادىشا سارىيىدىكى نەقىشلەر بۇ ئىبادەتخانىدىكىدىن ئارتۇق ئەمەس. مەشھۇر رامو ئىبادەتخانىسىدا راھىپلار 700 دىن ئاشىدۇ. شىمالىي تاغدىكى 'زىلى لەنجان' ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىپلىرى 50 نەپەر، جەنۇ 'ۋاڭ شىڭ' ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى 70 نەپەر... «ۋاڭ شىڭ» ئىبادەتخانەسىدىكى 90 نەپەر راھىپنىڭ ئارىسىدا كومىرا جىۋا دىگەن ياش راھىپ بار. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق، ماخاياناچىنىڭ شاگىرتى.

بۇ ئۇچ ئىبادەتخانىدىكى مانا شكىلارنىڭ ① كوپچىلىگى پامىر شەرقىدىكى پادىشا كېنىزەكلىرىنىڭ قىزلىرى بولۇپ، يىراق يەرلەردىن بۇ يەردىكى ئىبادەتخانىغا يىغىلغان"②.

بۇ چاغدا غەرپ ۋە شەرقتىكى بۇددىزىم مەركەزلىرىدىن بىرى كۇچار ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدا بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ يې-تىلگەن ئالىمى ۋە ئۇلۇغ شائىرى كومىرا جىۋانىڭ كۇچاردىكى پائالىيىتى غەرپ ۋە شەرقنى ئۇزىگە تارتقان ئىدى. ئۇنى نا-ھايىتى نۇرغۇن بۇددىست ئالىملار كېلىپ زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ قايتاتتى. ئۇ نۇرغۇن بۇددىست شاگىرت-لارنى تەربىيىلەيتتى. كېيىن ئۇ بۇددا دىنىنى تارقىتىش ئۇچۇن ئىچكىرىگە — لوياڭغا بېرىپ، تەرجىمانلارنىڭ باشلىغى بولۇپ تۇرغان ۋە ناھايىتى نۇرغۇن بۇددا كىتابلىرىنى بىۋاستە سان-سكرىتتىن تەرجىمە قىلغان، بۇددا مەدەنىيىتىنى ئىچكى ئولكە-لەرگە تارقىتىشتا چوڭ رول ئوينىغان.

ئۇ كەشمىردە ئوقۇۋاتقاندىلا چوڭ شوھرەت قازىنىپ، داڭقى غەرپ، شەرققە يېيىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئو-قۇش پۈتتۈرۈپ قايتىش ۋاختىدا پادىشا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەخسۇس ئۇنىڭغا ئاتاپ ياساتقان ئالتۇن تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇ-زۇپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇددا دىنى كانىشكاي 2 - نىڭ زامانىسىدا (مىلادى 110 - يىلدىن 125 - يىلغىچە) قەشقەر ئەتراپىدا رەسمى تارقالغان بولسا، مىلادى 2 - ئەسىرلەردە كۇچار، تۇرپانغا تارقىلىپ، كۇچار، خوتەن، تۇرپانلار بۇددا دىنىنىڭ چوڭ مەر-

① ماناشكا — قىز شەيخ.

② يۈي شى لياۋتى «غەرپتە بۇددىزىم» (2 - توم 18 - بەت).

كەزلىرىگە ئايلانغان ئىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا بۇددا دىنى مىلادىدىن بۇرۇن بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭغا رەسمى تارقىلىشقا باشلىغان بولۇپ، مىلادى 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە خوتەندىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا رەسمى تارقىلىپ بولغان. ھەتتا 4 - ئەسىردە بۇددا دىنى تۇرپان خانلىقلىرىنىڭ رەسمى دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن ئىدى.

بۇددا دىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توخارلار بىلەن (كوشان دۆلىتىنى ئەنە شۇ توخارلار قۇرغان. جۇڭگو يىلنامىلىرىدا توخارلار دايۈئەيشى دېيىلىدۇ) شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن تارقالغان. بۇددا دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ھۆكۈمران ئىدىيولوگىيە سۈپىتىدە ئەدەبىيات - سەنئەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەندىن تاشقىرى بۇددا مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كىردى.

ئۇز زامانىسىدىكى ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىقنىڭ چوققىسى بولغان "دۆڭخۇاڭ" مىڭ ئۆيلىرىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەدەنى يادىكارلىقلار ئەنە شۇ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلى يالدامىسىدۇر. جۈملىدىن شىنجاڭدىكى توغرا ئېقىن مىڭ ئۆيى (توقسۇدا)، شىكشىن مىڭ ئۆيى (بايىنغولىندا)، يارغول مىڭ ئۆيى (تۇرپاندا)، بېزەكلىك مىڭ ئۆيى (تۇرپاندا)، سىڭگىم مىڭ ئۆيى (تۇرپاندا)، قۇم تورا مىڭ ئۆيى (كۇچاردا)، مازار بېغى مىڭ ئۆيى (كۇچاردا)، سىم - سىم مىڭ ئۆيى (كۇچاردا)، قىزىل قاغا مىڭ ئۆيى (كۇچاردا)، قىزىل مىڭ ئۆيى (بايدا)، قىترە مىڭ ئۆيى (بايدا)، ئۇن باش مىڭ ئۆيى (بايدا) قاتارلىقلار... ئەنە شۇ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن باي مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئەپسۇسكى، بۇ جايلاردىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئاسا-
سىي قىسمى يۇقۇرقى باپلاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك چەتئەل
جاھانگىر مەدەنىيەت بۇلاڭچىلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ ئېلىپ
كېتىلگەن ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. چەتئەل جاھانگىرلىرىنىڭ
بۇلاڭ-تالىڭىدىن قالغان بىر قىسمى شىنجاڭغا ئىسلام دىنى
كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى تە-
رىپىدىن ئۇزۇل-كېسىل ۋەيران قىلىنغان. بۇنىڭدا بۇددا دىنى-
نىڭ ئەڭ ئالدىنقى مەركەزلىرىدىن بولغان خوتەندىكى بۇددا
مەدەنىيىتىنىڭ شۇنچە باي مەھسۇلاتىنىڭ ئىزسىز يوقالغانلىقى
تىپىك مىسال بولالايدۇ. بۇ ھالنى بىز تۇرپان، كۇچار، ئاق-
سۇلاردىمۇ ئۇچۇق كورەلەيمىز.

نېمىس سەيياھلىرى لىكوك بىلەن گېرى نوۋىل ئاقسۇ،
كۇچار "مىڭ ئۆيلىرى" دىن ئېلىپ كەتكەن ئاسارە-ئەتىقىلەر-
دىن 1912-يىلى بېرلىندا «چىنى تۇركىستاندا قەدىمى بۇددا
مەدەنىيەت ئىزلىرى»، 1920-يىلى «كونا كۇچار» نامى بىلەن
ئىككى توم رەسىملىك ئاتلاس كىتاپ نەشر قىلدۇردى. كېيىن-
رەك لىكوكنىڭ «يېڭى تۇركىستان» (ئىستامبولدا چىقىدىغان
ژورنال) نىڭ بىرىنچى سانىدىكى «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت ۋە
مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت رەسىملەر ئاتلاسى» ناملىق ئەسە-
رىدە توۋەندىكى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ:

"كۇچار ھوكۇمرانلىرىنىڭ يەر ئاستىدا كومۇلۇپ قالغان
ئىبادەتخانىلىرىنى تېپىپ چىقارغان ۋاقىت مەزكۇر ھوكۇمدارلار-
نىڭ بۇ ئىبادەتخانىلارغا بېغىشلىغان ۋەخپىلىرى مۇناسىۋىتى
بىلەن قىلىنغان، ۋەخپى تەسۋىرلىرىنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىر-
لىرىنى زادىلا ئۇنۇتمايمەن. تۇرپان ئەتراپىدىكى ئىبادەتخانىلاردا

ئۇيەردىكى ھۆكۈمدارلار، بەگلەر ئۆز تەسۋىرلىرىنى كىشىنى ھەي-
ران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە كۆپ قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ تاشقى
قىياپەت، كىيىم-كېچەكلىرىمۇ ئاسىيادىن كېلىپ چىققانلىقىنى ۋە
ئەسەرلىرىمۇ ئاسىيا مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، كۆچاردىكى رەسىملەرگە قارالسا، بۇلار
دەرھال ياۋروپالىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى رەسىملەرنى ئەسلىتىدۇ".
ئەركەكلەر ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر پارلاق ئەسكىرى قىياپەتتە
ئۇزۇن، تۈز قىلىچلىرىنى ئاسقان ھالدا تۇرىدۇ. قىلىچلىرىمۇ
بەگلەرگە خاس مەدەنىلىك كەمەرلەرگە ئۇرالغان. خوتۇنلار بولسا
قىممەتلىك كىيىم، سىرمالىق كورساژ، ئۇزۇن ۋە بىرئاز سىرىنغىراق
كۆينەك بىلەن كۆرۈنىدۇ. بەدەنلىرىمۇ بىرئاز ئالدىغا مايىللىراق،
بۇلار يېقىن زامانلارغا قەدەر ياۋروپا خوتۇنلىرىنىڭ رەسىمىدە
كۆرۈنىدۇ.

بىرىنچى قاراشتا بۇ ئەسەرلەر غوتىك ① ئۇسۇلىدىكى
گۈمبەزلەرنى ئەسلەتسىمۇ، دىققەت قىلغاندا بۇ ئەسەرلەرنىڭ غەربىي
ياۋروپا ئەسەرلىرىگە تەقلىت قىلىنىپ سىزىلغانلىقى، ناھايىتى
ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئەلۋەتتە كى-
يىم-كېچەك قىياپەت بىلىمى مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە
تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرغاندا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەلۇمكى ئوت-
تۇرا ئەسىرلەرنىڭ ئاياقلىرىدا ئاسىيادىكى قوماشلار (رەختلەر)
ياۋروپا ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدا كىيىم ئۈچۈن بەك لايىق
كۆرۈلۈپ، ئىستېمال قىلىناتتى. بۇ قوماشلار گىرىم قىلىپ

---

① غوتىك ياكى گوتىك — 12 - ئەسىردە ياۋروپادا مەيدانغا كەل-
گەن ئارخىتېكتورلۇق سەنئىتى.

تىكىلىپ، ياۋروپاغا كەلتۈرۈلگەنلىكى ۋە ياۋروپا ئۈچۈنمۇ سودا نەمۇنىسى بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئەركەك كىيىم - كېچەكلىرى:

تاملارغا رەسىملىرى سىزىلغان شەخسلەر، ئاق سۆڭەك تەبىقىسىگە مەنسۇپ، بۇ ئالىيلەر①، بەگلەر، ھوكۇمدارلاردۇر. يۇقۇرى تەبىقىگە مەنسۇپ بولمىغان شەخسلەرنىڭ رەسىملىرى (ھىندى راھىپلىرىنىڭ دىنى كىيىملىرىنى كىيگەن ھالەتتىكى قىياپەتلەرنى ھىسابقا ئالمىغاندا) بەك ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رەسىملەر شۈبھىسىز قەدىمقى زامانغا ئائىت رەسىملەردۇر. بۇلارنىڭ كىيىملىرى (قىسقا چاپان) شۇلاردىن ئىبارەت. پاچىقىنىڭ يېرىمىگە چۈشكەن ناھايىتى زىننەتلىك جەكەت (قىسقا چاپان) بۇنىڭمۇ ياقىسى ئۈچ بۇرجەكلىك ئوچۇق، بىر تەرەپتە يالغۇز قايرىما ياقىسى بار. بەللىرىگە ئىران يۇرۇشىدە ئىككى ئاسقۇچ بىلەن خەنجەر ئېسىلغان. شالۋۇر، ئۇزۇن قونچىلىق (جەزما) ئۇتۇك كىيگەن، ئۇتۇك قونچىلىرىنىڭ ئۇستى لەزۇن سىرمالار بىلەن بېزەلگەن. باشلىرى بىر قولياغلىق يا بولمىسا بىر ئىلگىرەتى ساچ (بىرۇتە) بىلەن ئورالغان ۋە بۇ ھەر ئىككى باش يوگەيلىرى قەدىمقى مىسىر سەنئىتىنى ئەسلىتىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن قىياپەتلەر ياكى ئۇنىڭغا ئوخشىتىلغانلار "قىزىل" دىكى ئاقسوڭەك ۋەخپى رەسىملىرىنىڭ ئەڭ كوپلىرىدە، بولۇپمۇ "ئاساتىرى ھىسيۇتاھىپ غارلىرى" دەپ ئاتالغان غارلاردىن خەۋەردار بولغانلارنىڭ تەسۋىرلىرىدە كورۇنىدۇ. ۋەخپى رەسىمنىڭ يېڭىلىرىدا كورۇلگەن چوڭ قايرىما ياقىلار بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە تېگىشلىك. ياقىلىرى كوپىنچە بىر تەرەپلىك بولۇپ، مەخسۇس

① بۇ يەردە "مۇستەبىت" مەنىسىدە. (ئاپتور)

ئوڭ تەرەپكە ئېچىلغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ قىرغاقلىرى كەشتىلىكتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە يالغۇز بىر تەرەپلىك ئۈچ تۈردىكى ياقىلارمۇ ئۇچرايدۇ. يېقىنقى زامانلاردا بۇ ئۈچ بۇرجەكلىك قايرىما ياقىلار بويۇننىڭ ھەر تەرىپىگە ساڭگىلىماقتا. ئاستىدىمۇ باشقا ياقىنىڭ شەكلى بار. ياقىلارنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى ئايرىمچىلىقلار بىزگە مەلۇم بولغان مەرتىۋە پەرقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈلۈشتىكى ياقىلار ئالى دەرىجىنى، بىر تەرىپى پۈكۈلگەن ئويدۇرمىلىق ياقىلار بۇنىڭغا قارىغاندا تۆۋەن دەرىجىنى كۆرسەتسە كېرەك. مەسىلىنىڭ بۇ يول بىلەن ئايرىلىشى كىيىم-كېچەك ۋە ياقا تۈزۈلۈشىنىڭ ھەر تۈرلۈك زامانلارغا ئائىت ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

"قىزىل ئۆي ئالتە ياراقلىق كىشى" غارلىرىدا بولغان چوڭ رەسىملەردە ئەركەكلەرنىڭ كىيىملىرى بەك تازا، باش كىيىملىرى مويدىن قىلىنغان، تىككىلىرى كۆرۈنمەيدۇ. مەسىلەن: كۇچارنىڭ شەرقىدىكى "كىرىش" خارابىلىرىدىن تېپىلغان مىلادىنىڭ 750-يىللىرىغا ئائىت بولغان رەسىملەرگە قارايدىغان بولساق، باش كىيىملىرى شەرقىي تۈركىستاندا قوللىنىلىدىغان قالپاقلارغا ئاجايىپ ئوخشايدۇ. يەنە رەسىملەردە سوسەر تېرىسىنىڭمۇ كىيىم-كېچەك ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاستا-ئاستا كىيىم كۆپەيتىلگەن بولۇپ، كىيىم كىيىشتىكى مەقسەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىمۇ ئۆز لايىقىدا توغرا ھەل قىلىنغان. بۇخىل كىيىمنىڭ ئەڭ چىرايلىقىنى كۇچار ھۆكۈمدارى رەسىمىدە كۆردىمىز. ئەپسۇسكى بۇ رەسىم كۆپ بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئەمما كىيىم ھەققىدە بەزى پىكىرلەرنى ئېيتىش مۇمكىن. بۇلار ئىچ كۆينەكتىن باشقا يەنە بىر كۆينەك كىيگەن. بۇمۇ قىشلىق كىيىم،

بۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يەرنىڭ("قىزىل"نىڭ) ئىقلىمى بەك سوغاق بولسا كېرەك.

خوتۇن قىياپەتلىرى:

ئەركەكلەرنىڭ كىيىملىرى قانچىلىك چىرايلىق تۇيغۇ بەرسە، خوتۇنلارنىڭ كىيىملىرىمۇ كۈچلۈك تەسىر بېرىدۇ. بۇيەردە نازۇك كەشتىلەنگەن بەك تار، ئىسسىق كورسىكلەر كىيگەن خوتۇنلارنى كورىمىز. ئالدى ئوچۇق ياكى ئوتتۇرىسى كوپتۇلرۇگەن بولۇپ، يەڭلىرى بىلەكلىرىگە يېپىشقان. بەزەن كورساژلارنىڭ ئىتەكلىرى گۈللۈك، يوللۇق بولۇپ، ئارىلىرىغا قوڭغۇراقلار ئېسىلغانلىغى، ئىتەكلىرىنىڭ يەردە سورۇلۇپ قالىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن بولۇشى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى نېمىس خوتۇنلىرىنىڭكىدەك باش كىيىملەرنى كىيىشى، كىشىنىڭ كوز ئالدىغا پۈتۈنلەي ياۋروپا كىيىملىرىنى كەلتۈرىدۇ.

رەسىمدىكى خوتۇنلار يۈزلىرىنىڭ چىرايلىق، نازلىق بىر تۇستە بولۇشى بۇ تەسىرنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. خوتۇنلار قوللىرىدا تەسۋى، پاقىراق زىننەت بۇيۇملىرى ياكى بولمىسا گۈللەرنى تۇتقان. گېرمانلارنىڭ قەدىمقى ئاقسوڭەك تاجىلىرىغا ئوخشاش ئۇنچىلەر بىلەن بېزىتىلگەن هاللار تولىمۇ دىققەتكە ئەرزىيدۇ. ئەركەكلەرنىڭ قىياپەتلىرى شەرقىي ساسانى ئىكەنلىگىنى كورسەتسە كېرەك. ئەمما خوتۇنلارنىڭ قىياپەتلىرىدە ساسانىلارغا ماس كەلگىدەك هېچبىر نەرسىنى كورمىدۇم، بەلكىمۇ يوق. بۇنىڭدىن قارىغاندا يۇقۇرقى تەسۋىرلەرنىڭ ئومۇمى كورۇنۇشلىرىدىن ئاڭلىشىلسا كېرەك ..."

يەنە لىكوك «شەرقىي تۈركىستاندا هىلىلىن ئىزلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 113-بېتىدە كۇچارلىقلارنىڭ كىيىملىرى

ئۇستىدە توختىلىپ: "قوم تورا ۋە قىزىل ئىبادەتخانىلىرىدىكى ۋەخپى رەسىملەر ۋە بۇ يەردىكى كىيىم نۇسخىلىرى قەدىمقى غوتىك گۇمبەزلىرىدىكى رەسىملەرنى ئەسلىتىدۇ، لېكىن دىققەت بىلەن قارالسا بۇ رەسىملەرنىڭ ئايرىم ئىسكەت، خۇسۇسىيەت-لىرىنى ساقلىغانلىقلىرى كورۇنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلاردىكى بۇھال بۇرۇن ھىندىستانلىقلاردا چېلىققان بولسا، ياۋروپا، ئىتالىيىگە 16 - ئەسىردە ئاران كەلگەن. بۇ يەردىكى رەسىملەر چاچلىرى ئاق ياكى قىزىل - قىزغۇچ رەڭدە كورسىتىلگەن. بۇ تەبىئى رەڭمۇ ياكى ئۇزۇن چاچلارنى شۇنداق بويامدۇ، بۇ مەلۇم ئەمەس. خوتۇنلارنىڭ كورۇنۇشى ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش بولۇپ، كوك-سىلىرى ئوچۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىران ۋە تورك رەخلىرىدىن ئىشلەنگەن لىباسلارنى كىيگەن، بۇ رەخلەر تۇزۇلۇشىدىن قارىغاندا شەرقتىن كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ كىيىملەر يالغۇز رەخ ھالدا ئەمەس، بەلكى پۇتۇنلەي تىكىلىپ شەرقتىن ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىلغاندۇر. ياۋروپا جەمىيىتىنىڭ تارىخى بىلەن شەرقىي توركىستاندىكى بۇ خىل قەۋرىلەرنىڭ زامانى 7 - ئەسىردە بولۇپ، ئارىلىغى بەك ئۇزاق بولسىمۇ، ھېچقانداق ھەيران قالارلىق ئەمەس. چۈنكى شەرقتىكى مودا غەرپتىكىگە ئوخشىمايدۇ. شەرقتە بىر مودا ئاسانلا ئوزگەرمەيدۇ. مەسىلەن: "دۇڭخۇاڭ"دىن ئاۋرىل ئىستەيىن تەرىپىدىن تېپىلغان بىر قىممەتلىك تومار ئىچىدىكى رەسىمدىكىدەك كىيىمنى يەرلىك ئاھالە بۇگۇنمۇ كىيمەكتە. ھالبۇكى ئارىدىن مىڭ يىل ۋاقىت ئوتكەن..."① دەيدۇ.

مانا بۇ بىر چەتئەللىكنىڭ كۆچار ئەتراپىدىن ئېلىپ چىقىپ

① ئەخمەت زەكى «قەدىمي كۆچارلىقلار مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ گېزىتى» 49 - يىلى نويابىر سانى).

كەتكەن بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن چىقارغان خۇلاسىسى.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر رەسساملىقى شۇنچىلىك يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ رەسساملىق سەنئىتى بىلەن شۇ دەۋرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى خېلىلا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن.

1926-يىللىرى ئاكادېمىك بارتولد ئىستانبۇلدا تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا بەرگەن لېكسىيىلىرىدە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن كىيىم مودىلىرى ۋە ئۇلار كىيگەن كىيىم رەختلىرىنىڭ شەرقتىن غەرپكە كەلگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدى. فون لېكوك بولسا، ئۆزىنىڭ توپلىغان باي ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن بۇ پىكىرنى تېخىمۇ ئالغا سۈردى. مودىنى كونا ئۇيغۇر تىلىدا "ئۇلاتو" دەيدۇ. دىمەك شىنجاڭغا 7-ئەسىرلەردىكى كىيىم مودىلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن رەختلەر شەرقتىن كەلگەن بولسا، بىزدىن غەرپكە — ياۋروپاغا بارغان. ياۋروپالىقلار بۇ سەۋىيىگە 16-17-ئەسىرلەردە ئاران ئېرىشكەن. رەسساملىقتىكى گۈزەللىك، نازۇكلۇق، جانلىقلىق 19-20-ئەسىردىكى ياۋروپا رەسساملىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

يۇقىرىقى ئومۇمىي پاكىتلاردىن شۇنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىنكى، بۇددا ئېتىقادى ئۈچۈن ئىبادەتخانىلار سېلىش توغرا كەلگەنلىكىدىن بىناكارلىق تەرەققىي قىلسا، ئۇنى بۇددا ھۆرمىتىگە لايىق گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن نەققاشلىق تەرەققىي قىلدى. ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ راھىبلىرىنى تەسۋىر قىلىش ئۈچۈن ھەيكەلتاراشلىق تەرەققىي قىلدى. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن شەخس ۋە سيۇژېتلىق رەسىم سىزىش تەرەققىي قىلدى. بۇتلارنى نازۇك زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن زىننەتلەش ئۈچۈن

ئالتۇن، كۈمۈش زەرگەرلىكى تېخىمۇ تەرەققى قىلدى. يۇقۇرقى ئامىللارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قول سانائەت، ئېغىر سانائەت ۋە دىخان-چىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ ئالغائىلگىرىلىمىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ-نىڭ قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى.

ئەمدى يازما يادىكارلىقلارغا كەلسەك، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مەدىنىيەت تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار مەدىنىيەتپەرۋەرلىك خىسلەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، خوشنا مىللەتلەرنىڭ يېزىق، مەدىنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ يېزىقلار بىلەن ئۇيغۇر جەمى-يىتىنىڭ باي مەنىۋى كوز قاراش، ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار توخار، تىبەت، سانسكرىت (ھىندى)،مانى يېزىق-لىرىنى خوتەندىن تارتىپ كۇچار، ئاقسۇ ئەتراپىغىچە ئىشلەتتى. ئاۋرىل ئىستەيىنىڭ خوتەندىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ماتىرى-ياللىرىدا خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىبەت، توخار يېزىقلىرىدىن پايدىلانغانلىغى مەلۇم. چەتئەل ئالىمي تەكشۈرۈش ئۇمەكلىرىنىڭ كۇچاردىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن «مايترىسىمىت» (6-ئەسىرگە ئائىت دىراما) نىڭ توخار يېزىغىدا يېزىلغانلىغى ئەمدى مەلۇم بولماقتا. ئېمىس ئالىمى غوستاق ئاھانون «جۇغراپىيە سوھ-بەتلىرىگە مۇقەددىمە» دىگەن ئەسىرىنىڭ 335-بېتىدە «...... مۇ-ناستىرلاردا تېپىلغان يېزىقلاردىكى ھاياتقا ئائىت پۈتۈن نەرسىلەر سانسكرىتچىدۇر. يەرلىك ھوكۇمدارلارنىڭ «ۋەخپى» لەرنىڭ ئىسىملىرى، كىتاپلىرىمۇ سانسكرىتچىدۇر. تارىخىي ۋەسىقىلەرنى ئوقۇپ بىلىمىزكى، كۇچار ۋە ئاقسۇ ئەتراپى بىزگە مەلۇم بولغان دەۋرلەردىن بېرى تۈرك (ئۇيغۇر دىمەكچى) يۇرتى ئىدى. ئاھا-

لىسنىڭ پۇتۇنلەي تۈرك ئىكەنلىگى جانابى لىكوكنىڭ نەشىر
قىلغان ۋەسىقىلىرى بىلەن «يارچوق» (مارالۋېشى) ئەتراپىدىكى
«تۇمشۇق»خارابىلىرىدىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارمۇ سانسكرىتچە ئىدى
ۋە ساسانى مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەرمۇ تېپىلغان. 8 ـ ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىسىدا غەربىي تۈركىستاننى ئەرەبلەر، شەرقىي تۈركىستاننى
تىبەتلىكلەر ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئۇ يەردىن چىنلىقلارنى چەتكە
چىقىرىپ تاشلىغان زامانلاردىمۇ (855 — 800 ـ يىللار ئوتتۇرى-
سىدا) بىر قىسىم چىن گارنىزۇنى كۇچار ۋە قارا شەھەر
ئەتراپىدا ياشاپ قالغان ئىدى......"① دەپ يېزىلغان. ئەنە
شۇنداق ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر بىلەن تىبەت يېزىغىنىمۇ كوپرەك شۇ
ئەتراپتا ئىشلەتكەن ئىدى. خەنزۇ يېزىغىنى تۇرپان، قۇمۇل
ئەتراپىدا ئۆز تىلىغا ماسلاشتۇرۇپ، يەنى ئۇيغۇرچە تىلنى ئەنە
شۇ يېزىقلار بىلەن ئىپادىلىدى. بۇ ھالنى ئۇيغۇر ئالىمى مەھ-
مۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا: ئۇيغۇر كاپىرلىرى
بىر خىل يېزىقنى ئىشلىتىدۇ، بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە چىنى-
لىقلاردىن باشقا كىشى ئوقۇمايدۇ، دەپ تەسۋىرلىگەن ئىدى.

ئەمما ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىدا ئىجات
قىلغان كونا ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۇنىڭدىن كېيىن ئورخۇن ـ يەنسەي
يېزىغىنى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەرەپ
ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر يېزىغىنى، كېيىن ھازىر ئىش-
لىتىۋاتقان يېزىقنى ئىشلىتىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئاكادېمىك رادىلوف ئېيتقاندەك:
تۇرپان ۋادىسىنى ئاساس قىلغان كەڭ رايوندا كونا ئۇيغۇر

① ئەخمەت زەكى «قەدىمقى كۇچارلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى» دې-
گەن ئەسىرىدىن.

يېزىغىنى ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ باي يازما مەدەنىيەت يادىكار-
لىقلىرىنى ياراتتى.

مانا شۇ يېزىقتا ھازىرچە دۇنياغا مەلۇم بولغان بۇددا
دىنىنى مەزمۇن قىلغان تۆۋەندىكى بەدىئىي يادىكارلىقلار مەلۇم:
«ئالتۇن يارۇق» تولۇق ئىسمى (يالتىراق قوپتا كۆتىرىلمىش
نوم، ئىلىك ئاتىلىق نوم). بۇنىڭ 1908-يىلى ف. ۋ. ك
مۇلېر تەرىپىدىن، 1910-يىلى س. مالوف تەرىپىدىن گەن-
سۇدىكى سۇجۇ شەھىرىنىڭ ۋەنفىگو بۇتخانىسىدىن تېپىلغان
نۇسخىلىرى بار. بۇ نۇسخىلارنىڭ ئىچىدە مالوف تەرىپىدىن تېپىل-
غان نۇسخىسى ئەڭ مۇكەممەل بولۇپ، 700 بەت. بۇنىڭدىن باشقا
بۇددا دۇنياسىدا ئەڭ چوڭ، شېئىرىي تىلدا يېزىلغان تەنقىدى
ئەسەر «ئابىخى دارما كوشا» (بۇددانىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى)
بولۇپ، بۇنى ئاۋرىل ئىستەيىن تۇرپاندىن تاپقان، ئۇنى كالكوت-
تا مەدرىسىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور دىنسون روسسو نەشرگە
تەييارلىغان. بۇ ئەسەرنىڭ دۇنيادا پەقەت تىبەت، خەنزۇ، ئۇيغۇر
تىللىرىدىلا نۇسخىسى بار. 10-ئەسىرگە ئائىت ئۇيغۇرچە (بىر-
دىن بىر نۇسخىسى پارىژ دۆلەت موزېيىدا ساقلىنىۋاتقان) 80 بەتلىك
«شاھزادە قالىيامكارا ۋە پاپام قارا ھەققىدە رىۋايەت» دېگەن ئەسەر
بولۇپ، بۇنى پ. فىليوت فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان.

بۇلاردىن باشقا مولېر تەرىپىدىن تېپىلغان پ. فىليوت
فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان ئۇيغۇر تە-
لىدىكى 4 داستان «چاستانا»، «دانتى پالا»، «توشقان ھەققىدە چا-
تاق»، «چوڭ مايمۇن باتمال» قاتارلىق داستانلار ۋە خىلمۇ-خىل
بۇددا كىتابلىرىدىن تاللاپ قىلىنغان تەرجىمە ئەسەرلەر بار.

يۇقۇرقى ئەسەرلەر بۇددا دىنىنى ئىدىيىۋى ئاساس قىلىپ،

ئۇز زامانىسىدىكى ۋەقەلەرنى بەدىئى تىل بىلەن، بەدىئى ئوبراز-
لىق خاراكتېرلار، ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرغا ئىگە بولغان «ئال-
تۇن يارۇق»، بۇددا كىتابلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇقەددەس ھە-
ساپلانغان كىتابلاردىن بىرسى بولۇپ، ئۇنى تەرجىمە قىلىش،
كوچۈرۈپ تارقىتىش ئۇز ۋاقتىدا "مۇقەددەس ۋەزىپە" بولۇپ
تونۇلاتتى.
تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ تۇنجى كوچۈرۈلۈپ
تارقىلىشى مۇنۇ ئىككى رىۋايەت بىلەن ئىزاھلىنىدۇ: بىرىنچىسى
مەلۇم جايدىكى چوڭ خان ئۇز ئېلىگە كەلگەن چوڭ بىر بالا-
قازانى يەڭگىنى ئۈچۈن ئۇنى كوچۈرۈپ تارقىتىپ "مۇقەددەس
ساۋاپ" قا ئىگە بولغان بولسا، ئىككىنچى بىر خانىنىڭ سۇيۇم-
لۇك مەھبۇبىسى ئېغىر ئاغرىقتىن خالاس بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى
كوچۈرۈپ تارقاتقان. شۇندىن باشلاپ مۇنداق قىلىش بۇددا قا-
ئىدىسى بويىچە ياخشىلىق "مۇقەددەس ساۋاپ" نىڭ سىمۋولى
بولۇپ قالغان. بۇ ئەھۋال تا 17 - 18 - ئەسىرگىچە داۋام قىلىپ
كەلگەن. مەسىلەن: دۇڭخۇاڭدا بىر بەگنىڭ توشقان 26 - يىلى،
يەنى كاڭشى 26 - يىلى (مىلادى 1702 - يىلى) بىلگە ئاتاۋۇل-
غا «ئالتۇن يارۇق» نى 2 كالا، 10 قويغا كوچۈرتكەنلىكى بىزگە
س. مالوفنىڭ «قەدىمىي تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرى» دىگەن
كىتاۋىدىن مەلۇم.
دۇنيادا ئەڭ كوپ تارقالغان دىنلار بۇددا، خىرىستىيان،
ئىسلام دىنلىرى ھىساپلىنىدۇ. بۇنى ئادەتتە ھازىرقى زامان دىن-
لىرى دەپ ئاتاپ، ئۇلار باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى كوپ ئىلاھقا
چوقۇنىدىغان دىنىي شەكىللەردىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ھازىرقى

# ھاكىمدار كىشى ھەققىدە رىۋايەت

## (« ئالتۇن يارۇق » تىن پارچە)....

*Текст*

(4.5)

زامان دىن شەكىللىرىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلاردا بىر "ئاللا"غا ئىتائەت قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ كوپ ئىلاھلىق دىن بىر ئىلاھلىق دىن بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى بىر ئالاھىدىلىكى، بۇ باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى دىن پەرقلىق ھالدا قۇللۇق تۈزۈمىدە ئېزىلىۋاتقان ئىنسانغا ئوزلىرىچە "نىجات يول" نى كورسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇلارچە ھازىرقى دۇنيا پانى (ۋاقىتلىق ياكى يالغان) بولۇپ، ئولگەندە باقى دۇنياغا (مەڭگۈلۈك، چىن - ھەقىقى) ئىگە بولىدۇ. ھازىرقى تۇرمۇش پەقەت باقى دۇنيا ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش، ئادەملەرنى سىناش، ياخشى - يامانلىرىنى ئايرىۋېلىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ھازىرقى زامان دىن تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسىدۇر. بارلىق جان - جانىۋارلارغا قىلچە ئازار بەرمەسلىك (چۈنكى ئادەم ئولگەندە ئۇنىڭ جېنى ھايۋانلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ دەپ قاراش) بۇددىزمنىڭ ئوزىگە خاس ئالاھىدە پىرىنسىپلىرىنىڭ بىرسى، بىز بۇنىڭدىن قەدىمى باشلانغۇچ جەمئىيەت دىنلىرىنىڭ كونكرېت تەسىرىنى كورىمىز.

دىن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتكىنىمىزدەك ئوخشاشلا دىنمۇ كوز قاراشنى ئاساس قىلاتتى. بۇ دەۋردە بۇددا پۈتۈن ئىدىئولوگىيە شەكىللىرىنى ئوز چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇراتتى... ئەدەبىيات يەنىلا دىننىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش شەكىللىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەسىلەن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بىر پارچىسىدا بۇددا دىنىنىڭ يۇقۇرقى پىرىنسىپى مۇنداق ئەدەبىي شەكىل بىلەن كورسىتىلىدۇ: "ئىنچۇۋ دىگەن يۇرتنىڭ كېتاۋ دىگەن بېگى بولۇپ، قىزىنىڭ تويىغا نۇرغۇن كالا، قوي، قۇشلارنى سويىدۇ. توي تۈگەپ ئۇن كۈن ئوتمەي بەگ ئاغرىپ،

پالاچ بولۇپ يېتىپ قالدۇ. ئاز كۈن ئۆتمەي تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ
قالدۇ. لېكىن ھەممە يېرى مۇزلاپ پەقەت يۈرىگىلا ئىسسىق تۇ-
رىدۇ. ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى بەگنىڭ ئۆلۈكىنى 4 كۈن ساقلايدۇ.
ئاخىرى دەپنە قىلىدىغان كۈنى تۇيۇقسىزلا تىرىلىپ قالدۇ. بۇ
كارامەتنى كۆرگەن ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى قورقۇپ، ئالدى-كەي-
نىگە قارىماي قاچىدۇ. بەگ ئۇلارنى مىڭ بىر تەسلىكتە ئاران توختى-
تىپ، كۆرگەن كارامەت ۋەقەنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ: ئۇ سۆيگەن
ھېلىقى ھايۋانات، قۇشلارنىڭ جانلىرى ئادەمگە ئايلىنىپ، ئۇلار
خۇداغا ئەرز قىلغىنى ئۈچۈن 4 دىۋە كېلىپ، ئۇنى تۇتۇپ، خۇدا
ئالدىغا ئېلىپ بارغانلىقى، ئۇ يەردە ئۇنى خىلمۇ-خىل كارا-
مەتلىك قىيىن-قىستاقلار ئارىسىدا سوراققا تارتقانلىقى، سوراق-
نىڭ ئاخىرىسىدا ئۇنىڭغا ئامان قېلىشىنىڭ ۋە ئۆلگەندىمۇ دوزاق-
قا چۈشمەسلىكنىڭ بىرلا يولى پەقەت «ئالتۇن يارۇق» نى كۆچۈ-
رۈپ تارقىتىش ئىكەنلىكىنى خۇدانىڭ ئەزرائىللىرى كۆرسەتكەن-
دىن كېيىن، بەگ جان-دىل بىلەن ماقۇل كۆرۈپ، ئۇلاردىن
گۇنايىنى يۇيۇشنى چىن كۆڭلىدىن تىلىگەنلىكىنى ئاللا كۆرۈپ،
سىناپ بېقىش ئۈچۈن ھېلىقى دىۋىلەر يەنە قايتۇرۇپ ئېلىپ كې-
لىپ قويغانلىقى، 4 كۈن ئۆلۈپ ياتقان جەرياندا تېنى بۇ يەردە
تۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن جېنى ئاشۇ سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن
كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ، ئۆزىگە تەسەللى ۋە خىز-
مەتچىلىرىگە يۇقۇرقىدەك گۇنالارغا مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىقنى
نەسىھەت قىلىدۇ. خىزمەتچىلىرى تارقالغاندىن كېيىن ئۇ بەگلىك-
تىنمۇ، مال-مۈلۈكتىنمۇ كېچىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن «ئالتۇن

ياروۇق» نى كوچۇرۇش قارارىغا كېلىپ كىتاپنى ئىزدەيدۇ... ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە بىر غاردىكى بۇتخانىدىن تېپىپ، ئۇنى كو- چۇرۇش "مۇقەددەس شەرىپى" گە ئىگە بولغانلىقىنى تەسۋىرلەش بىلەن ھېكايە تۈگەيدۇ.

بۇ ھېكايىدە يۇقۇرقى ئىدىيە ئەدىبىياتقا خاس قانۇنىيەت بىلەن ۋەقەلىك ئوبراز، خاراكتېرلەرگە سىڭدۇرۇۋېتىلىپ، ئوبراز- نىڭ كونكرېت خاراكتېرى، ئوتكۇر قارىمۇ - قارشىلىققا ئىگە بول- غان سيۇژېتلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرۇلۇپ، ئۇلار ئارقىلىق ئى- دىيىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئوبراز ۋە بۇ ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرۇشنىڭ ئاساسى ئامىلى بولغان ئەسەرنىڭ تىلى خېلىلا پىشىپ يېتىلگەن، بەدىي تىل دەرىجىسىگە كوتىرىلگەن، خاراك- تېرلارنى ئاچىدىغان بەدىي ۋاستىلارنى ھەتتا ھازىرقى زامان ھېكايىچىلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

بۇددا دىنى ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ روھىي قورالى سۈپىد- تىدە كىشىلەر چەككەن ئازاپ - ئوقۇبەتنىڭ جاۋاپكارلىقىنى شۇ ئازاپ - ئوقۇبەتتە قالغان كىشىلەرنىڭ ئوز زىممىسىگە يۈكلەيدۇ. ئۇ كىشىلەردە شۇنداق بىر ئىرادىنى تىكلەشكە ئۇرۇنىدۇكى: ئۇ- لار پەقەت ئولۇپ، ئۇ دۇنيادا قايتىدىن تۇغۇلۇشتىلا ئەمەلگە ئې- شىشى مۇمكىن بولغان گۈزەل تەقدىرلىرى ئۈچۈن ئوزلىرىنىڭ ئىنتائەتچان قىلمىشلىرى بىلەن تەييارلىنىشى، ئوز تەقدىرلىرىگە قانائەتچانلىق بىلەن سەۋر - تاقەت قىلىشلىرى لازىم.

بۇددا تەلىماتى بويىچە رىيازەت چېكىش، زورۇر ۋە پاي- دىلىق، سەۋرى - تاقەت ۋە ئىنتائەتچانلىق مېھىر - شەپقەتنىڭ ئاند-

سى. ئۇزنى بۇ يولدا قۇربان قىلىش چەكسىز بەخت - سائادەت - كە ئېرىششىنىڭ بىردىن - بىر ئالىجاناپ شەرەپلىك ئۇسۇلى.

بۇددا تەلىماتىنىڭ مانا مۇشۇ ئىدىيىنى مەركەز قىلغان هال - دا بۇددانىڭ ئاساسىي كوز قاراشلىرىنى خېلىلا مۇكەممەل هالدا بەدىي ئەكس ئەتتۇرگەن هىكايىگە «ئالتۇن ياروق» تىكى «تې - گىنلەر ۋە چىشى يولۋاس توغرىسىدا رىۋايەت» دېگەن هىكايە تىپىك مىسال بولالايدۇ.

بۇ هىكايىدە يۇقۇرقى ئىدىيىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان سىيۇژىتنىڭ مۇكەممەل كومپوزىتسىيىگە ئىگە ئىكەنلىكى روشەن بايقىلىدۇ، ئوبراز، خاراكتېرلارنىڭ ئۇزىگە خاس ئالاهىدىلىك، تىپىكلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، ئوبراز يارىتىش دېتاللىرىنىڭ پىش - شىقلىغى، بولۇپمۇ ئەسەر تىلىنىڭ تولۇق بەدىي تىل ئىكەنلىكى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، هەر ئىككى هىكايى - نىڭ بۇددا ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ - نىڭدىكى قەهرىمانلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا ئۇ، شۇ دەۋر - نىڭ خاراكتېرىنى خېلىلا ئوچۇق گەۋدىلەندۇرگەن ۋە مەلۇم رې - ياللىستىك ئېلېمېنتلارغىمۇ ئىگە. تۆۋەندە هىكايىنىڭ تولۇق تې - كىستىنى بېرىمىز.

## تېگىن ۋە چىشى يولۋاس توغرىسىدا رىۋايەت

(پارچە)

خۇدالارنىڭ خۇداسى بۇددا (بورقان) مۇنداق دېدى: "بۇرۇنقى زاماندا بىر مەملىكەتنىڭ سەهراسىدا ماگاندى دېگەن

بىر خان ئۆتكەن. بۇ خان ئىنتايىن باي ۋە ئۇلۇغ ئىدى، ئۇنىڭ ساگلىرىدا ئاشلىق، غەزنىسىدە بايلىق تېشىپ-تېشىپ تۇراتتى. ئۇ، ئىنتايىن باتۇر بولۇپ، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ بىلەن توت تەرىپىدىكى ھەممە دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز خانلىقىغا قاراتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەممە ھورمەت قىلاتتى، قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار ھاكىمدار ئىدى. ئۇ، ئۆزىگە قاراشلىق يەرلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈندىن بېرى قانۇن، قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورناتقان. شۇڭا ئۇنىڭ خەلقى بارغانسېرى كوپىيىپ، خاتىرجەم، دۈشمەنسىز ياشايتتى. خانغا ئۈچ ئوغۇل توغۇپ بەرگەن خوتۇنى ئۇنىڭ ھاكىمدارلىقىدىنمۇ كۈچلۈك، پەزىلەتلىك كورۈنەتتى.

ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ سۇمباتلىق، ئىنتايىن سۆيۈملۈك ئىدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى ماھابالى، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئېتى ماھانداۋى، ئەڭ كىچىكى — ئۈچىنچىسىنىڭ ئېتى بولسا ماھاستبۇى ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ھاكىمدار خان ئۈچ ئوغلى بىلەن تاماشا قىلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ، بىر دەريا بويىغا كەلدى. خېلى تاماشا قىلغاندىن كېيىن ئۇلار (ئۈچ ئوغلى) ھاكىمدار ئاتىسىدىن بۇ گۈزەل جايدا يەنە بىر مەزگىل تاماشا قىلىپ قايتىشنى ئۆتۈنۈپ سوراشتى... ئاتىسى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ تېكىن (شاھزادە) دەريا قىرغىقىنى ياقىلاپ، قېلىن قومۇشلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى... شاتلىنىپ ئويناپ-كۈلۈشتى... ئۇلار چارچاپ، دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشقاندا چوڭى بىردىنلا: "ۋاي مېنىڭ ئىنىلىرىم! بۈگۈنكى كۈن

Текст

(607)

(608)

ئىنتايىن دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇۋاتىدۇ، ھېچقاچان مۇنداق بولغان ئەمەس! ماڭا خۇددى مۇشۇ سۇ بويىدىكى ئوتلاق ئىچىدىن بىرەر ۋەھشى، يىرتقۇچ ھايۋان چىقىپ، بىزنى ھالاك قىلىدىغاندەك، بىز بۇ يىرتقۇچنىڭ ھالاكىتىگە دۇچ كېلىدىغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. بىز ئۇنىڭ ھۇجۇمىدىن قورقماسلىقىمىز كېرەك"—دېدى ئەنسىرەپ. ئىككىنچى تېكىن: "مەيلى! قىلچە پەرۋا قىلماڭ ئاكا!"—دېدى غەيرەتكە كېلىپ.

"نېمە ئۇ؟! مەن شۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەنكى، بىزگە جۇدالىق قولىنىڭ تېخى سوزۇلماۋاتقانلىقىدىن قورقىمەن"— دېدى ئۈچىنچىسى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ.

ماھاستۇۋى تېكىن ئىككى ئاكىسىغا يالۋۇرۇپ مۇنداق دېدى: "بۇ يەردە ئەمدى يىرتقۇچلار تەرىپىدىن بولىدىغان ھەرقانداق بالا-قازا، خېيىم-خەتەرنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ھەتتا ماڭا يېقىنلىشىۋاتقان جۇدالىق، قايغۇ-ھەسرەتمۇ يوق، ئۇنىڭ ئەكسىچە مەن خوشاللىق ۋە كۆڭۈللۈك ھېس قىلىۋاتىمەن. مەرھەمەت،— دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— بىز خوشاللىق ۋە بەخت بىلەن ئۇچرىشىمىز".

ئۇلار يۇقۇرقى سۆھبەتلىرى بىلەن مەمنۇن بولۇشۇپ، يوللىرىنى داۋاملاشتۇردى، قومۇشلۇققا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار ئويۇن-تاماشا بىلەن كېتىپ بېرىپ، تويۇقسىزلا تېخى كۈچۈكلىگىلى ئۇزۇن بولمىغان بىر يولۋاسقا يولۇقۇپ قالدى. ئۇ كۈچۈكلىگىلى 7 كۈن بولۇپ، ئاچ قالغان ئىدى. ئۇ

ئاچلىقتىن ئۇلۇشكە ئازلا قالغان، ھاياتلىق كۈچى ئۇنى ئۇلۇمدىن ساقلاپ قالغان ئىدى. ئاچلىق، مۇھتاجلىق ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا يېڭىلا كوز ئاچقان 7 كۈچۈكى ئۇنىڭ باغرىنى يېرىپ، ئاچچىق-ئاچچىق خىقىراپ ۋاقىراشقا مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، ئاچلىق ئۇنىڭ ماغدۇرىنى ئۇزۇپ تاشلاپ، ئالغا سىلجىتىشتىنمۇ مەھرۇم قىلغان ئىدى. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟

بۇنى كورگەن تېكىنلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ماھابالى مۇنداق دېدى: "كۈچۈكلىگىلى 7 كۈن بولغان بۇ چىشى يولۋاس نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغان-ھە! ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلىغى 7 كۈچىگىگە يۇمشاقراق بىر نەرسە تېپىپ بېرىشتىن مەھرۇم قىپتۇ! ئۇ ئاچلىق، ئۇسسىزلىق ۋە كۈچۈكلىرىگە ئوزۇق تېپىپ بېرىشى مۇھتاجلىغى بىلەن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ. ئۇنىڭغا ھازىر قانداقلا بولمىسۇن بىرەر جان-جانىۋار ئۇچرىغان بولسا بەختسىز بولماس ئىدى".

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماھاستۇي تېكىن چوڭ ئاكىسى ماھابالى تېكىندىن مۇنداق سورىدى: "بۇ چىشى يولۋاس نېمە بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئوزۇغى نېمە؟".

چوڭ ئاكىسى ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بەردى: "يولۋاسنىڭ ئوزۇغى خۇددى قاپلان، چىلبورە، شىر، تۈلكىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىسسىق گوش ۋە قان. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئەلا ئوزۇغى يوق. ئەنە شۇنداق ئىسسىق گوش، قان بولغان بولسا، بۇ نىمجان ئاچ يولۋاس تىرىك قالغان بولار ئىدى".

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوتتۇرانچى ئوغۇل ما-

ھانداۋى دەرھال مۇنداق دىدى: "مانا بۇ تازا ناقولاي كۆ-
چۈكلەش، ئۇ، بەكمۇ ماغدۇرسىز، ئاچ، ئۇسسىز، ئۇنىڭ بۇ ھالدىن
قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى يوق.

ئۇنىڭ بۇ ھالى ئۇلۇمگە ناھايىتى يېقىن. بىزدىن باشقا
كىممۇ بۇ بەختسىز جانىۋارنىڭ بۇ ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ؟"
دىدى ئۇ، كېيىن: "كىم ئۆزىنىڭ تېنىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاش-
لاپ، بۇ يولۋاسنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتالايدۇ؟" — دىدى. ئەڭ
چوڭ تېكىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئوتتۇرانچىسىغا مۇنداق دىدى:
"ۋاي مېنىڭ قېرىنداشلىرىم! قەھرىمان كىم؟ ئۆز بايلىقىدىن
ۋاز كېچەلىگەن كىشىدۇر. بۇ قەھرىمانلىق ئىش (بايلىقتا مۇنا-
سىۋەتلىك)، بۇ دىمەكلىك ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىش دىمەك-
تۇر".

بۇ گەپلەر تۈگىگەندىن كېيىن ماھاستۋى تېكىن مۇنداق
دىدى: "ۋاي مېنىڭ ئاكام، بىز ئەمدى ئۆز ھاياتىمىزغا پەۋ-
قۇلئاددە بېرىلىپ، مېھىر قويغانمىز. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە
(جانلىق ھاياتقا) پايدا يەتكۈزۈشنىمۇ ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغانمىز.
بۇنىڭدىن باشقا بىزدە ھېچنەرسە يوق، ھەتتا نۇرلۇق كوزلەر،
ئەقلىي كورۈنۈشلەر (بىلىملەر) بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق
قىلىپ ئۇلۇغ كەچمىش-كەچۈرمىشلەرگە ئىگە بولغان ئايرىم
شەخسىيەتسىز، بەختلىك ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ تېنىنى باشقا جان-
لىقلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ۋە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن
ھەردائىم سەرپ قىلىپ كەلدى".

ئۇ، ئاكىسىغا يۇقۇرقى سوزلەرنى قىلغاندىن كېيىن شۇ

ھامان ئۇنىڭ كاللىسىدا توۋەندىكى خىياللار ئۆتمەكتە ئىدى: "مېنىڭ تېنىمۇ مىگىلىغان ھايات ئىپقىنى (قايىتا تۇغۇلۇۋاتقان) ئىچىدە.

ئاجىزلاشقان، ئەرزىمىگەن نەرسىلەردۇر. ھەتتا ئۇ (مېنىڭ بەدىنىم) باشقا ھاياتلىقنى قۇتۇلدۇرۇشقا ماتىريال قىلىنىمىغان تەقدىردىمۇ بەزىبىر ئەرزىمەستۇر! مانا بۇگۈنكى كۈندە دەل شۇن- داق قىلىشقا توغرا كەلگەندە (يەنە تاسادىبى) ئۇنى ئىشلىتىش زورۇر بولۇۋاتقاندا، بىچارە ئاچ، بەختسىز چىشى يولۋاسقا مېنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم، ھېچكىمگە كېرىگى يوق، خۇددى يېرىگ‍دەك ئىپلاس بەدىنىمنى پارە-پارە قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرمىسەم، ئۇنىڭغا باشقا ھېچقانداق يول بىلەن ياردەم قىلالمى- غان بولىمەن!". ئۇ ئەنە شۇنداق دەپ ئويلىدى.

تېكىنلەر ئەنە شۇنداق سوھبەتلىشىپ، ماڭا-ماڭا ھېلىقى چىشى يولۋاسنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. ماھاستۇۋى خىلمۇ-خىل تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قايغۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇ ھاياجانلان- غان، تىت-تىت بولغان ئىدى، يۈرەك-باغرى قايغۇغا تولغان ئىدى. ئاخىرى ئۇ يىغلاپ تاشلىدى. ئورۇق، ئاچلىق ئازاۋىدا قىينىلىۋاتقان چىشى يولۋاسقا دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە ئەتراپىدىكى ھېچنەرسە بىلەن ياردەم بې- رەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى-دە، ئاكىلىرىدىن ئار- قىدا قالدى. ئاكىلىرى قەدىرلىك ئىنىسىنىڭ قېشىغا كېلىشتى. بۇ چاغدا ئۇ مۇنداق ئويلاشقا باشلىغان ئىدى: "تېنىمدىن ۋە ھاياتىمدىن جۇدا بولۇش ۋاختى مانا يېتىپ كەلدى. (يەنى ھالاك بولۇش) بۇنىڭ ھەممىسى كىم ئۈچۈن؟

ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز، مۇھەببەتسىز، نىجىس، قان-يىرىڭلار بىلەن تولغان، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان، يىمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك،

قولايلىق ئورۇن - جاي، ئات - ھارۋا، مال - مۈلۈك، قىممەت باھالىق زىبۇ - زىننەتكە ئېرىلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن خوشاللانغان دۇنيا، جەمئىيەتنىڭ قانۇنى داۋاملىشىشىنى (ئۆزەمنىڭ جەمئىيىتىمنى) تۇيتىن يوقىتىدۇ. ئۇنداق جەمئىيەتنى ساقلاپ قېلىشقا قاتتىق ئىنتىنىشلەر ۋە بۇ يولدىكى دەھشەتلەرگە مەن بەربىر ئېرىشەلەيمەن. ئۇلارنى يوقىتىشقا ئىنتىلىشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇلارغا چەكسىز ئىشەنچ باغلاش — مەن ئۈچۈن خاتالىققا يول قويۇلغانلىق بولىدۇ... جەمئىيەتكە نىمكى مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئۇلارنىڭ كورۈنۈشلىرى، مەڭگۈ تۇراقسىز ۋە مۇستەھكەم ئەمەس ھەم جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پايدىسىز بولۇشتىن تاشقىرى جەمئىيەتنىڭ كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان دۈشمىنى بولۇپ، ئىنتايىن دەھشەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىپلاس، بىمەنىدۇر. ئەگەر ئۇلاردىن پايدىلىنىش توغرا كەلسە ئۇنداقتا ناپاكلىق، قاباھەتلىك، نىجىسلىق قىلمىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۈگۈنكى كۈندە ئۆز تېنىمنى مانا شۇ دەھشەتلىك، ئەمما ئۇلۇغ ئىشقا سەرپ قىلىپ، تاتلىق ھاياتقا يېقىنلىشىشنى ئىزلەيمەن. مېنىڭ خۇلاسەم ئەتراپىتىكى ھاياتلىق ھەم ئۇلۇمدىن ئازات بولۇش". ئۇ مانا شۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزدى.

يەنە مۇنداق ئويلىدى: "ئەگەر مەن ئۆز تېنىمنى ھالاك قىلسام (راستىنلا) ھالاك بولغۇچى، جۇدا بولغۇچىنىڭ ئۆزىدىن قايغۇ - ھەسرەت، قان - يىرىڭ، ئاغرىق - بىتاپلىق، قورقۇنچ - دەھشەتنىڭ چەكسىز ئولجىمنى كەڭ تۇردە ئىپادىلەپ بەرگەن بولىمەن. شۇنىڭدەك ئەنە شۇ جەمئىيەتكە (تەنگە) مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇز سەككىز تۈرلۈك ناپاكلىقنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ. ئۇلار بەربىر

مۇستەھكەم ئەمەس. ئۇ (تەن) يارىماس، ئىپلاسلىقلارنىڭ، قان
ۋە يىرىڭلارنىڭ، گۇناغا پاتقان پەسكەشلىكلەرنىڭ يىغىندىسى.
ئۇ پەقەت ئىنتايىن كوڭۇلسىز، يىرگىنىشلىك بىر نەرسە. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن مەن ئۆز تېنىمنى ھالاك قىلىپ تاشلاپ، چەكسىز
باياشات، ئۇلۇغ، نۇرلۇق، مەڭگۈ راھەت-پاراغەتكە ماڭىمەن.
ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان قايغۇ-ھەسرەت، دەرت-ئەلەم، ئۆلۈمنى
چۆرۈپ تاشلاپ، پۈتۈن ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن ئازات بولىمەن.
(ئەنە شۇلار ئارقىلىق) دۇنيادىن خىيالەن ئايرىلىپ، ئەقىل-
ئىدراكىنىڭ، شەپقەتىنىڭ تاكامۇللىشىشى ئۈچۈن ئالىجاناپلىقنى
گۈزەللىك بىلەن زىننەتلەشنى تولۇق، چوڭقۇر بىلگۈچى بولىمەن.
ھەم سوبىستانسىيەسىنى تەستىقلىغۇچى مۇقەددەس قانۇنىنىڭ
خۇشاللىق بېغىشلايدىغانلىقىنى خىلمۇ-خىل بۇرقان (خۇدا) لار
ماختىغان ۋە ئۇلار بۇ قانۇنلارغا رازى بولۇپ، ئۆز ئوغۇللىرىنى
قۇربانلىق قىلغان، بۇنداقلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ”.
مانا شۇنداق خىياللار بىلەن كېتىپ بارغان ماھاستۋى تېكىنى-
نىڭ قەلبىنى بىردىنلا ئۇلۇغ، ئەڭ كۈچلۈك (ئۆزىنى ۋە باش-
قىلارنى ساقلاش)، قورقۇنچلۇق بىر ھېسسىيات چىرمىۋالدى.
ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلاندى. ئۇنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان ئىككى ئا-
كىسىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ، خۇددى ھېچنەرسە بولمىغاندەك
ئۇنىڭغا يول بوشىتىپ، ئوڭ تەرەپكە مېڭىشنى چۈشەندۈرگەندەك
قىلدى. لېكىن ماھاستۋى تېكىن ئۇلارغا (ئاكىلىرىغا) ئۆزىنىڭ
كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى ئېيتىپ قايىل قىلالمىغانلىقىنى ئويلاپ،
قورقىنىدىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان
ئىشىغا ئاكىلىرىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. كېيىن
ئۇ بىرقانچە قەدەم ئالغا مېڭىپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئاكى-
لىرىغا: ”كېتىۋېرىڭلار! ھازىرلا كەينىڭلاردىن يېتىشىۋالىمەن“ —

دەپ يالۋۇردى ۋە ئاكىلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالدى. ئۇ ئارقىسىغا دەرھال بۇرۇلۇپ، بايىقى دەريانى ياقىلاپ قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىردى - دە، ھېلىقى كۆچۈكلىگەن ئاچ يولۋاسنى تاپتى. ئۇ ناھايىتى ئالدىراپ قومۇشلۇقتا كىيىمىنى سالدى - دە، قاتتىق ئاۋاز بىلەن: "مەن ئەمدى مانا پۈتۈن جان - جانىۋارلارنىڭ ئازاپ - ئوقۇبەت تارتىپ يەنچىلىشىگە سەۋەپكار بولغان توقناق-لىقتىن خالاس بولۇپ قالغانلىقىمدىن خۇشالمەن" دەپ مۇراجەت قىلدى.

"مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك دوستۇم بولغان تېنىم، مەن سېنى تاشلايمەن. مەن ئىككىلەنمەي شۇنداق قاتتىق ھاياجانغا كېلىمەنكى، قايغۇلۇق ھېسسىياتىم بىلەن (ياكى ئەرز قىلغۇچى ھېسسىياتىم بىلەن) شۇنى خالايمەنكى، بورقانلىق (خۇدا گۇيلۇق)، ھوزۇر - ھالاۋەت، چەكسىز ئالى بەخت - سائادەت، پۈتۈن ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئىزلەپ تاپقىلى بولمايدىغان ھوزۇر - ھالاۋەت شۇكى، سۆيۈملۈك دۇنيانىڭ ئۈچ تۈرلۈك كۆرۈنۈشى ۋە دەھ-شەتلىك دەريانىڭ تېگىدە ئېزىلگۈچى تىرىك جان - جانىۋارلارنى ئۈستىگە چىقىرىپ، ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش، خۇشال قىلىش" — ئۇ ھاياجان بىلەن مانا شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ تۇرۇپ، ئۇدۇل كېلىپ ھېلىقى ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتتى، لېكىن ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەمما ئاچلىق ئازاۋىدىن غەزەپكە تولغان ئاچ يولۋاس ئۇنى يېيىش ئۈچۈن بىردىنلا ئاتلانمىدى. بۇددىست ئۇنى كۆرۈپ ئېگىز تاغ ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى. ئۆزىنى پەسكە قاراپ تاشلىدى. بۇددىست يەرگە چۈشۈپ يەنە مۇنۇلارنى ئويلىدى: "مانا ئۇنىڭ ماغدۇرى شۇنچىلىكلا، بۇ چىشى يولۋاس ئورۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈچسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى كېلىپ يېيەلمەيدۇ". ئەمما پىچاق تاپالمىدى. ئۇندىن كېيىن قۇرۇپ

قالغان ئۆتكۈر بىر قۇمۇش پارچىسىنى تاپتى ـ دە، ئۇنى پىچاق قىلىپ گېلىغا سۈركىدى. قان ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا سىلجىغان پېتى ھىلىقى چىشى يولۋاسنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى......

مانا شۇ چاغدا مۇستەھكەم، ئۇلۇغ قاپ ـ قاراڭغۇ دۇنيا خىلمۇ ـ خىل شەكىلدە ئالتە قېتىم تەۋرەپ چايقىلىپ كەتتى ۋە بىردىنلا كۈچلۈك بوران كوتىرىلىپ، دەريا ـ كۆللەرنىڭ سۇلىرى چايقىلىپ، ئاسمان پەلەك كوتىرىلىپ، ئەتراپقا تېشىپ كېتىشكە باشلىدى. كۆك ئاسمان قەھرىدىكى ئىلاھى قۇياشمۇ قاپقارا قوماشتەك كۆيۈپ، نۇرسىزلىنىپ، قاراڭغۇلاشتى. جاھاننى قاپ ـ قاراڭغۇ تۇتەك باستى ۋە كۆك ئاسمان يەرگە بىر تامچىمۇ يامغۇر تاشلىمىدى. يەر ـ جاھانغا ئىلاھى خۇشپۇراق ھىد چاچتى ـ دە، نىلۇپەر تۇسىگە كىردى. ھىلىقى دەريا ۋە ئۇنىڭ ياقىسىدىكى ئوتلاقلار كۆلۈپ كەتتى......

مانا بۇ چاغدا ھىلىقى ئاچ چىشى يولۋاس بودىستىنىڭ گېلىدىن ئاققان قاننى كۆرۈپ يېتىپ كەلدى ـ دە، قان ئۈستىگە يېتىپ، ئۇنى پاك ـ پاكىز يەپ تاشلىدى. پەقەت ئۇنىڭ (تېكىن شاھزادە) گوشسىز قۇرۇق ئۇستىخانلىرى قالدى. ئۇنىڭ ئاكىلىرى بولسا، يەر تەۋرەۋاتقانلىقىنى بىلىپ، چوڭ ئاكىسى ئىنىسىغا: "يەر، دەريا، تاغلار بوران بىلەن بىرلىكتە تەڭلا كۈچلۈك سىلكىنىۋاتىدۇ. يەر ـ جاھاننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە قاراڭغۇلۇق باستى. ئىلاھى قۇياشمۇ قاراڭغۇلاشتى. ئاسماننى شاۋقۇن قاپلاپ، جاھاننى ئىلاھى لوتۇس نۇرى قاپلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنىمىزنىڭ ئۆز تېنىنى ھالاك قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى" — دىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىنىسى: "مەن ماھاستۋىدىن

ئېگىلگەن، ئۇ ئاچلىق، ماغدۇرسىزلىقنىڭ ئازاۋىنى تارتقان ھېلىقى چىشى يولۋاسنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئۆز بالىلىرىنى يەپ قويۇشىنى كۆزىتىپ توغرا سوزنى ئېيتقان ئىدى. شۇڭا مەن گۇمان قىلىپ، كىچىك ئىنىمىز، يولۋاسنىڭ خوشاللىقى ئۈچۈن ئۆز تېنىنى ھالاك قىلمىغىدى دەپ ئېيتمىغانمىدىم؟" — دىدى.

ئۇلار شۇنداق مۇڭدىشىپ، قايغۇ-ھەسرەتكە چوكۇپ، يىغلاپ-قاخشاشتى. ئاندىن ئۇلار دەرھال ئارقىغا قايتىپ، ھېلىقى چىشى يولۋاس ياتقان جايىنى ئەسلىشىپ، قايغۇرۇپ مېڭىشتى، ئۇلار ھېلىقى يەرگە يېتىپ كېلىپ، ئىنىسى ماھاسەتىۋى تېكىنىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ مومۇشنىڭ پۇتىغىغا ئېسىغلىق تۇرغانلىقىنى كورۇشتى. ئۇلار توختاپ، ئۇنىڭ گەۋدە سوڭەكلىرى بىلەن چېچىنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى، توكۇلگەن قىزىل قانلىرىنى كورۇپ ھەيران بولۇپ، يەرگە تىكىلىشتى. نىمە بۇ؟ ئۇلار پەقەت ئەنە شۇ گەۋدە سوڭەكلىرىنى كورۇپ، ئوزلىرىنى ئاشۇ سوڭەكلەرنىڭ ئۈستىگە ئېتىشتى. ئۇلار بۇ دەھشەتتىن ئەس-ھۇشلىرىنى يوقۇتۇشتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار ئاستا-ئاستا ھۇشىغا كېلىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. قوللىرىنى يۇقۇرى كوتىرىشىپ چوقۇنۇپ قاتتىق يىغلاشتى. ئۇلار قايغۇلۇق دۇئا قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى: "ئەي، سەن قانداق چىرايلىق، نەپىس، گۈزەل ئىدىڭ! ئىنىمىز، سەن ئولچەمگە لايىق، مۇستەھكەم ھەم سۇيۇملۇك، ئەڭ سۇمباتلىق ئىدىڭ!

قېرىندىشىمىز، سەن ئەڭ سۇيۇملۇك ئىدىڭ! ئەمدى سەن قانداق قىلىپ، بۇ دۇنياغا قايتا پەيدا بولسەن (بۇ ئولگەن ئورۇندا)؟! ھەممىمىز بىللە چىققان ئەمەسمىدۇق؟! سەن قانداق قىلىپ ئۆز ھاياتىڭدىن ئايرىلىپ قالدىڭ، بىز بىلەن بىرگە ئۆيگە قايتماستىن، ئاتا-ئانىمىز بىزنى قارشى ئېلىپ ئۇچراشقاندا

سەن توغرۇلۇق سورىسا، بىز ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز؟! بىز ئىككىمىزمۇ سەن بىلەن بىللە ئۇلۇپلا كەتسەك بولماسمىدى؟! بىز نېمىشقامۇ ئولمەي تىرىك قالدۇق؟ تېنىمىزنى تېخى تىرىك دەپ ئېيتىشار!"

مانا شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ خان ئاغىچا ئانىسى بازارنى چوگىلەپ كېلىپ، خان سارىيىنىڭ يۇقۇرى قەۋىتىگە چىقىپ ئۇخلاۋېتىپ، ئاجايىپ بىر قورقۇنچلۇق چۈش كوردى، ئۇنى قارا باستى، ئۇنىڭ كوكرەكلىرى توغراپ تاشلانغان، چىشلىرى يىلتىزلىرى بىلەن ئاغزىدىن قومۇرۇلۇپ چۈشتى. كوك ئاسماندا ئۈچ كەپتەر لاچىنغا دۈچ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىرسى لاچىننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى. ئىككىسى ناھايىتى خەتەرلىك ھالدا قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ ئەنە شۇنداق چۈش كورگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇ ناھايىتى قورقۇپ، چوچۇپ ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى. "نېمە بۇ؟" بۇ دەھشەتتىن بىئارام بولۇپ مۇنداق دېدى: "بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە سەۋەپتىن بولدى؟! بوران چىقىپ، يەر تەۋرەپ، دەريا، كوللەر چايقىلىپ ئېگىلىۋاتسا، ئىلاھى نۇر گۇگۇملىشىپ، تۇمانلىشىۋاتسا، كېلىچەكنى كىمدۇر يوشۇرۇۋاتسا، خاتىرجەم قەلبىمنى تىترەك بېسىپ كوزلىرىم تولىشىۋاتسا، مېنى باشقا ئادەملەرنىڭ قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلغان قورقۇنچ تېخىمۇ ئېغىر قايغۇ ئىسكەنجىگە ئالدى. مېنىڭ پۈتۈن تېنىمنى تىترەك باسماقتا. مېنىڭ خاتىرجەملىكىم سېنىڭدىن يىراقلاشماقتا، مانا بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى چۈشۈمنىڭ ھەقىقەتەن بۇزۇق ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ. ھوي ئەر! بۇلار ھەقىقەتەن شۇ يولدا بولغان بولسا (يا بولمىسا ھالاكەتلىك يامان شارائىتتا بولسىچۇ؟!)" — دېدى ئۇ. شۇ ئاردا ئىككى قېتىم بوتۇلكىدىن

سۈتنى ئۇتلاپ تېتىپ كۆرۈپ "نېمە بۇ؟!" دېدى. تىلى تۇتۇلۇپ
ۋە داڭ قېتىپ، ھوكۇرەپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ
خىزمەتچى كېنىزىگى كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ: "تېكىن شاھزادى-
لارنى تاپالماپتۇ!... ئۇلارغا نېمە بولغاندۇر؟" دېگەن ۋاراڭ-
چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ۋەھىمە ئىچىدە تىترەپ كەتتى. ئاندىن ساراي
ئوردىسىغا كىرىپ، بارلىق ۋەقەنى ئۆزىنىڭ جانابى خوجايىنىغا
دوكلات قىلدى. (ئاغىچا خېنىمغا) "قىياپىتىڭىزگە قارىغاندا
(بۇيرۇق قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن) ئاڭلاشنىمۇ خالىمايدىغاندەك
تۇرىسىز جانابلىرى، تېكىن شاھزادىلارنى ئىزلىسىمۇ تېپىلماپتۇ
دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ قانداق بولدى؟" — دەپ سورىدى. بۇ گەپ-
لەرنى ئاڭلىغان ئۇنىڭ خوجايىنى قاتتىق قايغۇرۇپ ئاچچىق
ھېسسىيات بىلەن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى-دە، ئىتتىك
مېڭىپ كېنىزەكلەر ئوردىسىغا كەلدى: "ھۆي، مېنىڭ ھاكىمدار
كېنىزەكلىرىم، مەن مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىدىم. بىلەمسىلەر قانداق
گەپلەر؟! بۇلارنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟! ئەڭ قىممەتلىك بالىلى-
رىمىز، ئوغۇللىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز، ئەڭ كىچىك
ئوغلىمىز ماھاستۋىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟" — دېدى
ئۇ. ھاكىمدار بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇنى كېلىچەكنىڭ دەھ-
شەتلىك قايغۇ-ھەسسىيات قارا پەردىسى ئورىۋالدى-دە،
مۇنداق دېدى: "ھەي ھەسرەت، قايغۇ-ھەسرەت! بۈگۈنكى كۈن
مۇنداق بولماسلىق كېرەك ئىدى. مەن ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغۇللى-
رىمنى يوقاتسام ۋە ئايرىلىپ قالسام-ھە؟!" دېدى يىغلاپ
تۇرۇپ ۋە خوتۇنىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يەنە: "ھۆي،
مېنىڭ ئەڭ سادىق خوتۇنۇم! سەن قايغۇرما ۋە ھاياجانلانما!
مەن ئەمدى ھەممە ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، سۆيۈملۈك بالىلى-

رىمنى ئىزلەيمەن. مەن ھەممە ئەھۋالنى تېزلا بىلىمەن. (ئۇلار تىرىكمۇ يوق)" دىگەن سوزلەرنى ئېيتىپ، ئۇز قول ئاستىدىكە-لەرگە بۇيرۇق قىلىپ ئوغۇللىرىنى ئىزلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

مانا شۇ سوزلەر بولۇۋاتقان ئارىلىقتا بۇيرۇق ئالغانلاردىن ئالدىراپ-تېنەپ خانىنىڭ ئالدىغا بىرسى كەلدى-دە: "ئەي ئۇلۇغ خان. غەزەپلەنمەسلىكىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن! ئىككى تىكىن ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئەڭ كىچىك تېكىن ماھاستۇنى ئىزلەپ ھىچيەردىن تاپالمىدۇق. ئەمما ئۇنى نەدىن بولسىمۇ تاپىمىز" — دىگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر ھەممە يەرگە شامالدەك تېز تارقالدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاكىمدار خان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ مۇنداق دىدى: "ئۇھ، ھەسرەت، ھەسرەت! مەن ئەڭ قىزغىن سۇيىدىغان، ئەڭ قىممەتلىك ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم. مەن ساڭا قەرزدار ئوغلۇم. مېنىڭ سېنى خوشال قىلىپ رازى قىلىشىم ئاز بولدى. ئوغلۇم، سېنى قايغۇ-ھەسرەت ئورىۋالغان ئىكەن. ئەگەر ئوغلۇم، مانا ھازىر ھايات، ئامان-ئېسەن بىز بىلەن بىرگە بولغان بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى! ئەگەر سېنىڭ ئورنۇڭدا مېنىڭ تېنىم ھالاك بولغان بولسا، مەن ھىچكىمدىن رەنجىمىگەن بولار ئىدىم." ئۇ، بۇ سوزلەرنى ئولۇمگە كېتىۋاتقان ئادەمدەك قاتتىق قايغۇ، ئېچىنىش بىلەن سوزلەيتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى (ئاغىچا خېنىم) بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، ئېغىر قايغۇ-ھەسرەتكە پاتقان ھالدا چىن قەلبىدىن ھوكىرەپ تۇرۇپ: "بۇ ئۇچ ئوغلۇم ئۇزلىرىلا كەتكىچە، بىردىن خىزمەتچىنى بىللە ئېلىپ دەريا ياقىسىدا بىرلىكتە كوڭۇل ئاچىسىمۇ بولۇپتىكەن... (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ سۇيۇملىكى

ئايرىلىپ قىلىپ كەلمىگەن ئىكەن. دېمەك ئۇ، تەبىي ھالدا
قانداقلا بولمىسۇن بىر خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىدى" —.
دىدى ۋە ئەلەم بىلەن يىغلاشقا باشلىدى. ئىككىنچى بۇي-
رۇق ئالغان خىزمەتچى ھاكىمدار ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
كېيىن ھاكىمدار خان ئۇنىڭدىن: "ھەي خىزمەتكار، قېنى
مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بالام ماھاستۇي؟" دەپ سورىدى ۋە
ئۇنىڭ جاۋاۋىنى كۈتۈپ تۇردى. خىزمەتچى خاننىڭ بۇيرۇغىنى
ئاڭلاپ، كوزلىرىدىن ئىسسىق ياش توكۇپ، قايغۇ - ھەسرەت
بىلەن يىغلاپ كەتتى ھەم دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ تامىغىغا
خۇددى قاتتىق بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك بولدى - دە، تىلى
تۇتۇلۇپ، بىر ئېغىز سوز قىلىشقىمۇ ئىمكان بولمىدى. ئۇ ھېچقانداق
جاۋاپ بېرەلمەي، خاننىڭ ئالدىدا ھۇشىنى يوقىتىپ، داڭ قېتىپ
تۇرۇپ قالدى. بۇ ھالنى كورگەن ھاكىمدار خان خوتۇنى بىلەن
بىرلىكتە ئالدىراپ - تېنەپ مۇنداق دەپ سورىدى: "ھوي، خىز-
مەتكارىم، تېز ئېيت! ئۇچ ئوغلۇمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىگى
نەدە قاپتۇ؟ مېنىڭ جىسمىم زىلزىلىگە كەلمەكتە. ئۇنى ئېغىر
قايغۇ - ھەسرەت ئوتى ئورتەپ كويدۇرمەكتە. ھۇشۇمنى يوقاتماق-
تىمەن. مەن ھېچنەرسىنى سەزمەيدىغان قانداق ئەخمەق ئادەممەن،
مېنىڭ باغرىمنى قان قىلىپ ئەزمىسەڭچۇ!". مانا بۇ چاغدا
خىزمەتكار بۇددىست تېكىنىنىڭ ھالاكىتىنى تەرتىپ بىلەن تەپسىلى
سوزلەپ بەردى.
- بۇ سوزلەرنى ھاكىمدار خان خوتۇنى بىلەن ئاڭلاپ،
ئېغىر قايغۇ - ھەسرەتكە چوكۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇلار ئوغ-
لىنىڭ ئولگەن جايىنى كورۇش ئۇچۇن تەرەددۇت قىلىپ،
ياخشى ئاتلارنى ھارۋىغا قوشۇپ، ئۇچقاندەك مېڭىپ كەتتى.
ئۇلار قومۇشلۇق قاپلىغان دەريا قىرغىقىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار

قوموشلۇقنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بۇددىستىنىڭ ئۆزىنى هالاك قىلغان جايىنى تاپتى. بۇددىستىنىڭ يىلۋاس غاجاپ تاشلىغان ئۇستىخانلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇلار ئۇزلىرىنى ھىلىقى ئۇستىخانلار چېچىلىپ ياتقان يەرگە ئاتتى...... ئەس - هۇشىنى يوقىتىپ، ئىنتايىن بىارام بولدى...... ئۇلار ھىلىقى قاتتىق بوراندا ۋەيران بولغان ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى، بىر يىقىلاتتى، بىر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشاتتى...... ئۇزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ھىلىقى خىزمەتچى (خەۋەرنى ئەكەلگەن) بار ئىدى. ئۇ بۇلارنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ، يۈزىگە سوغ سۇ سەپسە ھۇشىغا كېلىشىنى ئەسلەپ، سوغ سۇ ئەكىلىپ ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئاۋايلاپ سېپىشكە باشلىدى. ئۇلار ئاستا - ئاستا ھۇشىغا كېلىشكە باشلىدى.

ئۇلار ھوكىرەپ يىغلاپ قوللىرىنى يۇقۇرى كوتىرىپ تۇرۇپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى: "قانداق بەختسىزلىك يۈز بەردى، بىزنىڭ بالىمىز ئەي گۈزەل پالۋان، قانداق قىلىپ قايغۇ - ھەسرەت ئېلىپ كەلدى سېنى ئولۈمگە، ئالدى بىلەن ئاشۇ ئولۇم مېنى تاپسا بولماتتى، ئاشۇ كۈن، ئاشۇ سائەتتە؟! ھە، بىزگە ئەمدى سېنى كورۈش نىسىپ بولمىدى، شۇ ھالەتتە! بۇ بولدى بىزگە ئەمدى. ھەم ئولۇغ، ھەم مەغرۇر بىر تېپىشماق......"ئۇلار ئەنە شۇنداق دېيىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەر - خوتۇن سوزلىرىنى توختىتىپ، ئەس - ھۇشسىز ھالدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ جىم تۇرۇشتى...... كېيىن قوللىرىنى كوكرىگىگە ئۇرۇشتى. يەرگە يىقىلىپ، يەر بېغىرلاپ خۇددى سۇدىكى بېلىقتەك ئۇزۇشكە باشلىدى. ئىسسىق قوملارنى بۇسۇپ مېڭىشتى...... ئاندىن مۇنۇلارنى ئوقۇشتى: "قايسى جاللات مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ تېنىنى

پارە-پارە قىلىپ، ئۇستىخانلىرىنى تەرەپ-تەرەپكە چاچتى؟! مەن ئەڭ قىممەتلىك، سۆيۈملۈك، گۈزەل ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم. مەن ئېغىر قايغۇ-ھەسرەت، دەرتكە مۇپتىلا بولدۇم. كىمۇ مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق ئۆلتۈرەلىشى مۇمكىن ئىدى؟ بۇ ئىنتايىن ئېغىر دەرت-ئەلەم ئەمەسمۇ؟! يۈرىكىم قانداقمۇ چىدىسۇن؟! يۈرىكىم ئۈزۈلدى. ئەمدى سوقمايدۇ!"

..."ئەمدى مەن قانداق ياشيالايمەن؟ مېنىڭ چۈشۈمگە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق ئايان بولغان، بۇ ئالامەتلەرنى ئوچۇق كۆرگەنمەن. مېنىڭ كۆكرىكىم چوڭقۇر ئويۇپ تاشلانغان ئىدى. مەن بۇلارنى چۈشۈمدە كۆرگەن ئىدىم. مېنىڭ چىشلىرىمنىڭ يىلتىزلىرى زەئىپلىشىپ، چىشلىرىم قومۇرۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. مەن بۇلارنى ئاشكارا كۆرگەن ئىدىم. مانا بۇ قايغۇ-ھەسرەتنى ئەمدى ئوڭۇمدا كۆرۈۋاتىمەن. بۇ ئىشلار ئەمدى ماڭا يەنە بىر چۈشتەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئۈچ كەپتەرنى بىر لاچىن قوغلاپ ئۇرغان ئىدى. ئۇ، ئۇچىنىڭ ئىچىدە بىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى. مانا ئەمدى مەن ئەڭ كىچىك، سۆيۈملۈك، قىممەتلىك ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم! يالغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇت ئەمەس" دېدى خان ئاغىچا يىغلاپ تۇرۇپ، شۇ چاغدا خان ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە ھۆكرەپ يىغلاپ، زارلىنىپ، ئالدىرىغان ھالدا ئوغلى ماھاستۋىنىڭ سۆڭەكلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ بۇ ئۇلۇغ مۇقەددەس بۇددا ساتۋانىڭ تەۋەرۈك مۇردىسىنى تۇرغۇزدى. تېكىنىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن بولىدىغان بارلىق داغدۇغىلۇق مۇراسىملار بېجىرىلىپ تامام بولغاندىن كېيىن، مۇردىنى شاھزادە ئۈچۈن مەخسۇس

ياسالغان گۈمبەز ئىچىگە ئەكىرىپ قويىدى"①.

بۇ دەۋردە بەش بالىخلىق مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى سىڭكو سالى تۇتۇڭنىڭ رولى چوڭ بولدى. ئۇ ئۇيغۇر بەدىي تىلىنى بېيىتتى. ئۇرخۇن دەۋردە ئۇيغۇر بەدىي تىلدا زامان پېئىلى ئىككى ئىدى. سىڭكو سالى تۇتۇڭ ئۈچ قىلىپ تولۇقلىدى. ئۇ خەنزۇچىنىمۇ پۇختا بىلەتتى. خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا ئەسەر تەرجىمە قىلغاندا ئۇنى ئۇيغۇر تىلىغا بويسۇندۇرۇپ، سىڭدۇرۇپ تەرجىمە قىلاتتى. شۇڭا «ئالتۇن يارۇق» تەرجىمە ئەسەر بولغىنىغا قارىماستىن، ئۇيغۇر بەدىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمۇنىسى بولۇپ قالدى.

سىڭكو سالى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «ئابخادخارماكو شاھ» (بۇددىزىمنىڭ ئاساسىي كوز قارىشى) قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى ۋە خېلى نۇرغۇن شېئىرلارنىمۇ يازدى. بۇ دەۋردە بۇددا ۋە مانى دىنىنى مەزمۇن قىلغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمۇ خېلىلا راۋاجلانغان ئىدى.

تۈركشۇناس مەشھۇر ئالىم رىشىت رەخمەتى (1900 — 1964) «قەدىمىي تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق كىتاۋىدا بۇ دەۋرگە ئائىت 27 شېئىرنى ۋە بىر پال كىتاۋىنىمۇ ھازىرقى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭ بىر قىسمى مۇندىن ئىلگىرى غەرپ تۈركلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، توپلامغا كىرگۈزۈلگەن بۇ 27 شېئىرنىڭ 7 سى "مانى" مەزمۇنىدا، 20 سى "بۇددا" مەزمۇنىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى 8 - ئەسىر بىلەن 13 - ئەسىرنىڭ ئارىسىدا يېزىلغان دەپ بېكىتىلدى.

---

① س. مالوۋ «قەدىمقى تۈركى تىللار يازما يادىكارلىقلىرى» (179 — 187 - بەتلەر، رۇسچە).

بۇلار شەكىل جەھەتتىن قوشاق، تاشقوت (بىيىت)، تاق-ماق (تېپىشماق)، يىر(جىر)، كۆگ (كۈي) قاتارلىق شەكىللەر بىلەن يېزىلغان. بۇ نەزمىلەرنىڭ كۆپى مۇناجاتلار، ئۆلۈم، دوزاق تەسۋىرلىرى، پەندى-نەسىھەتلەردىن ئىبارەت. ئەمما بۇلارنىڭ ئارىسىدا (بەزى پارچىلاردا) كۈچلۈك تەبىئەت تەسۋىرى، ساپ لىرىكىلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. رەشىت رەخمەتىنىڭ «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» كىتاۋىدىكى مۇھىم بىر خىزمىتى ئاپىرىنچور تېكىن ناملىق (بۈگۈنگىچە ئەسىرى بىلىنمىگەن) دەسلەپكى ئۇيغۇر شائىرىنىڭ ئىككى شېئىرىنى تېپىپ دۇنياغا تونۇتتى.

مەھمۇت «قەشقەرىنىڭ تۈركى تىللار دىۋانى»دا يالغۇز نامى كۆرسىتىلىپ، شېئىرلىرى تېپىلمىغان شائىر چۇچۇ ئىدى. ئەمدى باشقا بىر كىتاپتا كى-كى دىگەن شائىر ئوتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مىلادىدىن كېيىن 195 — 186-يىللاردا يېزىلغان ئىككى شېئىرى بار. ئۇلاردىن باشقا پىراتىيايا، ئاسىغ — تۇتۇڭ، چىسۋۋا تۇتۇڭ، قالىم قايشى قاتارلىق شائىرلار بار.

ئاپىرىنچور تېكىن (ئىككى شېئىرى بار)، كول تارقان (يالغۇز نامىلا بار)، سىڭكو سالى تۇتۇڭ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بار. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ كۆپى 4 لىك شەكىلدە يېزىلغان. بىر قىسمىدا مىسرالىرى بىر بىرىگە تەڭ بولمىغان ئەركىن شېئىر شەكلى، بەزىلىرى بولسا مىسرالارنىڭ بوغۇم سانى بىر بىرىگە تەڭ فونېتىك قائىدىلەرگە رىئايە قىلىپ يېزىلغان بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلاردۇر. يەنە ئىككى مىسرالىق بىيىت، 4 مىسرالىق قوشاق، سەككىز مىسرالىق (ياۋروپالىقلارنىڭ سونېتىغا ئوخشاش) ۋە ئۈچ مىسرالىق شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئاپىرىنچور تېكىننىڭ شېئىرلىرى ئۈچ مىسرالىق ئىدى.

بۇ شېئىرلارنىڭ كوپ قىسمىدا مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىمۇ، ئالدىدىمۇ قاپىيىسى بار. 4 لىكلەرنىڭ كوپچىلىگىدە 4 مىسرا-نىڭ ئارىلىغىدا قاپىيىلىنىدۇ. 8 مىسرالىق قىسىملەردە بولسا ئەركىن قاپىيىلەر بىلەن بىرلىكتە چاپراس قاپىيىمۇ ئۇچرايدۇ. توۋەندە ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن نەمۇنىلەر بېرىمىز:

تاڭ تەڭرى،
تاڭ تەڭرى كەلدى،
تاڭ تەڭرى ئوزى كەلدى،
تاڭ تەڭرى كەلدى،
تاڭ تەڭرى ئوزى كەلدى.

تۇرۇڭلار ھەممە بەگلەر قېرىنداشلار،
تاڭ تەڭرىگە مەدھىيىلەر ئوقۇڭلار!

قۇياش تەڭرى كوردىڭىز،
قوغداپ قېلىڭ بىزنى سىز!
ئاي تەڭرىمۇ كورۇندى،
ۋاي قۇتقۇزۇڭ بىزنى سىز.

تاڭ تەڭرى،
خۇش پۇراق، ئىپار پۇراق،
نۇرلۇنۇپ تۇرار پارلاق،
تاڭ تەڭرى،
تاڭ تەڭرى.

(بۇلار "مانى" دىنىنى مەزمۇن قىلغان مۇناجات نامىدۇر.)

## بىر مۇھەببەت شېرى

ئا .........................

مەنلى يوق مېنىڭ يايرىم....
مېنىڭ سۆيۈملۈك جانىم...

× ×

يارنى ئويلاپ ھەسرەتتە،
قاشى قارانى كورگەندە،
بىللە بولسام سوھبەتتە.

× ×

ئوز يايرىمنى ئويلايمەن،
ئويلايمەنۇ - ئويلايمەن،
يارنى سويمەك ئىستەيمەن.

× ×

كەتمەكچى بولاي دەيمەن،
گۈزەل يار كېتەلمەيمەن،
مەرھەمىتىڭ كۈتىمەن.

× ×

كىرەي دىسەم كىچىك مەن،
قېشىڭغا كىرەلمەيمەن،
مۇشكى - ئەنبەر پۇرايسەن.

× ×

نۇرلۇق تەڭرى بۇيرىسۇن،
يارىم خۇش پېيىل بولسۇن،
مەڭگۈ مەن بىلەن بولسۇن.

× ×

تەڭرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرسۇن،
يارىم مەرھەمەت قىلسۇن،
كۆلە ـ كۆلە ئولتۇرسۇن.

(ئاپىرىنچۇر تېكىن)

## رەڭۋاز سوزمەنلەر

(بۇددىنى مەزمۇن قىلغان)

باشتا سىياھ بولسا تۇرلۇك بىلىملەر ئاچار،
نۇرغۇن قارا يوللارنىڭ بۇزۇق ئۇرۇغىنى چاچار،
ئاقىل ئادەم ھەر زامان دىققەت قىلار يېڭىلمەس،
شۇنداق قىلىپ نىرۋانىنىڭ① دەرۋازىسىنى چوك ئاچار.

پانى ئالەم چۇشتۇر، چۇشەن بۇنى بەك ئاڭلا،
شەيتانلارغا ئېزىلمە، چۇشكۇنلۇككە بويسۇنما،
ساپ كوڭۇلنى بۇرقان بىل، ۋىجدانىڭنى پاك ساقلاپ،
ھوسىن ـ ئەخلاق دىگەن شۇ، چىڭ تۇت ئۇزگىنى تاشلا.

① نىرۋانا — بۇددا تەلىماتى بويىچە ساپ ـ پاكىز روھنىڭ كامالەتكە ئېرىشىپ، مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشى.

كوكتىكى ئاي تەگرىگە، تۇتقۇزمىغىن ئوزەڭنى،
تاشلىۋەتمەي چىڭ تۇتقىن، قولۇڭدىكى گوھەرنى.
تاشقى شەكلىنى كورۇپ، ئىشەنمىگىن ھەر زامان،
مۇزنى كورۇپ ئالدانما، ئۇنۇتمىغىن سۈيەنى.

توغرا چۈشۈنۈش ئۈچۈن، ھېكمەت قوللان ئويغاق بول،
كوزلىرى يىراق كورەر، ئەزىزلەرگە يېقىن بول.
ئىچكى ـ تاشقى بارلىقنى، بىل ئۇلارنىڭ ئاساسىنى،
كوڭۇلدىن سىرت ئەخلاقنى، دىققەت بىلەن كۈزەتكىل.

ياز سۈيىگە قىش كۈنى، ئەل ھەممىسى مۇز دەيدۇ،
قىش مۇزىغا ياز كۈنى، خالايىقلار سۇ دەيدۇ.
يېگىلگەندە كىشىلەر، كوڭۇل دەيدۇ بۇرقاننى،
يېگىلمىگەن زاماندا، بۇرقاننى كوڭۇل دەيدۇ.

ئۇنىڭ رەڭگى شەكلىگە، ئوخشايدىغان نەرسە يوق،
ئۇنىڭ بىلەن بىلىنۇر، پۈتۈن جاھان ۋە مەخلۇق.
ھەممىگە تەسىر قىلىپ، نۇرلىرى تولۇپ تاشقان،
ئۈچ زامان ئىسىملىرى، تورەلدى بولۇپ تولۇق.

ياشا ھىچ سۈكۈت قىلما، كوڭۇلنى ھەر ۋاخت بۇزما،
كىچىك توشۇككە ئاسماننى، ئاسانغىنا سىغدۇرسا.
ھەر نەرسىگە سىغىنىشنى، كورسە ئوز كوزى بىلەن،
ئۈچ بولەكتە ئۇنىڭسىز، ئەخلاقۇ ـ شەيئى يەر بولسا.

ئالىملاردىن تىلىگىن ئۇسۇل، ئۆلگە خالاسلىق،
پىشقانلار ئارا خام بول، خاملار ئارا بول پىششىق،
كوپ ئويلۇنۇپ ئىش قىلساڭ، ئەڭ توغرا يول تېپىلۇر،
راھەت، ۋەتەن شۇندادۇر، مەڭگۈ يۈكسەك ۋە پاكلىق.

(چەۋۋا تۇتۇڭ)

## مانىخەي دىنى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقلار

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى كىرگەنچە ئېتىقات قىلغان دىنلىرىنىڭ يەنە بىرسى مانىخەي دىنىدۇر.

مانىخەيىزىم 342 - يىلى ئىراندا مانى ياكى لانېس (Lanec) نامى بىلەن مەشھۇر بولغان پەيلاسوپ ئالىم تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان دىنىي ۋە پەلسەپىۋى تەلىماتتۇر. بۇ تەلىمات خىرىستىيان ۋە قەدىمقى ئىراننىڭ دوئالىستىك دىنى مازدائىزىم ئىدىيەسى بىلەن قوشۇلۇپ مۇرەككەپلەشكەن يېڭى دىنى، يېڭى پەلسەپىۋى نەزىيىۋى مەزمۇننى ئالغان.

بۇ دىن — مانىخىزىم ئوتتۇرا قاتلاملارنىڭ مەنپەئەت قائىدىلىرىنى ھىمايە قىلغىنى ئۈچۈن قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىراندا، غەربىي ئاسىيادا، ياۋروپادا، ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا تېز تارقىلىشقا باشلىدى. مانىخىزىمنىڭ بۇ چوڭ ئۇتۇقلىرىنى كورگەن خىرىستىيانلار مانىچىلارغا قاتتىق ھۇجۇم باشلاپ ئۇلارغا ئېغىر زەربە بەردى. نەتىجىدە، 370 - يىللىرى مانىخىزىمنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن مانىنى، لانېسنى دارغا

ئېتىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنى تارمار كەلتۈردى.

4 - 5 - ئەسىرلەردە مانىخېزىم مۇخلىسلىرى تەرەپ - تەرەپلەرگە تارقىلىپ، شۇ قاتاردا ئۇلار ئۇيغۇرلار ئارىسىغىمۇ كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالدى. كېيىن ئۇلار ئۇيغۇر مەدەنىي مۇھىتى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ قوبۇل قىلدى.

مانى دىنى شەرق ۋە غەرب ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىدەك كەڭ تارقىلىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئىچىگە خېلىلا كەڭ تارقالغان ۋە ئۇيغۇرلار مەدەنىي ھاياتىدا ئۆزىگە لايىق يادىكارلىقلار يارىتىپ ئىز قالدۇرغان.

شەرق ئۇيغۇر خانلىرىدىن (ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى) بوكۇخان (تەڭرى خان — 759 — 780) ۋاقتىدا جۇڭگودا 9 يىلغا سوزۇلغان شى جاڭيى (ئەنشىمىن — سىسىمىنلار توپىلىڭى) توپىلىڭى بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسى تەكلىۋىگە ئاساسەن بوكۇخان ئورغۇن ئەسكەر بىلەن (بۇ چاغدا خوتەن خانلىقى، تۇرپان خانلىقىمۇ ئەسكەر ئەۋەتكەن ئىدى) شى جاڭيىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، بۇ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ، لوياڭدىن قايتقاندا 4 نەپەر مانى راھىبىنى بىللە ئېلىپ قايتقان ئىدى. شۇندىن باشلاپ، ئورخۇن دۆلىتىدىمۇ مانى دىنى تارقىلىشقا باشلايدۇ. كېيىن ئۇ ھەتتا دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. يۇقۇرقى پاكىتلاردىن مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە خېلىلا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

مانىخېيىزىم ئۆزىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئىرانلىقلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي دىنى بولغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم شەرقتە كەڭ تارقالغان ئەڭ كۈچلۈك دىن مازدائىزىم (زەردۇش ئىزىم)

دىنىدىن ئالغان. ئۇ دىن دۇئالىست① خاراكتېرىدىكى دىن ئىدى.

قەدىمقى ئىرانلىقلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى «ئاۋېستا» دا ئاھۇرا مازدا، يورۇقلۇق نۇرنىڭ ۋە ياخشىلىق، شەپقەتنىڭ سىمۋولى. ئۇ ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق كەلتۈرگۈچى ئىلاھى دەپ كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭغا "سەن پۈتۈن جىسمانى ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، مۇقەددەسسەن!" دەپ مۇراجەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى ھەممىنى بىلگۈچى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ ياخشىلىق كەلتۈرگۈچى ئەڭ چوڭ باش خۇدا، ئۇنىڭ قول ئاستىدا يەنە نۇرغۇن ئوخشاش ياخشىلىق كەلتۈرگۈچى ئىلاھلارمۇ بار. ئەمدى بۇنىڭغا قارشى ئىنسانىيەتكە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى "ئانگىرا ماينو" ئىسىملىك ئىلاھى بار. بۇ، ياۋۇزلۇق، "قاراڭغۇلۇق" لارنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىنسانىيەتكە "زىيان" زۇلۇم قىلغۇچى دىۋە، جىن-شەيتانلار بار. ھەتتا ياۋۇزلۇقنىڭ ئايال ئىلاھى "پايدىكا" يېڭى پارىسچە "پىرى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىدىمۇ "دىۋە-پىرىلار" دەپ ئاتىلىدۇ.

مازدائىزىم (زەردوش ئىزىم) نى "قۇرئان" دىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. مەسىلەن، قۇرئاندا "ھەر بىر چىن ئىمانلىق كىشى ئاللانىڭ بىروز-زەردوشت (زارا ئاستىرا) نىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن دىن "ئاۋېستا" ھېچ شۈبھىسىز ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىش لازىم"② دەيدۇ.

① دۇنيادا ياخشىلىق (يورۇقلۇق — نۇر)، يامانلىق (قاراڭغۇ-زۇلۇم) كۆرەشى مەۋجۇت دەپ قارىغۇچى دىن — دۇئالىست دىنى دەپ ئاتىلىدۇ. (ئاپتور)

② ع. عبداللىن «تارىخ اديان» (دىنلار تارىخى) تاتارچە 135-بەت، 1918-يىل قازان.

قەدىمقى زاماندا ئىراننىڭ مىدىيە (يەر ئىسمى) دىگەن ماگ قەبىلىسىنىڭ ئىلاھى ئاھۇر مازدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مەدەنىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەپ، تېرىتورىيەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مىدىيەدىكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئىلاھى باشقىلارغا زۇلۇم سالغۇچى دىۋە، جىن-شەيتانلار دەپ ئىبلان قىلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى.

ئىرانلىقلارنىڭ ئەھمىنىلار سۇلالىسى ۋە ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خۇددى يۇقۇرقى دىنى ئىرادىتىسىگە تايىنىپ ئىش ئېلىپ بارغانلىغى بىزگە تارىختىن مەلۇم. بۇ ھال ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئۇيغۇر مانىخەيزىمچىلىرىنىڭ ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق قەدىمى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى توۋەندىكىچە ئىپادىلەنگەن:

دوكتور ئىستەيىن دۇڭخۇاڭنىڭ جەنۇبىدىكى "مىڭ ئوي بۇددا دىۋانە خانىلىرى" دىگەن ئىبادەت خانىدىن 4-5-ئەسىرلەرگە ئائىت مانى يېزىغى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «خۇۋاس» ياكى «خۇۋا دوۋاسىسىن» دىگەن بىر ئەسەر تاپقان. بۇ ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن تېپىلغان تېكىستلار ئىچىدە ئەڭ چوڭى بولۇپ، 388 مىسرادىن ئىبارەت كىچىك داستاندۇر. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر يېزىغىدا يېزىلغان نۇسخىسى تۇرپاندىن تېپىلغان ئىدى. بۇ داستان توغرىسىدا 1966-يىلى موسكۋا — لېنىنگراد "پەن" نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى خوجىلىق ۋە دولەت قۇرۇشى توغرىسىدا» دىگەن د. ئى. تېخونوۋنىڭ كىتاۋىدا جۇڭگوشۇناس د. پوزنىيىۋدىن مىسال كەلتۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار 4-5-ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا زور

سىياسى كۈچ بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققان جۇجەنلەر (ئا-
ۋار تۈركلىرى) ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا ھەركەت
قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمدار بەگقۇلى ئۆز ئادەم-
لىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق، ئازاتلىقى
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېرىگە باستۇرۇپ كىرگەن جۇجەنلەر بىلەن
قەھرىمانلارچە شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ. بەگقۇلىنىڭ بۇ قەھرى-
مانلىقى خەلق ئارىسىدا تىللاردا داستان بولىدۇ. ھەتتا بەگقۇلى
توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا ناخشىلار پەيدا بولۇپ، بۇ ئېغىز
ئەدەبىياتىغا ئايلىنىدۇ. "ئەر بولسا بەگقۇلىدەك ئەر بولسۇن"
دەپ قىزلار كۈيلەيدىغان ناخشا، باي تارىخىي ھۆججەت سۈپى-
تىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

يۇقۇرقى «خۇۋاس»ياكى «خۇۋا دوۋاسىن» داستانى ئەنە
شۇ بەگقۇلى رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن
قىلغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرىنى ئۆزىگە سىيۇژېت قىلغان. لې-
كىن بۇ سىيۇژېتقا مانى دىنىنىڭ دەۋر قانۇنى ترادىتسىيىسى-
گە ئاساسەن دىنى تۈس بېرىلىپ، تاجاۋۇزچى جۇجەنلەر دۈش-
مەن سۈپىتىدە جىنلار ئوبرازىدا، بەگقۇلى رەھبەرلىكىدىكى ئا-
زاتلىق جەڭچىلىرىنى يورۇقلۇق، نۇر، ئىلاھى ئوبرازى ئارقىلىق
ئەكس ئەتتۈرۈپ، يورۇقلۇق، نۇر ئىلاھىنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن
بولغان قاراڭغۇلۇق — زۇلۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى مۇقەر-
رەرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئازاتلىق،
ئەركىنلىك ئۈچۈن ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشتەك قەھرىمان بەگ-
قۇلى روھى بىلەن تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان. ئەپسۇسكى،
بۇ داستاننىڭ تولۇق تېكىستى ھازىرغىچە قولىمىزغا چۈشكىنى
يوق. كىتاپخانلارنى بۇ داستاندىن بىرئاز بولسىمۇ خەۋەردار

قىلىش ئۈچۈن قولىمىزدا بار بولغان پارچىنى بېرىمىز:

T. 11. D 178. 1

ترانسكرىپسىيەسى:

1. ھورموز تەنغىرنى بىش تەنغىرى،
2. بىرلەقمىئى تەنغىرلەر سوز يىنلۇ كۈن.
3. يىككە سونگىشكەلى كىلتى،
4. ھەيىنتى، ئانىسى قىلىنچلىئى شىمنولوغون.
5. بىش تۈرلۈغ يىكلەر لۆگون سونگوشتى.
6. تىنغىر يىلى يىكلى پاروقلى قارالى ئول.
7. ئاۋدون قاتىلنى، ھورموزتە تىنغىرى
8. ئوغلانى بىش تىنغىرى بىزنىڭ ئۆز مۆز توز
9. سوينى يىكلوگون شونگو شۆپ بالىغ باشلىق
10. بولتى. ئىما قىغ يىكلەر ئۆلۈلەر
11. توتونچۇز، ئۆۋتىسوز سوف بىرىك بىرلە
12. يۆز ئارتوقى قىرىق تۈمەن يىك ياۋلاق...

تەرجىمىسى: (ھورمۇزدا① تەڭرى بەش تەڭرى② بىلەن ۋە ھەممە تەڭرىلەرگە ۋەدە بېرىپ، جىن - شەيتانلار بىلەن جەڭ قىلىشقا كېلىشتى، ئەمدى شەيتانلار ئۆز قىلمىشىنى

① ھورموزدا — بۇ ئاھورا مازدانىڭ ئۆزگەرمىسى. ئىرانلىقلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» نىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ھورموز ياخشىلىق، يورۇقلۇق، نۇرنىڭ ئىلاھى. ئەمما ئۇنىڭغا قارشى ئارمان بولسا — قاراڭ-غۇلۇق، ياۋۇزلۇقنىڭ ئىلاھى، بۇ بۇرۇنقى ياۋۇزلۇق، قاراڭغۇلۇق ئىلاھى ئانگىر ماينونىڭ ئۆزگەرمىسى — دەپ كۆرسىتىلگەن.

② بەش تەڭرى — بۇرۇنقى دەۋرلەردە تەبىەت قانۇنلىرىنىڭ خۇداسىغا ئوخشاش خىيالىي پەلسەپە نەزەرىيىسىنىڭ ئالامەتلىرى بولغان ھاۋا، شامال، يورۇقلۇق، سۇ ۋە تۇپراقلارغا ئىشارىدۇر.

چۈشىنىپ، بەش خىل ئۆزىگە ئوخشىغان شەيتانلار بىلەن بۇ جەڭگە كىلىشنى قارارلاشتۇردى. يورۇقلۇق تەڭرى ۋە قاراڭغۇلۇق تەڭرىلىرى بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ئارىلىشىپ كەتتى. هورمۇزدا تەڭرى يەڭدى. بەش تەڭرى بىزنىڭ گۇناهىمىزنى روهىمىزدىن تامامەن يىراقلاشتۇرىدىغان بولدى. ئەمما، ھەممە جىن-شەيتانلار يېڭىلگەنلىكلىرىگە تەن بەرمەي، يۈز قىرىق مىڭ بەختسىز ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى ئېلىپ قېچىشتى...)

مانى ماناخلىرى بۇ داستاننىڭ پارچىلىرىنى ئىبادەتخانىلاردا دۇئا قىلىپ ئوقۇشاتتى.

بۇ ئەسەرلەرنى ئېنگلىز تۈركشۇناسى دوكتور لېئونسوخۇن (Leoncohun) يۇقۇرى باھالاپ:

"بۇ ئەسەر 4-5-ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل بەدىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئىران، جۇڭگو ۋە بىزانسلىقلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كورسىتىدىغان بىر هوججەت" دەيدۇ.① هازىرقى تارىخى مەنبەلەرنىڭ كورسىتىشىچە، ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا دائىر هوججەتلىرىنىڭ بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە، ئەنگلىيە، غەربىي گېرمانىيىنىڭ دولەتلىك موزېيلىرىدا ساقلانماقتا.

مۇتلەق كوپ قىسمى ئۇيغۇرلار ياشىغان موڭغۇلىيە ۋە ئۇنىڭ ئانا ماكانى بولغان شىنجاڭنىڭ قوينىدا ئېچىلماي ياتماقتا، ئۇنى تېپىپ تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەر بىر جۇڭخۇا گىراژدانىنىڭ شەرەپلىك بۇرچىدۇر.

① «تارىخ، تىل-ئەدەبىياتقا دائىر» (ئۇيغۇرچە 17-بەت).

ئۈچىنچى باپ

# قەدىمكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر توغرىسىدا

ماركسىزم كىلاسسىكلىرى ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى ئىشلەپچىقىرىش، سىنىپىي كۈرەش، ئىلمىي تەجرىبىدىن ئىبارەت، دەپ خۇلاسىلايدۇ.

"بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدۇر ياكى قوپالراق قىلىپ ئېيتقاندا، — دەيدۇ يولداش ستالىن، — كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولسا، ئۇلارنىڭ پىكرىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇ بولسا، جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى — ئەڭ ئاۋال ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى، ئەسىرلەر داۋامىدا بىرىنىڭ ئورنىنى ئىككىنچىسى ئالىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى تارىخى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى دېمەكتۇر. دېمەك ئىجتىمائىي راۋاجلىنىش تارىخى شۇنىڭ بىلەن بىللە ماددىي بايلىقلارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىدۇر. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئاساسى نىڭ كۈچلىرى بولغان ۋە جەمئىيەتنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر ماددىي بايلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ تارىخىدۇر"①.

---

① ئى. ستالىن «دىيالېكتىكا ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە 44 - بەت).

تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا ئەپسانىلار ئاساسەن ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە رەسمىي شەكىللەنگەن. ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي پائالىيىتى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدۇر. ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەمئىيەتنىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ.

ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلىدىغان بىلىممۇ ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا ناھايىتى ئاددىي تەساۋۋۇرلارنى قىلاتتى.

ئىنسانلار قەدىمقى زامانلاردا تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن باشقا ئۇرۇقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگىمۇ دۇچ كېلەتتى. شۇڭا ئىنسانلار بىرىنچىدىن تەبىئىي ھادىسىلەر بىلەن ئىجتىمائىي ھادىسىلارنى چۈشىنىشنى، ئىككىنچىدىن تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئىستىگەن ئىدى.

"ھەرقانداق ئەپسانىلار تەسەۋۋۇر بىلەن ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىدۇ، بويسۇندۇرىدۇ ۋە شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك تەبىئەت كۈچلىرى ھەقىقىي بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەنلا ئەپسانىلارمۇ يوققا چىقىدۇ" (ماركس)①.

ئەپسانىلار ئىنسانلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئارزۇ-ئىستەكلىرىنىڭ دەسلەپكى بەدىئىي تەسەۋۋۇرى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەندۇر. شۇڭا ماركس: "ئەپسانە ئىنسانلار خىيالىدا ئاڭسىز ھالدا بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلىگەن تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلارنىڭ قەدىمقى زامان كىشىلىرى ئاغزىدا ئومۇلۇك ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىجادىيىتى. ئۇ قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ كائىناتنى چۈشەندۈرۈشى، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى

① ماۋزېدۇڭ «ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە، 4-بەت).

ئەگەر ئەتتۇرىدىغان ئىرادىسى ۋە غايىسى، شۇنىڭدەك ئۇ ئىج-تىمائىي ئىدېئولوگىيە ئۆزگۈرۈشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت" («سىياسىي ئىقتىسادقا دائىر تەنقىت»①) دېگەن ئىدى.

ئەپسانىلەر تولاراق ساپ (نۇقۇل) خىيالى فانتازىيىگە تا-يىنىدۇ. "...ئەپسانىلەردىكى خىلمۇ-خىل ئۆزگۈرۈشلەرنى ئال-ساق، مەسىلەن، «شەنخەيجىڭ» دېگەن كىتاپتىكى «كۇافۇنىڭ قۇياشنى قوغلىشى» دېگەن ئەپسانىدە، «خۇەي نەن-زى» دېگەن كىتاپتىكى «پالۋان يىنىڭ 9 قۇياشنى ئوقيا بىلەن ئېتىشى»، «غەرپكە ساياھەت» دېگەن كىتاپتىكى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ 72 خىل ئۆزگىرىشى ۋە «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» دېگەن كى-تاپتىكى بىرمۇنچە روھلارنىڭ، جىنلارنىڭ ئادەمگە ئايلانغانلى-غى توغرىسىدىكى ئەپسانىدە ۋە باشقىلاردا بايان قىلىنغان خىل-مۇ-خىل ئۆزگۈرۈشلەرنى ئالساق، بۇ ئەپسانىلاردا زىددىيەتلەر-نىڭ بىر بىرىگە ئۆزگۈرۈشى ئەسلا كونكرېت زىددىيەتلەر بىلەن يۈز بەرگەن رىيال ئۆزگۈرۈش ئەمەس، بەلكى ساددا ۋە خىيالىي ئۆزگۈرۈشلەردۇر، ھېساپسىز ۋە خىلمۇ-خىل رىيال زىددىيەت-لەرنىڭ بىر بىرىگە ئۆزگۈرۈشلىرى بىلەن تەسىرلەنگەن كىشىلەر-نىڭ سۇبيېكتىپ خىيالىنىڭ سەمەرىسىدۇر"②. ئەپسانىنىڭ ئەلمىي ئاساسى مانا شۇلاردىن ئىبارەت.

ئەمدى رىۋايەتلەرگە كەلسەك، ئاساسەن تارىخىي پاكىتلارغا تايىنىپ يارىتىلىدۇ. ئۇچۇرقاق ئېيتقاندا قەدىمىي تارىخ، مەدە-نىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئاتاقلىق شەخسلەرگە دائىر ۋەقەلەرنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسۇل، بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق

① «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 1-توم، 534-بەت.

② ماۋ زېدۇڭ «ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە، 4-بەت).

بايان قىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر تۈرىنى رىۋايەت دەپ ئاتايمىز. لېكىن بۇ رىۋايەتتە ئەپسانە ئېلېمېنتلىرى بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ پەرقىنى قىسقا قىلىپ چۈشەندۈرگەندە ئەپسانىدە خىياللىق ۋە توقۇلما ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا، رىۋايەتتە خىيالى ۋە ئەقىلگە سىغمايدىغان توقۇلمىلار ئازراق بولۇپ رېئاللىقنى ئاساس قىلىدۇ.

بىزگە مەلۇم بولغان ئەپسانىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردا يارىتىلغان. بۇ زامانلاردا نامەلۇم يازغۇچىلار تەرىپىدىن توقۇلغان ئەپسانىلەر نەسىلدىن - نەسىلگە مىراس تەرىقىسىدە ساقلىنىپ كەلگەن. ئەپسانىلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگىنى ئۈچۈن دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان ۋە ئۇلارغا يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ بېيىپ كەلگەن.

قەدىمقى زامان ئەپسانىلىرىدە خىيالى، موجىزىلىك ۋە غەيرى تەبىي ۋەقەلەر كۆپ بولىدۇ. ئەپسانىلاردا جادىگەرلەر، دىۋىلەر، يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇچار - قۇشلار قاتنىشىدۇ. ئادەملەر ھايۋان قىياپىتىگە كىرىدۇ، ھايۋان،قۇشلار بولسا تىلغا كىرىپ ئىنسانغا ئوخشاش سۆزلەيدۇ. مەسىلەن، قەدىمىي ئۇيغۇر داستانى «ئوغۇزنامە» دىكى بۆرىنىڭ ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەشلىرى، قەدىمقى ئۇيغۇر رىۋايىتى «بوكۇخان ھەققىدە رىۋايەت» تە تۆرلۈك ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان قۇشلارنىڭ ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىشى ۋە باشقىلار... ئەپسانىدىكى قەھرىمانلار بىر كېچىدە ئۆزلىرىگە ئۆي سېلىۋالالايدۇ، ئادەملەر گىلەملەردە ياكى ئاتلاردا

ئۇچالايدۇ. لېكىن شۇنىڭغا قارىماي ئەپسانە تۇرمۇش ھادىسىلە-
رى بىلەن باغلانغان بولىدۇ.

ئەپسانىدە، ئەپسانىۋى ۋە خىيالىي ۋەقەلەر ئارقىلىق كۆپىن-
چە خەلقنىڭ كېلەچەك، بەختلىك ھايات ھەققىدىكى ئارزۇ-
ئۈمىتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

خەلق ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن بىرى
بولغان "توتېملار" ئەڭ دەسلەپكى ئەپسانىلار تىپىغا كىرىدۇ.

## توتېم ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

"توتېم" سۆزى ھازىرقى ئاۋستىرالىيىدە ياشايدىغان، ئامې-
رىكىدىن كەلگەن يەرلىك خەلق ئىندىئانلارنىڭ تىلى بولۇپ،
ئۇيغۇرچە مەنىسى «پاپۇئاس ئۇرۇغ» دېگەنلىك بولىدۇ. توتېم
ئىنسانلار باشلانغۇچ جەمئىيەتتە بىرەر ھايۋان ياكى دەرەخنى
نەسىل، ئۇرۇغ ياكى قان سېستىمىسىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەل-
گىسى قىلغان. مۇنداق نەرسىلەرنى ئاتا-بوۋىسى دەپ بىلىپ،
ئۇنىڭغا چوقۇنغان، مانا شۇنداق چوقۇنىدىغان نىشان ياكى بەل-
گە "توتېم" دەپ ئاتالغان.

قەدىمقى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلە-
رى ناھايىتى ئاجىز، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن بولغان كۆ-
رەشلەردىن توپلىغان تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئىگە بولغان بىلىم
سەۋىيىسىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن ئەتراپىنى قورشاپ
تۇرغان تەبىئەت ھادىسىلىرى: كۈننىڭ چىقىشى، پېتىشى، ئاي
ۋە كۈننىڭ تۇتۇلۇشى، يۇلتۇزلارنىڭ ئېقىشى، كېچە ۋە كۈن-
دۈز، بوران ۋە يامغۇر، مولدۇر ۋە قار، دەريا تاشقىنلىرى، قىش

ۋە باھار، ياز ۋە كۈزگە ئوخشاش تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈ-
شىنىپ يېتىشكە ئامالسىز قىلىشقان. شۇڭا ئۇ چاغدىكى ئىنسانلاردا
تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قورقۇش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش تۇيغۇلىرى
پەيدا بولۇپ، بىرەر نەرسىگە ئىشىنىش كېلىپ چىققان.

توتېم ئەڭ بۇرۇنقى باشلانغۇچ دىنىي ئېتىقاتلارنىڭ بىر
تۈرى بولۇپ، تەبىئى شارايىتى خىلمۇ - خىل بولغان جايلاردا
ياشىغان ئادەملەردە خىلمۇ - خىل نەرسىگە چوقۇنىدىغان توتېمىزىم
كېلىپ چىققان. مەسىلەن، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمقى
زامانلاردا بۆرىنى، خەنزۇلار ئەجدىھانى، ھىندىلار
كالىنى توتېم قىلغان. ھىندىلارنىڭ قەدىمقى رىۋا-
يەتلىرىگە قارىغاندا، ھىندىلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى قەبىلىۋى ھاياتنى
بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان چاغلاردا (باشلانغۇچ جەمئىيەت ۋاختىدا
بولسا كېرەك) قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇشلار بولۇپ تۇردىكەن. ئىككى
ھىندى قەبىلىسى ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا، بىر قەبىلە يېڭى-
لىپ، ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن پاناھلىنىدىغان جاي
ئىزلەپ، بىر يۆنىلىشكە قاراپ يۈرۈپتۇ. بۇ قەبىلە بېسىپ ئۆت-
كەن جايدا نە دەريا، نە بۇلاق، نە بىرەر كۆل ئۇچرىماپتۇ.
قەبىلىدىكىلەر ئۇسسۇزلۇق ئازاۋىدا ناھايىتى قىينىلىپ، ئۆلۈم
گىرداۋىغا يېقىنلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا قەبىلە ئىگىدارچىلىغىدىكى
كالىلار پادىسىدىن بىر كالا مورەپ مەلۇم جاينى پۇراپ، ئالدى
پۇتى بىلەن تارپىشقا باشلاپتۇ. قەبىلىدىكى پەملىكرەك بىرى
كالا تارپىغان يەرنى كولاپ بېقىپتۇ. بىر مېتىرچە كولىغاندىن
كېيىن سۇ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەبىلىدىكى ئادەملەر سۇ
ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھىندىلار كا-
لىنى ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولۇشقان ئىكەن.

بۇ ۋەقە ھىندىلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىشتىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن بولغان (ھىندىلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىشى بۇنىڭدىن 2500 يىل ئىلگىرى باشلانغان) بولسىمۇ، ئۇلار ھازىرمۇ كالىغا چوقۇنىدۇ.

## بورە توتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر

قەدىمقى زامانلاردا دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ياشىغان ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشىغان جاينىڭ تەبىي شارائىتلىرى، بېشىدىن كەچۈرگەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قاراپ، ھەر خىل نەرسىلەرنى (ھايۋانات، دەرەخ، ئاي، كۈن ۋاھاكازالارنى) ئۆزلىرىگە توتېم قىلغانغا ئوخشاش بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ قەدىمقى زامانلاردا بورىنى توتېم قىلىشقان. «ئوغۇزنامە»دە تۈرك خاقانى ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئوغۇزخان بىلەن گەپلەشكەن كۆك يايلىق بورە توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.

ئوبۇلغازىنىڭ «شەجەرەئى تۈركى»ناملىق ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن مەغلۇپ بولۇپ، بىرتاغ قاپتىلىدا قامىلىپ قاپتۇ. ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە ئۇچراپتۇ، شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئۇشتۇمتۇت بىر بورىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بورىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بورە ناھايىتى چوڭ بىر غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار بورە كىرىپ كەتكەن غارغا كىرىپ مېڭىپتۇ، قاپ - قاراڭغۇ غار ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن غارنىڭ ئۇ بېشىدا بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ.

بورە غارنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ توشۇكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان. جەننەتتەك بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بورىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار بورىنى مۇقەددەس، ئىلاھى بىر ھايۋانات ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولغان.

ئوبۇلغازى يازغان رىۋايەتتىكى چوڭ غار، جەنۇبىي ئالتاي جۇڭغار دالاسىنىڭ شىمالىدا بولسا كېرەك.

جۇڭگونىڭ تارىخى يىلنامىلىرىدا تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا «ئوغۇزنامە» بىلەن «شەجەرەئى تۈركى»دە ئېيتىلغان بورە توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، «جۇ خانلىقىنىڭ يىلنامەسى»نىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بابىدا مۇنداق دېيىلگەن: "تۈركلەر ھونلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى، پەمىلىسى ئاشىنا بولۇپ، ئالاھىدە بىر قەبىلە ئىدى. بىر زامانلاردا خوشنا دۆلەت بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان، ھەتتا تۈركلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. پەقەت ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئامان قالغان. غالىپ ئەلنىڭ جەڭچىلىرى ئۇ بالىنىڭ كەچىكلىكىنى كۆرۈپ ئۆلتۈرمەي، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرغان سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي بالىنىڭ يېنىغا پەيدا بولغان بىر چىشى بورە بالىنى گۆش بىلەن بېقىپ، ئۇزۇقلاندۇرۇشقا كىرىشكەن ھەم بالا بىلەن جىنسى ئالاقىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بورە قوساق كۆتىرىپ قالغان، لېكىن ھېلىقى غالىپ ئەلنىڭ خانى بىر بالىنىڭ ئامان قېلىپ، ھېلىغىچە ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭ-

لاپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خان ئادەم ئەۋەتىپ، بالىنى ئول-تۈرگۈزگەن. بالىنى ئۆلتۈرگەنلەر بىر بورىنىڭ چەتتە تۇرغانلىغى-نى كورۇپ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بورە گوچاڭ خانلى-غى (ھازىرقى تۇرپاننى ئاساس قىلغان خانلىق)نىڭ شىمالىدىكى تاققا قېچىپ كەتكەن. تاغدا چوڭقۇر جىلغا بولۇپ، ياپ-يېشىل ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىكەن. بۇ جىلغىنى ئايلىنىپ چى-قىش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. جىلغىنىڭ توت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدىكەن، بورە مانا شۇ جىلغىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپتۇ. بورە ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن سىرت بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئايال ئېلىشىپتۇ، ئايالار ھامىلدار بولۇپ بالا تۇغۇپتۇ. ھەر بىرىنىڭ ئايرىم-ئايرىم پەمىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرى-نىڭ پەمىلىسى ئاشىنا ئىكەن. مانا شۇ پەمىلىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى ئاۋۇپ، بىر نەچچە يۈز ئائىلىگە يېتىپتۇ. بىر نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار جىلغىدىن چىقىشىپتۇ. جوجەن-لەرگە بېقىندى بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئالتاي تاغلى-رىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ، جوجەنلەر ئۈچۈن تو-مۇرچىلىك قىلىشىپتۇ......

تۈركلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى سۇ دولىتى دەپ نام ئال-غان ئەلدىن كېلىپ چىققان ئىكەن. ھونلارنىڭ شىمالىدا يا-شىغان تۈرك قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ نامى ئاپاڭبو بولۇپ، ئۇلار 17 قېرىنداش ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى ئىجىنىتۇ دې-گەن بورىدىن تۇغۇلغان.

ئاپاڭبو قاتارلىقلارنىڭ مىجەز-خۇلقى دوت ئىكەن، ئۇلار-نىڭ ئېلى يوق بوپتۇ. ئىجىنىتۇ ناھايىتى سەگەك، ئوتكۇر بو-

لۇپ، ئۇ شامال بىلەن يامغۇرنى چاقىرىپ كېلىدىكەن. ئۇ ئىككى ئايال ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ياز ئىلاھىنىڭ، يەنە بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇلار ھامىلدار بولۇپ، تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللارنىڭ بىرى ئاق ھاڭغۇتقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئوغۇللارنىڭ بىرسىنىڭ ئېلى ئاقايان دەرياسى بىلەن قاما دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىكەن، بۇلارنى قىرغىز دەپ ئاتايدىكەن. يەنە بىر ئوغۇلنىڭ ئېلى زىئاگىل دەرياسىنىڭ بويىدا ئىكەن. بۇ، ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسى ئىكەن. بۇ يەردە يەنە ئاپاگبونىڭ ئۇرۇق ئەۋلاتلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئۇچۇقچىلىقتا مۇزلاپ، بەك قىينىلىپ قالغاندا، ئۈچىنچى ئوغۇل ئوت چىقىرىپ، ئۇلارنى ئىسسىندۇرۇپ ئاسراپ قاپتۇ. ئۇلار تۇنجى ئوغۇلنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزلىرىگە باش قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپتۇ. ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتاپتۇ......".

جۇڭگونىڭ «سۈي خاندانلىقى يىلنامىسى» دىكى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى ئەپسانە «جۇ خاندانلىقى يىلنامىسى» دىكى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى ئەپسانە بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

«ئوغۇزنامە»، «شەجەرەئى تۈركى»، «جۇ خاندانلىقى يىلنامىسى» بىلەن «سۈي خاندانلىقى يىلنامىسى» دىكى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بابىدا يېزىلغان ئۇيغۇرلار، تۈركلەرنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر، تۈرك خەلقلىرى، باشلانغۇچ كوممۇنا جەمئىيىتىنىڭ ئانىلىق باسقۇچىدا ياشاۋاتقان چاغلىرىدا، ئەشۇنداق ئەپسانىلارنى توقۇغان. چۈنكى ئاشىنا دىگەن نامنى تۈركلەرنىڭ ئۆزىگە پەمىلە قىلغانلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركلەرنىڭ

بورىنى توتېم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقە ئانىلىق دەۋرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن، شۇڭا تۈرك-ئۇيغۇرلار دولەت قۇرغاندىن كېيىن خاقانلىقىنىڭ تۇغلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بورە بېشى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئۇيغۇرلار تۈركلەر خان ئوردىسىنى ساقلايدىغان قاراۋۇللارنى "بورە" دەپ ئاتاشقان.

يۇقۇرىدىكى تارىخىي مەلۇماتلاردا تۈرك خەلقلىرىنىڭ كېلىپ چىققان جايى يەنەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا ئىكەنلىكى، قىرغىزلار بىلەن تۈركلەرنىڭ قېرىنداشلىقىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بورە توتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانىدە ئېيتىلغىنىدەك ھايۋانات بىلەن ئىنساننىڭ قوشۇلۇشى، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن ئىنسانىنىڭ تورىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى چۈشىنىشلىك. شۇڭا ئەپسانىلەرنىڭ ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جايلىرى بولىدۇ. بورە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانە بەدىي جەھەتتىن ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، ئادەم ئۇنى خۇددى ئۆزىدا كورگەندەك ئوبرازلىق ھايۋان (بورە) كىشى ئالدىدا جانلىق گەۋدىلىنىدۇ. جۈملىدىن تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە ئەپسانە سيۇژىتىدىكى ئاماسىي ئىدىيىگە مۇناسىۋەتلىك دېتاللار سېھىرلىك تۈس بىلەن كوز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

## رىۋايەتلەر ۋە رىۋايەتلەر توغرىسىدا

"ۋارۋارلىقنىڭ يۇقۇرى باسقۇچى تەلتوكۇس راۋاج تېپىپ گۈلەنگىنىنى گومېرنىڭ پوئېمىسىدا، خۇسۇسەن ئۇنىڭ "ئىلىئادا"سىدا كورىمىز. تاكامىللاشقان تومۇر قوراللار، تومۇرچى كورىگى، قول

تۈگمىنى، ئوسۇملۇك يېغى ھەم ۋىنو تەييارلاش، ماتېرىياللارنى ئىشلەشنىڭ راۋاجلىنىشى ھەم ئۇنىڭ نەپس كەسپىگە ئايلىنىشى، ھارۋا ۋە جەڭ ھارۋىسى، ياغاچ ۋە تاختايلاردىن كېمىلەرنى ياساش، ئارخىتېكتۇرانىڭ سەنئەت سۈپىتىدە دۇنياغا كېلىشكە باشلىنىشى، ھەرە چىشلىق قىلىپ ئىشلەنگەن تام ۋە مۇنارلىق شەھەرلەر، گومېر ئېپوسى ۋە بارلىق مېفولوگىيە گرىكلەر تەرىپىدىن ۋارۋارلىقتىن سىۋىلىزاتسىيىگە ئېلىپ ئوتۇلگەن ئەڭ مۇھىم مىراس ئەنە شۇلاردۇر"①.

يۇقۇرىدىكى پارچىدىن گرىك رىۋايەتلىرىنىڭ قانچىلىك رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگى ناھايىتى ئېنىق كورۇنىپ تۇرۇپتۇ.

ئېنگېلسنىڭ "ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دىگەن مۇشۇ كىلاسسىك ئەسىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ شۇنداق ئۇزاق تارىخي تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۇرۇش، ئۇنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن رىۋايەتلەرنىڭ ئىنتايىن مول تارىخي ماتېرىيال بەرگەنلىگى ھەممىگە ئايان بولسا كېرەك. 12 - ئەسىردىكى موڭغۇل تارىخى ئۈچۈن بىردىن - بىر مەنبە موڭغۇل خەلق رىۋايەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا زاماندىش بولغان يېزىقچىلىق ۋەسىقىلىرىدىن ئىبارەت. بىز بۇنى ئېتىراپ قىلىمىز. تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۇش ۋاقتىدا قوشۇلۇپ قالغان بىر مۇنچە مۇبالىغە ۋە خىيالارنى ھىسابقا ئالمىغاندا موڭغۇللار رىۋايىتىدە ئەقلغا سىغمايدىغان ھىچ نەرسە يوق"②.

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» (289 - بەت ئۇيغۇرچە)

② ۋ. بارتولد. «موڭغۇللار دەۋرىدىكى تۈركىستان» (رۇسچە، 2 - قىسىم).

ئۇلۇغ شائىر فىردەۋسىنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك ئەسىرى «شاھنامە»نىڭ باشتىن - ئاخىر رىۋايەتكە تايانغانلىقى ئېنىق. بۇ پاكىتلار شۇنى كورسەتتىكى، رىۋايەتلەر ئاساسەن رىيال پاكىتنى ئاساس قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەدىي دىتى سۈپىتىدە ئۇز دەۋرىنىڭ جانلىق شاھىدى بولۇپ كەلدى.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئوتمۇشىدە بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىپ، قەھرىمان ئاتا - بوۋىلىرى ھەققىدە ئۇز تارىخىدا تىللاردا داستان بولغىدەك ئولمەس رىۋايەتلەرنى ياراتقان. بىز تۆۋەندە بىر قانچە رىۋايەتنى كورۇپ باقايلى.

## 1 - ئەپراسىياپ

ئۇرغۇن تارىخىي خاتىرىلەردە ئىسمى ئەپراسىياپ دەپ ئاتىلدىغان مەشھۇر بىر تارىخىي شەخس ئۇستىدە ئۇرغۇن رىۋايەتلەر بار. ئىراننىڭ ئەڭ قەدىمقى دىنى بولغان "ئوتپەرەستلىك"دىن (بۇ دىننى زارۇ ئاستىرا ئاتلىق كىشى ئىجات قىلغىنى ئۈچۈن "زارۇ ئاستىرا دىنى" شۇنىڭدەك "زەردوش" دىنى دەپمۇ ئاتايدۇ)نىڭ تەرغىباتچىلىرى مىلادىدىن مىڭ يىل ئىلگىرى (ھازىرقى كۈندىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن) يازغان «ئاۋىستا» ناملىق مۇقەددەس كىتاپنىڭ «زارۇ ئاستىرا» بابىدا ئەپراسىياپ ھەققىدە تەپسىلى توختىلدۇ. ھىندىلارنىڭ مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرى يازغان «بىكاررۇ» ناملىق مۇقەد-

دەس كىتاۋىنىڭ كوپ جايلىرىدا تۇرك خانى ئەپراسياپ توغ-
رىسىدا سوزلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا غەزنەۋىلەر دولىتىنىڭ سۇلـ-
تانى تۇرك سەبۇق تېكىننىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى-
نىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە ئۇلۇغ ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىر-
دەۋسى يازغان «شاھنامە»دە توران پادىشاسى ئەپراسياپ ھەق-
قىدە ناھايىتى كوپ توختىلىدۇ. يەرلىك تۇرادىن بولغان ئەپ-
راسياپ فىردەۋسىنىڭ پىرىشىچە پەرىدۇننىڭ تۇر ئىسىملىك ئوغ-
لىنىڭ نەۋرىسى ھوشاڭنىڭ ئوغلىدۇر.

رۇستەمنىڭ ئانىسى روبادە مەغلۇپ بولغانلىقتىن روبادەنىڭ
ئوغلى دادىسىنىڭ ئوچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەپراسياپ بىلەن
جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولىدۇ. ئەپراسياپ ئىرانىنى بېسىۋالىدۇ.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بەرگەن مەلۇ-
ماتىغا قارىغاندا، ئەپراسياپنىڭ مەركىزىي شەھرى قەشقەر ئىدى.
بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ كوپىنچە
قەشقەردە تۇراتتى. ئۇنىڭ قوز ئىسىملىك گۈزەل قىزى قەز-
ۋىن قاتارلىق شەھەرلەرنى بىنا قىلغان. قەزۋىن قوز سوزىنىڭ
قىسقارغىنىدۇر. ئىلى ۋادىسىغا قاراپ ئاقىدىغان چوڭ سۇنىڭ
قوز سۇيى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئەپراسياپنىڭ قىزى قوز-
نىڭ شۇ سۇ بويىغا چوڭ قەلئە سالغىنى ئۈچۈندۇر. بوختە نەسر-
نىڭ ئوغلى باتىرزات شۇ قىز بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىدا بولغىنى
ئۈچۈن ئەپراسياپ ئۇنى چارۇق دىگەن شەھەرگە قامىغان ئىدى.
بەزىلەر بۇ شەھەرنى ئەپراسياپنىڭ مەرو شاھ جاھان دىگەن
ئوغلى بىنا قىلغان دىيىشىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا، ئەپراسياپنىڭ تەرجىمھالىغا
دائىر بۇ مەلۇماتلاردىن باشقا ئەپراسياپقا دائىر رىۋايەتلەرمۇ بار.

بۇ رىۋايەتلەردە ئەپراسىياپ جەڭگىۋار قىياپەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ جەڭلەردىكى قەھرىمانلىقى، دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشتىكى ماھارىتى، باتۇرلۇقى تەرىپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە چوڭقۇر ئېچىنىش بىلدۈرۈلىدۇ.

مەشھۇر «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، باشقا بىر يەردە ئەپراسىياپنى قەھرىمانلا ئەمەس، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ماھارەتلىك، بىلىمدان سۈپىتىدە تەرىپلەيدۇ.

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ئۇلۇغ تۈرك خاقانى ئەپراسىياپنىڭ ئەسلى ئىسمى "تونگا ئالىپ ئەر" بولۇپ، ئەپراسىياپ ئىرانلاشقان نامىدۇر.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى چۈشەنچىسىگە قارىغاندا "تونگا" بابۇر (بەبىر) دېگەن يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ نامى. ئۇ، پىلنى ئۆلتۈرۈشلىكى بىلەن مەشھۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تونگا ئالىپ ئەر دېگەن بۇ ئىسىم يۈرەكلىك ئەركەك بەبىر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقۇرقى مەلۇماتلاردىن شۇنى تەخمىن قىلىش مۇمكىنكى، ئەپراسىياپ مىلادىيەدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر تۈرك خاقانى، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى تونگا ئالىپ ئەر. پايتەختى قەشقەر، ئىران بىلەن ئۇزۇن يىللار ئۇرۇشقان تۇران خاقانى ئىكەنلىكى ئېنىق.

## 2 - تومارىس

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا تومارىس ھەققىدىكى رىۋايەت ناھايىتى چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ.

يۇنان تارىخچىسى ھېرادوت ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيادا قىلغان ساياھىتىدە توپلىغان تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن «تارىخ» ناملىق ئەسەر يازغان. ئۇ ئەسىرىدە ئاساسەن ئىران بىلەن يۇنان ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۇلۇغ تارىخچى، شۇ زاماندا باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىران پادىشالىرىغا قارشى كۈچلۈك ھېسسىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان توماris ھەققىدىكى رىۋايەتنىمۇ ئۆز ئەسىرى ئىچىگە كىرگۈزگەن. شۇ «تارىخ» ئارقىلىقلا بۇ رىۋايەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ساقلىنىپ قالغان.

توماris رىۋايىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق غايىسىنى، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقە ئارقىلىق ياراتقان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىردە بىرنەچچە مەملىكەتنى بېسىۋېلىپ، ئۇلارنى تالىغان، مىڭلارچە كىشىلەرنى قۇل قىلغان كاي خوسراۋ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 486-يىلدىن 552-يىلغىچە ئىرانغا پادىشا بولغان) ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنگە قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش ئېلىپ باردى. كاي خوسراۋ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىغا قانچە كىرگەنسېرى شۇنچە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ، ناھايىتى قاتتىق پىشكەللىككە ئۇچرايدۇ. كاي خوسراۋ ئاسىيادىكى ماساگېت قەبىلىسىگە ھۇجۇم باشلايدۇ. شۇ چاغدا ماساگېتلارنىڭ خانى توماris ئىسىملىك قەھرىمان خوتۇن ئىدى. توماris ماساگېتلارنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك، ئامانلىقىنى ساقلاشقا، ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەركەت قىلىدۇ. لېكىن خېلى كۆپ مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ تىنچلىقىنى

بۇزۇپ، ئۇرۇش ئارقىلىق بايلىق توپلىغان باسقۇنچى كاي خوس-
راۋ ماساگىتلارغا قارشى ئۇرۇشۇشقا قەتئىي بەل باغلىغان ئىدى.
توماريس ماساگىتلارنىڭ ھاياتى — مەنپەئەتلىرىنى ساقلاشقا، قە-
بىلىداشلىرىنى باسقۇنچى كاي خوسراۋ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن
ھىمايە قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ماساگىتلارنى دۈشمەنگە قارشى
مەرتلەرچە كۈرەش قىلىشقا ئاتلاندۇرىدۇ. ئۆز قوشۇنىغا ماھىرلىق
بىلەن رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئىككى ئارىدا ناھايىتى قاتتىق شىد-
دەتلىك جەڭلەر باشلىنىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا تولغان قەھ-
رىمان ماساگىتلار ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، كاي
خوسراۋنى ئۆلتۈرىدۇ. ماساگىتلار غەلىبە قىلىپ، تىنچ ياشايدۇ.
ماساگىتلارنىڭ باسقۇنچى كاي خوسراۋغا قارشى ئېلىپ
بارغان جەڭگىۋار كۈرىشى توماريس ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ تې-
مىسى ۋە مەزمۇنى بولغان.
ۋەتەنپەرۋەرلىك، جەسۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقنى كۈيلەش،
ئاسايىشلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، قەبىلىداشلارغا ساداقەت،
تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرگە قارشى غەزەپ ۋە نەپرەت — توماريس
رىۋايىتىنىڭ غايىۋى ئاساسىنى تەشكىل قىلغان. توماريس ئۆز
قەبىلىسىنىڭ ئازاتلىق-ئەركىنلىكى ۋە تىنچلىقىنى ھەم ئاسايىش-
لىقىنى ئىستەش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ ھەم تىنچ ئاسايىش-
لىق ھاياتىغا ھۆرمەت بىلەن قارىغان.
كاي خوسراۋ باسقۇنچىلىق نىيىتىدىن قايتمىدى. شۇنىڭدىن
كېيىن توماريس ئۆز يۇرتى، ئۆز قەبىلىسىنى ھىمايە قىلىش
ئۈچۈن كاي خوسراۋنىڭ باسقۇنچى قوشۇنىغا قارشى جەڭ قى-
لىشقا مەجبۇر بولدى. مەرتلىك ۋە راستچىللىق بىلەن كامالەتكە
يەتكەن توماريس، دۈشمەننىڭ مەرتلىك قىلىشىنى، ھىيلە-مىكىر

ئىشلەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا تومارىسنىڭ كاي خو-سراۋغا ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرى دەلىل بولىدۇ: "...... بىز بىلىمىزكى، سەن تىنچلىقنى خالىمايسەن. شۇ سەۋەپتىن ئەگەر مەسلىھەتىمىزگە كونمەي ماساگىتلار بىلەن توقۇنۇشنى خالىساڭ كۈرۈك ياسايمەن دەپ ئاۋارە بولىمىغىن. بىزگە ئېيتساڭ بىز ساڭا كاشىلا قىلماي، دەريادىن ئۈچ كۈنلۈك نېرى يولغا كۆچۈپ كېتىمىز. ئۇ چاغدا بىمالال دەريادىن ئۆتىسەن. ئۇنىڭدىن كې-يىن، يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ ئۇرۇشىمىز. ئەگەر بىز بىلەن دەريانىڭ سەن تۇرغان قىرغىقىدا ئۇرۇشماقچى بولساڭ ئۇنى بىزگە ئېيت! بۇنىڭغىمۇ بىز رازى بولىمىز. ئەمما نامەرتلىك قىلما!..." مەرتلىك بىلەن قەھرىمانلىقنى ئىپادىلىگۈچى بۇ سۆزلەر تومارىسنىڭ قى-ياپىتىنى مۇكەممەل خارەكتىرلەپ بېرىدۇ.

ماساگىتلارنىڭ قاتتىق كۈرەشكە ئاتلانغانلىقىنى، ئۇلارغا تومارىستەك ئۇستا لەشكەر بېشىنىڭ قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كورگەن كاي خوسراۋ ھىلە-مىكىر بىلەن غەلىبە قازىنىش يولىنى ئىزلەشكە باشلايدۇ. ئۇ، تومارىسنىڭ ئوغلى سىپارگانىز باشلىق بىر توپ ماساگىتلارنى مەس قىلىپ قويۇپ، ئەسىر ئالىدۇ. دۈش-مەننىڭ نامەرتلىك قىلىپ، ھىلە-مىكىر ئىشلىتىشى تومارىسنى ۋە پۈتۈن ماساگىتلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. تومارىس قەبىلە-داشلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كاي خوسراۋغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېيتىدۇ:

"ئەي قانخور كاي خوسراۋ، قىلغان ئىشىڭ بىلەن ماخ-تىنىپ يۈرمىگىن. سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى يۈزمۇ-يۈز جەڭدە يەڭ-گىنىڭ يوق. ئۇنى مەككارلىق بىلەن شاراپ ئىچكۈزۈپ قولغا چۈشۈردۈڭ، ئەمدى مېنىڭ ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ، كەلگەن يېرىڭ-

گە زىيان!"-زەخمە تەسىز قايتىپ كەت. ئەگەر سوزۇمگە كىرمەسەڭ، ماساگىتلار تەڭرىسى قويىاش نامى بىلەن قەسەمىيات قىلمەنكى، مەن سەندەك ئاچكوز قانخورنى قان بىلەن سۇغۇرىمەن!"

توماردىس يالغۇز ئوغلى ئۈچۈن ئەمەس، پۈتۈن ماساگىتلارنىڭ شان شەرىپى ئۈچۈن كۈرەشتى. توماردىس توغرا ۋە ۋىجدانلىق كىشلەرنى قانچە سۆيسە، نامەرت ۋە ۋىجدانسىز كىشلەردىن شۇنچە نەپرەتلەنگەن. مۇستەھكەم ئىرادىلىك توماردىس چەڭگە ئاتلاندى. ئۇ، قەبىلىنىڭ مەنپەئەتىنى جان-دىلى بىلەن ھىمايە قىلدى. ئوغلىنىڭ ئەسىر قىلىنغانلىقىدىن ئۈمىتسىزلەنمىدى. چۈنكى ئۇ، ئوغلىنىڭ مەرتلىكىنى بىلەتتى. ھەقىقەتنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. توماردىس باشچىلىقىدىكى ماساگىتلار جەڭدە غەلىبە قازاندى. توماردىس كاي خوسراۋنىڭ بېشىنى قان بىلەن تولغۇزۇلغان يوغان قاچىغا سېلىپ، ئۆز كۆزىمگە يەكۈن ياساپ مۇنداق دېدۇ: "ئەي نامەرت، جەڭدە سېنى ھالاللىق بىلەن يېڭىپ چىققان بىر ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ، پەرزەنت داغىدا كويدۇردۇڭ. سەن ئومرۈڭ بويى قانغا تويمىدىڭ، مەن ئۆز قەسىمىگە ئەمەل قىلىپ سېنى قان بىلەن سۇغاردىم. بىرەر ئەلنىڭ يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ جازاسى ئەنە شۇ!......"

توماردىس يالغۇز كاي خوسراۋغىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە باسقۇنچىلارغا قارشى خەلقنىڭ قەتئىي ۋە ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان پىكرىنى ئىپادىلىگەن.

توماردىس ئوبرازى باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر ۋە يېڭىلمەس قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىسى بولۇپ، كىشلەرنىڭ قەھرىمانلىق ۋە

ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ.

تومارىسنىڭ ئوغلى سىپارگانىز نومۇسچان، ۋىجدانلىق، مەرت يىگىتتۇر. رىۋايەتتە سىپارگانىزنىڭ ئىچىملىككە بېرىلىپ، ئەسىرگە چۈشۈشى قارىلانغان. ئەمما سىپارگانىز ئۆز خاتالىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئار نومۇس ئۈستۈنلۈك قىلىدۇ. ئۇ دۈشمەن قولىدا ئەسىر بولۇپ قېلىشتىن كۆرە ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

كاي خوسراۋ خەلقنىڭ كۈچلۈك غەزەپ-نەپرىتىگە يولۇققان، ئۆز شەخسى مەنپەئەتى يولىدا ھەر قانداق رەزىللىكتىن قايتمايدىغان سەلبى ئوبرازدۇر. مەملىكەتلەرنى ۋەيران قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلىش يولى بىلەن دۆلەت توپلاش، باي بولۇش بۇ زالىم ھۆكۈمدارنىڭ بىردىن-بىر مەقسىدى ئىدى. ئىنسانى پەزىلەتلەردىن مەھرۇم بولغان، زالىم، مۇناپىق، مەككار ۋە ئاچكۆز كاي خوسراۋ تومارىسقا ئۆيلىنىش باھانىسى بىلەن ماساگېتلارنىڭ چارۋامالىرى، يەر-سۇلىرى، ئۇلاقلىرىنى ئىگەللەپ، ئۇلارنى قۇل قىلماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئازاتلىق ۋە ئادالەت يولىدا كۈرەشكەن ماساگېتلارنى يېڭەلمىدى. بۇ رىۋايەتتە كاي خوسراۋ زالىم، باسقۇنچى پادىشالارنىڭ ئوبرازى بولسا، تومارىس خەلق پەرزەنتىنىڭ ئوبرازىدۇر.

ساكلارنىڭ يەنە بىر قەھرىمانلىق رىۋايىتى گىرېك تارىخچىسى پولىئېنىڭ «ھەربى ھىلىلەر» دېگەن ئەسىرى ئارقىلىق بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن «شىراق ئەپسانىسى»دۇر. بۇنىڭ سيۇژېتى ئىراننىڭ كاي خوسراۋدىن كېيىنكى پادىشاسى دارا بىرىنچى (مىلادىدىن 330-336-يىللار)نىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان باسقۇنچىلىقىغا قارشى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەھرىمانلارچە قىلغان كۈرىشىنى ئاساس قىلغان. «شىراق ئەپسانىسى»

نىڭ قەھرىمانى شىراق ئۆز ۋەتىنىنى ۋە ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئازاتلىق - ئەركىنلىكىنى ھەممىدىن ئەزىز كۆرگۈچى ئاددى پادىچى ئىدى. ئۇ، ياۋۇز دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بېسىپ كىرىشىگە قارشى كۈرەشتە تەشەببۇسكارلىق قىلىپ، ئۆز پىلانىنى سۇندى. خەلقىنىڭ ئەقىل - ئىدرىكىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئاددى پادىچى شىراقنىڭ پىلانى ئۇرۇش قوماندانلىق شىتابى تەرىپىدىن تەستىقلىنىدۇ. ئۇ، ئۆز پىلانى بويىچە زالىم، ياۋۇز پادىشا دارا بىرىنچىنىڭ لەشكەر بېشى رانوس چاتىنىڭ قوشۇنىنى سۇسىز چۆللۈككە ئۈستىلىق بىلەن ئالداپ ئەكىرىپ تارمار قىلىدۇ. ئۇنىڭ جەڭ ئۈستىدىكى "......مەن يەڭدىم، يالغۇز ئۆزەم پۈتۈن زور بىر قوشۇننى يەڭدىم. جانجان قەبىلەم ساكلارنىڭ ۋە ئانا تۇپرىقىم بېشىغا كەلگەن بالانى دەپنە قىلىپ، باسقۇنچى ئىران لەشكەرلىرىنى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدىم. تۇت تەرەپنىڭ ھەرقايسى يەتتە كۈنلۈك يول، خالىغان تەرەپلىرىڭلارغا كېتىۋېرىڭلار، بەربىر ھەممىڭلارنى ئاچلىق ۋە تەشنالىق قىيناپ نابۇت قىلىدۇ. مېنىڭ قېنىم بولسا مانا شۇ يەرگە توكۈلىدۇ" دېگەن ئوتلۇق خىتاۋى يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ ئوبرازىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

بۇ ئىككى رىۋايەت ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇزاق ساقلىنىپ، پۈتۈن شەرق ئەدەبىياتىغا جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ، قەھرىمان بەدىئى ئوبرازلار يارىتىشقا خىزمەت قىلىپ كەلدى.

## 3 - باتۇر تەڭرىقۇت ھەققىدە رىۋايەت

ھونلار مىلادىدىن 3 ئەسىر ئىلگىرى كۈچلۈك دۆلەت

قورغان. شۇ چاغدا بۇ دۆلەتكە تۈمەن تەڭرىقۇت پادىشا ئىدى.
ئۇ، ئۆزىنىڭ چوڭ ئاغىچىسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى باتۇرنى ئۆز
ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىدى. لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆز
قارارىدىن يېنىۋېلىپ، كىچىك خوتۇنىدىن بولغان ئوغلىنى مە-
راسخور قىلماقچى بولىدۇ. بۇ ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن چوڭ
ئوغلى باتۇرنى ھازىرقى كەڭ سۇدا ياشايدىغان قەدىمقى ئۇيغۇر-
لارنىڭ بىر تارمىغى بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئېلىگە گۆرۈگە
ئەۋەتىدۇ.

قەدىمقى زامان دىپلوماتىيىسىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن
ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا
كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە ئۆز
ئوغۇللىرىدىن بىرىنى گۆرۈگە ئەۋەتىدىغان ئىش بار ئىدى. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن باتۇرنى ياۋچىلارغا گۆرۈگە ئەۋەتىدۇ.

ھونلار تەڭرىقۇتى تۈمەنخان بۇ ئىشنى ئورۇنداپ بول-
غاندىن كېيىن، ئۆز تەختىنىڭ مىراسخورى قىلىپ كىچىك
خوتۇنىدىن بولغان ئوغلىنى بېكىتىدۇ. ياۋچىلارغا گۆرۈگە كەتكەن
باتۇر بۇ ئىشقا نارازى بولىدۇ.

ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن ئۆزىنىڭ «تارىخنامە» دېگەن
ئەسىرىدە باتۇر تەڭرىقۇت ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەتنى قىس-
قىچە خاتىرىلەپ بىزگە قالدۇرغان: "گۆرۈگە ئەۋەتىلگەن باللار-
نىڭ ھاياتى كۆپىنچە خەتەرلىك تەقدىرگە ئۇچرايتتى. چۈنكى
تولا چاغلاردا ئەھدىنامىلار بۇزۇلغان ھامان گۆرۈگە قويۇلغان
باللار ئۆلتۈرۈلەتتى. باتۇر بۇنداق ئەھۋالنى ياخشى بىلگەنلىكى
ئۈچۈن ئەھۋالنى تىڭ - تىڭلاپ، ئەھدىنامىنىڭ بۇزۇلۇپ،

ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىدىغان پەيتنى ئالدىن بايقاپ تۇرۇشقا،
ئەگەر شۇنداق ۋەزىيەت تۇغۇلغان ھامان ياۋچىلاردىن قېچىش-
قا تەييارلىنىپ تۇراتتى.
دىگەندەك ھونلار بىلەن ياۋچىلار ئارىسىدا تۇزۇلگەن
ئەھدىنامە بۇزۇلۇپ، ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا باتۇر ياۋچىلار
خېنىنىڭ ئۇزى مىنىدىغان ئاجايىپ يۇگۇرۇك ئاتنى مىنىپ،
ياۋچىلار ئېلىدىن قاچىدۇ. ياۋچىلار ئۇز ۋاقتىدا بۇنى سېزىپ
قىلىپ، كەينىدىن قوغلىغان بولسىمۇ، باتۇرنى قوغلاپ يەتمەك
بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ تۇۋىغىدىن چىققان
چاڭنى يىراقتىن كورگەندىن باشقا، باتۇرنىڭ غىۋا كولەڭگىسى-
نىمۇ كورەلمەي، ئۇمىتسىزلىنىپ ئارقىسىغا قايتىشىدۇ.
باتۇر ھازىرقى كەڭ سۇنىڭ جاڭپى ئەتراپىدىن قېچىپ نىڭ-
شيادىكى تەڭرى قۇملۇغى ئارقىلىق شەرققە يۇرۇپ، ھونلار پايتەخ-
تىگە (ھازىرقى كوكخوت ئەتراپىغا) يېتىپ كېلىدۇ. ئۇز ئوغلى
باتۇرنىڭ ھەققەتەن ھۇشيار، باتۇر، قەيسەرلىگىنى كورگەن تۇ-
مەن تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئۇنى ھونلارنىڭ ئاتلىق
قوشۇنلىرىنى تەربىيىلەشكە قويىدۇ. بۇ ئاجايىپ ئىمكانىيەتنى
قولغا كەلتۇرگەن باتۇر دەرھال ئاۋازلىق ئوقيا ياساي-
دۇ. ئۇ، تەربىيىلىنىۋاتقان ھون ئاتلىقلىرىغا شۇنداق دەيدۇ:
"مەن مۇشۇ ئاۋازلىق ئوقيانى نىمىگە قارىتىپ ئاتسام سىلەر
شەرتسىز شۇ نەرسىنى نىشانلاپ ئېتىڭلار. ئەگەر بۇنىڭغا خى-
لاپلىق قىلىدىغان بولساڭلار، ھەممىڭلارنىڭ بېشىنى ئالىمەن".
بۇنىڭغا ھون ئاتلىقلىرى ماقۇل بولۇشىدۇ.
بىر كۇنى باتۇر ئۇزىنىڭ ئاۋازلىق ئوقياسىنى ئۇزى مى-
نىدىغان ئاتقا قارىتىپ ئاتىدۇ. ھون ئاتلىقلىرى باتۇرنىڭ ياخشى

ئېتىنى ئېتىشقا كۆزى قىيمايدۇ. لېكىن باتۇر ھېچبىر ئىككىلەنمەي بۇيرۇقنى ئورۇنلىمىغان ھون ئاتلىقلىرىنىڭ بېشىنى ئالدۇ ۋە: "ئەگەر بۇندىن كېيىن مېنىڭ ئاۋازلىق ئوقيايىم قانداق نەرسىنى نىشانغا ئالىدىكەن، مېنىڭ جەڭچىلىرىم شۇ نەرسىنى نىشانغا ئېلىپ ئاتمايدىكەن، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھېلى بېشى كېسىلگەنلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ" دەپ باشقىلارنى ئاگاھلاندۇردۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي باتۇر ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ئايالىنى ئاتىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ جەڭچىلىرى بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ۋە بېشى كېسىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق پاجىەدىن ساۋاق ئالغان باتۇرنىڭ باشقا جەڭچىلىرى باتۇرنىڭ قەتئىي ۋە غەزەپ بىلەن قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇردۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھون تەڭرىقۇتى تۈمەنخان ئوردابەگلەرنى ۋە كىچىك خوتۇنىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىدۇ. باتۇر مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئاۋال كىچىك ئانىسىنى، ئوگەي ئۇكىسىنى، ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئوردا بەگلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇ قېتىم باتۇرنىڭ ئاۋازلىق ئوقياسى نېمىگە نىشانلاپ ئېتىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سادىق بولغان بىر توپ ھون ئاتلىقلىرى ئوقيالىرىنى شۇنىڭغا قارىتىپ ئاتىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىمقى سىناقتا باتۇر تولۇق مەقسەتكە يېتىپ، ھونلار تەختىگە ئولتۇرىدۇ. ئۆزىنى باتۇر تەڭرىقۇت دەپ ئاتايدۇ (ئىشەنچلىك تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ ۋەقە مىلادىدىن 210 يىل ئىلگىرى بولغان ئىكەن).

باتۇر تەڭرىقۇت ھەققىدىكى رىۋايەتتە ھاكىمىيەت تالىشىش-

نىڭ ئىنتايىن دەھشەتلىك (باتۇرنىڭ دادىسى تۇمەننى ئۆلتۈ-
رۈشتىن يانمىغانلىقى) بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى با-
تۇر تەگرىقۇتنىڭ ناھايىتى ئەقىللىقلىقى (ياۋچىلاردىن قېچىش
پەيتىنى بايقاپ تۇرغانلىقى، ئاۋازلىق ئوقيانى ئىجات قىلغانلىقى،
ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتا قوللانغان ئۇسۇلى)، باتۇرلۇقى، تەش-
كىللىي قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

تارىخ شەخسىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلمايدۇ. باتۇر تەگرى-
قۇت ھۇن دۆلىتىگە پادىشا بولغان دەۋردە (مىلادىيىدىن ئىلگىرى
165 - يىلدىن 209 - يىلغىچە) ھۇنلار ناھايىتى قۇدرەت تې-
پىپ شەرق تارىخىدا چوڭ رول ئوينىغان.

سيۇژىت قۇرۇلۇشىدىكى زىددىيەت ئالاھىدىلىكى، قەھرىمان
خاراكتېرىنى ئېچىشتىكى بەدىي ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرىنى قە-
دەممۇ - قەدەم شەكىللەندۈرۈشتىكى چېۋەرلىكى بىلەن خاراكتېر-
لەنگەن بۇ رىۋايەت شەرق ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخىدا ئۆزى-
گە خاس ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

## 4 - "بوكوخان توغرىسىدا رىۋايەت" ھەققىدە

بۇ رىۋايەتنىڭ قاچان قەلەمگە ئېلىنغانلىقى نامەلۇم.
داڭلىق ئەسەر «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»نىڭ ئاپتورى
دۇسان يۇقۇرقى رىۋايەتنى خاتىرىلەپ يازغاندا رىۋايەت پەيدا
بولغان ئورۇننى كورگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما بۇ رىۋايەت قا-
چان پەيدا بولۇپ، قاچان تارالغان، قاچان قەلەمگە ئېلىنغانلىقى
توغرىسىدا گەپ قىلمايدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ سيۇژىت قۇرۇلۇشى فانتازىيە خاراكتېرگە

ئىگە بولۇپ، قەھرىمانلىرى ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ، قىزىقارلىق بەدىئى شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن، تىلىنىڭ راۋانلىقى ئۇنىڭ بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

بۇ رىۋايەت ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئالغاندا ئوتتۇكۇر نەسرى تىل بىلەن ۋەقەلىكنى ئىپىك سيۇژت بويلاپ كونكرېت، ئىنچىل بايان قىلىدۇ.

خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىشى ناھايىتى زورۇر، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىجتىمائى كەيپىياتىنى بىلىشمۇ مۇھىمدۇر. ئالىملار: خەلقنىڭ پىكرى چۆچەكلەردە، ئەپسانىلەردە، ماقاللاردا ئىپادە قىلىنىدۇ، دېيىشىدۇ.① قىسقىغىنا بۇ رىۋايەتتە، شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەڭگىۋار تارىخىدىن بىر دەۋرنى بەدىئى شەكىل ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق خېلىلا چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا مىلادىنىڭ 647 - يىلىدىن 846 - يىلغىچە 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئىچىدە بوكوخان ئاتلىق خان ئۆتكەن. ئۇ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇدرەتلىك دەۋرىدىكى (745 - 780 - يىللىرىغىچە) خاقانلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، خاقان مويۇنچورنىڭ كىچىك ئوغلى، بوكوخاننىڭ ئەسلى ئىسمى ئىدىغۇن بولۇپ، ئۇ ئاتىسى مويۇنچور ئالەمدىن ئۆتكەندە ئورنىغا خاقان بولغان. بوكوخان توغرىسىدىكى رىۋايەتتە: "پەرى قىز بىلەن 7 يىل 6 ئاي 22 كۈن سۆزلەشكەن". "بالاساغۇن شەھرىنى بىنا قىلىپ، ئون ئىككى يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ......" دېگەن سۆز-

① گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 2 - توم ئۇيغۇرچە 400 - بەت.

لەر بار. رىۋايەتتىكى يىللارنى ھېسابلىغاندا يىگىرمە يىل بو-
لىدۇ. بوكوخان 20 يىل خاقان بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن 760-
يىلدىن 780-يىلغىچە ئورخۇن خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇر-
غان. رىۋايەتتە بوكوخان بىر تۇققان بەش ئوغۇل بولۇپ،
ئىسىملىرى يېزىلغان. ھەقىقى تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ يابغۇتېكىن،
قۇتچور تېكىن، ياغلا قارتېكىن، تون باغا، بوكوتېكىن (ئىدىقۇت)
لاردىن ئىبارەت ئىدى. رىۋايەتتە بوكوخانىنىڭ بىر تۇققان قې-
رىنداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى توغرىسىدىكى مەلۇ-
ماتتا: ئاكىسى شۆڭقارتېكىن موڭغۇل، قىرغىزلار ئېلىگە، قۇتچور
تېكىن تاڭغۇتلار ئۆلكىسىگە، بوقا تېكىن جۇڭگوغا، ئۆزى غەرپ-
كە يۈرۈش قىلغان، بۇنى ھەقىقى تارىخى پاكىتلار بىلەن سې-
لىشتۇرۇپ كورگەندە: تاڭ پادىشاسىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن
756-يىلدىكى ئەنلوسەن توپىلىڭىنى تىنجىتىش ئۈچۈن ياب-
غوتېكىن بارغان بولسا، 760-يىلدىكى سى سىمىڭ توپىلىڭىنى
بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن 762-يىلى بوكو تېكىن ئۆزى بېرىپ
9 يىل داۋام قىلغان توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ قايتقىنى ئۈچۈن
ئۇنىڭغا تاڭ پادىشاسى "قەيسەر، ھەققانىيەتلىك توھپىلەر خا-
قانى" دىگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن.

765-يىلى ياغلا قارتېكىن ھازىرقى نىڭشيادا تىبەتلىك-
لەر (رىۋايەتتە تاڭغۇتلار) بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلىبە قازانغان. بوكو-
خان زامانىسىدا (760-يىلدىن 778-يىللىرى) ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەركىۋىدىكى قىرغىزلار (يەنسەي دەرياسى-
نىڭ باش ئېقىمىدا ياشايتتى) بىلەن ئۇرۇشلار بولغان. بوكو-
خانىنىڭ بالاساغۇن ئەتراپىدا يۈرۈش قىلمىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق
تارىخىي مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، لېكىن "ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانى

ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالىپ بىلگەخاقان" (جۇڭگو تارىخىدا بويى خاقان دەپ ئاتايدۇ. 821 - 808 - يىللار)نىڭ پەرغانە ئەتراپىغىچە (ھازىرقى قىرغىزىستان) يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدا ھەقىقىي ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بار. ئېھتىمال رىۋايەتتىكى بوكو خاقاننىڭ يۈرۈشلىرى بويى خاقاننىڭ يۈرۈشلىرىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

رىۋايەتتە "تەڭرى بوكو خاقانغا ئۈچ قۇش ئىنئام قىلغان ئىكەن. بۇ قۇشلار ئۇيغۇر دۆلەتىنىڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن...." دېگەن سۆزلەر بار.

بۇ چېگرىسىنى ئېلى ۋادىسىدىن قارا دېڭىز بويىغىچە سوزغان تۈرك تۇجۇي دۆلىتىنى تارمار قىلىپ، ئورنىغا دەسىگەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ "دىپلوماتىيە"سىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئۇنىڭدا شۇنداق چىۋەر تاشقى سىياسەت دىپلوماتىيەسى بولمىسا، ئۇ شۇنچىلىك كەڭ زېمىننى ئىگەللەپ، شۇنچە ئۇزاق ھۆكۈم سۈرەلمىگەن بولاتتى. يۇقۇرقى پاكىتلارغا قارىغاندا بوكوخان توغرىسىدىكى بۇ رىۋايەت رىيال، ھەقىقىي، ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا يارىتىلغان. شۇڭا بۇ رىۋايەت ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ياخشى نەسرى ئەدىبىي يادىكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە تېپىلمايدىغان قىممەتلىك ھۆججەتتۇر. رىۋايەتلەرگە مىسال تەرىقىسىدە تۆۋەندە "بوكوخان رىۋايىتى"نىڭ تولۇق تېكىستىنى بېرىمىز:

"......قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تۇغلا، سېلىنغان دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا "قوملانچو" دېگەن يەر بار ئىكەن. شۇ يەردە بىر بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى

تۈپ دەرەخ بولۇپ، بۇنىڭ نامى فىستوقا ئىكەن. ئۇ قارىغايغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئارچىدەك كۆكىرىپ تۇرىدىكەن، قارىغايدەك پۇختا ئىكەن. يەنە بىرى ياۋا قارىغاي ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر كىچىك دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. كۈن ئۆتكەنسېرى بۇ دۆڭ ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ، دۆڭنىڭ ئۈستىدە تاڭ ئاتقىچە شام يورۇپ تۇرىدىكەن، ئۇيغۇرلار دۆڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدىكەن. دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كېچە ئەھۋال شۇنداق بولىدىكەن، شام بارغانسېرى چاقناپ، ئوتتۇز قەدەم ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ... دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشىك ئېچىلغان، ئىچىدە خۇددى ئوتاۋغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەش ئۆي بولۇپ، ھەر بىر ئۆيگە كۈمۈش سەگەنچۈكلەر ئېسىلغان، سەگەنچۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن ئوغۇل بوۋاق ئولتۇرغان، بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا سۈت ئېمىدىغان ئەمزىگە بار ئىكەن. قەبىلىلەرنىڭ ئاتامانلىرى بۇ ئاجايىپ بوۋاقلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشىپ، بوۋاقلارغا قاراپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشكەن ئىكەن. بۇ بەش بوۋاق ئوغۇل ھاۋا بىلەن ئۇچراشقان زامان ھەركەتلىنىپ ئۆيدىن چىقىشقان، ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ئانىلارنى تەيىنلەپ، بوۋاق بالىلارنى ئېمىتكۈزگەن، ئۇلارنىڭ تىلى چىققاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى سۈرۈشتۈرگەن، كىشىلەر ئىككى دەرەخنى كۆرسەتكەن. بەش ئوغۇل دەرەخكە چوقۇنۇشقان. دەرەخ ئادەمگە ئوخشاش تىلغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇپ ئوسۇشى توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ياشىشىنى قۇتلىغان ئىكەن، شۇ يەردىكى كىشىلەر

شۇ بەش ئوغۇلغا خۇددى خانلارغا ئىتائەت قىلغاندەك بويى سۇنغان. بەش ئوغۇلنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇڭقارتېكىن، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى قوتچورتېكىن، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى بوقاتېكىن، توتىنچىسىنىڭ ئىسمى ئورتېكىن، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى بوكوتېكىن ئىكەن. ئۇيغۇرلار ئوغۇللارنى تەڭرى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى خاقان قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ. بوكوتېكىن چىرايلىق، ئەقىللىق، تالانتلىق بو-لۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بوكوتېكىننى خاقان قىلىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ئىكەن. ماناشۇ بوكوتېكىن خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغاند-دىن كېيىن، دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلغان، ئاھالىسى كۆپەي-گەن، تەڭرى بوكوخانغا ئۈچ قۇش ئىنئام قىلغان ئىكەن. بۇ قۇشلار نۇرغۇن دۆلەتنىڭ تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن. بو-كوخاقان مانا شۇ قۇشلارنى ھەر دائىم دۇنيانىڭ تۆرلۈك تە-رەپلىرىگە ئەۋەتىپ، ئالەمدىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچىسى بوكوخان چىدىر ئىچىدە ياتقاندا، بىر ئىلاھى جاننى كۆرۈپتۇ، ئۇ ئىلاھى جان ياش قىز قىياپىتىدە كۆرۈنۈپتۇ. خاقان قورقۇپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇ-ۋېلىپ، گەپ قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئىككىنچى كېچىمۇ يەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۈچىنچى كېچىسى بوكوخان بۇ ئەھۋالنى باش ۋەزىرىگە ئېيتىپ قويۇپ ئۆزى پەرى قىزغا ئەگىشىپ، "قوت تاغ" دىگەن تاغنىڭ ئىچىگە بېرىپتۇ. تاڭ ئاتقىچە قىز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ، شۇندىن باشلاپ ھەر كېچە شۇنداق

ئەھۋال داۋام قىلىپ، ئومۇمەن يەتتە يىل 6 ئاي 22 كۈن ئۆتۈپ، پەرى قىز بىلەن ۋىدالىشىدىغان چاغدا قىز مۇنداق دەپتۇ: "كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە پۈتۈن جاھان ساڭا بويسۇنىدۇ. سەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ، ئەلنى ياخشى ئىدارە قىلغىن". بۇ گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن پەرى قىز كېتىپتۇ. بوكوخاقان قوشۇن توپلاپ، چوڭ ئاكىسى شۇڭقار تېكىنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۈچ يۈزمىڭ قوشۇن بىلەن موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭغۇزۇپتۇ، ئىككىنچى ئاكىسى قۇتچۇر تېكىننى يۈزمىڭ قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلار ئۈستىگە ماڭدۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى ئاكىسى بوقا تېكىننى ئوز ئېلىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ. يۈرۈشكە ماڭغان قوشۇنلار نۇرغۇن ئەلنى بويسۇندۇرۇپ، كوپلىگەن ئەسىرلەرنى ئېلىپ، ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ كەپتۇ، شۇ يەردە "ئوردوبالىق" ئاتلىق بىر شەھەر بىنا قىلىپتۇ. شۇ چاغدا كۈنچىقىش تەرەپتىكى دولەتلەر پۈتۈنلەي بوي سۇنۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بوكوخاقان بىر كېچىسى ئاجايىپ بىر چۈش كورۇپتۇ، چۈشىدە ئاق چاپان كىيگەن، ئاق ھاسا تۇتقان بىر ئەر كىشىنى كورۇپتۇ، ئۇ بىر دەستە گۈلنى بوكوخاقانغا بېرىپ: "سەن مۇشۇ گۈللەرنى مەڭگۈ ساقلىساڭ ھەممە تەرەپ ساڭا باش ئېگىدۇ" دەپتۇ. بوكوخاقاننىڭ باش ۋەزىرىمۇ خۇددى شۇنداق چۈش كورۇپتۇ. ئەتىسى بوكوخاقان ھەربى ھازىرلىققا كىرىشىپ، كۈنپېتىش تەرەپكە قوشۇن ماڭدۇرغان. قوشۇنلار تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەندە، تۈزلەڭ، بۇلاق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان، سېمىز چارۋا - ماللار سەكرىشىپ ئويناپ تۇرغان بىر يەرنى كورۇپتۇ. قوشۇنلار بولۇنۇپ جايلارغا بېرىپتۇ. ئون ئىككى يىل ئىچىدە كوپ ئەللەرنى ئېلىپ،

ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان جايغىچە بېرىپتۇ... ئۇزغۇنلىغان دولەتلەرنىڭ خانلىرى بوكوخاقان بىلەن كورۇشۇپتۇ. ئۇلار بوكوخاقانغا سوغىلار تەقدىم قىلىپ ھورمەت بىلدۇرۇپتۇ. پەقەت ھىندىستاننىڭ خانىنى قوبۇل قىلماپتۇ. باشقا خانلارنى ئىتائەتكە كەلتۇرۇپ، ئۇلارنى ئوز ئېلىگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ. زور مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۇرگەن بوكوخان بالاساغۇندىن ئوزى تۇغۇلغان ئېلىگە قايتىپ كەپتۇ".

## 4 - «ئىرق پۇتۇك» توغرىسىدا

«ئىرق پۇتۇك» (پال كىتاۋى ياكى تەبىرنامە)نىڭ ئۇيغۇر رۇنىك يېزىقى ۋە كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىرىمۇ بار. «ئىرق پۇتۇك»نىڭ بىرقانچە نۇسخىسى تېپىلغان. بىرسى ئا. ئىستەيىن تەرىپىدىن دۇنخۇاڭدىكى بىزەكلىك مىڭ ئويدىن تېپىلغىنى تولۇقراق بولۇپ، 104 بەتلىك، يەنە بىرسى نېمىس ئا. لىكوك تەرىپىدىن تۇرپاندا تېپىلغان، بۇ ھەجىم جەھەتتىن كىچىكرەك، ھەر ئىككىلىسى مەشھۇر دانىيىلىك تۇركولوگ ۋ. تومسىن تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنغان.

بۇ ئىككى نۇسخا تەخمىنەن 9 - ئەسىرگە ئائىت بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇرۇنقى باي مەدەنىيىتىنىڭ گۇۋاچىسى.

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى گېنىئولوگىيە ساھەسىدە ئىدىيالىزىم ماتېرىيالىزمنى بىر - بىرىسىدىن ئاجرىتىدىغان نەرسىلەر ئاڭ بىرلەمچىمۇ ياكى ماددىمۇ، كىشى ئوزىنىڭ سەزگۇسى ۋە تەسۋىرى چۇشەنچىسى بىلەن ئەتراپىدىكى

بارلىقىنى توغرا بىلىش قابىلىيىتىگە ئىگىمۇ، ئەمەسمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش تالاش-تارتىشلار ماركس دەۋرىگىچە سوزۇلۇپ كەلگەن ئىدى. ماركستىن باشلانغان ماتېرىيالىستىك گىنوسېئولوگىيىلىك نۇقتىئىنەزەرنىڭ خۇلاسىسى شۇ بولدىكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ سەزگۈلىرىگە تايىنىپ تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنيانى — ئىجتىمائىي بارلىقنى بىلگىلى بولمايدۇ دېگۈچىلەرنى ئاگنوستىسىزملار، ئەكسىچە ئىنسان ئۆزىنىڭ سەزگۈلىرىگە تايىنىپ تەپەككۇر ياردىمى بىلەن دۇنيانى چۈشىنىشكە قادىر دېگۈچىلەرنى ماتېرىيالىستلار دەپ ئاتىدى.

ماركسىزم ئىنسان سەزگۈ ئورگانلىرىنى خۇددى دەرىزىگە ئوخشىتىدۇ، ئىنسان ئەنە شۇ دەرىزە ئارقىلىق دۇنياغا قارايدۇ. بىزنىڭ سەزگۈلىرىمىزنىڭ، چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ مەنبەسى بىزدىن تاشقىرى، بىزگە بېقىنمايدىغان، بىزدىن مۇستەقىل ياشاۋاتقان ماددىدۇر. بىزنىڭ سەزگەن-بىلگەن نەرسىلىرىمىز ئەنە شۇ سىرتقى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ تەخمىنى ئوبرازى ۋە نۇسخىسىدۇر.

"ئۆزىمىز مەنسۇپ بولغان، سەزگۈلەر ئارقىلىق بىلىنىۋاتقان ماددى دۇنيا بىردىن-بىر ھەقىقىي دۇنيادۇر... بىزنىڭ ئېڭىمىز ۋە تەپەككۇرىمىز قانچىلىك غەيرى ھىسسى بولۇپ كورۇنمىسۇن، ئۇ ماددى، جىسمانى ئورگان — مېڭىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ماددا روھنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى روھنىڭ ئۆزى ماددىنىڭ ئالى دەرىجىلىك مەھسۇلىدۇر"①.

. گىنوسېئولوگىيە نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا ئىنسانىيەت تونۇشى ھىسسى تونۇش ۋە ئەقلى تونۇش باسقۇچلىرىنى

---

① ستالىن «دىيالېكتىكا تارىخىي ماتېرىيالىزىم توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە 21-بەت)

ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ. تونۇش ئەقلى تونۇش باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن ئىنسانىيەت سەزگۈ ئەزالىرى بىۋاستە رىياللىق بىلەن ئۇچرىشىشى لازىم. سەزگۈ ئەزالار رىياللىق بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، ئۇلار توپلىغان ماتىرىياللارنى تەپەككۇر ئۆز پائالىيىتى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن چۈشەنچە — ئەقلى تونۇشقا يېتىپ كېلىدۇ. تەپەككۇرگە ئەنە شۇ ماتىرىيال بەرگۈچى سەزگۈلەرنىڭ رىياللىق بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشىنى ئى. پ. پاۋلوف فىزىئولوگىيە جەھەتتىن ئانالىز قىلىپ: رېفلېكس دەپ ئاتىدى: "رېفلېكس ئورگانىزمنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ياردىمى بىلەن تاشقى ئالەم تەسىرىگە بېرىدىغان جاۋاپ ھەرىكەتلىرى — رىياكسىيىسىدۇر①".

رېفلېكس شەرتلىك رېفلېكس ۋە شەرتسىز رېفلېكسلەرگە بۆلۈنىدۇ.

شەرتسىز رېفلېكس تۇغما بولىدۇ. شەرتلىك رېفلېكس بولسا تۇغما بولماي، بەلكى تۇغۇلۇشتىن كېيىن، تۇرمۇش تەجرىبىسىدە، شەرتسىز رېفلېكسلار ئاساسىدا ھاسىل بولىدۇ.

ئورگانىزمنىڭ پۈتۈن پائالىيىتىگە قوماندانلىق قىلىدىغان باش مېڭە پوستىنىڭ رەڭمۇ-رەڭ پائالىيىتى تەرتىپسىز ۋەقە بولمايدۇ، بەلكى مۇئەييەن قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنىدۇ. بۇ پائالىيەتنىڭ سەۋەپلىرى بار. يۇكسەك نېرۋا پائالىيىتىنىڭ ئاساسى جەريانلىرى قوزغۇلۇش ۋە تورمۇزلىنىشتۇر.

تورمۇزلىنىشنىڭ بىر تۈرى ئۇيقۇدۇر. ئى. پ. پاۋلوف تەلىماتىغا قارىغاندا، ئۇيقۇ باش مېڭە پوستىغا يېيىلىدىغان ئىچكى تورمۇزلىنىشتۇر. شۇڭا ئۇ: "بىز ئىچكى تورمۇزلىنىش دەپ

① «ئى. پ. پاۋلوف» (II توم 2-كىتاپ، روسچە، 152-بەت).

ئاتايدىغان جەريان ۋە ئۇيغۇ — بىر جەرياندۇر" دەپ كۆرسەتتى. ئۇخلىغاندا باش مېڭە پوستىنىڭ ئايرىم قىسىملىرىدىكى تورمۇزلىنىش جەريانى سۇسلىشىپ، مەلۇم دەرىجىدە قوزغىلىش جەريانى يۈز بەرسە ئادەم چۈش كۆرىدۇ.

پىسخىك جەھەتتىن ئالغاندا چۈش بىزنىڭ ئىختىيارسىز خىيال پائالىيىتىمىزگە كىرىدۇ. ئادەتتە كىشى قاتتىق ئۇخلىمىغاندا چۈش كۆرىدۇ. ئى. پ. پاۋلوف چۈش كۆرۈشنىڭ ئاساسىنى: "ئىلگىرىكى تەسىراتلارنىڭ نېرۋىدا قالدۇرغان ئىزلىرىنىڭ قانداقتۇ كۈتۈلمىگەن بىرتەرىقىدە بىر-بىرسى بىلەن باغلىنىشىدۇر" دەپ كۆرسەتتى. دېمەك چۈش رېيال ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ نېرۋا سىستېمىسىدىكى تورمۇزلانماي قالغان نېرۋا تالالىرىنىڭ ئىشلىشىدىن تۇغۇلغان ئىنكاسىدۇر.

«ئېرىق پۈتۈك» ئەنە شۇ چۈشنىڭ پالنامىسى (تەبىرى) بولۇپ، خەلقنىڭ رېيال ئاساسقا تايىنىپ ئۇزۇن يىللار جەريانىدا يىغقان تۇرمۇش تەجرىبىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە بەدىي ئىجادىيەتكە ئايلانغان بەدىي ئەسەردۇر. شۇڭا ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن مەسىلەر تۇرمۇشقا ناھايىتى يېقىن.

«ئېرىق پۈتۈك»نىڭ ھەر بىر ئېپىزوكى چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، "تىتىر (ئېسىل نەسىللىك) بۇغرىسەن، ئاق كۆپۈك چاچقىدەكسەن (كۆپۈكلىرىم) يۇقۇرىدا ئاسمانغا تېگەر، پەستە يەرگە تېگەر، ئۇخلاۋاتقاننى ئويغىتىپ، ياتقاننى تۇرغۇزۇپ يۈرگىدەكسەن. شۇنداق كۈچلۈكدەكسەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ" ياكى "توققۇز ئارلىق بۇغا كىيىكسەن، چىرايلىق تىزلىنىپ مىگرىغىدەكسەن (ۋاقىرىغىدەكسەن). يۇقۇرىدا تەڭرى (ئاسمان)، تۆۋەندە يەر ئاڭلىدى. شۇنداق كۈچلۈكسەن. بىلىڭلاركى،

بۇ ئەزگۇ".

مانا بۇ ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بەدىئى تەسۋىرى ئەمەسمۇ؟

«ئىرق پۈتۈك» ئۇزىنىڭ باي مەزمۇنى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ 9 - ئەسىردىكى نادىر ئاسارە - ئەتىقىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ئەسەر، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى، تارىخىنى، تىلىنى، ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

كىتابخانلارنىڭ بۇ ئەسەرنى تېخىمۇ تولۇقراق تەتقىق قىلىشى، چوڭقۇر چۈشىنىشى ئۈچۈن «ئىرق پۈتۈك»نىڭ ئورخۇن - ئۇيغۇر رۇنىك يېزىقىدىن يولداش ئىبراھىم مۇتىئى تەرجىمە قىلغان تولۇق تېكىستىنى بېرىمىز.

## «ئىرق پۈتۈك»①

1 - دانىشمەن (يەنى جۇڭگو پادىشاسىمەن). ئەتىگەنلىگى ۋە ئاخشىمى (ياكى كېچە - كۈندۈز) ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچقۇدەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ (ياخشىلىق ئالامىتى).

2 - 3 - ئالا ئاتلىق يول تەڭرىمەن (تەقدىر ئىلاھىمەن). ئەتىگەنلىگى ۋە ئاخشىمى يول يۈرەرمەن. ئۇتتۇرامدىن ئىككى ئايلىق ئادەم بالىسى ئۇچرىدى. ئادەم قورققان ئىدى. "قورقما، قۇت (بەخت) بەرگەيمەن" دەپتۇدەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ (ياخشىلىق).

---

① بۇنىڭدىكى نومۇرلار ئەسلى تېكىستىنىڭ قۇر تەرتىۋىنى بىلدۈرىدۇ.

4 ـ 5 ـ ئالتۇن قاناتلىق يىرتقۇچ قاراقۇشمەن، تېنىمنىڭ ئۇزۇغىمۇ تۆگۈمەسكەن. دېڭىزدا تۇرۇپ تاپقانلا نەرسىلەرنى تۇتىمەن، ياراتقان نەرسەمنى يەيمەن، شۇنداق كۈچلۈكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

6 ـ ئالا تاغىل لاچىن قۇشمەن، چىنتەن (سەندەل) دەرىخىدە ئولتۇرۇپ كوكۇل ئاچقىدەكمەن. شۇنداق بىلىڭلار!

7 ـ 8 ـ 9 ـ باتۇربەگ يىلقىسىغا بېرىپتۇ. ئاق بايتىلى قۇلۇنلاپتۇ، ئالتۇن تۇياقلىق ئايغىرلىققا يارىغىدەك؛ توگىلىرىگە بېرىپتۇ، ئاق ھىنگانى بوتىلاپتۇ. ئالتۇن پۇتلۇق بۇغرالىققا يارىغىدەك؛ ئويىگە كېلىپتۇ، ئۇچىنچى قونچىيى (مەلىكىسى) ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بەگلىككە يارىغىدەك. خوشال ـ خورام بەگ ئەر (باتۇر) ئىكەن! بۇ ئېنىق ئەزگۈ.

.10 ئېيىق بىلەن توڭغۇز ئارت (داۋان) ئۈستىدە سوقۇشۇپتۇ. ئېيىقنىڭ قارنى يېرىلىپتۇ، توڭغۇزنىڭ سۆيۈچىشى سۇنۇپتۇ، بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

.11 ئەر ئىلدام كېلىۋېتىپ، ياخشى سوزلەرنى قىلغىدەك، بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

12 ـ 13 ـ ئالتۇن باشلىق ئىلانمەن. ئالتۇن قوسىغىمنى قىلىچ بىلەن كېسىپ، بەدىنىمنى يول ياقىسىغا، بېشىمنى ئۇينىڭ تېشىغا تاشلاپ قويۇپتۇ ـ دەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.

14 ـ چوڭ ئوي (گە) ئوت كېتىپتۇ، ھۇلىمۇ، ئوكزىسىمۇ قالماپتۇدەك، بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق!

15 ـ ئەسىنگەن يولۋاسمەن، بېشىم قومۇش ئارىسىدا كورۇنگىدەك، مەن شۇنداق باتۇرمەن. ئەدەپ ـ ئەردەملىكمەن. شۇنى بىلىڭلاركى!

16 - سېرىق ئاتلىق ساۋچى، ئالا ئاتلىق ئەلچى ياخشى سوز (خەۋەر) ئېلىپ كەپتۇدەك. شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ ئېنىق ئەزگۇ.

17 - ئادەم ئوۋغا بېرىپتۇ. تاغدا ئۇ ھەممىگە قادىر تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپتۇدەك. بىلىگلاركى، بۇ ياۋۇزلۇق (يامان).

18 - تەڭرىلىك (يەنى ئۇلۇمى يېقىنلاشقان) مومايى ئويىدە قالغان (ئىكەن، ياغلىق قاچىنىڭ چېتىنى يالاپ تىرىلىپتۇدەك، ئۇلۇمدىن قۇتۇلۇپتۇدەك. بۇنى شۇنداق بىلىگلار!

20 - 21 - 22 - يۇقۇرىدا تۇمان تۇرۇپتۇ (پەيدا بولۇپتۇ)، توۋەندە توزاڭ توزۇپتۇ، كوتىرىلىپتۇ. ئۇچار قاناتلار ئۇچقان ئىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ، كىيىك ئەۋلادى (ياۋا ھايۋانلار) يۈگۈرگەن ئىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ، كىشى ئوغلى (ئادەمزات) يۈرگەن ئىكەن يولدىن ئېزىپتۇ. يەنە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇچ يىلدا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامان - ئېسەن كورۇشۇپتۇ. خوشال بولۇپتۇ، سويۇنۇپتۇ، شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ ئەزگۇ!

23 - 24 - ئېچىرقىغان ئات ئوزى سەمىرگەن يەرنى كورۇپ (شۇ يەرگە) يۈگۈرۈپتۇ، يولدا ئۇنىڭغا ئوغرى ئۇچراپ، تۇتۇۋېلىپ مىنىۋاپتۇ. (بۇ ئات) يايلىدىن تاكى قۇيرۇغىغىچە يېغىر بولۇپ، يۈرەلمەي تۇرغىدەك، شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ يامانلىق!

25 - 26 - مېنىش ئېتى شەرق تەرەپتە ھېرىپ - ئېچىپ تۇرۇپ قاپتۇ، تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاغ ئۇستىدە ئېقىن سۇ كورۇنۇپتۇ، دەرەخزارلىقتا يېشىل ئوت كورۇنۇپتۇ، ئات شۇ يەرگە بېرىپ سۇ ئىچىپتۇ، ئوت يەپتۇ، (شۇنىڭ بىلەن) ئۇلۇمدىن قۇتۇلۇپتۇ. شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ ئەزگۇ.

27 - 28 - (كېگىز) ئۆينىڭ ئىچى قانداق - ئۇ؟ تۈڭلۈكى قانداق - ئۇ؟ دەرىزىسى قانداق كورۇملۇك - ئۇ! ئوگزىسى قانداق - ئۇ؟ ئاغامچىسى قانداق - ئۇ؟ ئۇلار باغلاۋاتقىدەك، بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.

29 - ئاق ئات ئۈچ مەۋجۇداتتا ئۆز قارىشىنى تاللىۋېلىپ، ئۇتۇنۇشكە بېرىپتۇدەك. قورقما، ياخشى ئۇتۇن. ئايانماي ياخشى دە، يالۋۇر دېگۈدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

30 - 31 - تېتىر (ئېسىل نەسىللىك) بۇغرامەن، ئاق كوپۈك چاچقۇدەكمەن، (كوپۈكلىرىم) يۇقۇرىدا ئاسماندا تېگەر، پەستە يەرگە تېگەر، ئۇخلاۋاتقاننى ئويغىتىپ، ياتقاننى تۇرغۇزۇپ يۈرگىدەكمەن، شۇنداق كۈچلۈكدەكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

32 - قارا ئۆپكۈك (ھوپۇپۇپ؟) يىل بويى (ئۆگەتسەڭ) كارغا كەلمەس. "ئۆگەتمەك"، "كورمەك" (قارىماق)، "ئۆركۆتتۈك" دەر. شۇنداق بىلىڭ!

33 - 34 - ئۇزۇن تونلۇق (يەنى ئايال) كوزگۈسىنى (ئەينىكىنى) كولگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، كۈندۈزى يىغلىغۇدەك، كېچىسى ھۆكۈرىگۈدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، مۇڭلۇق ئۇ، بۇ ئېنىق يامانلىق!

35 - ئوغلان كاگىلۇك تېپىنى تېپىۋاپتۇ، بۇنىڭدىن ئۆكە تاقىغان كېلىنچەك قۇتلۇق بولسۇن، دەپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

36 - قارغۇ قۇلۇن ئايغىرلار ئارىسىغا كىرىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە ئەمچەك ئىزلەپ ھېرىپ - ئېچىپ كېتىپتۇ. بىچارە قانداقمۇ قىلار؟ شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق!

37 - ئىككى ئۆكۈزنى بىر بۇقۇسىغا قېتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار

ماگاللاي تۇرغىدەك. شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ يامانلىق!
38 - 39 - تاڭ ئېتىپتۇ، ئاندىن كۈن چىقىپ يەر - جاھان يورۇپتۇ. شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ ئەزگۇ.
40 - بايىنىڭ قويى ئۇركۇپ كېتىپ، بورىگە ئۇچراپتۇ. بورە ئۇلارنىڭ سۈتىنى ئىچىپ كېتىپتۇ. ھەممە قوي ئامان قاپتۇ، شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ ئەزگۇ.
41 - 42 - خان تەختكە ئولتۇرۇپ ئوردا - ساراي سېپتۇ، ئەل - يۇرتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇدەك. يۇرت كاتتىلىرى، ئاقسا - قاللىرى يىغىلىپ ئويۇن - تاماشا قىلغىدەك. شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ ئەزگۇ.
43 - 44 - قىمارۋاز بىر ئادەم بالىسىنى ۋە خوتۇنىنى ئېلىپ، ئۇستا قىمارۋازنىڭكىگە (قىمار ئوينىغىلى) بېرىپتۇ. بالىسىنىمۇ، خوتۇنىنىمۇ ئۇتقۇزماستىن يەنە توقسەن باش قوي ئۇتۇۋېتىپتۇدەك. بالىسى بىلەن خوتۇنى بەك خوشال بوپتۇدەك. شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ ئەزگۇ.
45 - كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئوقەت قىلىشقا چىقىپتۇ. سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، خوشال - خورام قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ ئەزگۇ.
46 - 47 - ياۋا ھايۋان - يولۋاس يەم ئىزلەپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئوۋ ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نۇرغۇن يىمەكلىك توپلاپ خوشال - خورام قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىگلاركى، بۇ ئەزگۇ.
48 - 49 - بىر تېۋىلغا يۈز بولۇپتۇ، يۈز تېۋىلغا مىڭ بولۇپتۇ، مىڭ تېۋىلغا تۈمەن بولۇپتۇدەك. شۇنداق بىلىگلاركى، بۇنىڭدا پايدا بار، بۇ ئەزگۇ.
50 - كىگىزنى سۇغا سېلىپ، يەنە ئۇر، قاتتىق پىشۇر دىگە -

دەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق!

51 - خان سوقۇشقا بېرىپتۇ، دۈشمەننى يېڭىپتۇ، سۈرگۈن قىلىپتۇ، كۆچۈرۈۋېتىپتۇ، ئۆزى ۋە قوشۇننى خۇشال - خۇرام ئوردىسىغا (پايتەختىگە) قايتۇرۇپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

52 - 53 - 54 - (ئادەم) سوقۇشقا بېرىپتۇ، يولدا ئېتى ھېرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا تۇرنا قۇش ئۇچراپتۇ. تۇرنا ئۇنى قانىتىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يۇقىرى كۆتىرىلىپ ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ، ئۇنى ئاتا - ئانىسى يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ئاتا - ئانىسى بەك خۇشال بولۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

55 - كۆپ ئاتقا ئىگە بولغاندەك خۇشاللىقىڭ يوق. ئېتىم ئاز قالدى دەيدىغان قورقۇنچۇڭمۇ يوق. ئۇچىغا چىققان بەخت - سائادىتىڭمۇ يوقتەك، شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق يامانلىق.

56 - بىر قېرى ئىركۈزنىڭ بېلىنى قورقاق چۈمۈلىلەر يەۋاتقىدەك، ئۆكۈز قىمىرلاشقا مادارى يەتمەي جىم تۇرغىدەك. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق!

57 - (ئايال) قومۇش ئارىسىدا تۇرغىدەك (ياشىغىدەك)، تەڭرى ئۇنىمىغانلىقتىن (رەھىم قىلمىغانلىقتىن) مەلىكە - خانىم ئۇنىڭ ئاۋۇنچۇغى (تەسەللى بەرگۈچىسى) بولسۇن، دىگىدەك، بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

58 - ئاتنى تەتۈر كىشەنلەپ قويۇپتۇ، ئۇ مىدىرلىيالماي جىم تۇرغىدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق!

59 - 60 - باتۇر بالا تازا يارامىلىق ئوق - ياسىنىڭ ئوقىنى تىك يارنىڭ دوقمۇشىغا ئۇرۇپ، يالغۇز كېتىپ بارغىدەك. شۇنداق باتۇردەك، بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

61 ـ قارا ـ ئالا ئىنەك موزايلىماقچى بولۇپ، ئۇلىدىغان بولدۇم دىگۈدەك. قارا ـ ئالا ئەركەك موزاي تۇغۇلغان ئىكەن، قۇربانلىققا يارىغاي، دەپتۇدەك. (شۇنىڭ بىلەن)، ئۇلۇمدىن قۇتۇ-لۇپتۇدەك. بىلىگۈلاركى، بۇ ئەزگۇ.

62 ـ 63 ـ ئۇزۇن تونلۇق (يەنى ئايال) ئىدىشنى، ئايىغىنى (قاچىسىنى) قويۇپ، (سەپەرگە) چىقىپتۇدەك. (كېيىن) ئۇبدان ئويلىنىپ كورۇپ: ئىدىشىمنى، ئايىغىمنى قويۇپ نەگىمۇ بارار-مەن، دەپ قايتىپ كېلىپتۇدەك، ئىدىشى، ئايىغى ساق تۇرغىدەك. ئۇ (بۇنى كورۇپ) خوشال بولۇپتۇدەك. بىلىگۈلاركى، بۇ ئەزگۇ.

64 ـ 65 ـ دەريا لاچىنى ئوۋغا چىققان ئىكەن. قارشىسىدىن يىرتقۇچ قاراقۇش كوتىرىلىپ چىقىپتۇدەك. بىلىگۈلاركى، بۇ يامانلىق.

66-67-لاچىن "توشقان"(تۇتاي) دەپ ئاسماندىن تۆۋەن چۈ-شۇپتۇ ۋەتوشقاننى تۇتۇۋاپتۇ. لاچىن قۇشنىڭ تىرنىغى ئېچىلىپتۇ ۋەيە-نە يىغىلىپتۇ. لاچىن قۇش تىرنىغىنى كىرىشتۇرۇپ يۇقۇرى ئورلەپتۇ،توش-قان تېرىسىدىن چىقىپ، قېچىپ كېتىپتۇدەك. بىلىگۈلاركى، بۇ يامانلىق!

68 ـ كىيىك بالىسى، مەن ئوتىسىز، سۇسىز قالدىم، قانداق قىلارمەن؟ دىگۈدەك. بىلىگۈلاركى، بۇ يامانلىق!

69 ـ 70 ـ توگە پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، ئوز بېشىنى ئوزى يەپتۇدەك، ئاندىن ئۇنى تۈلكە يەپتۇدەك. بىلىگۈلاركى، بۇ يامانلىق!

71 ـ ئەر ئوسلەپ بېرىپ، تەڭرىگە دۇچكېلىپ، بەخت-سائادەت سوراپتۇدەك. (تەڭرى) قۇت، بەخت ـ سائادەت بېرىپ، ئېغىلىڭدا يىلقىڭ بولسۇن، ئوزەڭ ئۇزۇن ئومۇرلۇك بول، دەپ-تۇدەك. بىلىگۈلاركى، بۇ ئەزگۇ.

72 - 73 - قارايول (تەقدىر) تەڭرىسىمەن، سىنىغىڭنى تۈزىتىمەن، ئۆزۈڭگۈڭنى ئۆلايمەن، ئەلنى يايرىتىمەن (بەرپا قە-لىمەن). بۇنىڭ ئەزگۈلىگى بولسۇن. بۇنى شۇنداق بىلگەيسىلەر!

74 - 75 - يىرتقۇچ يولۋاس ئۇۋ ئۇۋلاشقا چىقىپتۇ. ئۇتتۇرا يولدا ئۇ ئىلانغا دۇچكېلىپتۇ. ئالا ئىلان تىك قىيا تاشقا چىقىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ (يولۋاس) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، خوشال - خورام يۈرگىدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

76 - 77 - تۇغ ئاتنىڭ قۇيرۇغىنى تۈگۈپ تىك قىل، هورۇن ئاتنىڭ قۇيرۇغىنى قويۇپ بېرىپ، توققۇز قات تەرلىك ياپ، ياخشىلاپ تەرلىسۇن، دېگىدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق!

78 - توم (يىرتقۇچ) قارا قۇشمەن. يېشىل قىيا مېنىڭ يايلىغىم، قىزىل قىيا مېنىڭ قىشلىغىم، مەن شۇ تاغدا تۇرۇپ خوشال بولغىدەكمەن. شۇنداق، بىلىڭلاركى!

79 - 80 - ئەر پۇشۇقلۇق (غەمكىن)، ئاسمان بۇلۇتلۇق بولدى. شۇ ئاردا كۈن چىقىپ، ئىچ پۇشۇغى ئارىسىدا خۇشاللىق يۈز بېرىپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

81 - 82 - بوز بۇلۇت پەيدا بولۇپ، كىشىلەر ئۈستىگە يېغىن ياغدى. قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ھەممە ئۈستىگە (يېغىن) ياغدى. ئاشلىق پىشتى، ئوت ئۈندى، يىلقىغا، كىشىگە ياخشى بولۇپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

83 - 84 - قۇل سوزى بەككە يېتىپتۇدەك، قۇزغۇن سوزى تەڭرىگە يېتىپۇدەك، يۇقۇرىدا تەڭرى ئاڭلاپتۇ، تۆۋەندە كىشىسى ئاڭلاپتۇ. شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

85 - باتۇر ئەر ئوغلى سوقۇشقا بېرىپتۇدەك، جەڭ مەيدانىدا سوزمەنلەر ئۈنىڭغا: ئويۇڭگە قايتىساڭ ئۆزەڭ زور ئاتاق كوتىرىسەن،

ئېتىڭنى كىشنەر يېتىلەپ كېلىدۇ، دەپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئېنىق ئەزگۇ.

86 - ئۇيۇرۇم (بايتاللار توپى) ئۇچۇن قۇتلۇق ئايغىرمەن، ياڭاقلىق دەرەخلەر مېنىڭ يايلىغىم، قۇشلۇق دەرەخلەر مېنىڭ قىشلىغىم. شۇ يەردە تۇرۇپ خوشال بولىمەن، دىگىدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

87 - 88 - كولچەك (؟) قۇرۇپتۇدەك، چىلەك توڭلاپتۇدەك. كولچەك بەگنىڭ تۇرسا، ئۇ قانداق قۇرۇيدۇ؟ چىلەك كۆنگەيدە تۇرسا، ئۇ نىمىشقا توڭلايدۇ؟ بىلىڭلاركى، بۇ پال بىر ئىشنىڭ قىينچىلىقتا دۇچكەلىمۇ، ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىغىنى بىلدۇرىدۇ.

89 - 90 - (بىراۋنىڭ) ئوغلى ئاتا - ئانىسىغا ئۆپكىلەپ كېتىپ قاپتۇدەك، كېيىن ئۇلارنى سېغىنىپ (ئويلىنىپ) ئانامنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاي، ئاتامنىڭ سوزىنى تىڭشاي، دەپ قايتىپ كەپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

91 - يىلغا تۇشقاننى (چوڭلارنى) يۇدەتمەي (جۇۋۇتماي)، ئايغا تۇشقاننى (ياشلارنى) ئازاپلىماي، ھەممىسى ياخشى بولسۇن دىگىدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

92 - 93 - توققۇز ئارىلىق بۇغا كىيىكمەن، چىرايلىق تىزلىنىپ مىڭرىغىدەكمەن (ۋاقىرىغىدەكمەن)، يۇقۇرىدا تەڭرى (ئاسمان)، تۆۋەندە يەر ئاڭلىدى، شۇنداق كۈچلۈكمەن. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.

94 - 95 - تورغاي قۇش ھەمرالىرى يېنىغا قونىمەن دەپ، سەزمەستىن توزاققا ئىلىنىپ قېلىپ، ئۇچالماي تۇرغىدەك. بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق!

96 - يارغۇن (ياۋا) كىيىكمەن، يازلىغى تاقىتا چىقىپ يايلايمەن، خوشالمەن دىگىدەك. بىلمىگىلاركى، بۇ ئەزگۇ.

97 - خان قوشۇنى بىلەن ئۇۋغا چىقىپتۇ، دائىرە ئىچىگە كىيىكلەر كىرىپتۇ. خان كىيىكلەرنى تۇتۇپتۇ، قارا (خەلق) ۋە قوشۇننىڭ ھەممىسى خوشال بولۇپتۇ. بىلمىگىلاركى، بۇ ئەزگۇ.

98 - 99 - كوك بوز توغان قۇشمەن، كوركەم قىيادا ئولتۇرۇپ (ئەتراپنى) كۆزىتىمەن، ياغاقلىق توغراق ئۇستىگە چۇشۇپ يايلايمەن، دىگىدەك. بىلمىگىلاركى، بۇ ئەزگۇ.

100 - سېمىز ئات (نىڭ) ئاغزى قاتتىق بولۇپتۇ، ئىگىسى (ئۇنى) ئاچالماپتۇدەك. بىلمىگىلاركى، بۇ يامانلىق!

101 - 102 - ئەمدى، ئامراق ئوغلانىم، بىلمىگىلاركى. بۇ ئىرق پۇتۇك (پال كىتاۋى) ياخشى (كىتاپ)، ھەر بىر نەرسىنىڭ تەقدىرى (ئولۇشى) ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك ۋە ھەر خىل بولىدۇ.

103 - پارس يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تەيگۇنتەن بۇتخانىسىدىكى كىچىك دىندارلارنىڭ (ئىلتىماسى بىلەن؟) ئاگىلىغۇچىمىز ئىسىك سانغۇن ۋە ئىتەچوك ئۇچۇن پۇتتۇم.

## تونىنچى باپ

# ئۇيغۇر قەھرىمانلىق داستانلىرى «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئوغۇز-نامە»، «دەدە قورقۇت» توغرىسىدا

بىز سەنئەت تەرەققىيات تارىخىغا كوز تاشلايدىغان بولساق، ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ھەر بىر باسقۇچىنى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئەكس ئەتتۇرىدىغان بۇ ئىجتىمائى ئاڭ پورمىسى («ئەدىبىيات - سەنئەت» نىڭ دەسلەپكى پورمىسى) ئەدىبىياتنىڭ دەسلەپكى گۈللىنىش ماكانى بولغان گىرىتسىيىدە (يۇناندا) سىنكىرتىزىم① ھالدا بولغانلىقىنى كورىمىز.

ئىنسانىيەتنىڭ ماددى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ سەۋىيىسى ئوسكەنسىرى ئىجتىمائى ئاڭ پورمىلىرىنىڭ بىرسى بولغان ئەدىبىيات - سەنئەتنىڭ شەكىللىرىمۇ ئوزگىرىپ، ھەر بىرسى ئايرىم تۇر، ژانىر بولۇپ، شەكىللەنگەن ئىدى.

---

① سىنكىرتىزىم — سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئايرىلاش ھالىتى يەنى خور، دىيالوگ، ناخشا، ئۇسۇل، مۇزىكىلار بىرلىشىپ بىر ئەسەر كەۋدىسىنى شەكىللەندۇرۇشكە باشلىدى. قەھرىمانلىق داستانلارمۇ ئەنە شۇلارنىڭ بىرسىدۇر.

قەھرىمانلىق داستانلىرى دەسلەپكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ بىرسىدۇر. دەسلەپتە ئىجتىمائىي جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىي باسقۇچىدىكى ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەلق قەھرىمانلىق ناخشىلىرى، رىۋايەت، چۆچەك، داستانلىرى ئېپوس مەنىسىنى بېرەتتى. بۇنى تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، قەدىمقى ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ھەممە شەكىللىرى ئېپوس دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

خەلق ئېپوسلىرى شەكىل جەھەتتىن نەسرى ۋە شېئىر بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە ھەر ئىككىسى ئارىلاش بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا باش قەھرىمانلارنىڭ ئوي-خىيال، ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى شېئىرىيەت بىلەن بەرسە، ھەرىكىتىنى نەسرى شەكىل بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇنى بىز ھەرقانداق خەلق داستانلىرىدا ئۇچرىتالايمىز.

ئېپوس — گىرېكلارنىڭ "apos" دېگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھېكايە، ناخشا دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەندە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى ۋەقەلىك ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەر ئېپوس مەنىسىنى كېڭەيتىپ ئېپىك ئەسەرلەر مەنىسىنى بېرىدىغان بولدى. يەنى ئىجتىمائىي ھاياتنى ۋەقەلىك بىلەن بايان قىلىدىغان مەسەل، باللادا، پوئېما، ھېكايە ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنى ھەر تەرەپلىمە، كەڭ، چوڭقۇر بايان قىلىدىغان، مۇكەممەل تىپىك خاراكتېرلارنى يارىتىدىغان پوۋېست، رومان، ئېپوپېيىلەرمۇ ئېپوس دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

بىز ئەدەبىيات تارىخىدىن گىرېكلارنىڭ «ئىلىئادا» «ئودىسسا» ھىندىلارنىڭ «ماخاپ خارا»، «دومايانا»، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە»،

فىنلارنىڭ «قەلەۋ ئالا»، قىرغىزلارنىڭ «ماناس»، شىزاڭلىقلارنىڭ «گاسارۋاڭ» قاتارلىق يىرىك ئېپوسلىرىنى بىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشتا خەلق قەھرىمانلىق ناخشىلىرىنىڭ سىكىللىرى بولۇپ، ئۇنى قايتا رەتلەپ ئىشلەش جەريانىدا ناھايىتى يىرىك داستان بولۇپ شەكىللەنگەندۇر.

بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى خەلق ئىچىدىن ئۇسۇپ چىققان شائىرلار قايتا رەتلەپ ئىشلەپ، مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، «شاھنامە»نى فىردەۋسى، «ئىلئادا»، «ئودىسسا»نى گومىر، «قەلەۋ ئالا»نى لونىزى رەتلەپ چىققان. بەزىلىرى ناھايىتى ئۇزاق جەريانىدا ئېغىز ئەدەبىيات شەكلىدە ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا كوچۈپ، تولۇقلىنىپ شەكىللەنگەنلىگى ئۈچۈن مەلۇم ئاپتورىنىڭ نامى بىلەن باغلانمىغان. مەسىلەن، «ماخاپ خاراتا»، «دومايانا»، «ماناس»، «گاسارۋاڭ» قاتارلىقلار مانا شۇنداق يول بىلەن شەكىللەنگەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق قەھرىمانلىق داستانلىرى بەلگىلىك ئىجتىمائى جەمىيەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئۆزىگە ماتېرىيال ئاساسى قىلىپ، ئۇزاق جەريانىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستى، دۇنياقارىشىنىڭ ئوبرازلىق گەۋدىلىنىشىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق قەھرىمانلىق داستانلىرى «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئوغۇز نامە»، «دەدە قورقۇت»لار مانا شۇنداق شەكىللەنگەن قەدىمى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرىدۇ.

ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇش ۋەقەلىگىدىن «شاھنامە» مەيدانغا كەلدى①.

دېمەك، خەلق قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

---

① ئەخمەت رەفىق «بۈيۈك تارىخ ئومۇمى» (4 - جىلد، 273 - بەت)

ئۈچۈن شۇ خەلقنىڭ "تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتەلىگىدەك زور ئىجتىمائى ۋەقەلەر شۇ خەلقنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا تۇغۇلۇپ، شۇ خەلقنىڭ ماددى، مەنىۋى ھاياتىدا بەلگۈلۈك بۇرۇلۇش، يۈكسىلىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈشى لازىم. بۇ ھالنى ماتېرىيالىستىك نۇقتىنەزەر بىلەن ئېيتقاندا ئىجتىمائى ئاڭنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائى بارلىق بولۇپ، مەلۇم خەلقنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشى قانداق بولسا ئىجتىمائى ئاڭ شۇنداق بولىدۇ دېگەن مەشھۇر خۇلاسىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

## «چىستانى ئىلىك بەگ» قەھرىمانلىق داستانى توغرىسىدا

مەشھۇر «يىپەك يولى»نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قالدۇرغان نۇرلۇق ئىزلىرى جاھانغا مەلۇم. تارىختىن بىزگە مەلۇمكى، قەدىمىي جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى (خەن سۇلالىسى) بىلەن غەرپنىڭ ئالاقىسى جاڭ چيەننىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ قايتىشى (يۇۋەندىنىڭ 2 - يىلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 115 - يىلى) دىن كېيىن باشلاندى. بۇ چاغدا «يىپەك يولى»نىڭ نورمال ئالاقىسى ئۈچۈن ھونلارنىڭ قالايمىقانچىلىقى ناھايىتى زور توسقۇنلۇق قىلغان ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن (يەنى ئۇزىنىڭ مىللى مەنپەئەت نۇقتىسى تۇپەيلى) خەنۋۇدى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىللىرى تىيانشاننىڭ شىمالىدا، كۇچارنىڭ شەرقىدىكى ۋۇلۇي جىڭ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى چىدىر شەھرىدە "غەرپ ۋاسالىق ھۆكۈمىتى" قۇرۇپ، 36 دۆلەتنى بىرلەشتۈرۈپ (يەتتەسۇدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىنى، خارەزمىدىن تارتىپ ئۈيسۈن،

ئىسسىق كۆلدىن ئىلى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق)، ئۇنىڭ ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈزدى، مانا شۇ چاغلاردىن باشلاپ ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلاپ، غەرپنىڭ ئالاقىسى كاپالەتكە ئېرىشىپ، سودا - ئالاقە كۈچىيىپ، مەدەنىيەت ئالمىشىش باشلىنىپ كەتتى.

"مىڭدى خاننىڭ يۈۋەننىڭ زامانىسىدا خوتەندىكى ئەسكەر باشلىقى شومۇباۋ يەركەنگە قارشى ئىسيان قوزغاپ خوتەنگە پادىشا بولۇۋالغان، شومۇباۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسىنىڭ ئوغلى گۇاڭدى تەختكە چىقىپ، يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان. خوتەن تەرەققىي قىلىپ جىڭجۈنىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ، قەشقەرغىچە 13 دۆلەتنى بويسۇندۇرغان"①. بۇنىڭدىن خوتەن خانلىقىنىڭ خەن سۇلالىسى مىڭدى خاننىڭ يۈەن پىڭ يىلىدا جەنۇبىي يول خانلىقلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، "يىپەك يولى" نىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

جۇغراپىيە ئورنىدىن قارىغاندا غەربىي ئاسىياغا ئۆتىدىغان سودا يولىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا جايلاشقان شەرقىي تۈركىستان (ھازىرقى شىنجاڭ) قەدىمىي زامانلاردىلا سانائەت ۋە كەسپىي ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى، ھەم مەدەنىي - ئىجادىيەت ئەسەرلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان خەلقارا ماكانغا ئايلانغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ ئەھۋالى ئىشلەپچىقىرىش كۈچ- لىرىنىڭ گۈللىنىشىگە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

---

① يۇقىرىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسىملىرى بولغان، لېكىن خەنزۇ يىلنامىلىرىدا ئۇلارغا خەنزۇچە ئىسىم قويۇلغان. دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆي 23 - غاردىكى خوتەن خانلىقى سۈرىتىدىمۇ بۇ ھال ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

قەدىمىي زاماندىكى كىلاسسىك مەدەنىيەت تۇگ‍ۈنىگە جايلاشقان بۇجاي ئىچكىرىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ كىلاسسىك مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ياراتتى. "«چىستانى ئىلىك بەگ» ئەنە شۇنداق ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرىنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرىدىن بىرسىدۇر. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جامائە ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمى شەرىي شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئانىمىستىك دەۋرىدىكى ھەر خىل قاراشلىرى ئۆزلىرىنىڭ شېرىي ئىپادىسىنى تاپقان"①.

ھەرقانداق ئەسەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مىللىي تارىخىي مۇھىتىدا يارىتىلىدۇ. بۇ مۇھىت ئۇنىڭغا قېرىنداش بولغان خەلقنىڭ مىللىي تارىخىي مۇھىتى بىلەن ھېچقاچان بىر خىل بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇھىتقا مىللىي مۇھىتنىڭ روھىي سىڭمەي قالمايدۇ. ماركسىزمنىڭ جاھان مىقياسىدا ئومۇمىي ھەقىقەت بولۇشتىن تاشقىرى جاھاننىڭ ھەر بىر يېرىدە مىللىي تۈس ئالغانلىقى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر.

"تەبىئەت ئۈستىدىن قازانغان دەسلەپكى غەلىبىلىرى خەلقتە ئۆزىنىڭ مۇستەھكەملىكى، ئۆزى بىلەن پەخىرلىنىش سېزىمى غەلىبىلەر قازىنىش خاھىشىنى قوزغىدى ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرىنى يارىتىشقا مەجبۇر قىلدى"②.

---

① گ. پىلخانوف «تارىخقا مونىستىك قاراشنىڭ راۋاجلىنىشى ھەققىدىكى مەسىلىگە دائىر» (6-توم 211-بەت رۇسچە)

② م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» (1-توم، 75-بەت).

قەھرىمانلىق قىسسىسى «چىستانى ئىلىك بەگ» ئۇيغۇر-لارنىڭ تەبىئى ۋە ئىجتىمائى ھادىسىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئۇتۇقلىرىنىڭ بەدىئى ئىنكاسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرىدىن بىرىگە مەلۇم بولغانلىرىدىن بىرىدۇر.

گەرچە بۇ ئەسەر 4-5-ئەسىرلەردە يازما شەكىلگە كىرگەن بولسىمۇ، ئەسلىدە ئۇ، ئۇيغۇرلارغا بۇددا، خىرىستىيان دىنى كىرىشتىن خېلىلا ئىلگىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن بولسا كېرەك. مەزمۇنىدا ئانىمىستىك نەزىرىيىلىرى بولغان بۇ قىسسە ئۇيغۇرلار ئىچىگە بۇددا، خىرىستىيان دىنى كىرىشتىن ئىلگىركى تۇنجى يېزىق شەكلىنى ئالغان شېئىرى ئەسەر نەمۇنىسى بولىشى مۇمكىن.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ نۇرغۇن نەمۇنىلىرى بار. بۇلاردا باشلانغۇچ جەمئىيەت ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شۇنىڭدەك تەبىئەت ھادىسىلىرىنى جانلاندۇرۇپ تەسۋىرلەش ۋە بۇ ھادىسىلارنىڭ ئادەم ھاياتىغا تەقدىرىگە تەسىر قىلىشى، ھادىسىلار، جىسىملار ۋە شەيئىلەرنىڭ ئادەم تەقدىرىنى بەلگىلەشى قاتارلىق ئانىمىستىك نەزىرىيىلەرنىڭ ئىزلىغى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ ھالنى بىز «چىستانى ئىلىك بەگ» قىسسىسىدە تېخىمۇ ئۇچۇق كورەلەيمىز. «چىستانى ئىلىك بەگ» تە ۋابا كېسىلى ھەققىدە سوزلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى ئانىمىزىم ئېتىقاتلىرىغا تاقايدۇ. بۇ شۇبھىسىزكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كونا ئېتىقاتلىرىدىن بىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

قەدىمقى زامانلاردا ئۇيغۇرلار بەخت ۋە پالاكەت، ساقلىق ۋە كېسەللىك، ھايات ۋە ئەجەل ئادەتتىن تاشقىرى ئايرىم ھا-

دىنىلەرنىڭ ياكى تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. مانا شۇ كونا ئېتىقاتلار ۋە ئۇنىڭ بەددىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشى ئەسەرنىڭ خېلىلا قەدىمىي زاماندا (ئادەملەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە "ئىمان" كەلتۈرۈش دەۋرىدە) يارىتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى خەلقنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن قازانغان قەھرىمانلىقىنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلانغان.

"ئادەمنىڭ شەخسىي ماۋجۇدىيىتىدىكى تاسادىپىي پاكىتنى پەقەت ئىجتىمائىي ئىدىيىلا تارىخىي زورۇرىيەت دەرىجىسىگە يەتكۈزەلەيدۇ. شەخسىي مەۋجۇدىيەتنى پەقەت ئىجتىمائىي ئىدىيىلا گۈزەللەشتۈرەلەيدۇ ۋە شەخسكە كوللېكتىپنىڭ غەيرىتىنى سىڭدۈرۈپ، شەخسىي مەۋجۇداتقا مۇكەممەل ئىجادىي ماھىيەت بېغىشلىيالايدۇ"①.

«چىستانى ئىلىك بەك» خەلق ئىجتىمائىي ئىدىيالىنىڭ ئەنە شۇنداق قەھرىمانى. ئۇ، ئۆز خەلقىنى دەھشەتلىك ۋابا كېسىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئاجايىپ قەھرىمانلىق قىلىدۇ. «چىستانى ئىلىك بەك»نىڭ ئۆز خەلقىغە خىزمەت قىلىش يولىدا قىلغان پىداكارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، ئالىيجاناپلىق ئەخلاقىنى گەۋدىلىك هالدا ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ، ئۆز يۇرتىنىڭ (ئۇلۇسىنىڭ) يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋىرى، ئۆز خەلقىنىڭ جاسارەتلىك قەھرىمانىدۇر. چىستانى ئىلىك بەك ئۆز خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دەھشەتلىك ۋابا كېسىلىنى تارقىتىۋاتقان يامان "يېك" (شەيتان) ۋە دەھشەتلىك "راكشاس"

① م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» (1 - توم 108 - بەت ئۇيغۇرچە).

لارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ يالغۇز ئۆزى دۈشمەن قو-شۇنلىرىنى يېڭىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ خەلق ئۇنىڭ قۇدرى-تىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەسى بولۇپ، ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋ-ۋەت، غەيرەت - شجائەت بېغىشلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە زور ئۈمىت بىلەن قارىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادى-لەيدىغان غايىۋى بەدىئى قەھرىماندۇر. ئۇيغۇر خەلقى قىسسىدە ئۆزىنىڭ خەلق بولۇپ شەكىللەنگەن مەزگىلىدىلا ئۆز غەيرىتىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنى بەدىئى ھالدا ئىپادىلىگەن ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇلۇغ قىممىتى دەل مۇشۇ جايدا بولسا كېرەك.

«چىستانى ئىلىك بەگ» ئۇيغۇر مىفالوگىيىسىنىڭ يېزىق شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان. ھۇل قۇرغان بەدىئى ئەسەرنىڭ بىرىسىدۇر.

داستاندىن بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكەن بۇ قىسقىغىنا پار-چىسىدا دۈشمەنگە قارشى يەكدىللىك بىلەن جەڭگە كىرگەن ئى-لىك بەگ① نىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ: ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگى دۈشمەنلەرگە كوللېكتىپ ئوبراز، كوللېكتىپ خاراكتېرىسكا بېرىدۇ. بۇ تەرەپتىن ئۇنىڭدا قەدىمي خەلق ئېپوسلىرىنىڭ تىرادىسىيىسى ئىپادىلىنىدۇ:

مەسىلەن:

ياراقلىرىنى ئېلىپ قوللىرىغا، ئۇلۇغ قاپقارا تاغدەك.
رۇسلاپ گەۋدىلىرىنى كوتەردى ئىگىز چوققىلاردەك.
سۇرۇلدى ئالغا گەۋدىسى بىلەن چىقىراپ زەھەرلىك ئىلاندەك.
يۇرەتتى يېقىنلا تاغ ئۇستىدە چۇقۇرۇشۇپ خىرس قىلغاندەك.
بۇ جىنلار كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئىچىپ گوشلىرىنى يەپ،
ئۇچەيلىرىنى ئوراپ تېنىغا ھۇرپۇيەتتى دەھشەت سالغاندەك.

---

① ئىلىك بەگ — ئۇيغۇرلار قەبىلىلىرى دەۋرىدىكى باشلانغۇچ ھوكۇمەت.

مانا بۇ پارچىنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇر شېئىرى تەپەككۇرىنىڭ نەمۇنىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەسەرنىڭ پۈتۈن تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر خىيالى بايلىقى، بۇ خىياللارنىڭ لوگىك مۇناسىۋىتى بىر بىرىگە تەپەككۇر قانۇنىيىتى بويىچە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشى، بۇ گەۋدە ئاجايىپ چىرايلىق، ئوبرازلىق تىل ئىپادىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ، كىتابخان قەلبىدە ئاجايىپ تۇيغۇلارنى قوزغىتىشى، بۇنىڭدىن تەخمىنەن مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىكى ئۇيغۇر بەدىي تەپەككۇرىنىڭ خېلىلا تەكەممۇللاشقان قۇدرىتىنى كۆرسەتمەمدۇ؟!

بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىي سالاھىيىتى بىلەن جاھان ئېپوس ئەدەبىياتىنىڭ غەزىنىسىدە ئۆزىگە لايىق ھۆرمەتلىك ئورۇن ئېلىشقا ھەقلىق. 10 - ئەسىردىكى «ئالتۇن يارۇق» ئۇيغۇر لىنگۋىستىكىسى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا قانداق ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالغان بولسا، «چىستانى ئىلىك بەگ» مۇ 5 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا تېخىمۇ مۆتىۋەر ئورۇن ئېلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمىي نەمۇنىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قېلىشقا ھەقلىقتۇر.

كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندە پروفېسسور فون لېكوك «چىستانى ئىلىك بەگ» قەھرىمانلىق قىسسىسىنىڭ قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئەرەپ ئېلىپبەسىگە كۆچۈرگەن قىسمىنى ترانسكرىپسىيىسى بىلەن تەرجىمىدىن پارچە بېرىمىز:

1. ئارسلانلارنىڭ يورىغىن يۈرۈپ،
"ئۇ چايان بالىق" نىڭ كەدىنىتە ئونارۇ
بارۇ يۈردى ئۇتۇۋ
(يۈرۈپ ئارسلان مېڭىشى بىلەن "ئۇ چايان بېلىق"، ئو-

تۆپ شەھەردىن قالدى قونۇپ، كېيىن يەنە ئالغا كەتتى يۈرۈپ)

2. ئىلىك بەك تورت بالتىر يولتا

يورىيۇ ئانىڭ ئارىنتا.

سانسىز، ئوكۇش يىمكلەرنى كوردى.

(ئىلىك بەك باشلانغان تۆت يول ئىچىدە يۈرۈپ شۇ تۆت يول ئارىلىرىدا كوردى سانسىز جىنلارنى)

3. ئۇل بىمايلار، يالغۇقلارنىڭ ئاتىن،

بىيۇ، قانىن ئىچىپ باغار سوقلاردىن ئىتۆزلەرىگە،

يورگە يۈرلەر ئېرتى

(بۇ جىنلار كىشىلەرنىڭ گوشىنى يەپ، ئىچىپ قېنىنى، تۇراپ ئىلىشاتتى تەنلىرىگە، يىگەن ئادەملەرنىڭ ئۆچەيلىرىنى)

4. قوروقغۇ - تىك كورك، مگز تۇتۇپ،

ياۋلاق قانتىغ ئۇنىڭ قىقرۇسىر دوزول؛

بادرۇق ئىلگرىنتە تۇتۇپ قاپ - قارا ئۇلۇق،

بىرۇك تاغ تىڭ ئۆزنى ئۇنايۇ ئوت ئوكلۇك.

ئىيشىن ساجلادىن ئىنگىنلىرىنتە تۇشۇرۇپ،

ئاغۇلىغ يىلانىن ئىتوزلىرىن ئىينىپ يىرانىپ،

قاۋپالتىر سايۇ يوريۇر ئېرتى.

(قورقۇنچلۇق چىرايلىرىنى ئىخمۇ بۇزۇشۇپ، جار سالدى قاتتىق ئاۋازدا ۋاقىرىشىپ. ياراقلىرىنى ئېلىپ قوللىرىغا ئۇلۇغ قاپ - قارا تاغدەك، رۇسلاپ گەۋدىلىرىنى كوتەردى ئىگىز چوققىلاردەك. بۇ-رۇلدى ئالغا گەۋدىسى بىلەن چىقىراپ زەھەرلىك ئىلاندەك، يۇ-رەتتى يېقىنلا تاغ ئۈستىدە چۇقۇرۇشۇپ خىرىس قىلغاندەك.)

5. ئانى كورۇپ چىستانى ئىلىك بەك

يۈرەكتىن قاتۇنۇپ توگلار بىك (كىشانۇك بىكلەر)

ماڭمىز ماڭلاپ قورقىنچىسىز، ئايانچىسىز؛
كوڭلىن ئۇل يىگىلەر ئاراسىنىتا كىروپ باردى.
(ئۇلارنى كورۇپ چىمىستانى ئىلىك بەك، يۇرىگى قاتتى خۇددى تاشتەك. يۇزىدە خەۋپ - خەتەردىن قىلچە ئەسەر يوق، ئالغا چامىدىدى گويا يولۋاسلار بىگىدەك. ئۇنىڭ چىن كوڭلى خەلقتە بولغاچ؛ ئۇزىنى ئاياش نىمە، قورقۇشنى بىلمەس، جىنلارنىڭ ئەڭگە كىرىپ باردى كەينىگە يانماس.)
6. ئوترۇ ئۇل يىگىلەر چىمىستانى ئىلىك بەك
كورۇپ سىگىركىلىر توسوغلۇق قىلىپ تىكىر
ميلەيو ئاۋلاپ ئىنچەيتىپ تىدىلر:
ئاي كىمسەن نەگۇلۇك كەتتۇ،
ئۇزۇڭ ئوڭ بىزنىڭ ئۇستىن - ئالتىن
تاۋتىشمىزگە يوقى بولغالى لىلنىڭ؟!
(چىمىستانى ئىلىك بەكنى كورۇپ جىنلار، يالغۇز كورۇپ ئۇنى مەلئۇنلار، ئۇچ ئىلىشنى راسا پەيت چاغلاپ، ئۇنى قورشاپ توساپ ئىلىشتى؛ چورىسىگە ئولىشىپ توپلىشىۋىلىپ، چۇشمۇ - چۇشتىن مۇنداق دىيىشتى: هەي كىمسەن ئۇزەڭ شۇنچىلىك باتۇر؟! بىزنىڭ ئاستى - ئۇستى چىشلىرىمىز ئاستىدا چاينىلىش ئۇچۇن؛ قورقماي ئۇزەڭ يالغۇز قانداقمۇ كەلدىڭ؟!)
7. بۇ ساۋىخ ئىشتىپ چىمىستانى ئىلىك بەك،
يۇرەكىن قاتىرۇنۇپ ئانچە قىنايىما قورقمادىن
ئۇل بىگلەرگە ئىنجىتىپ نىپ تىدى:
ئاي يىگلەر! تىركىن ماڭا سوزلەڭلەر:
منىڭ بالقىمداقى بودۇنۇغ
بۇقونۇغ نەگۇلۇك ئولۇرسىزلەر؟!

سىزلەرگە بۇ بالىققا كىرگۈلۈك كۈچ - ھال؟
كۆسۈننى كىم بەردى؟!
بۇ مەنىڭ ئېتىز قىلىچىمنى كورۈڭلار، ئېتوزۇگىدىنى
بەچىپ ئوگى - ئوگى كەمشەيىن!
بالىقىم نىڭ، ئۇلۇسۇمنىڭ بۇ مۇنتاغ
نوروجوز ساۋلاردىن كورۇپ سىرگۈم تىك ئىرمىز.
(ئىشتىپ بۇ سوزلەرنى چىستانى ئىلىك بەك، يۈرىگىنى توختات-
تى باتۇرغا خاس ئەردەك، دىدى—ئۇ، قورقماستىن جىنلارغا مۇن-
داق: ئېيتىڭلار ھەي جىنلار ماڭا ئوچۇق: مېنىڭ شەھەرىمدىكى
ئەل - جامائەتنى؛ ئولتۇرىسلەر نىمىشقا نىمە ئۇچۇن شۇنىداق؟
بۇ شەھەرگە كىرىش ئۇچۇن شۇنچە، كىم سىلەرگە بەردى مۇن-
داق كۈچ -قۇۋۋەت؟ كورۈڭلار مېنىڭ بۇ ئوتكۈر قىلىچىمنى، قە-
لىپ تەنلىرىڭلارنى پارچە - پارچىغا، تاشلايمەن تەرەپ - تەرەپ-
كە! ئاڭلاپ بۇنداق يامان خەۋەرنى، شەھەرىمنىڭ، ئۇلۇسۇمنىڭ؛
تاقىتىم تاق بولۇپ، قالمىدى سەۋرىم مېنىڭ.)
8. ئىترو ئول يكلەر چىستانى ئىلىك بەكنىڭ،
مۇنچىلا يوكۈچلۈك ياۋلاق ساۋىن ئىشىتىپ
ئوفكەرىنتە ئوتكۈر ئارتۇغراق بولغانىپ،
ئانتا ئوق يىكلەر ئوتىن ئوتا يوكويدىيۈرلەيۈ.
ئايارىن ياپنىپ سىپىغا ناقلارنى تۇتۇنۇپ،
ئوت ئوگلوگ قىپ - قىزىل ساچلارىن ئاتىلار،
ئىنتاتىپ ئورت يالىن تەك دوززول، بادرۇق،
بازىرلىق، توقماق ئىلكلەرىنتە تۇتا، چىستانى -
ئىلىك بەكنى سانجىغالى ئوزغالى قىلنىپ بىر؛
ئىكنتىگە ئىنچەتىپ تيشتىلەر:

تاش ئەگۆگۆ دەرسىزلەر؟ تەركىن -
مۇنى سانچىڭلار، بەچىڭلار ئىيك.
ئۇزۇن - ئۇزۇن ئادنى ئاژۇن قائىدىڭلار!

(ئاڭلاپ جىنلار چىستانى ئىلىك بەك سوزىنى، خاپىلىق تاتىلى-
لىدى ئۇپكىلىرىنى. تەييارلاندى تەلتوكۆس جەڭگە، غەزەپلىنىپ
ناخشا ئىيتىشتى؛ قوللىرىنى يىيىپ، تاشلاپ يانلىرىغا. ھەيران بو-
لۇپ يەنە تۇتار ياقىلىرىنى؛ سىلكىپ - سىلكىپ تاشلاپ قويار
ئارقىسىغا، ئۇتتەك قىزىل چاچلىرىنى، ھەركەت قىلىپ قولغا ئالدى،
ئۇتقا ئوخشاش يېنىپ تۇرغان. ئالتۇن رەڭلىك توخماقلارنى. ئۇ-
رۇش ئۇچۇن چىستانى ئىلىك بەكنى. سانچىماق ئۇچۇن بىر-
بىرىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېيىشتى: (ساقلاپ تۇرىسىلە يەنە
نىمىنى؟ سانچىڭلار، توغراڭلار ئاۋال مۇنۇنى، ئىسسىق تېنىدىن
جۇدا قىلىپ، باشقا دۇنياغا ئەۋەتىڭلار ئۇنىڭ جېنىنى.)

9. ئۇترۇ چىستانى ئىلىك بەك بار كۆچىنى ئۇتتۇرۇپ،
تولۇكىيىن سەكرەيو، بارىپ «ئورو - مۇكى» ئاتلىغ
يىكىنىڭ توپۇسىتەكى ساچىن تارتا تۇتۇپ قىلىچىن ئۇر!
كوتۇرۇپ، باشىن پىچىغالى ئورۇپ.

(چىستانى ئىلىك بەك بار كۆچىنى توپلاپ كىيىن، سەكرىدى
چاققان، ئىلدام بېرىپ تۇتتى. «ئورۇمۇكى» ناملىق جىننىڭ چې-
چىنى. قىيما - قىيما توغراپ تاشلاش ئۇچۇن، ۋاقىراپ تۇرۇپ
بېشىغا ئۇردى قىلىچىنى.)

10. ئانتا ئوق ئول يىمكلەر چىستانى ئىلىك بەكتىڭ كۆچىن،
كۆسۈنىڭ چوغىدىن تاۋلىش يالتىيىپ قۇتىن؛
كوزۇپ ئارتۇقراق قورقتىلار.

(خۇددى شۇ چاغ جىنلار، چىستانى ئىلىك بەكنى؛

كورۇپ ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى: كوچىنى - قودرىتىنى، نەرە تارتىپ قاقرىشتى. يالقۇنلىغان دولتىنىڭ بەختىنى كورۇپ، چىن كوڭلىدىن ئىنتايىن قايىل بولۇپ قورقۇپ كەتتى.)

11. يالغۇقلارنىڭ ئارىسلانى ئىلىكلەر

بىكلەرنىڭ قوت تەگرىسى ئا. يارلىقۇنچۇ؛

مى كوڭۇل ئورىتىپ كوڭلىگىن سوزكل

بروك بىزنى ئۇلۇر سارسان

يىمە نەگو، سىنىڭ بالىقتاقى يىگ توغا؛

كەتكۇسى يوق.

ئىيمتى بىزنىڭ ئىسىك ئوزۇمۇزگە

ئىزگۇ كوڭىل تورغۇزۇپ، ئۇمۇغ

تىيناغ بولغىل!

(جىنلار پەسەيتىپ ئاۋازلىرىنى، يالۋۇرۇپ ئىلىك بەككە مۇنداق دىدى: ئارىسلانى ئىنسانلارنىڭ، بەخت خۇداسى ئىلىكلەر بەگلىرىنىڭ، سوۋۇتۇپ ئازارلىنىپ تاشقان كوڭلىنى، بىزگە مەرھەمەت قىل باشقىن قەلبىڭنى! گەرچە ئۇلتۇرسەڭمۇ ھەممىمىزنى، ھىچقاچان تۈگەپ كەتمەيدۇ بىردىن كوتىرىلىپ، قورشىۋالغان كىيىللىك سىنىڭ شەھرىڭنى!... كوتەر كوڭلۇڭنى ياخشى نىيەتكە؛ تىرىك قالسۇن بىزنىڭ جىنىمىز، ئىشەنچ قىل كوڭلۇڭدە بولمىسۇن گۇمان، كوڭلىمىز بولسۇن ئىگە، ئۇمىت - ئىشەنچكە.)

12. ھەي يىكلەر! تىركىن سوزلەڭلەر

ئىچۆكلەدى: مىنىڭ بالىقمتاقى ئۇلۇسۇمتاقى،

يىگ توغا كەتمەس؟

(ئىلىك بەك دىدى شۇنداق: ھەي جىنلار! ئىيتىڭلار

چاپسان! بولۇپ قانداق مېنىڭ شەھىرىم، ئۇلۇسۇمدىكى كېسەللىك كەتمەيدۇ زاتەن؟)

13. يىگىلەر ئەنچە تىپ تىدىلەر:

ئۇلۇغ ئىلىك بەك! بۇ ئوق سېنىڭ
بالقىغتا كۈنىتىن سىگاق بىر ئۇلۇغ،
بەدۇك سوكۇت بار. ئاتتا ياۋلاق ساقىنچىلىق؛
راكشاس بولۇر
ئۇچ بەدۇك كوزلىرى، ئوت ئوگلۇك ساچى،
ئارقاسنتا يادلۇتۇرۇپ، تامتورمىس بولار،
يالىنى نىك كوز قاراسى يوتەگزىيو تۇرۇر.
ئۇزۇن تورقارۇ يارلىقانچىسىز كوگىلىن —
سانسىز ئوكۇش تىنلىغلارىخ ئازىغلارى ئۇزە،
يازچىلاغالى ئولۇرۇپ...

(هەي، ئۇلۇغ ئىلىك بەك! ساڭا مەلۇم: خۇددى مانا شۇ سېنىڭ شەھرىڭدە ئولجالساك ئاشۇ جەنۇپ تەرەپتە؛ قەد كوتەرگەن ئېگىز سوگەت دەرەختە، ئولتۇرىدۇ "راكشاس" دې-گەن — يوغان دىۋە يامان نىيەت-مەخسەتتە. ماڭلىيىدا ئۈچ كو-زى بار، گويا چىراق ئوت چاچىدۇ، كوز قارچۇغى يالتۇن ئارا، چاقپىلەكتەك ئايلىنىدۇ؛ خۇددى چوغدەك، يايغان چېچى ئارقى-سىغا تاشلىنىدۇ. ئۇزۇن زامان-زامانلار ئاشۇ جاينى ماكان قى-لىپ ئولتۇرۇپ، يوغان ئېغىز، چىشلىرىنى بىلەپ هامان. سانسىز جاننىڭ قېنىنى ئىچىپ گوشىنى يەپ، ياۋۇز نىيەت تويمايدى-غان ئۇپكىنىنى قاندۇرىدۇ...)

14. ئەرتىنگۇ قاتىغلانمالىق بىلگە،
بىلگىكە تۈكەللىك ياغىز بىرئەرلىگى؛
چىستانى ئىلىك بەك مەن ئەرتۈرمەن.

(جاسارەتلىك، ئەقىل - پاراسەتكە تولغان ئىنتايىن قوگۇر يەرنىڭ ئىگىسىدۇر مەن، چىستانى ئىلىكبىكمەن.)

قاتىغ كوگۇل ئۇرتىپ قورقۇنچ،
سوز ئايىنچىسىز كوگۇلىن سوزلەرنى بىرلە
سۈگۈشكەلى كەلىۋ ئۈكمەن نەي يىكلەر ئەر،
جىن قوروتو ئالىپ قاتىغ ئەرسەرسىزلەر،
مەن بىرلە سوگۈشكەلى ئانۇق تۇرۇگلار.

(ئەيمەنمەستىن، قورقماستىن كەلدىم قەتئى نىيەتكە، كەلدىم مانا يەكمۇ - يەك جەڭ قىلىشقا، ھەي جىنلار، قۇدرەتلىك ھەققى باتۇر بولساڭلار؟ قېنى ئەمىسە جەڭ قىلىشقا تەييار بولۇڭلار، قايىمىز كۈچلۈك، جەڭدە سىناڭلار.)

ئەمدى بىر ئىكىنتكە يىمنا شالىم
قايسى كۈچلۈك ئەرمىش بىز ئانچە
سوزلەپ ئۇرت. يالىنتەك يىتى، كىچىلىچمن.
ئىلگىنتە توتا يەكلەر تاياقىن
مىكرىپ، ئىچىگە رۈكىردى ......

(مىنىشىپ باقايلى قېنى ئەمىسە — دىدى چىمستانى ئىلىك-
بەك — قولىغا ئالدى خۇددى يالقۇن ئاشۇ قىلىچىمنى، كۆتەردى
باش ئۈستىدە لاۋىلدىتىپ، ئىپتىلدى-دە، كىرىپ كەتتى جىنلار
ئارا، ئىلىش ئۈچۈن ياۋۇزلارنىڭ جانلىرىنى...)

قىسسىنىڭ يۇقۇرقى پارچىسىدا ئۇز ۋەتىنى، خەلقىنىڭ
بەخت-سائادىتى، ئازاتلىغى ئۈچۈن جەڭگە كىرگەن، بۇ يولدا
ھېچنەرسىگە پىسەن قىلمايدىغان، بارلىغىنى ۋەتەنگە، خەلققە
ئاتىغان يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر چىمستانى ئىلىك بەگنىڭ ئوبرازى
جەڭ ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. بىز قىسسىدىكى بۇ پارچىنى
ئوقۇغىنىمىزدا دۈشمەن (جىنلار، دىۋىلەر)نىڭ كوللېكتىپ ئوبراز-
نىمۇ، شەخس خاراكتېر ۋە پورترېتلىرىنىمۇ، جەڭ ئورنى، جەڭ
كارتىنىسىنىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

قىسسىدىكى سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ ئوبرازلىق، ئاجايىپ
گۈزەل تۈزۈلۈشى، تەسۋىرلەردىكى ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ مەز-
مۇنلۇق، قىسقا چۈشىنىشلىك، رەڭدارلىغى، تىلىدىكى شېئرىيەتكە
خاس ئاھاڭدارلىغى، قەھرىمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر
بايلىغى، مەزمۇن ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرگەن بەدىئى ئېلېمېنتلار
ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان ناھايىتى قەدىمقى زامانلاردىكى بەدىئى
تەپەككۇرنىڭ يۈكسەك قەدىمىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلار بولۇپ،
ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىغىنى، قەيسەرلىگىنى، غۇرۇرىنى ئىسپاتلايدى-
غان چوڭ بەدىئى يادىكارلىقتۇر. بۇ يادىكارلىق ئۆزىنىڭ باي
مەزمۇنى ۋە زامانغا لايىق يۈكسەك بەدىئىلىگى بىلەن ئۇلۇغ
جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت غەزنىسىگە قوشۇلغان مۇنەۋۋەر
ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرسى بولۇش بىلەن بىللە، دەۋر
ئېتىۋارى بىلەن ئېپىتقايدا جاھان ئېپوس ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى

قاتارلاردىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## «ئوغۇزنامە» توغرىسىدا

خەلق — دۇنيادىكى بارلىق ماددى بايلىقلارنى ياراتقۇچى غايەت زور، ئۇلۇغ، تەگداشسىز كۈچلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ جاھاندىكى بارلىق روھىي بايلىقلارنىڭ بىردىن - بىر ياراتقۇچىسى ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەسىدۇر.

ئۇ، خۇددى ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك، دەۋر جەھەتتىنمۇ گۈزەللىك ھەم ئىجادىي دانالىقى جەھەتتىنمۇ بىرىنچى فىلاسوپ ۋە بارلىق بۈيۈك داستانلارنى، يەر يۈزىدىكى بارلىق تىراگېدىيىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ مۇھىمى جاھان مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقان شائىردۇر.

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنە شۇ تىپتىكى قەدىمى، گۈزەل، ئىجادىي بەدىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى ئىجتىمائى ئىدىيىلەر، كۆز قاراشلار مەلۇم جەمئىيەت ماددى ھاياتىنىڭ راۋاجلىنىشى جەمئىيەت ئالدىغا يېڭى ۋەزىپىلەرنى قويغاندىن كېيىنلا پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمى ئېپوسلىرىنىڭ بىرى بولغان «ئوغۇزنامە» نىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىلەردىمۇ بۇ ھالنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقالغان، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپىك

داستان بولۇپ، قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە خەلقىمىز قوللانغان يېزىقلاردا خاتىرىلىنىپ كىتاپ قىلىنىپ كەلگەن. «ئوغۇزنامە» ھەققىدىكى قىسمىنىڭ ھازىر بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمىي يازما نۇسخىسى 13 - ئەسىردە تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخا ھازىرغىچە پارىژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. «ئوغۇزنامە» نۇرغۇن تارىخىي دەۋرلەرنى خەلق داستانلىرىغا خاس بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقات، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىنى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. بۇ داستان خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئېتنوگىراپىيىسىنى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش، شۇ زاماندىكى تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئوغۇزنامە» داستانى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر ۋە بايلىقى، بەدىئىيلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىكى، بەدىئىي تۈزۈلۈشىنىڭ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلارلىقى، بەدىئىي ۋاستىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى، شېئىرىي خۇسۇسىيىتىنىڭ يىغىنچاق، يېنىك، راۋان، ئوبرازلىق ئىكەنلىكى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تۈركشۇناس ئالىملارنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. بىرىنچى قېتىم 1815 - يىلى نېمىس ئالىمى دىيتس بۇ ئەسەردىن پارچىلارنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. شۇ مەزگىلدە رادلوف بۇ ئەسەرنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئوغۇزنامە»نىڭ بىر قاتار يېڭى نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن. يېقىنقى يىللاردا بۇ ئەسەرنىڭ يېڭى تەرجىمىلىرى

مەيدانغا چىقتى. 1959 ـ يىلى ئا. م. شىرباك «ئوغۇزنامە»نىڭ سلاۋيانچە ترانسكرىپسىيەسىنى ۋە رۇسچە تەرجىمىسىنى ئې لان قىلدى. 1912 ـ يىلى ئىستامبۇلدا توگان تەرىپىدىن تەييار. لانغان تۈركچە تەرجىمىسى چىقتى. «ئوغۇزنامە» نىڭ مەزمۇنىنى ئىككى قىسىمغا بولۇپ بايان قىلىش مۇمكىن.

بىرىنچى قىسمى قەدىمىي زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەپسانىلىرى، رىۋايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، شۇ زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش. ئورپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئېتىقاتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. داستاننىڭ دەسلەپكى قىسمىدا ئوغۇزخاننىڭ تاشقى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. كېيىن تەڭرىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە بىر كوك ئەركەك بورىنىڭ ئوغۇزخاننىڭ يېنىدا پەيدا بولغانلىقى، ئوغۇزخاننىڭ يارلىقىدا "بىزنىڭ چاقىرىقىمىز بولسا كوك بورە!" دېگەن سوزلەرنىڭ ئېيتىلغانلىقى خارەكتېرلىك. بۇ تۈرك خەلقلىرىنىڭ بورىنى توتېم قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئاساسەن ئوغۇز. خاننىڭ ھەربى يۈرۈشلىرى، شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئۇدۇمىغا بى. نائەن بەزىبىر قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ.

## ئوغۇزخاننىڭ كىملىگى ھەققىدە

"ئوغۇز نامە" دىكى باش قەھرىمان ئوغۇزخان ھەققىدە تالاش ـ تارتىش بولۇپ تۇرغان ئىككى مەسىلە بار: بىرى، بەزى تارىخچىلار ئوغۇزخاننى تۈرك خەلقلىرى تارىخىدا ئوتكەن ئەڭ مەشھۇر تارىخى شەخسلەردىن ھون تەڭرىقۇتى — باتۇر تەڭرى.

قۇتنىڭ ئۇزىمىكىن دېيىشسە، بەزى تارىخچىلار چىڭگىزخانغا تاقاسلاپ كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر ھېچبىر ئاساس بولمىغان ئىسكەندەرگىمۇ تاقاسلاپ كۆرسىتىدۇ. بۇ بىرچە كۈلكىلىك ئىش. يەنە بىر مەسىلە بەزى تارىخچىلار ئوغۇزخاننى مەشھۇر بىر شەخسنىڭ ئوبرازى ئەمەس، ئۇ تىپىكلەشتۈرۈلگەن بەدىي ئوبراز دېيىشىدۇ.

بىز يۇقۇرىدىكى ئىككى تۈرلۈك مەسىلە ئۈستىدە كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى "ئوغۇز" دېگەن مۇشۇ نام ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىشنى لايىق كۆرىمىز.

ھەممىگە مەلۇمكى، "ئوغۇز" سوزى كالا، قوي تۇغقان دەسلەپكى كۈنلەردىكى ساغۇچ، قويۇقراق كەلگەن سۈتنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنى ئادەتتە "ئوغۇز سۈتى" دەپ ئاتايدۇ. مانا شۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئوغۇز دېگەن نامدا ئاتالغان شەخس ياكى قەبىلىلەرنىڭ تارىخى يىلنامىلاردا قايسى زاماندا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بىلىش مۇھىم.

خىۋە خانى ئوبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ شانلىق ئەسىرى «شەجەرەئى تۈركى» دېگەن ئەسىرىدە، ئوغۇزخان ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشقا ياردەم بەرگەن تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمىغا "ئۇيغۇر" دېگەن نامنى بەرگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا "ئۇيغۇر" دېگەن شۇ نام بىر نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى بار بولغان بولىدۇ. لېكىن ئوبۇلغازى تىلغا ئالغان ئوغۇزخان توغرىسىدىكى تارىخىي رىۋايەت پۈتۈنلەي ئەمەلىي رىياللىق ئاساس قىلىنىپ توقۇلغان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا خىيالىي توقۇلمىلارنىڭ بولۇشىمۇ ئېنىق.

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسە-

رىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ تارىخى بولغان ئوغۇز قەبىلىسى ئۈستىدە توختالغان. ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ "قىنىق"، "قايىخ"، "بايىندۇر"، "ئىۋا سالغور"، "ئاپشارە"، "بەگ تىلى"، "پوكىدۇر"، "باياتقارا بولوت" تىن ئىبارەت 22 گە بولۇنگەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ "بۇ ناملار ئۇ قەبىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمى بايانلىرىنىڭ ئىسمىدۇر" دەيدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمقى يىلنامىلىرىدىن "تارىخنامە"، "تۇنجى خەن يىلنامىسى"دىكى «هونلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا ئوغۇزلار تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ يىلنامىلارغا قارىغاندا تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمي قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان "ئوغۇز" لار مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە جۇڭغار دالاسىدا ياشىغان ئىكەن.

سۈي سۇلالىسى (618 — 581)نىڭ تارىخى بولغان "سۈي يىلنامىسى"، «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابىدا: 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقتە ھىنگان تاغلىرى، بايقال كولى، سىلىنگا، ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدىن تارتىپ غەرپتە دىنىپىر دەرياسى، قارا دېڭىز بويلىرىغىچە بولغان چەكسىز كەڭ زىمىندە ياشىغان تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى، جايلاشقان ئورۇنلىرى توغرىسىدا ئېنىق، ئىشەنچلىك مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ باپتا قۇمۇلنىڭ غەربىدىن تارتىپ قاراشەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغ (تەڭرى تېغى— ئاپتور) ئەتراپىدا ئوغۇزلار، قىرغىزلار ياشايدۇ دېيىلگەن.

9 - ئەسىردە ئورخۇن خاتىرىسىگە قويۇلغان خاتىرە تاشتا "مەن توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئوغۇزلارنىڭ خاندۇرمەن" دېگەن سوز بار. جۇڭگونىڭ تاڭ يىلنامىسى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە بابىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (845— 617) دىكى ئۇيغۇرلار "توققۇز ئۇيغۇر"، "ئون ئوغۇز" نامى بىلەن ئاتالغان.

توققۇز ئۇيغۇرلار:

1) ياغلا قار (ياغلا قار) (ياۋلوگې) 药罗葛

2) قورتوغۇر (قوتىتۇغار) (خۇتۇگې) 胡吐葛

3) تۇرلام ۋىيىۇر (تۇرا ئۇر) (تۇلوۋۇ) 吐罗勿

4) بايارسق (قوئورسوق) (بەي گې شى چى) 佰歌息汽

5) ئاۋچاغ (ئاۋۇچاگ) (ئاۋۇچيا) 阿勿嘀

6) ھازار (قاسار) (گې سا) 葛萨

7) خوغۇرسۇر (خوگورسوۋ) (خۇۋبىسۇ) 斛嗢素

8) ياغما (ياۋغۇر - ياغمورقار) (يوۋۇ گې) 药勿葛

9) ئاياۋىير (ئاياۋدور) (شى يې ۋۇ) 奚耶勿

ئون ئۇغۇزلار:

1) ئۇيغۇر (خۇي خې) 回纥

2) بوكو (ئوبوغور) (بۇگۇ) 仆骨

3) خۇن (بايىرغو) (خۇن) 浑

4) بايىرغۇ (توگرا) (بايې گۇ) 拔野古

5) تۇگرا (ئىسكە) (تۇڭلو) 同罗

6) ئىسكە (چى) (سى جيې) 思结

7) قالپاق (چى ۋى) 契䢽

8) باسمىل (بەسمىل) (باشى ۋى) 拔悉䢽

9) قارلۇق (گې لولۇ) 葛逻禄

10) ئابىدىل (ئادېي) 阿迭

يۇقۇرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا بولمىسۇن ئۇغۇز-خان دىگەن شەخسىنىڭ مىلادىدىن خېلىلا بۇرۇن تارىختا ئوت-كەنلىگى، تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئۇز ئادىتى بويىچە (مەھمۇت قەش-

قەرى ئېيتقاندەك) قەبىلىلەرگە ئەڭ قەدىمىي بابالىرىنىڭ نامىنى قويغانلىقىغا گۇمان قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەمدى قەدىمىي تۈرك خەلقلىرى تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر شەخسلەردىن كىملەرنى ئوغۇزخانغا قىياس قىلىش مۇمكىن؟

بىزنىڭ پىكرىمىزچە قۇدرەتلىك ھون تەڭرىقۇتلىرىدىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 240 - يىلدىن مىلادىنىڭ 50 - يىللىرىغىچە) باتۇر تەڭرىقۇتنى ياكى ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقىنىڭ (551 — 658) خاقانلىرىدىن تومەن خاننىڭ ئوكسى ئىستەمى خاننى قىياس قىلسا بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردە ھازىرقى شەرقىي شىمال (قارامۆرەن ھەم لياۋخې دەريا ۋادىلىرىدا) رايونلىرىدا مانجۇ خەلقىنىڭ ئاتا - بوۋىسى شەرقىي خۇلار (دۇڭخۇلار) نىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى بار ئىدى. شۇ مەزگىلدە بايقال كۆلىنىڭ غەربىي ھەم سىلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭمۇ — ئىتتىپاقى بار ئىدى. چوغاي تاغلىرىنىڭ (يىنشەن تېغى) شىمالىي جەنۇبىدا (ھازىرقى ئوردوس يايلىقىدا) ھون قەبىلىلىرىنىڭ ئىتتىپاقى بار ئىدى.

ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە "ھۇن" سۆزى "كۈن" سۆزىدىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم. قەدىمقى زاماندىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (تۇرالارنىڭ قان - قېرىنداشى بولغان ھۇنلارمۇ ئۇيغۇر - تۈرك خەلقلىرىگە ئوخشاشلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، "كۈن تەڭرىسى" گە ئېتىقاد قىلاتتى. شۇڭا قە-

دىمقى ئۇيغۇر تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان ھۇنلار ئۆزلىرىنى "كۇن" لەر دەپ ئاتاشقان، "كۇن" سۆزى كېيىن ئاستا-ئاستا "ھۇن" سۆزىگە ئۆزگۈرۈپ كەتكەن.

مانا شۇ ھۇنلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 250 - يىلدىن باشلاپ مىلادىنىڭ 50 - يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ناھايىتى قۇدرەتلىك ھۇن تەڭرىقۇتلىقىنى قۇرغان. ھۇن تەڭرىقۇتلىقى قۇدرەتلىك بىر ھالەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن مەزگىلدە ئۆتكەن تەڭرىقۇتلار ("تەڭرىقۇت" خۇدانىڭ ئوغلى مەنىسىدە) ئىچىدە باتۇر تەڭرىقۇت (مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 - 174 - يىللار) ھۇن تەڭرىقۇتلىقىنىڭ تەختىدە 35 يىل ئولتۇرغان چاغدا، ھۇنلار ناھايىتى دەھشەتلىك بىر كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان ئىدى.

بىز يۇقۇرقى باپلاردا ئېيتىپ ئۆتكەن سەۋەپلەر بىلەن باتۇر ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ (مىلادىدىن ئىلگىركى 210 - يىلى ھۇن تەڭرىقۇتى بولغاندىن كېيىن ئۇ، 400 مىڭ ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەيدۇ، ئۇ زامانىسىغا يارىشا ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەنگەن ۋە قوراللانغان شۇ كۈچكە تايىنىپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى شەرققە يۈرۈش قىلىپ خۇلارنى بويسۇندۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دەرھال كەڭ سۇدا ياشايدىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۈستىگە بارىدۇ ۋە ئۇلارنى بويسۇندۇرىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، بايقال كۆلىنىڭ غەربىي سىلىنگا دەرياسىنىڭ ئاياق ئېقىمىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار (تۇرالار)نى، يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا ياشايدىغان قىرغىزلارنى ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنى بويسۇندۇرىدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇت بۇ غەلىبىلىك يۈرۈشلىرىدىن كېيىن مە-

ىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىلى يۈزمىڭ قوشۇنى بىلەن ھازىر-قى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى داتۇڭ شەھرىنىڭ شەرقىدىن 17 يول يىراقلىقتىكى جايدا ليۇ باڭنى قورشىۋالىدۇ. قورشاش يەتتە كېچە-كۈندۈز داۋام قىلىدۇ، لېكىن ليۇ باڭنىڭ ۋەزىرى چېڭ فېڭنىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە ئۇ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بېكە (مەلىكە) سىگە مەخپىي ھالدا نۇرغۇن ئالتۇننى پارا بېرىپ، مۇھاسىرىدىن ئۇغرىلىقچە قۇتۇلۇپ قېچىپ كېتىدۇ ۋە دەرھال باتۇر تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھونلار تەرىپىدىن قويۇلغان شەرتلەرگە ماقۇل بولىدۇ. توختامغا بىنائەن خەن سۇلالىسى باتۇر تەڭرىقۇتقا ماۋجۇن ئاتلىق قىزنى ياتلىق قىلىدۇ. ھەر يىلى بەلگىلەنگەن سان بويىچە ھونلارغا تاۋار، دۇردۇن، ئاشلىق، ھاراق قاتارلىق نەرسىلەر ئارقىلىق سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى 175 - يىلى ئىتتا-ئەت قىلىشتىن باش تارتقان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۈستىگە ھېسىپ بېرىپ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىدۇ. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار غەربكە قاراپ چېكىنىپ، ئىلى ۋادىسىدا ماكانلى-شىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت ئۇلۇغ ياۋچىلارغا زەربە بەرگەندىن كې-يىنلا ھازىرقى شىنجاڭدىكى لولەن (لوپنۇر ئەتراپى)، ئۇسۇن (ئىلى ۋادىسى ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبى) جۇڭغار دالاسىدى-كى ئۇيغۇرلار — ئوغۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىرمە ئالتە دۆلەتنى بويسۇندۇرۇۋالىدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇت زامانىسىدا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 209-174 - يىللار) قۇدرەتلىك ھونلار دۆلىتىنىڭ چېگرىسى شەرقتە ھىنگان تاغلىرى، شىمالدا لېنا دەرياسى، بايقال كۆلىنىڭ شىما-لى، يەنسەي دەريالىرىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمى، جەنۇبتا سەددىچىن

سېپىلى، غەرپتە بالقاش، ئارال كۆللىرىنىڭ بويىغىچە سوزۇلغان ئىدى.

بەزى تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا تۈرك خەلقلىرىدىن بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى قاڭقىللار مىلاددىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى، ئارال ۋە بالقاش كۆللىرىنىڭ ئارىلىغىدا ياشايتتى. تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىرى بولغان ئالانلار كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشايتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ زامانىسىدا مانا شۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ھۇنلار دۆلىتى تەركىۋىگە كىرگەن-كىرمىگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن بۇلارغا قېرىنداش بولغان ئۇسۇنلارنىڭ ھۇن دۆلىتى تەركىۋىگە كىرگەنلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا قاڭقىلى ئالانلارنىڭ ھۇن دۆلىتىگە يەنى ئۇنىڭ تەركىۋىگە كىرمەي قېلىشى ناتايىن. دېمەك تۈرك خەلقلىرى تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى بولغان باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تارىخ سەھنىسىدە ئوينىغان ئاجايىپ داڭلىق رولىغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئوغۇزخانغا تەقلىت قىلىنىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا كېرەك.

تۈرك خەلقلىرى تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر شەخسلەرنىڭ يەنە بىرى بولغان تۈرك خاقانى ئىستەمى، بۇمۇ دەل ئوغۇزخانغا تەقلىت قىلىشقا مۇناسىپ.

ئالتايدا ياشايدىغان تۈركلەر 6-ئەسىردە ئاكا-ئۇكا تۇمەن خان ۋە ئىستەمى خاننىڭ يېتەكچىلىكىدە باش كۆتەردى، ئالتاي تۈركلىرى مىلاددىن بۇرۇن ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ھۇنلار، ئۇيغۇرلار دۇنياغا مەلۇم بولغان چاغدا مەۋجۇت بولسىمۇ، تارىخىي يىلنامىلاردا تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت 6-ئەسىردىلا «جۇ يىلنامىسى»، «چى يىلنامىسى» دە تىلغا ئېلىنىشقا باشلايدۇ.

تۈركلەر ئاۋار خاقانلىغى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 400 - 551 - يىللىرى) شۇ خاقانلىققا تەۋە بولۇپ، خاقانلىق ئۈچۈن تۆمۈردىن ھەربى قوراللارنى ياساپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. چۈنكى تۈركلەر تۆمۈر ئېرىتىپ تۈرلۈك ھەربى قوراللارنى ياساشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. ئالتاي تۈركلىرى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىغى، ھەربى قوراللارنى ياساش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا ناھايىتى ئۈستۈن ماھارەتكە ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئاۋار قولدارلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە ھاقارەتلىرىگە چىدىمىغان ئالتاي تۈركلىرى، جۇڭغار دالاسىدىكى ئۇيغۇرخانلىغى (جۇڭگونىڭ بەزى يىلنامىلىرىدە گاۋچى دەپ ئاتىلىدۇ) نى 546 - يىلى بويسۇندۇرۇپ، شۇنىڭ كۈچى ئارقىلىق قۇدرەت تاپتى. ئاندىن ئالتايدىكى تۈركلەردىن بولغان سورتاردۇشلارنىمۇ بويسۇندۇرۇۋالدى. بۇ مەزگىلدە ئاۋارخانلىغى جۇڭغار دالاسى، تۇرپان ئويمانلىغى، قارا شەھەر ۋە چارقىلىق ئەتراپىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ئۆز ھوكۇمرانلىغىنى ئورناتقان ئۇيغۇر خانلىغى (مىلادىنىڭ 480—546 - يىللىرى) بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك قانلىق ئۇرۇشلاردا ھالسىرىغان ئىدى. تۈركلەر مانا شۇنداق ئەھۋالدا قالغان ئاۋار خاقانلىغىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ، مىلادىنىڭ 551 - يىلى ئاۋارخانلىغىنى تارمار كەلتۈردى. ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئاۋارخاقانى ئاي ناغاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

ئاۋار خانلىغى ئۈستىدىن ئۇزۇل - كېسىل غەلىبە قىلغان تۈركلەر، تۇمەن ۋە ئىستەمى خاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىغىنى (مىلادىنىڭ 551—704 - يىللىرى) قۇردى.

خاقانلىقىنىڭ پايتەختى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ باغرىدا، ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا قارار تاپتى. ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقىغا تۇمەن خان خاقان بولدى. ئۇنىڭ ئۆكسى ئىس-تەمى يابغۇ ئونئۋانى بىلەن خاقانلىقنىڭ غەربى تەرىپىنى باشقۇ-رۇش ئىشىغا قويۇلدى. ئۇلۇغ تۈرك خانلىقى ئىستەمىنىڭ مۇقان خان زامانىسىدا (مىلادى 554—590 - يىللىرى) ناھايىتى قۇدرەت تېپىپ، سەلتەنەتلىك بىر باسقۇچقا كىردى.

ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقى شەرقتە تېچ ئوكيان، غەرپتە قارا دېڭىزغىچە بولغان چەكسىز زىمىندىكى تۈرك ۋە باشقا خەلق-لەرنىمۇ بويسۇندۇرۇپ، دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى چوڭ قۇدرەت-لىك دولەت سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى. بار تولىد بۇ خاقانلىقنى "موڭغۇللار دەۋرىدىن ئىلگىركى دەۋردىكى ھەممە كوچمەنچى ئىمپىرىيىلەرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىكى" دىگەن ئىدى. (ئۆزبېكىستان تارىخى 1 - توم 135 - بەت)

جۇڭگو قەدىمى يىلنامىلىرى بولغان «سۇي يىلنامى-سى» «تورالار ھەققىدە قىسسە» بابىدا 7 - ئەسىرنىڭ ئەڭ دەس-لەپكى ۋاقتىدىكى تۈرك قەبىلىلىرى جايلاشقان ئورۇنلار ھەققىدە تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بېرىدۇ:

1. بايقال كولىنىڭ جەنۇبىدا توبا قاتارلىق قەبىلىلەر ياشايدۇ.

2. توغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا (موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن دەر-ياسىنىڭ تارمىغى) بوكو، كوگرا، بايىرقو، ئۇيغۇر، بورك-لى ... مونچىن تورۇغۇر، ئىسكە، خون، خوغورسولار ياشايدۇ.

3. قۇمۇلنىڭ غەربى، قارا شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغ (تەڭرى تېغى) بويلىرىدا قالپاقلار ... ئازىلار، سىخىناقلار ... ئوغۇزلار، قىرغىزلار، ئونغولار ياشايدۇ.

4. ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا سورئار دۇشلار ... زابىدىر، تۈرگەشلەر ياشايدۇ.

5. قاڭمىلىنىڭ شىمالىدا (ئارال ۋە بالقاش كوللىرىنىڭ ئارىلىغى ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ... مازارلار، بولغارلار، بىيچىنەكلەر، چوقاسلار، قىپچاقلار، بورتاسلار ياشايدۇ.

6. ئورال دەرياسىنىڭ غەربىي شەرق قىسىملىرىدا ... ساكسىنلار، موكشالار ياشايدۇ.

7. رىم ئىمپىرىيەسىنىڭ (ۋىزانتىيە) شەرقىدە ئوغۇزلار، ئالانلار، باشقىرتلار ياشايدۇ.

«سۈي يىلنامىسى» «تورالار ھەققىدە قىسسە» بابىدا "مانا شۇ قەبىلىلەرنىڭ نامىلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئورتاق نامى «تورا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەبىلىلەر جايلاشقان ئورۇنلىرىغا قاراپ شەرقىدىكىلىرى شەرقىي تۈركلەرگە، غەرپتىكىلىرى غەربىي تۈركلەرگە قارايدۇ" دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات قېرىنداش تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى "تۇرا" ئىكەنلىكىنى 6- ئەسىردە "تىيەنشان ئۆكيانىدىن قارا دېڭىزغىچە، ھەربىي كۈچلىرى بولغان تۈرك" («ئۆزبېكىستان تارىخى» 1- توم 136 بەت) خاقانلىقىنىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا ئىستەمى خان يابغۇ قارارگاھىنى بەرپا قىلىپ، تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىنى ئىدارە قىلغان بولسىمۇ، ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقىنى قورۇشتا شانلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ئىستەمى خان ئىلى ۋادىسىدىن تارتىپ قارا دېڭىز بويلىرىغىچە بولغان چەكسىز زېمىندا ياشايدىغان تۈرك خەلقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، خاقانلىقنىڭ غەربىي چېگرىسىنى قارا دېڭىز بويلىرىغىچە يەتكۈزگەندىن تاشقىرى ھىندىستان،

پاكىستان قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپتالىتلار دۆلە-تىنى (مىلادىنىڭ 480-565-يىللىرى) 565-يىلى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى تۈرك خاقانلىقى تەركىبىگە قوشقان ئىدى. شۇ زاماندا پۈتۈن شەرق ۋە غەرپ دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇرغان ئىستەمى خان 567-يىلى ئىران ساسانىلار ئىمپېرىيىسى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى تارمار قىلغان ئىدى.

شەرقى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى يۇستىن مىلا-دىنىڭ 568-يىلى ئىستەمى خان ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەلقارا يىپەك سودىسى، ئىرانغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىش ئۈستىدە توختام قىلغان ئىدى. ئىستەمى خانمۇ شەرقى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىن نوپۇلغا (ھازىرقى ئىس-تامبۇلغا) بىر نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. ئىستەمى خان 570-يىلى ئالەمدىن ئۆتۈپ ئورنىغا ئوغلى تاردۇرخان ئول-تۇرغاندا شەرقى رىمدىن تىكەس يايلىقىغا ۋالنتىن باشچىلىقىدا ئەلچىلەر كەلگەن. دېمەك: «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ غەربى دىنېپىر بويلىرىغىچە يۈرۈش قىلغانلىرى تەسۋىرلەنگەن، بۇ ۋەقە ئىستەمى خاننىڭ غەرپكە، ئىپتالىتلارغا، ئىرانغا قىلغان يۈرۈشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورۇلسە، ئوغۇزخاننىڭ ئىستەمى خان ئوبرازىدا يارىتىلغانلىقىمۇ ئېنىقلىنىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ۋەقەلىك جەھەتتىن «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننى ھون تەڭ-رىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت ياكى تۈرك خاقانى ئىستەمى خانغا تەقلىت قىلىش مۇمكىن. بۇ ئىككى شەخستىن باشقا چىڭگىز-خاننى، ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەرنى ئوغۇز-خانغا قىياس قىلىش توغرا ئەمەس، چۈنكى «ئوغۇزنامە» دە

نۇرغۇن تۈرك قەبىلىلىرىگە ئات قويغان ئوغۇزخان ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا ئوغۇزخان تەرىپىدىن "قارلۇق"، "قىپچاق"، "ئۇيغۇر" دەپ قويۇلغان نامىلارنىڭ بەزىسى مىلادىدىن بۇرۇن، بەزىسى مىلادىدىن كېيىنكى تارىخىي مەلۇماتلاردا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەپسۇسكى چىڭگىزخان — 13-ئەسىردە ئۆتكەن شەخسقۇ؟ يەنە «ئوغۇزنامە» دە خەلقنىڭ توتېم ئېتىقاتلىرى، دىنىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان. چىڭگىز زامانىسىدا موڭغۇللار شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىسمۇ، ئۇلار تۈرك خەلقلىرىگە ئوخشاش بۆرىنى توتېم قىلغان ئەمەس ئىدى.

ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەرنى ئوغۇزخانغا قىياس قىلىش ھەمچانداق تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس. دېمەك ئوغۇزخان ئەنە شۇ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى زور تارىخىي شەخسنىڭ ۋەقەلىكىنى ئاساس قىلغان ھالدا خەلق ياراتقان جاھان ئېپوسلىرىنىڭ قەھرىمانلىرى پىرومېتى، ساتانا، گىراتىل، سىۋە توگۇر، ئىليا، مىنەكۆلارغا ئوخشاش تىپىك ئوبرازدۇر.

## «ئوغۇزنامە»دىكى توتېم ھەققىدە

"توتېم" يۇقۇرىدا تەرىپ بېرىپ ئۆتكىنىمىزدەك باشلانغۇچ كوممۇنا دەۋرىدە ياشىغان ئادەملەر مەلۇم ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكنى نەسىل ياكى ئۇرۇغ، قان سىستېمىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە قىلىشقان، بۇ ھال باشلانغۇچ كوممۇنا دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان مۇقەددەس نەرسىگە ئايلىنىپ "توتېم" شەكلىنى ئالغان. «ئوغۇزنامە» دىكى كۆك يايلىلىق بۆرىنىڭ ئوغۇزخانغا يول باشلىشى، قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ

بورىنى توتىم قىلىپ، ئوتتۇرىسىغا ئالتۇندىن ھەل بەرگەن بورى بېشى سىزىلغان كۆك يىپەك بايراقنى كۆتۈرىشى، ئوردىنى قوغ-دايدىغان قاراۋۇللارنى "بورى" دەپ ئاتىشى ھون، ئۇيغۇر، تۈرك-لەرنىڭ قان-قېرىنداشلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ ناھايىتى قەدىمى زاماندىكى ۋەقەلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «ئوغۇزنامە» گەرچە 13-ئەسىردە قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «ئوغۇزنامە» دەپ ئاتالغان بۇ داستاننىڭ 13-ئەسىردىن نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ خەلق ئارىسىدا چوڭچەك بولۇپ ئېيتىلىپ كەلگەنلىكى ئېنىق.

## «ئوغۇزنامە»دىكى بەزىبىر ئۆرپ-ئادەتلەر توغرىسىدا

«ئوغۇزنامە» دە تۈرك خەلقلىرىنىڭ قەدىمىي ئۆرپ-ئادەت مۇراسىملىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋەقەلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇسۇسەن ئاخىرقى قىسمىدىكى مۇراسىمدا قىرىق غولاچ كېلىدىغان ئىككى دەرەخنى تىكىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇ، تۈۋىگە ئاق ۋە قارا قويلارنى باغلىشى شۇ دەۋرگە باغلىق بولغان بىر خىل ئۆرپ-ئادەتنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە بۇ ۋەقەلەردە تۈركى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى بولغان شامان دىنىنىڭ بەزى ئادەتلىرى ئەكس ئەتكەن.

جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىردىلا شەرقى ئۇيغۇرلارنى "ئاق تورا"، "قىزىل تورا" دەپ ئاتىغان. مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇ-

رۇن تۈرك خەلقلىرى شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىشاتتى. "ئاق تورا". "قىزىل تورا" دەپ ئاتالغان شەرقىي ئۇيغۇرلارمۇ شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىشقان. شامان دىنى بويىچە توت تۈرلۈك رەڭ ئارقىلىق شەرق، جەنۇپ، غەرپ، شىمالدىن ئىبارەت توت تە-رەپنى بەلگىلەيتتى ياكى شامان دىنى بويىچە توت تۈرلۈك رەڭ: شەرق، جەنۇپ، غەرپ، شىمال تەرەپلەرنىڭ ئالامىتى ئىدى. مەسىلەن، 1. كوك رەڭ — شەرق تەرەپنى، 2. قىزىل رەڭ — جەنۇپ تەرەپنى، 3. ئاق رەڭ — غەرپ تەرەپنى، 4. قارا رەڭ — شىمال تەرەپنى كورسەتەتتى. بۇ خىلدىكى باشلانغۇچ دىنىي ئېتىقات كېيىنچە كىشىلەرنىڭ مەلۇم رەڭگە بولغان ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىلدىكى ئامراقلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ چېدىرلىرى، بايراقلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، ئات - جابدۇقلىرىنىڭ رەڭگىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇيغۇر، تۈركلەرنىڭ بورى بېشى سىېلىنغان بايراقلىرى كوك يىپەك رەختتىن بولغان بولسا، قەدىمقى شەرق ئۇيغۇرلىرى كوپىنچە ئاق ياكى قىزىل چاپان كىيىشنى ياخشى كورەتتى.

شۇنى ئەسلىتىپ ئوتۇش لازىمكى: «تارىخنامە» نىڭ "هۇنلار هەققىدە قىسسە" بابىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، هۇنلار تەڭرىقۇتىنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇ-رۇنقى 200 - يىلدا خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى خەن گاۋزى (لىيۇباڭ) نى هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ داتوڭ شەهرىنىڭ يېنىدا يەتتە كېچە - كۈندۈز قورشىۋالغاندا شەرقنى كوك ئاتلىق، غەرپ-نى بوز ئاتلىق، شىمالنى قارا ئاتلىقلار، جەنۇپنى بولسا جەدە (قىزىل) توروق ئاتلىق هونلار قورشىۋالغان.

«ئوغۇزنامە» دىكى دەرەخ تۈۋىگە باغلانغان ئاق ۋە قارا

قويمۇ .شامان ئۇرپ ـ ئادىتىدىكى غەرپنىڭ ئالامىتى (ئاق قوي)، شىمال تەرەپنىڭ (قارا قوي) ئالامىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر دەرەخ بېشىغا باغلانغان ئالتۇن توخۇنى (قىزىل ئالامەت بولسا) جەنۇپنىڭ ئالامىتى، كۈمۈش توخۇنى (كوك ئالامەت بولسا) شەرقنىڭ بەلگىسى دېيىش تامامەن مۇمكىن. يىغىپ ئېيتقاندا «ئوغۇزنامە» دىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇ ئاق، قارا قوي شامان دىنىدىكى ئۇرپ ـ ئادەت بويىچە شەرق (كۈمۈش توخۇ)، جەنۇپ (ئالتۇن توخۇ)، غەرپ (ئاق قوي)، شىمال (قارا قوي) نىڭ ئالامىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كىتاپخانىلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە تېخىمۇ ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن تۆۋەندە «ئوغۇزنامە» نىڭ تولۇق تەرجىمىسىنى بېرىمىز.

## «ئوغۇزنامە» نىڭ تەرجىمىسى

(ئەسلى تېكىستىنىڭ قۇر تەرتىۋىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن نومۇر قويۇلدى)

(1)

1. ئاشۇنداق بولسۇن دېيىشتى. ئۇنىڭ تۈرقى مانا مۇنداق: (بۇقىنىڭ رەسمى سىزىلغان)
2. شۇندىن كېيىن شاتلىققا مۇيەسسەر بولدى.
3. بىر كۈنى ئايخاننىڭ كوزى يورۇدى،
4. ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى.
5. بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز ـ چىرايى كوك ئىدى.

6. ئاغزى چوغدەك قىزىل، كوزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى
7. قارا ئىدى. ئۇ ھور پەرىلەردىنمۇ
8. چىرايلىغراق ئىدى. بۇ ئوغۇل
9. ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا، ئىككىنچىلەپ

(2)

10. ئانىسىنى ئەممىدى. خام گوش، ئاش، مەي سورىدى،
11. تىلى چىقىشقا باشلىدى. قىرىق كۈندىن كېيىن،
12. چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى. ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك،
13. بېلى بورى بېلىدەك، مۈرىسى قارا بولغۇن مۈرىسىدەك،
كوكسى
14. ئېيىق كوكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك
باسقان ئىدى.
15. ئۇ يىلقىلارغا قارايتتى،
16. ئاتلارنى مىنەتتى، ئوۋ ئوۋلايتتى.
17. كۈنلەر ئوتۇپ، تۈنلەر ئوتۇپ،

(3)

18. ئۇ يىگىت بولدى. بۇ چاغدا، بۇ
19. يەردە، بىر چوڭ ئورمان بار ئىدى،
20. ئۇنىڭدا كوپ دەريا-ئېقىنلار بار ئىدى.
21. بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلار كوپ ئىدى، قۇشلار ئۇچۇشۇپ
يۈرەتتى.

22. بۇ ئورمان ئىچىدە چوڭ بىر قىئات بار ئىدى،
23. ئۇ مال-چارۋا ۋە خەلقىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان
24. ئىنتايىن ۋەھشى بىر ھايۋان ئىدى، ئۇ ئەل-جامائەتكە زور
25. جەۋرى-جاپا كەلتۈرگەن ئىدى. ئوغۇز خاقان بىر
26. باتۇر ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ قىئاتنى ئوۋلىماقچى بولدى.
27. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋغا چىقتى.

(4)

28. نەيزە ئېلىپ، ئوق-يا ئېلىپ، يەنە قىلىچ ئېلىپ، قال-
قان ئېلىپ
29. ئاتلاندى. بىر بۇغا ئوۋلىدى، ئۇ، بۇ بۇغىنى
30. تالنىڭ چىۋىغى بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپ كەتتى.
31. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كەلگىنىدە،
32. كوردىكى قىئات بۇغىنى ئېلىپ
33. كېتىپتۇ. ئۇ يەنە بىر ئېيىق ئوۋلاپ،
34. ئۇنى ئالتۇن بەلۋىغى بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپ كەتتى.
35. ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا
36. كەلگىنىدە، كوردىكى، قىئات ئېيىقنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

(5)

37. ئۇ (ھېلىقى) دەرەخنىڭ تۈۋىدە تۇرغىنىدا،
38. قىئات كېلىپ بېشىنى ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا ئۇردى.
39. ئوغۇز نەيزىسىنى قىئاتنىڭ بېشىغا ئۇردى، ئۇنى

40. ئۆلتۈردى، قىلىچ بىلەن بېشىنى كەستى. ئۇنى ئېلىپ كەتتى.
41. ئۇ يەنە كەلگىنىدە كوردىكى، بىر شۇڭقار قىئاتنىڭ ئىچ-باغرىنى
42. يەپ تۇرغان، ئۇ شۇڭقارنى ئوقيا
43. بىلەن ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ بېشىنى كەستى. ئاندىن
44. كېيىن ئۇ ئېيتتىكى: "قاراڭ، مانا بۇ شۇڭقارنىڭ تۇرقى (بىر شۇڭقارنىڭ رەسمى سىزىلغان).
45. قىئات بۇغا يىدى، ئېيىق يىدى، ئۇ گەرچە تۇمۇردەك قاتتىق

(6)

46. بولسىمۇ نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى،
47. شۇڭقار قىئاتنى يىدى، ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ،
48. ئوقيايىم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى." سوزلەپ بولۇپ كېتىپ قالدى. مانا بۇ
49. قىئاتنىڭ تۇرقى (قىئاتنىڭ رەسمى سىزىلغان). كۈنلەرنىڭ بىرىدە
50. ئوغۇزخاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقىنىدا، (ئەتراپ)
51. قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر
52. كوك يورۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق،
53. ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى.
54. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا

(7)

55. بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز

56. تەنھا ئولتۇرغان.

57. ئۇ ساھىپجامال بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك

58. پاقىراق مېڭى بولۇپ، خۇددى

59. تومۇر قوزۇققا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكى،

60. ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى،

61. ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز خاقان

62. ئۇنى كۆرگىنىدە پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ ھۇشىدىن كەتتى.

63. ئۇنىڭغا كويۇپ قالدى، ئۇنى ئالدى.

(8)

64. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتتى، تىلىگىنىگە يەتتى.

65. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى، كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ،

66. ئۇنىڭ كۆزى يورۇدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى.

67. تۇنجىسىغا كۈن دەپ،

68. ئوتتۇرانجىسىغا ئاي دەپ، كەنجىسىگە

69. يۇلتۇز دەپ ئات قويدى. بىر كۈنى

70. ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى.

71. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ

72. دەرەخنى كوردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا

(9)

73. بىر قىز تەنھا ئولتۇراتتى.
74. ئۇ ئىنتايىن ساھىپ جامال ئىدى، ئۇنىڭ
75. كوزى ئاسماندىنىڭ كوكرەك.
76. چېچى سۇ ئېقىمىدەك،
77. چىشى ئۇنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنداق
78. ساھىپجامال قىز ئىدىكى، يەر-جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى
كورسە
79. "ئاھ، ئاھ، جاننى ئالىدىكەن" دەرلەر ئىدى. سۈت
80. قىمىزغا ئايلاندى. ئوغۇز خاقان
81. ئۇنى كورگىنىدە ھوشىدىن كەتتى، يۈرىگىگە

(10)

82. ئوت چۈشتى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى، ئۇنى ئالدى، ئۇنىڭ
بىلەن بىللە ياتتى،
83. تىلىگىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى.
84. كۈنلەر ئوتۇپ، تۈنلەر ئوتۇپ،
85. ئۇ يەڭگىدى. ئۈچ ئوغۇل تۇغدى.
86. تۇنجىسىغا كوك،
87. ئوتتۇرانجىسىغا تاغ،
88. كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى:
89. شۇندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان چوڭ
90. توي بەردى، ئەل-جامائەتنى تەكلىپ قىلدى.

(11)

91. ئۇلار كېلىپ قاتناشتى. قىرىق شىرە،
92. قىرىق بەندىڭ ياساتتى.
93. كۆپچىلىك تۈرلۈك نازۇ - نىمەتنى يېيىشتى.
94. تۈرلۈك مەي - شارابلار ئىچىشتى. تويدىن كېيىن،
95. ئوغۇز خاقان بەگلەرگە ۋە ئەل - جامائەتكە
96. يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى:
97. "مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار
98. يا بىلەن قالقان؛ تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
99. كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران؛

(12)

100. تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، ئوۋلاقتا
101. يۈرۈشسۇن مال - ۋاران؛ ھەم ئاقسۇن دەريا - ئېقىن،
102. قۇياش تۇغ بولسۇن.
103. ئاسمان قورغان." ئاندىن كېيىن، ئوغۇز
104. خاقان تەرەپ - تەرەپكە يارلىق چىقاردى. مەكتۇپ يېزىپ
105. ئەلچىلەردىن ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپتە مۇنداق دېيىلگەن:
106. "مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن،
107. مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى
108. بولۇشۇم كېرەك. مەن سىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنۇشۇڭ-
لارنى

(13)

109. سورايمەن. كىمكى مېنىڭ ئاغزىمغا
110. باقسا، مەن ئۇنىڭغا تارتۇق تارتىپ،
111. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىمەن.
112. كىمكى ئاغزىمغا باقمىسا، غەزەپ بىلەن
113. لەشكەر تارتىپ
114. ئۇنى ئۇزەمگە دۈشمەن تۇتىمەن.
115. لەشكەرلىرىم ھەممىلا يەردە سىلەرنى يوقىتىدۇ."
116. بۇ چاغدا، ئوڭ تەرەپتە
117. ئالتۇن خاقان دىگەن بىر خاقان بار ئىدى. بۇ

(14)

118. ئالتۇن خاقان ئوغۇز خاقانغا ئەلچى ئەۋەتىپ،
119. نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش،
120. نۇرغۇن ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىتنى سوغا قىلىپ،
121. ئوغۇز خاقانغا ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۈردى. ئوغۇز خاقا-
122. ئۇنىڭ ياخشى بەگلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت
ئورناتتى.
123. ئالتۇن خاقان بىلەن دوست بولدى.
124. سول تەرەپتە ئۇرۇم (رىم) دىگەن
125. بىر خاقان بار ئىدى. بۇ خاقانىنىڭ
126. لەشكەرلىرى ۋە شەھەرلىرى نۇرغۇن ئىدى.

(15)

127. بۇ ئۇرۇم خاقان ئوغۇز

128. خاقاننىڭ يارلىغىنى قوبۇل

129. قىلمىدى، ئۇنى ھورمەتلەپ ئالدىغا بارمىدى

130. "بۇ سۆزلەرگە پىسەن قىلمايمەن" دەپ يارلىققا بوي سۇنمىدى.

131. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقاننىڭ

132. غەزىۋى كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەسكەر چىقىرىشقا تەييارلاندى.

133. تۇغلىرىنى كۆتىرىپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاتلاندى.

134. قىرىق كۈندىن كېيىن، مۇز تاغ دىگەن

135. تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى.

(16)

136. چېدىر تىكىپ، شۈك بولۇپ ئۇخلاشتى.

137. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇز خاقاننىڭ

138. چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى.

139. ئۇ يورۇق ئىچىدىن، كوك

140. تۈكلۈك، كوك يايلىلىق چوڭ

141. بىر ئەركەك بورى چىقتى. بۇ بورى ئوغۇز

142. خاقانغا مۇنداق دىدى:

143. "ھەي، ئوغۇز سەن

144. ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ،

(17)

145. مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن."

146. شۇندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان

147. چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلاندى.

148. قارىسا، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا

149. كوك تۈكلۈك، كوك يايلىلىق

150. چوڭ بىر ئەركەك بورى

151. يول باشلاپ مېڭىۋاتقان، بۇنىڭ بىلەن

152. ئۇلار بورىنىڭ كەينىدىن

153. ئەگىشىپ ئىلگىرلىدى.

(18)

154. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، كوك

155. تۈكلۈك، كوك يايلىلىق بۇ چوڭ

156. ئەركەك بورى يولدىن توختىدى. ئوغۇزمۇ لەشكەرلىرى

157. بىلەن بىرگە توختىدى. بۇ يەردە ئىتىل

158. دېگەن بىر دەريا بار ئىدى. ئىتىل دەرياسىنىڭ

159. قىرغىقىدىكى قاراتاغ باغرىدا

160. قاتتىق ئۇرۇش بولدى.

161. ئىككى قوشۇن ئارىسىدا ناھايىتى كوپ

162. جىددى ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇش

163. ئەل - جامائەتنىڭ كوڭلىگە كوپ قايغۇ

164. سالدى. ئۇرۇش شۇنداق قاتتىق بولدىكى،

165. ئىتىل دەرياسىنىڭ سۇيى

166. قىپ-قىزىل سىرغا ئايلاندى.

167. ئوغۇز خاقان يەڭدى،

168. ئۇرۇم خاقان قاچتى. ئوغۇز خاقان

169. ئۇرۇم خاقانىنىڭ خاقانلىغىنى ئالدى،

170. ئەل-جامائەتنى ئوزىگە قاراتتى، نۇرغۇنلىغان جانسىز

171. ۋە جانلىق غەنىمەتلەر ئوغۇز خاقانىنىڭ

(20)

172. ئوردىسىغا كىردى. ئۇرۇم خاقانىنىڭ بىر

173. قېرىندىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇرۇس بەگ ئىدى.

174. ئۇرۇس بەگ ئوغلىنى

175. تاغ بېشىغا جايلاشقان، ئەتراپى

176. چوڭقۇر خەندەك بىلەن ئورالغان

177. شەھەرنى قوغداشقا ئەۋەتتى ھەمدە ئوغلىغا

178. "شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك، ئۇرۇش باشلانغاندىن
كېيىنمۇ،

179. شەھەرنى قوغداپ قېلىشىڭ كېرەك" دىدى.

180. ئوغۇز خاقان ئاشۇ شەھەرگە ئاتلاندى.

(21)

181. ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغلى ئوغۇز خاقانغا

182. نۇرغۇن ئالتۇن-كۇمۇش ئەكەلدى،

183. ھەمدە: ئىخ، سەن مېنىڭ خاقانىمسەن!
184. ئاتام بۇ شەھەرنى ماڭا بەرگەن ھەمدە
185. شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك، ئۇرۇش باشلانغاندىن
كېيىنمۇ،
186. شەھەرنى قوغداپ قېلىشىڭ كېرەك دېگەن.
187. ئەگەر ئاتام خاپا بولۇپ قالسا،
188. مېنىڭ ھالىم قانداق بولۇر؟
189. مەن سېنىڭ يارلىغىڭنى ئىجرا قىلىشقا تەييارمەن.

(22)

190. بىزنىڭ بەختىمىز، سېنىڭ
191. بەختىڭ، بىزنىڭ ئۇرۇغىمىز،
192. سېنىڭ دەرىخىڭنىڭ ئۇرۇغىدىن،
193. تەڭرى ساڭا
194. پۈتۈن زېمىننى ئاتا قىلماقتا. مېنىڭ جىسمىم ۋە
195. بەختىم ساڭا مەنسۇپ. مەن ساڭا
196. تارتۇق تارتىپ تۇرۇپ، دوستلۇقتىن چىقمايمەن" دېدى.
197. ئوغۇز خاقانغا يىگىتنىڭ سۆزى
198. ياقتى، شاتلىنىپ كۈلدى.

(23)

199. ھەمدە: "ماڭا كوپ ئالتۇن تەقدىم قىپسەن،
200. شەھەرنى ياخشى ساقلاپسەن" دېدى.

201. شۇڭا ئۇنىڭغا "ساقلاپ" دەپ ئات قويدى،
202. ئۇنىڭغا دوستلۇق قىلدى. شۇندىن كېيىن ئوغۇز خاقان
203. لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئىتىل دەرياسىغا كەلدى.
204. ئىتىل دەرياسى چوڭ بىر دەريا ئىدى.
205. ئوغۇز خاقان ئۇنى كورۇپ ئېيتتىكى:
206. "ئىتىلنىڭ سۈيىدىن قانداق ئۆتەرمىز؟" لەشكەرلەر ئىچىدە
207. ئۇلۇس ئوردابەگ دېگەن بىر ياخشى بەگ بار ئىدى.

(24)

208. ئۇ قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىدى.
209. ئۇ بەگ دەريا بويىدا نۇرغۇن تال - ياغاچلارنىڭ
تۇرغانلىغىنى
210. كوردى. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بەگ...... ئاشۇ ياغاچلار...
211. كەستى. ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلىتىپ، ئۆزلىرى ئۇنىڭ
ئۈستىگە چىقىپ ئىتىل دەرياسىدىن ئۆتتى.
212. ئوغۇز خاقان شاتلىنىپ كۈلدى، ئېيتتىكى:
213. "ھەي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ.
214. قىپچاق ساڭا ئات بولسۇن."
215. ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭدى.
216. شۇندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان يەنە ھېلىقى كوك
تۈكلۈك،

(25)

217. كوك يايلىلىق ئەركەك بورىنى كوردى.

218. بۇ كوك بورە ئوغۇز خاقانغا ئېيتتىكى:

219. "ئوغۇز، ئەمدى لەشكەرلىرىڭنى باشلاپ بۇيەردىن قوزغال.

220. سەن ئەل ـ جامائەت ۋە بەگلەرنى باشلاپ ماڭ،

221. مەن ساڭا يول باشلاپ ماڭىمەن."

222. تاڭ ئاتقاندا، ئوغۇز خاقان ئەركەك

223. بورىنىڭ لەشكەرلىرى ئالدىدا،

224. يول باشلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كورۇپ شاتلاندى

225. ھەمدە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭدى.

(26)

226. ئوغۇز خاقان بىر چىپار ئايغىر ئاتقا

227. مىنەتتى. ئۇ بۇ ئايغىرنى ئىنتايىن

228. ياخشى كورەتتى. يولدا بۇ ئايغىر كوزدىن

229. يوتتى. بۇ يەردە ئىگىز بىر تاغ بار ئەدى.

230. ئۇنىڭ ئۇستىدە توك ـ مۇزلار بار ئىدى.

231. ئۇنىڭ چوققىسىدا ئاپپاق قارلار بار ئىدى،

232. شۇڭا بۇ تاغ مۇز تاغ

233. دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇز خاقانىڭ ئېتى

234. مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

(27)

235. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقان ئوزۇنىڭچە ئازاپ چەكتى.

236. لەشكەر ئىچىدە بەستلىك ۋە تەمبەل بىر ئەر بار ئىدى.

237. ئۇ ھەچنېمىدىن قورقماس باتۇر ئادەم ئىدى،
238. جەڭلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن ئادەم ئىدى.
239. بۇ ئادەم ئاتنى ئىزدىگىلى تاققا كىردى.
240. توققۇز كۈندىن كېيىن، ئوغۇز خاقانغا
241. ئايغىرنى ھازىر قىلدى. مۇز تاغ
242. ئىنتايىن سوغ بولغاچقا، بۇ بەگنىڭ پۈتۈن ئەت ـ جانىنى
243. قار ـ مۇز قاپلىغان ئىدى.

(28)

244. ئوغۇز خاقان خۇرسەن بولۇپ كۈلدى، ئېيتتىكى:
245. "ھەي، سەن بەگلەرگە بولغىن باشلىق،
246. مەڭگۈلۈك ئىسمىڭ بولسۇن ساڭا قارلۇق" ھەمدە
247. ئۇنىڭغا نۇرغۇن دۇنيا تەقدىم قىلدى. يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى.
248. ئۇ يولدا ئىگىز بىر ئۆينى كوردى،
249. بۇ ئۆينىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈگى كۈمۈشتىن،
250. ئىشىگى تومۇردىن ياسالغان ئىدى.
251. ئىشىگى قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىدى.
252. لەشكەرلەر ئىچىدە بىر چېۋەر ئۇستام بار ئىدى.

(29)

253. ئۇنىڭ ئىسمى تومۇردۇ قاغۇل ئىدى.
254. ئوغۇز ئۇنىڭغا: "سەن بۇيەردە قال،

255. ئىشكىنى ئاچ، ئىشكنى ئاچقاندىن كېيىن
256. ئوردىغا قايتىپ بار" دەپ يارلىق چۈشۈردى ھەمدە
ئۇنىڭغا قالاچ دەپ ئات قويدى.
257. يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. بىر كۈنى كۆك تۈكلۈك،
258. كۆك ياللىق ئەركەك بۆرە يەنە يولدىن توختىدى.
259. ئوغۇز خاقانمۇ يولدىن توختاپ، چېدىرلىرىنى تىكتى.
260. بۇ تېرىلمىغان تۈزلەڭلىك بىر يەر بولۇپ،
261. چۇرچىت دەپ ئاتىلاتتى.

(30)

262. ئۇنىڭ ئەل-جامائىتى كۆپ، يەرلىرى كەڭ ئىدى.
263. بۇ يەردە يىلقىلار، پادا-كاللار، ئالتۇن-كۈمۈش،
264. ئۈنچە-مەرۋايىتلار كۆپ ئىدى. چۇرچىت خاقان
265. ۋە ئەل-جامائىتى ئوغۇز خاقانغا قارشىلىق بىلدۈردى.
266. ئۇرۇش باشلاندى. ئىككى تەرەپ ئوق چىقىرىپ، قىلىچ
267. ئۇرۇشۇپ جەڭ قىلدى. ئوغۇز خاقان چۇرچىت
268. خاقاننى يەڭدى، ئۇنىڭ بېشىنى
269. ئېلىپ ئۆلتۈردى. چۇرچىتنىڭ ئەل-جامائىتىنى
270. ئۆز ئاغزىغا قاراتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن،

(31)

271. ئوغۇز خاقاننىڭ لەشكەرلىرىگە، نۆكەرلىرىگە ۋە
272. خەلقىغە شۇنداق كۆپ غەنىمەتلەر چۈشتىكى،

273. ئۇنى توشۇشقا شۇنچىلا ئات، خېچىر، كالىلار
274. ئازلىق قىلدى. ئوغۇز خاقاننىڭ
275. لەشكىرى ئىچىدە ياشانغان بىر چېۋەركىشى بار بولۇپ،
276. ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىق يوسۇن بىللىگ ئىدى.
277. بۇ چېۋەر، ئادەم بىر ئىگىز ھارۋا ياسىدى. ھارۋا ئۈستىگە
278. جانسىز غەنىمەتلەرنى قاچىلىدى، ھارۋىنىڭ ئالدىغا
379. جانلىق غەنىمەتلەرنى قوشتى، ئۇلارغا ھارۋىنى تارتقۇزدى.

(32)

280. نۆكەرلەر، ئەل-جامائەت بۇنى كۆرۈپ
281. ھەيران بولدى، ئۇلارمۇ ھارۋا ياسىدى.
282. ئىگىز ھارۋا ماڭغاندا "قانغا، قانغا" دىگەن ئاۋاز چىقاتتى.
283. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا "قانغا" دەپ
284. ئات قويدى. ئوغۇز خاقان قانغالارنى كۆرۈپ
285. كۈلدى، ئېيتتىكى: "قانغا بىلەن جانسىز غەنىمەتنى
286. جانلىق غەنىمەت سۆرەپ ماڭسۇنكەن.
287. ئىگىز ھارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، قانغۇلۇق
288. ساڭا ئات بولسۇن." سۆزىنى توگىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

(33)

289. ئاندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان يەنە كۆك تۆكلۈك، كۆك يايلىلىق
290. ئەركەك بۆرە بىلەن سىندۇ، تاڭغۇت،

291. شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ باردى.
292. كوپ ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلاردىن كېيىن،
293. ئۇ جايلارنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ئۇ يەرلەرنى ئوز
دولەت تېررىتورىيىسىگە قوشتى.
294. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك،
295. جەنۇپ تەرەپتە بارقان دېگەن
296. يەرنىڭ بارلىغىنى بىلىش كېرەك. ئۇ يەر
297. ناھايىتى مۇنبەت ۋە ئىسسىق يەر ئىكەن.

(34)

298. ئۇ يەردە ھايۋاناتلار ۋە قۇشلار كوپ ئىكەن،
299. ئالتۇن، كۈمۈش، بايلىق كوپ ئىكەن.
300. ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ چىرايى قاپ - قارا ئىكەن،
301. خاقانىنىڭ ئىسمى ماسارخاقان ئىكەن.
302. ئوغۇزخاقان شۇ جايغا ئاتلاندى.
303. ئىنتايىن قاتتىق ئۇرۇش بولدى.
304. ئوغۇزخاقان يەڭدى، ماسارخاقان قاچتى.
305. ئوغۇزخاقان بۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ
دوستلىرى
306. خۇرسەن بولدى، دۈشمەنلىرى زار

(35)

307. قاقشىدى. ئوغۇزخاقان ئۇنى يەڭگەندىن كېيىن،
308. يۈتمەس - تۈگىمەس بايلىققا ۋە مال - چارۋىغا ئىگە بولدى
309. ھەمدە ئۇلارنى ئوز ئېلىگە توشۇپ كەتتى.
310. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك،
311. كىشىلەرگە بىلدۈرۈش كېرەك، ئوغۇزخاقاننىڭ

312. يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق،
313. قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى.
314. ئۇ بىلەرمەن ۋە لىللا ۋەزىر ئىدى،
315. ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۇرۇك ئىدى.

(36)

316. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە
317. بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كوردى.
318. بۇ ئالتۇن يا كۈنچىقىشتىن تا كۈنپېتىشقىچە سوزۇلغان
319. ئىدى. ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۇچى
320. شىمالنى كورسىتىپ تۇراتتى.
321. ئويقۇدىن كېيىن، ئۇ چۈشىگە كەچكەنلىرىنى
322. ئوغۇزخاقانغا ئېيتىپ مۇنداق دىدى:
324. "هەي، خاقانىم،
ساڭا ئۇزۇن ئومۇر يار بولسۇن،

(37)

325. هەي خاقانىم، سېنىڭ ئەل - نىزامىڭغا ئادالەت يار بولسۇن؛
326. كوك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت،
327. ئىشغال قىلغان يەرلىرىنى ئۇرۇغىغا
328. بولۇپ بەرسۇن دەپ." ئوغۇزخاقان ئۇلۇغ
329. تۇرۇكنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇرسەن بولدى
330. هەمدە: "ئېيتقىنىڭ كەلسۇن" دىدى.

331. ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا، بالىلىرىنى
332. چاقىرىپ كەلتۈرۈپ ئېيتتىكى: "ھەي (ئوغۇللىرىم)
333. ئۇۋۇنى كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدۇ،
ياشىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن،

(38)

334. ئۇۋغا چىقىشقا چامىم يەتمەيدۇ. كۈن،
335. ئاي، يۇلتۇز، ئۈچىڭلار تاڭ ئاتار تەرەپكە بېرىڭلار.
336. ئاسمان، تاغ، دېڭىز ئۈچىڭلار تۈن قاراڭغۇسى
337. تەرەپكە بېرىڭلار." بۇنىڭ بىلەن
338. ئۈچەيلەن تاڭ ئاتار تەرەپكە،
339. قالغان ئۈچى تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە كەتتى، كۈن، ئاي،
340. يۇلتۇز نۇرغۇن ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىدى ھەمدە
341. يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالدى،
342. شۇنداقلا ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

(39)

343. ئوغۇزخاقان شاتلاندى ھەمدە
344. ئالتۇن يانى ئۈچ بولەككە بولدى ۋە ئېيتتىكى:
345. "ھەي، ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن،
346. سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كوككىچە ئېتىڭلار."
347. يەنە شۇندىن كېيىن، ئاسمان، تاغ
348. ۋە دېڭىز نۇرغۇن ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىغاندىن
كېيىن،

349. يولدىن ئۈچ كۆمۈش ئوق تېپىۋالدى ھەمدە
350. ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.
351. ئوغۇزخاقان شاتلاندى

(40)

352. ھەمدە ئوقلارنى ئۈچكە بولۇپ بەردى، ئېيتتىكى:
353. "ھەي، ئىنىلەر، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن،
354. يا ئوقنى توغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش
355. (ياغا بوي سۇنۇڭلار)." شۇندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان
356. چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى.
357. نۆكەرلىرىنى، ئەل-جامائىتىنى چاقىرتتى، ئۇلار كېلىپ
358. با مەسلىھەت ئولتۇرۇشتى. ئوغۇز خاقان
359. چوڭ چېدىردا......
360. ...... (ئوڭ تەرىپىگە)،

(41)

361. قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى،
362. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇ ئاستى،
363. ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول
364. تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى،
365. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۆمۈش توخۇنى ئاستى،
366. تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى.
367. ئوڭ تەرەپتە بوزۇقلار ئولتۇردى،

368. سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى.
369. قىرىق كىچە - كۈندۈز توي بولدى،

(42)

370. ئىچىشتى، يېيىشتى، خۇرسەن بولۇشتى. شۇندىن كېيىن،
371. ئوغۇزخاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى،
372. ئېيتتىكى: "هەي، ئوغۇللىرىم، مەن كوپ ياشىدىم.
373. كوپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۈم. يا بىلەن كوپ ئوق ئاتتىم. ئايغىر بىلەن
374. كوپ يوللارنى كەزدىم. دۈشمەنلەرنى زار يىغلىتىپ، دوستىلارنى
375. شات ئەيلەتتىم. تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم.
376. ئەمدى يۇرتنى سىلەرگە بولۇپ بېرىمەن." ..................
377. ....................................................
378. ....................................................

## «دەدە قورقۇت» داستانى توغرىسىدا

ئەدەبىيات — سەنئەت - ئىجتىمائى هاياتنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى بولۇپ، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئالاھىدە ئىجتىمائى ئاڭ شەكلىدۇر. ئۇ ئىجتىمائى بارلىققا بېقىندى ۋە نىسبى مۇستەقىللىككە ئىگە. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت — هوكۇمران سىياسى ئىدىيولوگىيىنىڭ تەسىرىگىمۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىگە، ئىنسانپەرۋەرلىك، تەرەققىپەرۋەرلىك، دېموكراتىزىم، گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلەر بىلەن ئەنئەنىۋىلىك كوز قاراشلارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭا تارىخى

ئەسەرلەردە بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەسىرىنى قارغۇ-
لارچە ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. تېگى - تەكتىدىن ئېيت-
قاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىۋىلىكتىن ئەمەس
بەلكى خەلقتىن ئايرىلغاندا يولدىن ئادىشىدۇ. ئەدەبىيات-
سەنئەت ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كوز ئالدىدىكى سىياسى
مەنپەئەتىنىڭ تەسىرى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھېس - تۇيغۇ-
لىرى ۋە بەلگىلىك تارىخى يۈزلىنىشىنىڭ كۈچلىرى تەسى-
رىدە رىۋاجلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئەييەن بىر دەۋر مەزمۇ-
مۇنلىرى، سىنىپى ۋە نىسبىي ئېستېتىك مەزمۇنلار بولۇپ
قالماستىن يەنە پۈتكۈل تارىخى ئامىللار، ئومۇمى خەلق
خاراكتىرىدىكى ئامىللار ۋە مەزمۇنلار بولىدۇ. ئومۇمىراق
قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق پەرۋەرلىك ئامىللىرى ئۈستۈنلۈك
ئالغان سەنئەت، خەلقپەرۋەرلىك ئامىللىرىنى تارىخى
مۇھىت ۋە يارقىن بەدىئى ئوبرازلار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ،
كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق تەييارلىغان
ئەدەبىيات - سەنئەت ئولمەس كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەدەبى-
يات - سەنئەتنىڭ بۇ قانۇنىيىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيە
ئازاتلىغى، ئىجتىمائى ئازاتلىغى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان
دەۋرى، خەلقنىڭ پىكىر قىلىشى ئۈستۈنلۈك ئالغان دەۋرى،
خەلقنىڭ ساغلام ئېستېتىك ئولچەملىرىنى ئىگەللىگەن
دەۋرى — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەقىقى گۈللىنىشكە ئېرىش-
كەن دەۋرى بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىئو-
لوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە
دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىردەكلىك قانۇنىيىتى — ۋارىسلىق
قانۇنىيىتى ۋە رىۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ.
ئەدەبىيات - سەنئەت مۇئەييەن دەۋردىكى رېئال
ھاياتنىڭ مىخانىك ئىپادىسى ئەمەس. ئۇ بەلگىلىك بىر
تارىخى دەۋر، تارىخى مەدەنىيەت جەريانىنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭدا تارىخى ئەنئەنە، ئۆزئارا چەتتىن قوبۇل قىلىش
ۋە بەدىي غايە زور رول ئوينايدۇ. بۇ جايدا شۇ نەر-
سىنى تەكىتلەش لازىمكى، ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئىپادى-
لەيدىغان تىل، پسىخولوگىيىلىك ئامىللار، مىللى تۇرمۇش
ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان مىللەت، شۇ
مۇھىتتا يارالغان ئەدەبىيات-سەنئەتكە بىر پۈتۈن مىللى
گەۋدە بېغىشلايدۇ. لېكىن ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى چىنلىق،
گۈزەللىك قانۇنىيىتى، يۈكسەكلىك، تىراگېدىيىلىك، كومې-
دىيىلىك، ھېس-تۇيغۇ چۈشەنچىلىرى، ھەقىقەت، ساختى-
لىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيىتى-
نىڭ يۈزلىنىش قانۇنىيەت بىردەكلىكىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ
ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھاياتقا ياندىشىش تۈپكى پرىنسىپى
بولغان گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق، ھەركەت قانۇن-
لىرىنىڭ ئوبېكتىۋلىقى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ
دۇنيانى ۋە ئۆزىنى بىلىش، ئۆزگەرتىش تارىخىدىكى بىر-
دەكلىك تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. شۇڭا بىز ئىلمى
تەتقىقات ئىشلىرىمىزدا ھەر قايسى دەۋرلەردە، ھەرقايسى
دۆلەتلەر خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىدا مەيدانغا كەل-
گەن ئىلمى، پەلسەپىۋى ئېستېتىك قاراشلارنىڭ بىر-بىر-
سىگە تەسىرىنى ۋە بىر-بىرىگە ۋارىسلىق قانۇنىيىتىنى
نەزەرگە ئېلىش ھەققانى ئىلمىلىك بولىدۇ.

ئۆتمۈشتىكى مۇنەۋۋەر سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە
ۋارىسلىق قىلىش، باشقا خەلقلەرنىڭ تارىخى ياكى رىيال
بايلىقلىرىنى ئۆزىگە لايىقلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلىش ئومۇمى
ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىدىكى بىر قانۇنىيەتتۇر.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئەنە شۇ يۇقۇرقى قانۇنىيەت-
لىرىگە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئەدە-
بىيات تارىخىغا ياندىشاق، خېلى ئۇزاق دەۋر ئارىلىشىپ،

كېيىنرەك بىر - بىرىگە يانداش جايلاردا ياشىغان ئۇيغۇر-
لار، ئۆزبەكلەر، تۈركمەنلەر، ئەزەربەيجانلار ۋە تۈرك قا-
تارلىق خەلقلەرنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن زور تارىخى
ۋەقەلەرنى، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى، ئېتنىگراپىيىسىنى
ئەدەبىيات شەكلى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۆزىدە توتېم-
مىزىم، شامانىزىم قاتارلىق ئېتىقاتلارنى ئاساسىي كۆز
قاراش قىلىپ، ئىسلام دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقنى ئەكس
ئەتتۈرگەن «ئوغۇزنامە» ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە داۋامى
شەكلىدە ئىسلام تېئولوگىيىسىنى ئۆزىگە كۆز قاراش قىلىپ
ئىسلام دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن «دەدە قورقۇت»① ۋە
ئىسلام تېئولوگىيىسىنىڭ دوگمىسىغا قارشى يارىتىلغان «گور
ئوغلى» داستانى يۇقۇرقى تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق تارى-
خى جەريانىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى.
ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەسىر-
لەردىن ئەسىرلەرگە ئۆتۈپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان، خەلق ئە-
قىل پاراسىتىنى ئۆزىگە جەملىگەن بەدىئىي تىپ — نەسىردىن
ئەپەندى ئوتتا ئاسىيا تۈركى خەلقلىرىگە قانداق ئورتاق
بولسا، «ئوغۇزنامە»، «دەدە قورقۇت»، «گور ئوغلى» مۇ
ئوخشاشلا شۇنداق ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە «دەدە
قورقۇت» داستانى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا
كەلگەنلىكىنى بىرىنچى باپتا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. «دەدە
قورقۇت» داستانى سىيۇژىتلىرى تۈركى خەلقلەر ئارىسىدا
9 - 8 ئەسىرلەردە پەيدا بولۇپ، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ
تىرادىتسىيىسى بويىچە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ 15-
ئەسىرنىڭ ئاخىرى 16 - ئەسىرنىڭ بېشىدا تولۇقلىنىپ

① دوكتۇر مۇھەررەم ئېرگىن «دەدە قورقۇت كىتاۋى» تۈركچە. 95- 96- 97- 98 ــ. بەتلەر 1980 - يىلى. ئىستان-بول نەشرى.

قەلەمگە ئېلىنغان. بۇ داستان مۇسۇلمان ئوغۇز تۈركلىرى-
نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە زاكاۋكازىيىدە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى
مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭ
قەھرىمانلىقلىرىنى ئاساس قىلغان ۋە تەبىئەتنى بويسۇندۇ-
رۇش ئۈچۈن قىلغان جەڭگىۋار ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەت-
تۈرىدىغان قەھرىمانلىق داستاندۇر.

بۇ داستان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا «كىتابى دەدە قورقۇت» ياكى تولۇق ئىسمى «كىتابى دەدە قورقۇت ئەلاسانى تەيىغى ئوغۇزان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ دىرىسدىن ۋە ۋاتىكان قولىيازمىلىرى بار. دىرىسدىن قولىيازمىسى 12 ھېكايىدىن تەشكىل تاپقان بولسا، ۋاتىكان قولىيازمىسى 6 ھېكايىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ داستاننى بىرىنچى قېتىم شەرقشۇناس ت. نيۆلدىكى (1836 - 1930) ھازىرقى زامان تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. لېكىن پۈتۈن تەرجىمىگە ئۈلگۈرەلمەي، ماتېرىيالنى روس شەرقشۇناسى ۋ.ۋ. بارتولدقا بەرگەن. بارتولد 1894 - 1905-يىللىرى ئارىلىقىدا 4 بابىنى روسچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان ۋە 1922 - يىلىغا كەلگەندە بۇ داستاننىڭ پۈتۈن تېكىستىنى تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان. بۇ داستان بىرىنچى قېتىم 1950 - يىلى ئەزەربەيجاندا بېسىلىپ چىققان. 1952 - يىلى ئە. رىسى تەرجىمىگە شەرھ بېرىپ، ئىككىنچى قولىيازمىنىڭ فاكسىمىلى بىلەن نەشر قىلغۇزغان. 1962-يىلى ئەزەربەيجانلىق تۈركشۇناس ئالىملار گ. ئارسىلى ۋە ف. م. توخماسوۋلار «مېنىڭ دادامنىڭ كىتاۋى دەدە قورقۇت» نامى بىلەن نەشر قىلدى. بۇ داستان تۈركىيىدە بىر نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان ۋە كوپ تىلللارغا تەرجىمە قىلىنغان. داستان دانىشمەن، مۇتەپەككۇر ۋە ھېكايە قىلغۇچى قورقۇت ئاتىدىن خەۋەر بېرىشتىنلا باشلىنىدۇ. داستان باشتىن ئاخىر بىر پۈتۈن سيۇژىتقا ئىگە

ئەمەس. داستاننى تەشكىل قىلغان 12 باپنىڭ ھەربىرسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھېكايىغا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدىكى داستاننىڭ باش قەھرىمانى بايانىدىرخاننىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئوغۇز باتۇرلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئۇرۇش پائالىيىتىنى تەسۋىرلەيدىغان 10 ھېكايە بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك، سىيكىللىك تورلار بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ ھېكايىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ يېرىدە ئۆزى ئوچۇق مەيدانغا چىقمىسىمۇ بايانىدىرخاننىڭ ئىسمى تەكرارلىنىدۇ. ھېكايىلارنىڭ سيۇژېت مەركىزىدە بەگلەر بېگى سالار قازان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئارۇز ۋە باشقىلار تۇرىدۇ. مەشھۇر تۈركشۇناس ۋ. ۋ. بارتولد داستاندىكى بايانىدىرخانغا ئوغۇزلارنىڭ 15-ئەسىردىكى «ئاق قويۇنلۇ» سۇلالىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىسى بولغان كىشى پىروتوتىپ بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دەپ كۆرسىتىدۇ. داستاننىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى ئوغۇز قەھرىمانلىرىنىڭ يېقىن شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، گورزىن، ئەففاز، گىربىك ۋە زاكاۋكازىيە يەرلىرىدە «دىنسىز»لار بىلەن قىلغان جەڭلىرى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭغا 10 ھېكايە بېغىشلىنىدۇ. ئوغۇزلار ئىچىدىكى جېدەل-ماجىرالارغا بىر ھېكايە بېغىشلىنىپ، بۇ سيۇژېتتا ئودال دومرول ۋە ئۇنىڭ ئوغلى دوقاقاجى باش-قەھرىمان سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. قالغان ئىككى ھېكايە رومانتىك مۇھەببەتكە بېغىشلانغان. بۇ ئىككى ھېكايىنىڭ سيۇژېت مەركىزىدە گۈزەل، باتۇر پەرىزات قىز بىلەن خانتۇرالى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قالى قاجى تۇرىدۇ. سيۇژېت كونفلىكتىنىڭ مەركىزىدە پەرىزات قىزنىڭ ئۆزىگە شەيدا بولغان يىگىتلەرگە قويغان شەرتلىرى، ئۇلار بىلەن بولغان كەسكىن بەسلىشىشلەردە نەچچە ئون يىگىتنى يەڭگەن پەرىزات قىزنىڭ مەرتلىك جاسارىتى كۆرسىتىلىپ، تۈرك ئاياللىرىنىڭ پەزىلەتلىك ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈ-

لىدۇ. كېيىن پەرىزات قىز بىلەن خانتۇرالىنىڭ ئوغلى
قالىخاجىنىڭ تويىغا مۇناسىۋەتلىك ھەركەتلىرى ئارقىلىق
تۈركىي خەلقلەر ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر چۈشەنچىلەر
بەدىئىي ۋاسىتىلار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. بۇ ئىككى ھې-
كايىدىكى ئىككى رىۋايەت تۈركىي خەلقلەر ئېغىز ئىجادىدا
مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، بەلكى گىرىك ۋە ئەرمەن
خەلقلىرىنىڭ ئېغىز ئىجادىدىمۇ مەۋجۇتتۇر. داستان شەرق
خەلق داستانلىرىنىڭ تىرادىتسىيىسى بويىچە نەزىم ۋە
نەسرى ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭ ئۇزىگە خاس
ئالاھىدىلىگى شۇكى، شېئىرى قىسمىدىلا ئەمەس نەسرى
قىسمىدىمۇ لىرىزىم ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئېپىزىم
بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن. ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا
نەسرى قىسمى سەنئۇن خاراكتېرىدە نەسرى شېئىر بىلەن
يېزىلغان. تىلى ھەقىقى پىشقان «مۇقەددەس كىتاپلار»
نىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ داستان
توغرۇلۇق ئاتاقلىق روس شەرقشۇناسى ۋ. ۋ. بارتولد،
يو. ئا. ياكوبىسكو، ۋ. م. ژىرمىنىسكى، ھ. ئەراسلىنىن
كىرىشباقى، روسسون يىڭپوساۋاللىرىس، پېركىن مۇھەررەم،
ئە. رىسسى، ئا. ن. سامايلوۋىچ. ئا. گ. تومانىسكى، مۇھەممەت
فۇئات كۆپرۈلۈزادە قاتارلىق ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ
بارغان. تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئەڭ يىرىك
ئالىملىرىدىن بىرى پىروفېسسور مۇھەممەت فۇئات كۆپرۈ-
لۈزادە: «پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنى تارازىنىڭ
بىر كوزىسىگە، "دەدە قورقۇت"نى يەنە بىر كوزىسىگە قويسىڭىز
يەنىلا "دەدە قورقۇت بېسىپ كېتىدۇ»① دەيدۇ. مانا بۇ
سۆزنى داستاننىڭ ئەھمىيىتىگە بېرىلگەن يېتەرلىك باھا
دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ

① «دەدە قورقۇت كىتابى»، «كىرىش سۆز»، 5 - بەت. تۈركچە 1966 - يىل نەشرى، ئەنقەرە.

كۆپ تارقالغان رومانتىك داستان «شاھ سەنەم ۋە غېرىپ» قەھرىمانلىق داستانى «يۈسۈپ ۋە ئەخمەت» ۋە «گور ئوغلى» غا ئوخشاش داستانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مۇۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن «دەدە قورقۇت» داستانى پۈتۈن تۈركى خەلقلىرى، ئوخشاشلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ئەڭ ياخشى بەدىئى يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ.

تۆۋەندە بىز «دەدە قورقۇت» داستانىدىن پارچە بېرىمىز:

«...ئارۇز ئەسىر بولدى. قازاننىڭ خەۋىرى يوق. دۈشمەن يېڭىلدى دەپ ئويلىدى. ئالتۇن كېمىنى كەينىگە قايتۇردى. ئوغلىنى قالدۇرۇپ قويغان يەردىن تاپالمىدى. ھەي بەگلەر، ئوغۇل نەگە كەتكەندۇر؟ بەگلەر: ئوغلان توخۇ يۈرەك ئانىسىنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىپتۇ، دېدى. قازان قاراپ بېقىپ قايتتى. ھەي، بەگلەر! تەڭرى بىزگە بىر ناچار ئوغۇل بېرىپتۇ، باراي-دە، ئۇنى ئانىسىنىڭ قېشىدىن ئېلىپ كېلىپ، قىلىچ بىلەن ئالتە پارچە قىلاي، ئالتە يولنىڭ ئاچىلىغا تاشلاي، ھەرقانداق كىشى يات يەرلەردە يولداشلىرىنى تاشلاپ قاچمىسۇن، — دېدى ۋە ئېتىنى دېۋىتتى-دە، يولغا چۈشتى. ئۆيىگە كەلدى. خان قىزى بويلۇق بۇرلا خاتۇن قازاننىڭ كەلگەنلىگىنى ئاڭلىدى. ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرا، قويدىن قوچقار سويغۇزدى. ئوغلۇمنىڭ تۇنجى ئوۋى، قاڭلى ئوغۇز بەگلىرىنى تەكلىپ قىلىمەن، دېدى. خان قىزى قازاننىڭ كېلىۋاتقانلىغىنى كوردى، ئورنىدىن تۇردى. چۈگىسىنى يېپىنچاقلاپ قازاننىڭ ئالدىغا چىقتى. قازاننىڭ يۈزىگە قاراپ، ئوڭ-سولغا كوز يۈگۈرتتى. ئوغلى ئارۇزنى كورمىدى. جىگەر باغرى ئېزىلدى. پۈتۈن يۈرىگى ئويناپ كەتتى. قارا كوزلىرى قان-ياشقا تولدى. قازانغا مۇنداق دېدى:

بېرى كەل سالار بېگى، سالار گۈزىلى.
بېشىمنىڭ بەختى، ئۆيۈمنىڭ تەختى.

خان ئاتامنىڭ ئىشەنچىسى،
خاتۇن ئانامنىڭ سۆيگۈسى،
ئاتا - ئانامنىڭ بەرگىنى.
كۆزۈم ئېچىپ كۆرگىنىم،
كۆڭۈل بېرىپ سۆيگىنىم،
بەگ يىگىتىم قازىنىم،
تۇرۇپ ئورنىڭدىن ئۆگشىدىڭ،
ئوغلۇڭ بىلەن قارا يايلى نەسىللىك ئاتقا مىندىڭ،
باغرى گۈزەل زور تاغلار ئارا ئوۋغا چىقتىڭ.
بويىنى ئۇزۇن چوڭ كىيىكنى تۇتۇپ يىقتىڭ،
سېمىز گۆشىنى ئارتىپ قايتتىڭ،
ئىككى باردىڭ، بىر كەلدىڭ، بالام قېنى،
قاراڭغۇ كېچىلەردە تاپقان ئوغلۇم قېنى؟
ئوغۇل، ئوغۇل، ھەي ئوغۇل،
مۇرۇۋۋىتىم ئوغۇل!
ئالدىمدا ياتقان قارا تېغىمنىڭ يۈكسىگى ئوغۇل،
قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرىمنىڭ نۇرى ئوغۇل،
سېرىق يىلان چاقماستىن ئاق بەدىنىم ئىششىماقتا،
قۇرۇپ قالغان كۆكسۈمدە سۈتۈم تاشماقتا،
يالغۇز ئوغلۇم كۆرۈنمەيدۇ، باغرىم يانماقتا.
يالغۇز ئوغلۇم خەۋىرىنى سوزلىگىن ماڭا،
سوزلىمىسەڭ بەددۇئا قىلىمەن ساڭا.
.............................................

## «ئەرگىنە قۇن»① داستانى

تۇتېمىزىم ئېلېمېنتلىرى ساقلانغان، شامانىزىم تۈسىنى ئالغان بۇ داستان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بولغان ئالتاي تاغلىرىدا

---

① «ئەرگىنە قۇن» — ئوبۇلغازى باتۇرخان «تارىخىي شەجەرەي تۈرك» دە ئەرگىنە — تاغنىڭ كامىرى، قۇن — ئوتكۇر، تاغلارنىڭ قىرلىرى دەپ ئىزاھلانغان.

ياشىغان شەرق تۇرالارنىڭ ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن توتىمىزىمغا ئېتىقات قىلغان قەبىلىچىلىك تۈزۈمدە ياشاۋاتقان چاغدىلا رودا ئېرىتىش ۋە تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بەدىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەن.

داستاندىكى ۋەقە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە مۇنداق رىۋايەت تۈسىنى ئالىدۇ:

شەرق تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرسى بىر ئۇرۇشتا ھىلە ئىشلەتكەن دۈشمەندىن يېڭىلىدۇ. يالغۇز قايان ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن ئۇنىڭ جىيەنى نوكۇز خوتۇنلىرى بىلەن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول مېڭىپ، بىر تاغ ئارىسىدا پانالىنىدۇ. بۇ خىلۋەت جايدا ئۇلار كۆپىيىپ، بىر قەبىلە بولۇپ، توت يۈز يىل ياشايدۇ. كېيىن بۇ يەر ئۇلارغا تار كېلىپ قالغاچقا، باشقا يەرگە كۆچمەكچى بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردىن چىقىپ كېتىدىغان يولنى تاپالمايدۇ. ئاخىرى بىر تۆمۈرچى: بۇ يەردىكى بىر تاغدا تۆمۈر رودىسى بار ئىكەن. بىز شۇ رودىنى ئېرىتىپ يول ئاچايلى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتۇن، كۆمۈر دۆۋىلەپ، رودىلارنى ئېرىتىپ، بىر تۆگە پاتقىدەك يول ئاچىدۇ. كۆك بۆرە يول باشلاپ ماڭىدۇ. بۇرۇنقى دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلىدۇ. «ئەرگىنەقۇن» دەپ ئاتالغان مۇشۇ جايدىن چىقىپ كەتكەن كۈن تۈركى خەلقلىرىنىڭ مىللى، دىنى بايرىمى بولۇپ قالىدۇ.

ماركس: "سانائەت تارىخى ۋە سانائەتتىن پەيدا بولغان نەرسىلەر تۈسىنى ئالغان بارلىق نەرسە ئىنسانىيەت ماھىيىتى كۈچىدىن ئېچىلغان كىتاپتۇر. جۈملىدىن كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەنگەن ھىسسىياتلىق ئىنسان پىسخولوگىيىسىدۇر"① دىگەن ئىدى.

داستاننى ئوقۇغىنىمىزدا شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بولغان شەرق تۇرالارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، ئوتلۇق

① «ماركس ئەسەرلىرى» تولۇق نەشرى (46 - توم، رۇسچە 171 - بەت).

ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىنسانى ماھىيىتى كۆچىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تۈسىنى ئالغان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ناھايىتى قەدىمى تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى كۆزگە تاشلىنىدۇ. داستاندا ئىپادىلەنگەن بۇ ھەقىقەتنى 17 - ئەسىردە بۇ يەرنى بېسىۋالغان چاروسىيە، بۇ يەرنى "تۇمۇرچىلەر تېغى" دەپ ئاتىغان سوزىدە ئىلاجسىز ھالدا ئىسپاتلىغان ئىدى. بۇ ھالنى ھازىرقى زامان ئارخېئو - لوگىيە ماتېرىياللىرى تولۇپ تاشقان پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىماقتا.

يۇقۇرقى ئەھۋال داستاندا خەلق داستانلىرىغا خاس رىۋايەتلىك سىيۇژىت، بەدىئى تىل، شېئىرىيەتكە خاس ئاكوستىكا، يېنىك شېئىرى شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن.

ئەرگىنە قۇن

يىللار ئۆتتى، بىر ئان كەلدى،
تۆرك تەختىگە ئىلخان كەلدى.
ئۇگدىن - سولدىن دۈشمەن كەلدى،
قورۇلغاندى تۇزاغىمىز!

بىرلىمدى بىر پەس ئارا،
قانلار ئاقتى بولۇپ دەريا.
ئۆلدى پۈتۈن بالا - چاقا،
خان، بەگ، ئەسكەر ئۇشاغىمىز.

يالغۇز نوكۇز بىلەن قايان،
ئىككى قىزنى ئېلىپ قاچقان.

بىر تىك تاققا ئالدىلەر جان،
بۇلار بولدى قاچاغىمىز.

تاغدىن - تاققا يوشۇرۇنچە،
يۈردىلەرۇ بەش، ئون كېچە.
تاك سەھەر ۋاقىت كەلگىچە،
بىر ئىز بولدى ماكانىمىز.

قارىساقكى، يېشىل بىر باغ!
ھەر تەرەپتە بەك ئېگىز تاغ!
كەڭ ۋە لېكىن زىچ بىر توزاغ①،
دىدۇق ياخشى توزاغىمىز.

بۇ يەردە توت يۈز يىل قالدۇق،
بۇغا ئاينىپ بىز كوپەيدۇق.
چىقالمىغاچ بىز ئىشلىدۇق،
ئاۋات بولدى قوناغىمىز.

ئالما، ئۈرۈكنى كوپ يىدۇق،
تومۇر سەندەل بىز ياسىدۇق.
"مەخپى بىر يول تاپساق" دىدۇق،
تاغ تىلەتتى پىچاغىمىز.

يوقتى بورە بۇ ماكاندا،
بىر كۈن بولدى بورە پەيدا.
بۇغىغا ئېتىلدى شۇندا،
كوردى چۇبان يارداملىچىمىز.

---

① توزاغ — توزاق.

توشۇك كورۇپ بورە كەتتى،
بىر تومۇرچى تەقىپ ئەتتى،
ئوچاق يىقىپ تاش ئېرىتتى،
ئېچىلدى يول قورشاۋىمىز.

زور خوشاللىق، كاتتا ئوزرە،
بايرام قىلدۇق كەنت ۋە ئويدە،
نەۋرە، ئوغۇل، دادا، جەددە①
ئۇلۇغىمىز، كىچىگىمىز!

تومۇرچىگە بورە دىدى
خان تونۇلدى، تاج كىيىندى،
ئۆزى چۈشۈپ يول باشلىدى،
ئۇك قولىدا بايراغىمىز.

بورتەچىنە بورە ئاتى،
ئەرگىنە قون يۇرتىنىڭ ئاتى،
توت يۈز يىل تۇردۇك زادى،
چىق! ئەي يۇز مىڭ قورالىمىز!

× × ×

بۇ داستان ئومۇمى تۇركى خەلقلەر مەدىنىيەت تارىخىغا قوشۇلغان تارىخىي فوند بولۇشتىن تاشقىرى ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىغىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇچۈنمۇ ئالاھىدە تارىخىي ئەسىر كورسەتكەنلىگى بىلەنمۇ زور قىممەتكە ئىگىدۇر.

---

① بوۋا، ئەجدات.

## بەشىنچى باپ

# قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزم

"جاھان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدىن بىزگە مەلۇمكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشلىنىدۇ، چۈنكى خەلق بارلىق ماددى بايلىقنى ياراتقۇچى كۈچلا ئەمەس، بەلكى روھىي بايلىقلارنىڭمۇ بىردىن-بىر ۋە پۈتمەس-تۈگمەس مەنبەسى، دەۋر جەھەتتىنمۇ، گۈزەللىك ۋە ئىجادىي دانالىغى جەھەتتىنمۇ بىرىنچى پەيلاسوپ ۋە ھەممە بۈيۈك داستانلارنى، يەر يۈزىدىكى جىمىكى تىراگىدىيەلەرنى ۋە ئۇلار ئارىسىدىن ئەڭ مۇھىمى جاھان مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى ياراتقان شائىردۇر"①.

شۇڭا دۇنيادىكى باشقا مىللەت ئەدەبىياتىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا رېئالىزىممۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تارىخىدىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئۈلگىلىرىنى بىزگە «تۈركى تىللار دىۋانى» بېرىدۇ. 11-ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى مەخسۇس ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل مەسىلىلەردە ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «دىۋان»غا 300 پارچىدىن كۆپرەك خەلق قوشاق، ماقال-تەمسىللىرىنى

① م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» (1-توم 75-بەت).

كىرگۈزگەن. بۇ خەلق ئىجادى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىكى ئىجتىمائى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» «دىۋان» دىكى بۇ شېئىر-قوشاقلار ئالىملارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغانلىقتىن ئۇلار تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. مەسىلەن، مارتىن خارتمان، كارىل بروككمان، نەجىپ ئاسىم، جوزەپ تونى، ئەخمەت كامال، فىترەت، مالدۇ، بەلى ئاسۋې قاتارلىق ئالىملار «دىۋان» ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئاخىرى ئاكادېمىك رادىلوف، ۋامېرى ۋە بروككمان قاتارلىق كىشىلەر «دىۋان» دىكى شېئىرلار، قوشاقلار توغرىسىدا چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، بۇ شېئىرلارنى مەزمۇنىغا قاراپ توۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىپ چىققان: (1) مەرسىيەلەر، (2) قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچە، (3) مۇھەببەتنامىلار، (4) ساقىنامىلار، (5) ھېكمەت ۋە پەلسەپە، پەندى نەسىھەت، (6) ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوۋچىلىق، (7) دولەت باشقۇرۇش ياكى ئىجتىمائى ھايات، (8) تەبىئەت تەسۋىرى ۋە باشقىلار. بۇلاردىن كورۈلۈپ تۇرىدىكى «دىۋان» دىكى شېئىرلار شۇ چاغدىكى ئىجتىمائى ھاياتنىڭ خېلى كەڭ ساھەسىنى رېئالىستىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، قەبىلىلەر ئارا جەڭ كارتىنىلىرى مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ:

ۋاقىراپ ئاتنى سۇرەيلى.
قالقان، نەيزە ئۇرايلى.
قاپناپ ئاندىن پەسلەيلى،
قاتتىق دۇشمەن يوقسۇن.

بۇنىڭدا مەلۇم قەبىلىنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، تۆۋەندىكى:

تالاي باشلار ئەپ تاشلاندى،
دۈشمەن ئاندىن يۈۋاشلاندى،
كۆچى سۇندۇرۇلۇپ تاشلاندى،
قىلىچ قىنىغا ئاران سىغدى.

دىگەن تەسۋىردە قانلىق جەڭ ۋە جەڭ تاكتىكىلىرىنىڭ داۋامىدىكى جەريانى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«دىۋان» دا توپلانغان بەزى قوشاقلاردىكى تەسۋىرلەنگەن باھار مەنزىرىسىمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ:

ئىدىل سۈيى ئېقىپ تۇرۇر،
قىيالارغا سوقۇپ تۇرۇر.
بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرۇر،
كوللەر يەنە تېشىپ تۇرۇر.

ياكى:

گۈل - چېچەكلەر ژىلىدى،
غۇنچىلىرى پۈكۈلدى.
تۈگۈن - تۈگۈن تۈگۈلدى،
غۇنچە ئېچىلاي دەپ قالدى.

«دىۋان» دىكى قوشاقلار ئىجتىمائى ھاياتنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىنى رىيالىستىك كارتىنىلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ

بىرنىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ مەزمۇنى، شەكلىمۇ خىلمۇ-خىل. مەسىلەن، ئوۋچىلىق ھاياتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

ئېلىپ قارچىغا، سىلىپ ئارغىماق،
قوغلار ئار-قار.
ئوۋلار كىيىك تايغان قوغلاپ،
تۈلكە تۇتار.

ياكى:

قوغلاپ بىرىپ ھارغۇزدۇم،
نەقتاپ تۇرۇپ سۈلغۇزدۇم.
ئېتىم بىلەن چاپتۇردۇم،
مېنى كورۇپ ئېبسى قاچتى.

يۇقۇرىدىكى كۇبلىتلاردا ئار قار، تۈلكە، بورە ئوۋلىرى ھەركىتىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، قوشاقنىڭ ئۇزىگە خاس تۇرلىردىنى، شەكىللىرىنى مەيدانغا كەلتۇرگەن بولۇپ، ھايات چىرايلىق، ئوبرازلىق ۋە رىيالىستىك ئاساستا گەۋدىلەندۇرۇلگەن.

يەنە بەزى قوشاقلاردا ھاياتنى رىيالىستىك ئاساستا تەپىكلەشتۇرۇپ، ئەدىبىياتقا خاس ئوبراز بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇش ئالاھىدە كوزگە تاشلىنىدۇ. مەسىلەن:

توغراق ئېلى باتۇر ئەل،
يىمىگىگە ئوغلاق يەر.
قىمىز تولىمى تەييار،
يىرى گەرچە قاقاس يەر.

مانا شۇ بىر كۇبلىت قوشاقتا "توغراق" ئېلىنىڭ ئېتمىنگرافىيىسى ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى سىزىپ بېرىلگەن.
ياكى:

ئۇۋۇلار مېنى خۇما كوز،
قارا خاللىق قىزىل يۈز.
تامار ئاندىن تۇگەل ئۈز،
ئۇۋۇلاپ يەنە ئۇ قاچار.

سۇيگۇ مېنى چۇلغىدى،
قايغۇ ماڭا يىغىلدى.
كوڭلۇم ئاڭا ئېتىلدى،
يۈزۈم مېنىڭ سارغىيار.

مانا بۇ تىپىك، ساپ مۇھەببەتنىڭ گۈزەل لىرىك كارتىنىسىدۇر.
دېمەك رىيالىزىم ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى بۇرۇن شەكىللەنگەن.

ئەمدى يازما ئەدەبىياتقا كەلسەك، ئۇ يەنىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلار، بورە ھەققىدىكى توتېملار ۋە خەلق رىۋايەتلىرى «ئاپراسىياپ»، «باتۇر تەگىرىقۇت»، «تومارىس»، «بوكوخان ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىقلاردىن ئوزۇقلىنىپ، ناھايىتى ئۇزاق جەرياندا ئىجتىمائى جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېغىر تولغاقلىرىدىن كېيىن تۇغۇلغان. «دەدە قورقۇت»، «ئوغۇزنامە»، «ئەرگىنە قون»، «چېستانى ئىلىك بەگ» داستانلىرى ۋە «ئالتۇن يارۇق» ئەپسانىلىرىدىكى «تېكىنلەر ۋە چىشى يولۋاس توغرىسىدىكى ئەپسانە» قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەردە كىشىلەرنىڭ پورترېتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى كەچمىر-

مىشلىرىنى تەسۋىرلەشتە، تەبىئەت تەسۋىرلىرىدە رىيالىستىك تامىللار خېلى گەۋدىلىك. لېكىن يۇقۇرقى ئەسەرلەر سيۇژىت ۋەمەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا تولۇق رىيالىستىك ئەسەرلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ.

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى ھەقىقىي رىيالىزىم دۇنياغا داڭلىق «ئورخۇن يادىكارلىقلىرى» ياكى «ئورخۇن-يەنسەي يادىكارلىقلىرى»دىن باشلىنىدۇ. «ئورخۇن-يەنسەي يادىكارلىقلىرى» دېگىنىمىز — ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغى (مىلادى 747 — 845)نىڭ ياراتقان ئۇلۇغ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېيتىلىدۇ. بۇ يادىكارلىقلار شۇ زاماننىڭ ئەنئەنىسى بويىچە تاش مۇنارلارغا، تاش تاملارغا ئويۇپ قالدۇرۇلغان ئىدى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تىپىك ئەمۇنىلىرى مەشھۇر «كول تېكىن ئابىدىسى»، «بىلگە خاقان ئابىدىسى»، «تونيۇقۇق ئابىدىسى»، «بايانچور ئابىدىسى»، «توققۇز ئۇيغۇر خاقان ئابىدىسى»، بۇلاردىن باشقا «تالاس ئابىدىسى» ۋە تۇرپان، تويۇقتىن تېپىلغان تاش ئويما، يازما قاتارلىق نۇرغۇن ئۇششاق خاتىرىلەر بار. مۇنداق تاش خاتىرىلەر، ئويما، يازما خاتىرىلەر خېلى نۇرغۇن بولۇپ، شىمالىي موڭغۇل ئېگىزلىگى، يەنسەي ۋادىسى، لىنا دەرياسى، بايقال كولى ئەتراپى، ئالتاي رايونى، تۇرپان، مىران، بۇلىيۇق، تويۇق قاتارلىق جايلاردىن ۋە گەنسۇ دۇڭخۇاڭ ئەتراپىدىن تېپىلغان. يېقىندا ئورخۇن يادىكارلىقلىرى خوتەندىنمۇ تېپىلدى. بۇلاردىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتە سۇ ۋادىسى، پەرغانە ئويمانلىغى، ھەتتا شەرقىي ياۋروپاغىچە تارقالغان.

بۇ خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمقى ئۇيغۇر-ئورخۇن يېزىغىدا يېزىلغان. بۇ يېزىق قەدىمقى گېرمان رۇنىك يېزىغىغا ئوخشىغىنى ئۈچۈن رۇنىك يېزىغى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىقتا

يېزىلغان يادىكارلىقلار قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى — شەرق
ئۇيغۇرلىرى ياشىغان ئورخۇن - يەنسەي دەريا بويلىرىدىن تېپىل-
غىنى ئۈچۈن ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتالغان.

ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئۇيغۇر
يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى رىياللىستىك پروزا - نەسرى
ئەسەرلىرىدۇر. بەزىلەر ئېھتىمال «كول تېكىن»، «بىلگە خا-
قان»، «تونيۇقۇق»لار تۈرك خانلىرى تۇرسا، ئۇلار قانداق
قىلىپ ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى بولىدۇ دېيىشى مۇمكىن.

بىرىنچىدىن، ئاۋار خانلىقى (جوجەلەر)نى جۇڭغار دالا-
سى، تۇرپان ئويمانلىقى، قاراشەھەر ۋە چارقىلىق ئەتراپىغىچە
بولغان كەڭ زېمىندا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقان ئۇيغۇر خان-
لىقى (546—480) ئۇزۇن زامان ئۇرۇشۇپ ھالسىراتقان بىر
مەزگىلدە ئالتاي تۈركلىرى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى زىددىيەت-
لىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۆزىگە قارىتىپ، شۇ
كۈچكە تايىنىپ تۇرۇپ ئاۋار خېنى ئاناغايىنى يەڭدى.

ئاۋار خانلىقى يېمىرىلگەندىن كېيىن ئۇلۇغ ئوكياندىن قارا
دېڭىزغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ھاكىمىيەت ئورناتقان تۈرك
ھاكىمىيىتى قارمىقىدا توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئوغۇزلار يەنىلا ئا-
ساسىي كۈچ ئىدى. شۇڭا بۇ ھاكىمىيەت دائىرىسىدە مەيدانغا
كەلگەن مەدەنىيەت كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئورتاقلىققا
ئىگە، چۈنكى بۇ مەدەنىيەت بۇ قېرىنداش قەبىلىلەرنىڭ ئور-
تاق ماددىي، مەنىۋى پائالىيىتىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. بۇ، مە-
سىلىنىڭ ئاساسىي تەرىپى.

ئىككىنچىدىن، تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار قان - قېرىنداش
خەلقتۇر. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ (توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ) ئەڭ

ئاۋانگارتى ۋە دولەت ئەرباپلىرى (مەيلى ئورخۇن دەۋرىدە بول-
سۇن، مەيلى قاراخانىلار دەۋرىدە بولسۇن) ياغمالار بولغاندەك،
تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئاۋانگارتى ۋە دولەت ئەرباپلىرى كۆپ
چىققان تۈركەش قەبىلىسى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بولغان توقسۇ،
ئازلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئىدى (كول تېكىن، بىلگە خاقانمۇ
تۈركەش قەبىلىسىدىن ئىدى). شۇڭا كول تېكىن ئابىدىسىدە كول
تېكىن ئۆزى "...... توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئۆز ئادىمىمىز
ئىدى. جاھان قالايمىقانلاشقانلىقى ئۈچۈن بىز بىلەن دۈشمەن-
لەشتى" دىسە، يەنە بىر جايدا "تۈرك ئوغۇز بەگلىرى سىلەر
قۇلاق سېلىڭلار! ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە،
ئاستىمىزدىكى يەر كۆمتۈرۈلۈپ كەتمىسە، دولىتىڭلارنى ۋە قانۇن
تۈزۈمىڭلارنى كىم يوق قىلالايدۇ؟" دەيدۇ. بۇ جايدا "ئوغۇز
بەگلىرى" بىلەن "تۈرك بەگلىرى" ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلىدۇ
ۋە بۇ پىكىرنى «بىلگە خاقان» ئابىدىسىنىڭ 24 - قۇردا تې-
خىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. ئۇ: "باسمىل (ئۇيغۇر قەبىلىسى) ئىدى-
قۇت ئۆز ئۇرۇغىمىزدىن ئىدى. ئۇلار تارتۇقلارنى ئەۋەتمىگەن-
لىكى ئۈچۈن ئۇلارغا يۈرۈش قىلدىم" دەيدۇ. بۇلاردىن باشقا
بۇ خەلقلەرنىڭ تارىخىنى تەكشۈرگىنىمىزدىمۇ، ئۇلارنىڭ قان-
قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىگە ھېچقانداق شۇبھە قىلغىلى بول-
مايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بىر بەدىئى يادىكارلىقنىڭ قايسى مىللەت-
كە تەۋە بولۇشىدا ئۇنىڭ قايسى خەلق، قايسى مىللەت تىلىدا
يېزىلغانلىقى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

دەۋر ھېساۋىدىن ئالغاندا 6 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرگىچە
بولغان ئارىلىقتا تۈركى تىللار تېخى بىر - بىرسىدىن ئاجرالمىغان

ئىدى. مانا شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا قارلۇق، ئۇيغۇر، ئوغۇز، قىپ-
چاق تىللىرى تېخى بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ چىقمىغان ئىدى.
شۇڭا ئورخۇن يادىكارلىقلىرى تىلىنى كۆك تۈرك دەۋرىدىكى
ئۇيغۇر تىلى ياكى قىسقارتىپ كۆك تۈرك ئۇيغۇر تىلى دەپ
ئاتايدۇ. بۇ تىللارنى پەرقلەندۈرۈشتە ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت
قەشقەرىنىڭ لەۋ قانۇنىيىتى، ئاھاڭ قانۇنىيىتى قاتارلىق سىنگار-
مونىزىم قانۇنىيىتى بويىچە پەرقلەندۈرىمىز:...."

مەسىلەن: ئوغۇز قىپچاق تىلىدا سۆزنىڭ بېشىدا "م" كېلىدۇ.
شۇنىڭدەك تىلدىكى جاراڭلىق، جاراڭسىزلىقلاردىمۇ پەرقلىنىدۇ. مە-
سىلەن، ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا "كەلدى"، "ئالدى" لار "كەل-
تى"، ئالتى" بولۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئاخىرىدا "غ" كېلىدىغان
سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال
ھازىرغىچە خوتەن شېۋىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئورخۇن دەۋرىدىكى يادىكارلىقلاردا سۈپەت ئىگىلىگى
"مىش"نى خېلىلا ئىشلەتكەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەنە شۇ چاغدىكى نۇرغۇن
تىل - گىراماتىكا قۇرۇلۇشىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن. "كۆك—
كۆك ئاسمان"، "يەل—شامال"، "ئوت—ئوت"، "ئالتۇن—ئال-
تۇن"، "تەمۇر — تۆمۈر" قاتارلىق ۋە باشقىلار.......

سۆز قوشۇمچىلىرى:

"دا، تە، قا" قاتارلىق كېلىش قوشۇمچىلىرى "سەر،
سور" قاتارلىق پېئىل قوشۇمچىلىرى ۋە باشقىلار......

يۇقۇرقى پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى: ئورخۇن يادىكار-
لىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان «كۆل تېكىن»،
«بىلگە خاقان»، «تونيۇقۇق» ئابىدىلىرىمۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك

ئەدىبىيات يادىكارلىغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەنە شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا «كول تېكىن»، «بىلگە خاقان» لار ئابىدىسىنى يازغان كول تېكىن، بىلگە خاقانلارنىڭ جىيەن ئوغلى ياللۇغ تېكىن ۋە تونيۇقۇق ئابىدىسىنى يازغان دانىشمەن تونيۇقۇق (تونيۇقۇق ئۆزى ھايات چاغدا ئۆزىنىڭ ئابىدىسىنى ئۆزى يېزىپ تاشقا ئويغۇزغان) لار ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيا- تىدىكى بىرىنچى رىيالىستىك يازغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى ئابىدە شەكلىدە بەدىئى تىل بىلەن يېزىپ چىققان.

ئورخۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ نىمە ئىكەنلىگى ۋە بۇ يېزىق كىمنىڭ ئىكەنلىگى توغرىسىدىكى مەسىلىدە، بىرىنچى قېتىم ئىران تارىخچىسى چۈۋەينىر سېزىپ ھەركەت قىلىپ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدى. 1892 - يىللىرى فىنلاندىيە «ئارخېئولوگىيە - ئەتنىغرافىيە جە- مىيىتى» بۇ ھەقتە مەلۇم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. يادرىنسوۋ باشچىلىغىدىكى رۇس «ئارخلوگ جەمىيتى»نىڭ تەكشۈرۈشى، بۇلارغا ئاساسەن ئاكادېمىك رادىلوفنىڭ پائالىيىتى ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئورخۇن يېزىقلىرىنى 1893 - يىلى بىرىنچى قېتىم يېشىپ ئوقۇغان كىشى دانىيىلىك ئۇلۇغ ئالىم تومسۇن بولدى. شۇنىڭدەك ئورخۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ تەرجە- مىسىدە ئاكادېمىك رادىلوف ناھايىتى زور غەيرەت كورسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېساپتا، 1921 - يىلى يەنىلا تومسۇننىڭ تەرجىمىسى ھەممە تۈركشۇناس ئالىملارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، ئورخۇن «يادىكارلىقلىرى»نىڭ مەزمۇنىنى جاھانغا تولۇق نامايىش قىلدى.

ئورخۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەڭ تىپىك خاراكتېرگە ئىگە-

لىرى (مىلادى 731 - 732 - يىللىرى) قەھرىمان «كول تې- گىن» نامىغا ۋە 735 - يىللىرى ئۇنىڭ ئاكىسى «بىلگە خا- قان» نامىغا تاشقا ئويۇپ يېزىلغان (تارىخىي ۋەقەلىكنى بەدىئىي تىل ۋە شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىگەن) خاتىرىلەردۇر. بۇ خاتىرىدە تاڭ خاندانلىقى بىلەن بولغان قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقىمۇ ئىپا- دىلەنگەن. كول تېگىن ئابىدىسىنىڭ 4 - قۇرىدا "......دۆلەتكە ھوكۇمرانلىق قىلىپ ئولتۇرغان جاي ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ خەلقىمنى تابغاچ (جۇڭگو ئىمپېراتورى) خەلقى بىلەن كېلىشتۈردۈم" دەيدۇ. تاڭ ئىمپېراتورلىرى جاھاننى زىل- زىلىگە سالغان بۇ تۈرك خاقانلىرىغا زور ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئۇلارغا چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. شۇڭا تۈرك ئىمپېراتورى- نىڭ قەھرىمان قوماندانى كول تېگىننىڭ ۋاپاتىغا ئۆز قولى بىلەن يازغان قايغۇلۇق تەزىيەسىنى قەۋرە تېشىغا ئويدۇرۇپ، ھەيكەل تىكلەشنى بۇيرۇغان. ئۆز سارىيىنىڭ داڭدار نەققاشلىرىدىن 6 سەنئەتكارنى بىللە ئەۋەتكەن. شۇڭا كول تېگىن ئابىدىسىدە تاڭ پادىشاسىنىڭ خەنزۇچە يازغان "تەزىيە"سىمۇ بار. ئۇنى ئابى- دىدە "ئۇلار تابغاچ خاقانىنىڭ ئوردا نەققاشلىرىنى ئەۋەتتى. مەن ئۇلارغا ھەيۋەتلىك بىنالار سالدۇردۇم. ئىچى، تېشىغا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نەقىشلەرنى ئويدۇردۇم"① دىگەن ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

بۇ تارىخىي يادىكارلىق "توگو" دۆلىتىنى قۇرغان دەسلەپكى خاقان "قۇتلۇق بىلگە خاقان" ۋە راسا گۈللەنگەن ئىستەمى زامانە- سىنى، ئۇنىڭ چېگرا دائىرىلىرىنى، كېيىنكى شەرقى تۈرك دۆلە- تىنىڭ ھالاكىتى ئارىلىغىدىكى ئۇزاق ۋاقىتنى ئىخچام ۋە قىس-

---

① «كول تېگىن ئابىدىسى» 12 - قۇر.

قا تەسۋىرلەيدۇ.

بىز ئابىدىدىكى "ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا" دىگەن مىسرالاردىن بىز ئۇلارنىڭ شامانىزىمغا ئىشەنگەنلىگىنى بايقىۋالىمىز. شامان دىنىدا "كۆك" ئىلاھى ھەممىنى ياراتقۇچى دەپ قارىلىدۇ. يەر بولسا، ئانا ئىلاھى ئىنسانلارنى ئوزۇقلاندۇرغۇچى ۋە كامالەتكە يەتكۈزگۈچى دەپ ئېتىقات قىلىنىدۇ. مانا بۇ ئىككى ئىلاھىيەت شامان دىنىدىن قالغان ئىپادىلار بولۇپ، "ھاۋا، سۇ، تومۇر" مۇئەككەللىرىدىن يۇقۇرى تۇرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، بىز يۇقۇرقى مىسرالاردىن شەرقتىكى ئىچ ئوكياندىن غەرپتىكى قارا دىڭىزغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز دائىرىسىگە كىرگۈزگەن بۈيۈك تۈرك ئىمپىرىيەسىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ جاھان سەلتەنىتى ئىستەمى خاقان ۋاپات بولغان چاغدىكى تەنتەنىدىن تېخىمۇ ئوچۇق نامايەن بولىدۇ. ئۇنى ئابىدىدە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

"كېيىن ئۇلار قازا تېپىپتىمىش، تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەر، قايغۇ بىلدۈرگۈچىلەر كۈنچىقىشتىكى بۇ تىلى چوللۇك ئېلىدىن، تابغاچلاردىن، توبۇتلاردىن، ئايالاردىن، بورۇملاردىن، قىرغىزلاردىن، ئۈچ قارلۇقلاردىن، ئوتتۇز تاتارلاردىن، كىدانلاردىن، نانابىلاردىن بولۇپ، شۇنچە كۆپ ئادەم كېلىپ، ئۇلارغا قايغۇسىنى ئىپادىلەپتىمىش، تەزىيە بىلدۈرۈپتىمىش. ئۇلار ئەنە شۇنداق داڭلىق خاقانلاردىن بولغانمىش"........

بىزگە تارىختىن غەرپ تۈرك خاقانى ئىستەمى ئۆلگەندە (572 - يىلى)، ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا ۋىزانتىيە ۋەكىللى ۋالنتىن كېلىپ قاتناشقانلىقى مەلۇم. ئابىدىدە ئىستەمى خاقان ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ

ئىچكى زىددىيەت، ھاكىمىيەت تالىشىشىدىن پايدىلىنىپ تاڭ خاندانلىغىنىڭ قۇدرەتلىك غەرپ تۈرك خاقانىنى تارمار قىلغانلىغىنى چوڭقۇر ھەسرەتلىك مىسرالار بىلەن ئىپادىلەپ، تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، خەلققە مۇنداق مۇراجەت قىلىدۇ: "... شەرققە كەتتىڭلار، غەرپكە بارىدىغانلىرىڭلار غەرپكە كەتتىڭلار؛ سىلەرنىڭ ئۇ جايغا بېرىشىڭلارنىڭ پايدىسى مۇنۇ بولغان بولسا كېرەك: قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكلەر تاغدەك دۆۋىلەندى. ئالىجاناپ ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى. پاك قىزلىرىڭلار دىدەكلەرگە ئايلاندى. بىلىمسىز بولغىنىڭلاردىن، سىلەردە ئادالەت بولمىغانلىغىدىن تاغام خاقان دۇنيادىن ئۆتتى......" بۇ خۇلاسىنىڭ تېگىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر بار.

بىزگە مەلۇمكى، قانۇن شەيئىلەرنىڭ ۋە ھادىسىلەرنىڭ زورۇرى، مۇھىم ئىچكى تۇراقلىق باغلىنىشىدىن ئىبارەت. مۇنداق قانۇنىيەت ئادەملەرنىڭ پائالىيىتى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن شارائىتلار، بارىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق پەننىڭ ۋەزىپىسى ئەنە شۇ قانۇنىيەتلەرنى ئېچىپ، ئىنسانىي تەبىئەت، جەمىيەت ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىققا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مانا شۇ قانۇنىيەتنى ئىگەللەپ، شۇ قانۇنىيەت بىلەن ئىش قىلىش، ماھىيەتتىدىن ئېيتقاندا ئادالەتلىكتۇر. بىلىمسىزلىك، نادانلىق ئادالەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. يۇقۇرقى پارچە ئەينى زاماندىكى بىلىمسىز، نادان بەگلەرنىڭ ئىجتىمائىي جەمىيەت قانۇنىيىتىگە قارشى قىلغان ھەركەتلىرىنىڭ تىراگىدىيىسىدۇر.

توكيو دۆلىتىدىكى غەربىي تۈرك خانلىغى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، 682 - يىلى شادلارنىڭ بىرسى ئىلتىرىمىش قوزغىلاڭ كۆتە-

رىپ، تونيۇقۇق قوماندانىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلىدۇ. (تونيۇقۇق، قۇتلۇق بىلگەخاقان، ئىستەمى خاقان قاتارلىقلار بۇ ئۆزگىرىشلەردە ئاساسلىق ئادەم دەۋرىدىمۇ ھەربى قوماندان ئىدى). ئىلتەرىمىش بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۇ تۈرك، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردۇ. لېكىن 10 يىل ئۆتۈپ ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلگە دىگەن ئوغلى 9 ياشتا، كول تېكىن دىگەن ئوغلى 7 ياشتا قالىدۇ. خاقانىنىڭ ئوغۇللىرى كىچىك بولغىنى ئۈچۈن ئورنىغا ئىلتەرىمىشنىڭ ئىنىسى قاپىغان ۋاقىتلىق خاقان بولىدۇ. قاپىغان ياخشى ئىش ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن 716 - يىلى قاپىغان ۋاپات بولغاچقا ئورنىغا كول تېكىن باش قوماندان بولىدۇ. مانا بۇلار ئىككىنچى قېتىم تۈرك ئىمپىرىيىسىنى قايتا دۇنياغا تونۇتىدۇ. بۇلار ئۆزلىرىنى تارىختا "كوك تۈرك دولىتى" دەپ ئاتايدۇ.

ئابىدىدە كوك تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

"تۈرك خەلقى يوقالمىغاي! ئۇلار ئادەم بولغاي، شۇنىڭ بىلەن ئاتام ئىلتەرىمىش خاقانى، ئانام ئىلبىلگە خانىشنى ئاسمان قەرىگە ئېلىپ چىقىپ، ئىگىز كوتەرگەنمىش. ئاتام خاقان ئون يەتتە ئەر بىلەن سىرتقا چىققانمىش، (ئۇلارنىڭ سىرتتا يۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەھەردىكىلەر تاققا چىققانمىش، تاغدىكىلەر توۋەنگە چۈشكەنمىش، (ئۇلار) يىغىلىپ يەتمىش ئەر بولغانمىش. تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت نىسىپ قىلغانلىغى ئۈچۈن، ئاتام خاقان ئەسكەرلىرى بورىدەك ئىمىش، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەكمىش، شەرقتىن غەرپكىچە جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە يىغىلغان كىشى يەتتە يۈز بولغانمىش.......".

يۇقۇرقى پارچىدا ئىلتىرمىشنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشى شامانىزىم تەلەپپۇزىدا تەسۋىرلەنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر ئۇنىڭ خان بولۇشى ئۆز زامانىسىدىكى تارىخىي زورۇرىيەتنىڭ قانۇنىي ئەمەلگە ئېشىشى ئىدى.

دىيالېكتىكا ماتېرىيالىزىم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، زورۇرىيەت ئۆزىنىڭ ئىچكى سەۋەبىگە ئىگە بولىدۇ، نەرسىلەرنىڭ، جەريانلارنىڭ، هادىسىلەرنىڭ ئۆز ماهىيىتىدىن، ئىچكى باغلىنىشلىرىدىن مۇقەررەر قانۇنىي رەۋىشتە كېلىپ چىقىدۇ.

شۇ تارىخىي شارائىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى ۋە تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتىنى شۇنداق بىر تارىخىي زورۇرىيەت شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار ئىچىدىن "ئىلتىرمىش" ئاتالىق خاننىڭ چىقىشى تاسادىپەتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېتىنىڭ نىمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بىر يولباشچىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەر قانۇنىي زورۇرىيەت ئىدى. كېيىن ئابىدىدە ئىلتىرمىش خاقاننىڭ ئۆزىدىن ئالدىدا ئۆتكەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ سەلبىي تەجرىبىلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، بولۇپمۇ ئۇلۇغ خاقان ئىستەمىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، دانىشمەن تونيۇقۇق قوماندان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىستەمىنىڭ ئىرادىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تۈركى خەلقلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى، دۆلەتتە "ئادالەتلىك تۈزۈم" ئورناتقاندا دۆلەت گۈللىنىپ، خەلق باي-پاراۋان بولغانلىقىنى يېڭى، چىرايلىق كارتىنلار بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭغا تەنتەنىلىك مەدھىيىلەر ئوقۇيدۇ.

تارىخ شەخسنىڭ رولىنى رەت قىلمايدۇ. تارىخنىڭ قانۇنىي ئېقىمى بويىچە ئىش كۆرگەن تارىخىي شەخسلەر تارىخ

تەرەققىياتىنىڭ تېززەك ئالغا سىلجىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ. بۇ ئابىدىدە تەسۋىرلەنگەن "بىلگە خاقان"، "دانىشمەن تونيۇقۇق"، "قەھرىمان كول تېكىن" لەرنى بەلگىلىك ھالدا ئەنە شۇنداق تارىخىي قانۇننى سەزگەن شەخسلەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئىلتېرىمىش خاقان ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا خاقان بولغان بىلگە خاقان خەلققە سادىق بولۇپ، خەلق ئۈچۈن قانداق ئىش ئېلىپ بارغانلىقى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

"تۈرك خەلقى ئۈچۈن تۈنى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم، كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. ئىنىم كول تېكىن بىلەن بىللە، ئىككى شاد بىلەن بىللە، ئۆلەر-تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم. ئەنە شۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ، خەلقنى بىرلەشكەن ئىناق قىلدىم"①.

ئابىدىدە كول تېكىن، تارىخ ۋە خەلق ئۇستۇرگەن، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان تىككەن ئوت يۈرەك رىيال قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەنسە، بىلگە خاقان ئۆز زامانىسىغا لايىق يېتىشكەن ھەربىي ئالىم سۈپىتىدە كوز ئالدىمىزدا شەكىللىنىدۇ. ئۇ، ئۇرۇشتا قورال ۋە ئادەمنىڭ شەخسى ئەقىل-پاراستىدىن باشقا ئۇرۇش-نىڭ مۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى ئوبدان يەكۈنلەيدۇ.

ئابىدىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئازاتلىق، ئەركىنلىك، بەخت-سائادىتىنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى خائىنلىقنى ئەجەللىك نەيزە ئاستىغا ئالىدىغان كۈچلۈك ئېپىزوتلار بار. بۇنى كىتاپ-خانلارنىڭ تۇۋەندە بېرىلگەن تولۇق تېكىستىدىن ئۆزلىرىنىڭ

① «كول تېكىن ئابىدىسى» 27-ئېپىزوت.

# قەدىمقى رۇنىك ئېلىپبەسى





| Начертание | Значение русск. | Значение лат. | Начертание | Значение русск. | Значение лат. |
|---|---|---|---|---|---|
| | а, ä | a, ä | | й | ñ |
| | б¹ | b¹ | | нт | nt |
| | б², ä | b², ä | | нч | nč |
| | в | ï | | о, у | o, u |
| | г | g | | ö, ÿ | ö, ü |
| | д¹ | d¹ | | п | p |
| | д² | d² | | р¹ | r¹ |
| | з | z | | р² | r² |
| | ы, i | y, i | | с¹ | s¹ |
| | j¹ | j¹, ï | | с² | s² |
| | j² | j², ï | | т¹ | t¹ |
| | k | q | | т² | t² |
| | к | k | | ч | č |
| | л¹ | l¹ | | ш | š |
| | l² | l² | | | |
| | лт | lt | | | |
| | м | m | | | |
| | н¹ | n¹ | | | |
| | н² | n² | | | |
| | ң | ŋ | | | |

كورۇۋېلىشىغا ھاۋالە قىلىمىز.

ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئورخۇن يادىكارلىقلىرى «كول تېكىن»، «بىلگە خاقان»، «تونيۇقۇق»، «مويۇنچۇر» ئابىدىلىرىنى تۈرك ئۇيغۇر خاقانلىرى ۋە تۈرك ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىق، ئەركىنلىكى ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىنى ھەقىقىي رېئالىستىك ئۇسۇلدا بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرگەن قەھرىمانلىق داستانلىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇلارنى كومپوزىتسىيە جەھەتتىن ئالغاندا مۇقەددىمە، ئاساسىي تېكست، خاتىمىلەرگە ئاجراتقىلى بولىدۇ. يېزىلىشى جەھەتتىن «كول تېكىن ئابىدىسى» ئەڭ ياخشى، لىرىك سەنئىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تىلىدا خەلق ماقال-تەمسىللىرى ۋە ئىستىلىستىك ۋاستىلار مېتافورا، مېتونىمىيە، جانلاندۇرۇش، چىرايلىق مۇبالىغىلار، رىتورىك ئۈندەش، رىتورىك سوئال، لىرىك چېكىنىش، ۋەقەلىك چېكىنىش، تۈز بايان، تەتۈر بايان، قىستۇرما بايان قاتارلىق ۋاستىلار ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك قوللىنىلغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئابىدىلەر يۇقۇرقى باپلاردا ئېيتىپ ئۆتكەندەك «تاشقۇت» (ھازىرقى بېيىت شەكلى) شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ تىرادىتسىيە 7-8-ئەسىرلەر بويىدا ئەدەبىياتىدا داۋاملاشقان.

ئورخۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ مەزمۇنى شۇنچىلىك بايىكى، بۈيۈك تۈرك ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت چېگرىسى، دۆلەت قۇرۇلۇشى، ئىچكى-تاشقى سىياسىتى، جەڭ تاكتىكىسى، دۆلەت قانۇنى، دىنى، ئېتنوگرافىيىسى ۋە ئۇزاق تارىخىي جەريانىدىكى ئاچچىق، سەلبىي ۋە ئىجابىي تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن.

كىتابخانلارنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرراق تەھلىل قىلىپ چۈشە-

نىشى ئۇچۇن تۇۋەندە «تونيۇقۇق — ئابىدىسى» «كول تېكىن ئابىدىسى»، «بىلگە خاقان ئابىدىسى» «مويۇنچۇر ئابىدىسى» قاتارلىقلارنىڭ تولۇق تېكىستىنىڭ تەرجىمىسىنى بەردۇق.

## كول تېكىن ئابىدىسى

جەنۇپ تەرەپ (ج) (ن)

(1) مەنكى تەڭرىدەك، تەڭرىدىن تورەلگەن تۈرك بىلگى (دانە، دانىشمەن) خاقان بۇ ۋاقىتتا (تەختتە) ئولتۇردۇم. سوزۇمنى تۈگەل ئاڭلاڭلار: ئالدى بىلەن ئىنىلىرىم ۋە ئوغۇللىرىم ئاندىن قالسا ئۇرۇقلىرىم ۋە خەلقىم. ئوڭ تەرەپتىكى شاداپىت بەگ-لەر سول تەرەپتىكى تارقات. بۇ يۇرۇق بەگلەر ئوتتۇز......

(2) توققۇز ئوغۇز بەگلىرى، خەلقلىرى، سىلەر بۇ سوزلىرىمنى تۈگەل ئاڭلاڭلار: ئىسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار، ئالدى تەرەپ (شەرق) تىن كۈن چىقىشقىچە، ئوڭ (جەنۇپ) تەرەپتىن كۈن ئوتتۇرسىغىچە، ئارقا (غەرپ) تەرەپتىن كۈن پېتىشقىچە، سول (شىمال) تەرەپتىن تۈن ئوتتۇرسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنىڭ

(3) ھەممىسى ماڭا قارايدۇ. مۇشۇنداق كوپ خەلقنى مەن ئۇيۇشتۇردۇم، ھازىر ئۇلاردا ئەندىشە يوق، تۈرك خاقانى ئوتۇكۈن تاغدا ئولتۇرۇۋەسە، ئەلدە جەبرى، زۇلۇم بولمايدۇ. ئالدى تەرەپ (شەرق) تىن شانتۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە ئۇرۇش قىلىپ باردىم. دېڭىز (ساھىللىرى) غا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم. ئوڭ (جەنۇپ) تىن توققۇز ئەرسەنگە ئۇرۇش قىلىپ

# كول تېكىن ئابىدىسى

*Текст*

**Малая надпись**

(1) [illegible]

(2) [illegible]

(3) [illegible]

(4) [illegible]

(5) [illegible]

باردىم، تىبەتكە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم. ئارقا تەرەپ
(غەرپ) تىن يىنچۇ دەرياسىدىن
(4) كېچىپ ئۆتۈپ، تۆمۈر قابىلىقىچە ئورۇش قىلىپ
باردىم. سول (شىمال) دىن بايىرقو زېمىنىغىچە ئورۇش قىلىپ
باردىم.
(لېكىن) ئۆتۈكەن تاغىدا يېتىدىغان جاي يوق ئىكەن. بۇ
يەردە ئولتۇرۇپ، خەلقىمنى تابغاچ خەلقى بىلەن
(5) كېلىشتۈردۈم
(6) ...............
(7) ...............
(8) ... تۈرك خەلقى، سىلەر قانائەتلىنىپ كەتتىڭلار. ئاچ-توق
قالىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىمىدىڭلار، تويغان ۋاقتىڭلاردا ئاچ
قالىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىمىدىڭلار، شۇنداق قىلغانلىقىڭلار
(9) ئۈچۈن ئۆزەڭلەرنى بېقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭ-
لىماستىن ھەر تەرەپكە پىتراپ كەتتىڭلار. (نەتىجىدە)
ئۇ يەرلەردە ھالسىزلاندىڭلار، جېنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار،
قالغانلىرىڭلار سەرگەندار بولۇپ قىيىن ئەھۋالدا قالدىڭلار.
تەڭرى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزەمنىڭ بەختىم بولغانلىقى
ئۈچۈن، خاقان بولدۇم. خاقان بولۇپ
(10) يوقسۇل خەلقلەرنى يىغدىم، يوقسۇللارنى باي قىلدىم، ئاز
خەلقنى كۆپ قىلدىم، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدە يالغانچىلىق
بارمۇ؟ تۈرك بەگلىرى، خەلقى بۇلارنى سىلەر قۇلاق
سېلىپ ئاڭلاڭلار! مەن بۇ يەرگە تۈرك (خەلقنى) يىغىپ
دۆلەت باشقۇرۇشتىكى (ئىش ئىزلىرىمنى) ئويدۇردۇم. سې-

لەرنىڭ خاتا ئىش قىلىپ ئۇلۇشكە ئاز قالغانلىغىڭلارنىمۇ
(11) بۇ يەرگە ئويدۇردۇم. بارلىق سوزۇمنى بۇ ئابىدىگە ئوي-
دۇردۇم: بۇنىڭغا قاراپ (بۇنى كورۇپ) هازىرقى تۇرك
خەلقى ۋە بەگلىرى، بىلىڭلاركى تەختكە قارايدىغان بەگ-
لەر، سىلەر (يەنە) خاتالىشامسىلەر؟! مەن...
تابغاچ خاقاندىن نەققاشچى تەكلىپ قىلدىم (قەۋرىنى)
نەققاشلاتتىم. ئۇلار مېنىڭ سوزۇمنى ياندۇرمىدى.
(12) ئۇلار تابغاچ خاقانىنىڭ ئوردا نەققاشچىلىرىنى ئەۋەتتى.
مەن ئۇلارغا هەيۋەتلىك بىنا سالدۇردۇم. ئىچى-تېشىغا
كىشىنى تەسىرلەندۇرىدىغان نەقىشلەرنى ئويدۇردۇم. ئابىدە
ياساتتىم. كوڭلۇمدىكى سوزلىرىمنى ئۇنىڭغا ئويدۇردۇم. (ئون
ئوق ئەۋلاتلىرى) ۋە يات ئۇرۇق پۇقرالىرى بۇنى كورۇپ
بىلگەيسىلەر. ئابىدە
(13) ئوراتتىم. (بۇ يەر ئادەم كوپ ئوتىدىغان) ئوتكەل ئىدى.
ئادەم كوپ ئوتۇپ تۇرىدىغان بۇ ئوتكەلگە ئابىدىنى تۇر-
غۇزدۇم. (سوزلىرىمنى ئۇنىڭغا) يازدۇردۇم. ئۇنى كورۇپ
بىلىۋالارسىلەر. ئۇ تاش... مەن... دىم. بۇ ئابىدەگە خەت
يازغۇچى جىيەن ئوغلى يوللۇق تېكىن.

شەرق تەرەپ (د) (ش)

(1) ئۇستىمىزدىكى كوك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر
تۇپراق يارىتىلغاندا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان يارىتىل-
غانىمىش.
ئىنسان بالىسى ئۇستىگە ئاتا-بوۋام بۇمىن خاقان، ئىستەمى
خاقان ئولتۇرغانىمىش. ئۇلار تەختكە ئولتۇرۇپ تۇرك
خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرغان ۋە ئۇنىڭ قانۇنى، تۇزۇمىنى تۇ-

زوپ بەرگەنمش.

(2) (بۇ چاغدا) توت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشـ-
مىنى ئىكەن. ئەسكەر چىقىرىپ توت ئەتراپتىكى خەلقـ-
لەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپتىمش. ئۇزىگە بويسۇنـ-
دۇرۇپتىمش بېشى بارلىرىنى باش ئۇردۇرۇپتىمىش.
تىزى بارلىرىنى تىزلاندۇرۇپتىمىش. ئۇلارنى
شەرقتىن تا شىڭئەنلىڭ تاغلىرى، غەربتىن تا تۆمۈر
قاپقىغىچە بولغان جايلارغا ئولتۇراقلاشتۇرۇپتىمش.
ئىككىسى

(3) ئارىسىدا ئىگىسىز قالغان كوك تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق
قىلغانمش. ئۇلار دانا خاقان ئىكەنمش، باتۇر خاقان
ئىكەنمش. بۇيرۇقلىرىمۇ ئىھتىمال دانا بولسا كېرەك.
باتۇر بولسا كېرەك. بەگلىرى ۋە خەلقى سادىق ئىكەنـ-
مش. شۇڭا ئۇلار دولەتكە ئەنە شۇنداق ھوكۇمرانلىق
قىلغانمش. ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ قانۇنى تۈزۈملىرىنى ئۇرۇ-
ناتقانمش. كېيىنچە

(4) ئۇلار قازا تېپىپتىمش. تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەر، قايغۇ
بىلدۈرگۈچىلەر، كۈنچىقىشتىكى بۆ تىملى چۆللۈك ئېلىدىن،
تابغاچلاردىن، توبۇتلاردىن، ئاپالاردىن، بورۇملاردىن، قىر-
غىزلاردىن، ئۈچ قارلۇقلاردىن، ئوتتۇز تاتارلاردىن، قىتانـ-
لاردىن، تانابىلاردىن بولۇپ، شۇنچە كوپ ئادەم كېلىپ،
ئۇلارغا قايغۇسىنى ئىپادىلەپتىمش، تەزىيە بىلدۈرۈپتىمش.
ئۇلار ئەنە شۇنداق داڭلىق خاقانلاردىن بولغانمش. ئاندىن

(5) كېيىن ئىنىلىرى خاقان بوپتىمش. ئوغۇللىرىمۇ خاقان
بوپتىمش. كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتىمش؛ ئوغلى

ئاتىسىنى دورىماپتىمىش. بىلمىسىز خاقان تەختتە ئولا-
تۇرۇپتىمىش. بۇزۇق خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتىمىش. بۇي-
رۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلمىسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا
كېرەك.
(6) بەگلىرى، خەلقدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن ......
ئىنى بىلەن ئاكىنى ئۇچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن،
بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغاقچىلىق سېلىپ قويغان-
لىقى ئۈچۈن تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن
مەھرۇم بولغانمىش.
(7) خاقان دەپ نام ئالغان خاقاندىن ئايرىلىپ قالغانمىش...
تۈرك بەگلەر تۈرك دىگەن نامدىن ۋاز كەچكەنمىش.
تابغاچ پەرەس بەگلەر تابغاچ ناملىرىنى قوللىنىپ تابغاچ
خاقانىغا
(8) بېقىنغانمىش، ئۇلار ئۈچۈن ئەللىك يىل كۈچ بەرگەنمىش.
ئالدى تەرەپ كۈن چىقىشتىن تا بۆكلى خاقان يۇرتىغا،
غەرپتىن تومۇر قاپقىغىچە ئۇرۇش قىلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ
دۆلىتى ۋە ھاكىمىيىتىنى تابغاچ خاقانىغا ئېلىپ بەرگەنمىش
(9) ......
(10) ...... (لېكىن) ئۈستىمىزدىكى تۈرك تەگرىسى
(11) (تۆۋەندىكى) تۈرك مۇقەددەس يەر-سۈيى ("ئىلاھى
مەنىسىدە) مۇنداق دىگەنمىش: "تۈرك خەلقى يوقالمى-
غاي! ئۇلار ئادەم بولغاي! (شۇنىڭ بىلەن) ئاتام ئىلتېر-
مىش خاقانىنى، ئانام ئىلبىلگە خانىشنى ئاسمان قەرىگە
ئېلىپ چىقىپ ئېگىز كوتەرگەنمىش. ئاتام خاقان ئون
يەتتە ئەر بىلەن

(12) سرتقا چققانمش. (ئۇلارنڭ) سرتتا يۈرگەنلك خەۋرنى ئاڭلغاندن كېين شەھەردكلەر تاققا چققانمش، تاغدكلەر توۋەنگە چۈشكەنمش. (بۇلار) يغلپ يەتمش ئەر بولغانمش، تەڭرى كۈچ-قۇۋۋەت بېرپ قلغانلغى ئۈچۈن، ئاتام خاقان ئەسكەرلرى بۆرىدەك ئمش. ئۇنڭ دۈشمەنلرى قويدەك ئمش: شەرقتن غەرپكچە جەڭ قلش (نەتجسدە) يغلغان كشى

(13) يەتتە يۈز بولغانمش، يەتتە يۈز كشى بولغاندن كېين (ئاتام خاقان) ئاتا-بوۋامنڭ قانۇن-تۈزۈملرى بويچە دولتدن، خاقاندن ئايرلغان خەلقلەرنى، ددەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلقلەرنى تەشكللگەنمش ۋە تەربيلگەنمش. ئۇ يەردە تۇلس. تاردۇش خەلقلرنى تەشكللگەنمش.

(14) ھەمدە يابغۇ ۋە شاد (ئۇنۋانى) بەرگەنمش. ئوڭ تەرەپ (جەنۇپ)تە تابغاچلار دۈشمنى ئكەن. سول تەرەپ (شمال)دا باز خاقانى ۋە توققۇز ئوغۇزلار دۈشمنى ئكەن. قرغزلار، قوريغانلار، ئوتتۇز تاتارلار، قشانلار، تانابىلارنڭ ھەممسى دۈشمنى ئكەن. ئاتام خاقان شۇنچە (كوپ)...

(15) ئۇ قرىق يەتتە قېتم ئەسكەر چقارغانمش. يگرمە قېتم جەڭگە قاتناشقانمش. تەڭرى ساقلغانلغى ئۈچۈن دولتى بارلارنى دولتدن مەھرۇم قلغانمش، خاقانلرى بارلارنى خاقانلرىدن ئايرغانمش، دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرغانمش، تزى بارلرنى تزلاندۇرغانمش، بېشى بارلرنى باش ئۇردۇرغانمش. ئاتام

(16) خاقان ئاشۇنداق قىلىپ دۆلەت قۇرغان ۋە قانۇنى - تۈ-
زۈمنى ئورناتقاندىن كېيىن، بۇ دۇنيادىن ئۆتكەنمىش. ئاتام
خاقاننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باز خاقاننى
بالبال قىلىپ تىكلىگەنمىش. قانۇنى تۈزۈمگە ئاساسەن
تاغام (ئۈستىدە) خاقان بولۇپ ئولتۇردى. كىچىك دا-
دام خان بولغاندىن كېيىن، تۈرك خەلقىنى قايتىدىن
تەشكىللىدى ۋە يېقىپ تەربىيىلىدى، كەمبەغەللەرنى باي
قىلدى، ئازنى كۆپ قىلدى.

(17) كىچىك دادام، خاقانلىقتا ئولتۇرغاندا مەن تاردۇش خەل-
قى ئۈستىدىكى شاد ئىدىم. مەن تاغام خاقان بىلەن بىل-
لە ئالدى تەرەپ (شەرقتىن) تا خۇاڭخې دەرياسى ۋە
شەنتۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە ئۇرۇش قىلىپ باردۇق. ئارقا تە-
رەپ (غەرپ)تىن تا تومۇر (قاپقىغچە) ئۇرۇش قىلىپ
باردۇق ھەمدە كۆكمەن تېغىدىن ئېشىپ قىرغىزلار زى-
مىنىغچە ئۇرۇش قىلىپ باردۇق.

(18) جەمى يىگىرمە بەش قېتىم ئەسكەر چىقاردۇق. ئون ئۈچ
قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشتۇق. دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن
مەھرۇم قىلدۇق. خاقانى بارلارنى خاقانىدىن ئايرىدۇق.
تىزى بارلارنى تىزلاندۇردۇق، بېشى بارلارنى باش ئەگ-
دۈردۇق. تۈركەش خاقان تۈركلەردىن ئىدى. ئۆز خەل-
قىمىز ئىدى. بىلمەستىن بولغانلىقى

(19) ئۈچۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا خاتا ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن
ئۇلارنىڭ خاقانى ئۆلدى. بۇيرۇقلىرى، بەگلىرىمۇ ئۆلدى.
ئون ئوق خەلقى زۇلۇم چەكتى. ئاتا - بوۋام ھۆكۈمران-
لىق قىلغان يەرلەر ئىگىسىز قالمىسۇن ئۈچۈن، ئاز

خەلقىنى تەشكىللەپ،

(20) ئۇ ئەسلىدە بارىس بەگ ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا خاقان دىگەن نامنى بەردۇق ھەمدە مەلىكە سىڭلىمنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدۇق: ئۆزى خاتالاشتى. خاقانى ئۆل-دى، خەلقى دىدەك ۋە قۇلغا ئايلاندى. كوگمەن يەر - سۈيى ئىگىسىز قالمىسۇن ئۈچۈن ئاز سانلىق قىرغىز خەلقلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن باردۇق، ئۇرۇش قىلدۇق.

(21) شۇنداقلا (دۆلىتىنى) يەنە (ئۆزىگە) بەردۇق.

شەرقتىن شىڭگەنلىك تېغىدىن ئېشىپ، خەلقلەرنى ئاشۇن-داق ئولتۇراقلاشتۇردۇق. ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق. غەرپ-تىن تا كەنگۈ - قۇرمانغىچە بېرىپ تۈرك خەلقىنى ئاشۇنداق ئولتۇراقلاشتۇردۇق. ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق. ئۇ چاغدا قۇللا قۇللۇق بولدى. دىدەكلەر دىدەكلىك بولدى. ئىنى-سى ئاكىسىنى تونۇماس، ئوغلى ئاتىسىنى تونۇماس ئىدى①.

(22) بىز تىرىشىپ قۇرغان دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمى ئەنە شۇنداق ئىدى. تۈرك، ئوغۇز بەگلىرى سىلەر قۇلاق سېلىڭلار، ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر كومتۇرۇلۇپ كەتمىسە، دۆلىتىڭلارنى ۋە قانۇنى تۈزۈمىڭلارنى كىم بىت - چىت قىلالايدۇ؟ تۈرك خەلقى سىلەر (خاتالىغىڭلارغا) ئۆكۈنۈڭلار!

(23) سىلەر باشباشتاقلىق قىلغانلىغىڭلار ئۈچۈن ئۆزەڭلارنى بېقىۋاتقان دانا خاقانىڭلار ۋە ئەركىن، ياخشى دۆلىتىڭلار ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدىڭلار. يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار، (ئۇنداق بولمىسا) قوراللىقلار قاياقتىن كې-

① دۆلەتنىڭ چوڭلۇغىنى تەسۋىرلەيدۇ.

لىپ (سىلەرنى) ھەيدىۋېتىدۇ؟ نەيزىلىكلەر قاياقتىن كې-
لىپ (سىلەرنى) سۈرگۈن قىلىۋېتىدۇ؟ مۇقەددەس ئۆ-
تۈكەن تاشتىكى خەلقلەر. شەرققە بارىدىغىنىڭلار

(24) شەرققە كەتتىڭلار، غەرپكە بارىدىغىنىڭلار غەرپكە كەتتىڭلار.
سىلەرنىڭ ئۇ جايلارغا بېرىشىڭلارنىڭ پايدىسى مۇنۇلار
بولغان بولسا كېرەك. قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى. سۆڭە-
كىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى. ئالىجاناپ ئوغۇللىرىڭلار قۇل
بولدى. پاك قىزلىرىڭلار دىدەكلەرگە ئايلاندى. بىلمە-
سىز بولغانلىقىڭلاردىن سىلەردە ئادالەت بولمىغانلىقى-
تىن، ناغام خاقان دۇنيادىن ئۆتتى.

(25) دەسلەپتە قىرغىز خاقانىنى بالبال قىلىپ تىكلىدىم. تۈرك
خەلقىنىڭ نام - ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى
ئۈچۈن، ئاتامنى خاقان قىلغان، ئانامنى خانىش قىلغان
تەڭرى (بىزگە) دۆلەتنى ئاتا قىلغان تەڭرى، تۈرك
خەلقىنىڭ نام - ئابرويىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن،
مېنى

(26) خاقان قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. مەن روناق تاپقان... ئۈس-
تىدە ئولتۇرمىدىم. (بەلكى) يېگىلى ئېشى يوق، كېيگە-
لى كىيىمى يوق يوقسۇل بىچارە خەلقىنىڭ ئۈستىدە
ئولتۇردۇم. ئىنىم كۆل تېكىن بىلەن سۆزلەشتۇق. ئاتام،
تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ نام - ئابرويىنىڭ
يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن

(27) تۈرك خەلقى ئۈچۈن تۈنى خاتىرجەم ئۇخلىمىدىم. كۈن-
دۈزى خاتىرجەم ئولتۇرمىدۇم. ئىنىم كۆل تېكىن بىلەن
بىللە ئىككى شاد بىلەن بىللە ئۆلە - تىرىلىشىمگە قارىماي

تىرىشتىم. ئاشۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ بىرلەشكەن خەلقنى
ئىناق قىلدىم. مەن خاقانلىقتا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا

(28) ھەر تەرەپكە پىتراپ كەتكەن خەلقلەر ئۆلە - تىرىلمىشكە
قارىماي پىيادە، كىيىملىرىنىڭ يالاڭلىقىغا قارىماي قايـ-
تىپ كەلدى. خەلقلەرنى بېقىش ئۈچۈن شىمالدا ئوغۇز-
لار، شەرقتە قىتان تاتابىلارغا قارشى تۇردۇم. چوڭ
قوشۇننى باشلاپ ئون ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلدىم،
جەنۇپتا ئۇرۇشقا قاتناشتىم.

(29) ئاندىن كېيىن تەڭرىگە رەھمەت، بەختىم بولغانلىقى
ئۈچۈن، تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان
خەلقلەرگە جان كىرگۈزدۈم. يالاڭ خەلقلەرنى كىيىملىك
قىلدىم. يوقسۇللارنى باي قىلدىم. ئاز خەلقنى كۆپ
قىلدىم. (ئۇلارنى) كۈچلۈك دۆلىتى بار، كۈچلۈك خاقانى
بار (خەلقلەردىن) ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم. تۆت
ئەتراپتىكى

(30) خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇردۇم. ئۇلارنى (بىز
بىلەن) يەنە دۈشمەنلەشمەيدىغان قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممە-
سى ماڭا قارىدى ھەمدە (ماڭا) كۈچ بەردى. ئىنىم كول
تېكىن قانۇنى تۈزۈمنى ئورنىتىشقا تىرىشىۋېتىپ ئۆزىچىلا
قازا تاپتى. ئاتام خاقان دۇنيادىن ئۆتكەندە ئىنىم كول
تېكىن يەتتە ياشتا ئىدى.

(31) ئۇ ماھى سەنەمدەك ئانام خانىشنىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كول
تېكىن بالاغەتكە يەتتى. ئۇ ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا
تاغام خاقان دۆلەت ۋە قانۇنى تۈزۈمنى ئەنە شۇنداق
قولغا كەلتۈردى. بىز ئالتە جۈپ ساغداقتا يۈرۈش قىلـ-

دۇق. (ئۇلارنى) خانىۋەيران قىلدۇق. تابغاچنىڭ
ۋاڭ تۇتۇقى بەش تۈمەن ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى.
ئۇرۇشتۇق.

(32) كۆل تېكىن يايمىر جەڭگە كىردى. تۇتۇقتىن قولىغا قو-
رال ئالغان قېيىنىنىسىنى ئەسىرگە ئېلىپ (ئۇنى) قورال-
لىرى بىلەن بىرگە خاقانغا تەقدىم قىلدى. ئۇ قوشۇننى
شۇ يەردە يوقاتتۇق. ئۇ يىگىرمە بىر ياش ۋاقتىدا بىز
چاچا جياڭجۈن بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق. دەسلەپتە ئۇ
(كۆل تېكىننى) تادىقتىن چورىنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ
جەڭگە كىردى. بۇ ئات ئۇ يەردە

(33) ئۆلدى. ئىككىنچى قېتىم ئىشبارا ياماتارنىڭ بوز ئېتىنى
مىنىپ جەڭگە كىردى. بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى.
ئۈچىنچى قېتىم يەگسىن سىلىك بەگنىڭ ياساندۇقلۇق
تورۇق ئاتنى مىنىپ جەڭگە كىردى. بۇ ئات ئۇ يەردە
ئۆلدى. ئۇنىڭ ساۋۇت ۋە دوبۇلغىسى پىلاشىغا يۈزدىن
ئارتۇق ئوق تەگدى (لېكىن) ئۇ يۈز بېشىغا بىر تال
ئوقنىمۇ تەككۈزمىدى...

(34) تۈرك بەگلىرى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى ھەممىڭ-
لار بىلىسلەر، بىز بۇ قوشۇننى ئۇ يەردە يوقاتتۇق. ئاندىن
كېيىن بىر بايىرقۇنىڭ ئۇلۇغ ئىركىتى (بىز بىلەن)
دۈشمەنلەشتى. ئۇنى چېكىندۈرۈپ تۈرگى-يارغۇن كۆ-
لىدە ئۇنى خانىۋەيران قىلدۇق. ئۇلۇغ ئەركىن ئازغىنە
ئادىمى بىلەن قېچىپ كەتتى. كۆل تېكىن يىگىرمە ئالتە

(35) ياش ۋاقتىدا قىرغىزلارغا ئۇرۇش قىلدۇق. نەيزە بوي
قېلىنلىقتىكى قارنى بوسۇپ كۆگمان تېغىدىن ئېشىپ

قىرغىزلارنى ئۇيقىدا بېسىۋالدۇق. بىز ئۇلارنىڭ خاقانى
بىلەن سۇڭگا تېغىدا ئۇرۇش قىلدۇق. كول تېكىن بايىر-
قۇنىڭ ئاق ئايغىرىنى

(36) مىنىپ جەڭگە كىردى. بىر ئەرنى ئوق بىلەن
ئۆلتۈردى. ئارقا-ئارقىدىن ئىككى ئەرگە (نەيزە) سان-
چىدى. ئۇ جەڭ قىلىۋاتقاندا بايىرقۇنىڭ ئاق ئايغى-
رىنىڭ يوتىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى. بىز قىرغىز خاقانىنى
ئۆلتۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئېلىنى ئالدۇق. شۇ يىلى تۈر-
گەشلەرگە جازا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىز ئالتاي تې-
غىدىن ئېشىپ

(37) ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۈركەشلەرنى ئۇيقىدا بېسى-
ۋالدۇق، تۈركەش خاقانى قوشۇنى پالچۇدىن شىددەت
بىلەن (ئەينەن تەرجىمىسى ئوتتەك، بوراندەك) كەلدى،
ئۇرۇشتۇق. كول تېكىن باشغۇنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ
جەڭگە كىردى. باشغۇنىڭ بوز...

(38) ...ئىككىسىنى ئۆزى ئەسىرگە ئالدى ئاندىن كېيىن يەنە
(دۈشمەن بازىسىغا) ھۇجۇم قىلىپ تۈركەش خا-
قانىنىڭ بۇيرۇقىنى، ئازلارنىڭ تۇتۇقىنى ئۆز قولى بىلەن
تۇتۇۋالدى. ئۇ يەردە بىز ئۇلارنىڭ خاقانىنى ئۆلتۈر-
دۇق. ئېلىنى ئالدۇق. ئاددى تۈركەش پۇقرالىرىنىڭ
ھەممىسى (بىزگە) بويسۇندى. بىز بۇ خەلقنى تابارغا
(؟) ئولتۇراقلاشتۇردۇق.

(39) بىز يەنە سوغداقلارنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن يىنچۈ
دەرياسىدىن ئۆتۈپ تا تۆمۈر (قاپىقىغىچە) يۈرۈش قىل-
دۇق. ئاندىن كېيىن ئاددى تۈركەش خەلقى (بىزنىڭ)

دۈشمىنىمىز بولدى. كونگەردسكە باردۇق. ئۇ چاغدا
بىزنىڭ ئاتلىرىمىز ئورۇق، ئۆزۈمىز ئاچ، يوق ئىدى. بۇزۇق
ئادەملەر...

(40) بىزگە ھۇجۇم قىلغانلار باتۇر ئەرلەر ئىدى. ئۇ چاغدا
بىز كول تېكىنگە ئاز ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ چىقارغانلىقىمىزدىن
ئۇ كۈندۈق. ئۇ، چوڭ (بىر) ئۇرۇش قىپتىمىش. ئۇ
قەھرىمان شالچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كە-
رىپتىمىش. ئاددى تۈركەش پۇقرالىرىنى ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈپ-
تىمىش ۋە ئەل قىپتىمىش. يەنە يۈرۈش قىلىپ...

شىمال تەرەپ (ب)

(1) ... بىلەن (ھەمدە) قوشۇن تۇتۇق بىلەن ئۇرۇش قىپتىمىش.
باتۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپتىمىش. ئۆيى ۋە مال-
مۈلكى پۈتۈنلەي كەلتۈرۈلدى. كول تېكىن يىگىرمە يەتتە
يېشىدا، قارلۇقلار ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولدى ۋە
(بىز بىلەن) دۈشمەنلەشتى. بىز ئۇلار بىلەن تاماغ دە-
گەن مۇقەددەس بۇلاق بېشىدا ئۇرۇشتۇق.

(2) كول تېكىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشلاردا ئوتتۇز ياشلاردا
ئىدى. ئۇ قەھرىمان شالچىلارنىڭ ئېتىنى مىنىپ جەڭگە
كىردى. ئارقا-ئارقىدىن ئىككى ئادەمگە (نەيزە)
سانچىدى. قارلۇقلارنى ئۆلتۈردۇق. ئۇلارنى
قولغا چۈشۈردۇق. ئاز خەلقى (بىزنىڭ،
دۈشمىنىمىز بولدى. (ئۇلار بىلەن) قارا كولدە ئۇرۇش
قىلدۇق. ئۇ (چاغدا) كول تېكىن ئوتتۇز بىر ياشتا
ئىدى. ئۇ قەھرىمان شالچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ

(3) جەڭگە كىردى. ئازلارنىڭ ئەلتەبەرىنى ئەسىرگە ئالدى

ئاز خەلقى ئاشۇنداق قىلىپ يوقىتىلدى. تاغام خاقانىنىڭ دولىتى قالايمىقانلاشقان، خەلقى ۋە ھوكۇمرانلىقى قىلغۇ- چىلار ئىككىگە بولۇنۇپ كەتكەندە بىز ئىزگىللار بىلەن ئۇرۇشتۇق. كول تېكىن قەھرىمان شالچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ

(4) جەڭگە كىردى. ئۇ ئات جەڭدە ئۇلدى. ئىزگىللار يو- قىتىلدى. توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئوز ئادىمىمىز ئىدى. جاھان قالايمىقانلاشقانلىغى ئۇچۇن (بىز بىلەن) دۇش- مەنلەشتى. بىر يىلدا بەش قېتىم ئۇرۇشتۇق. دەسلەپتە ...

بىز توغىر شەھرىدە ئۇرۇشتۇق.

(5) كول تېكىن ئازمان ئاق (ئاتنى) مىنىپ جەڭگە كىردى. ئالتە ئادەمگە (نەيزە) سانچىدى. (ئىككى) قوشۇن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا يەنە يەتتە ئادەمنى قىلىچلىدى. ئىككىنچى قېتىم قوشلاغاقتا ئەدىزلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق. كول تېكىن ئازلانىڭ قوڭۇر، (ئېتىنى) مىنىپ جەڭگە كىردى. بىر ئادەمگە (نەيزە) سانچىدى.

(6) (قوغلاپ زەربە بەرگەن؟) (ئەگىلىپ يۇرۇپ يۇرۇش قىل) غاندا توققۇز ئادەمنى چېپىپ تاشلىدى. ئەدىزلەر ئاشۇ يەردە يوقىتىلدى. ئۇچىنچى قېتىم بىز بولچىدا ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق. كول تېكىن ئازمان دىگەن ئاق ئاتنى مىنىپ جەڭگە كىردى. نەيزىلەشتى. قوشۇنى بىلەن نەيزىلەشتۇق. ئېلىنى ئالدۇق. تۆتىنچى قېتىم بىز چۇس دىگەن بۇلاقتا ئۇرۇش قىلدۇق. تۈرك

(7) خەلقى تەۋرىنىپ قالدى (؟) (ئەينەن تەرجىمىسى پۇتى قالايمىقانلاشتى) ئەھۋال يامانلاشتى. كول تېكىن ئوزاپ

چىققان (دۈشمەن) قوشۇنىنى تارقىتىپ تۇغرا تېكىن ما-
زىرىدا تۇغرا ئۇرۇغىنىڭ باتۇرى ئالپاغۇنى ۋە ئۇن ئادە-
مىنى قورشاپ ئۆلتۈردى. بەشىنچى قېتىم بىز ئەزگەنتى
قادازدا ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشتۇق. كول تېكىن

(8) ئازلارنىڭ قوڭۇر ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى. ئىككى
ئادەمگە (نەيزە) سانچىدى. ھەمدە ئۇلارنى پاتقاققا پاتۇر-
دى. ئۇ قوشۇن ئاشۇ يەردە يوقىتىلدى. بىز ئامغى
قورغاندا قىشلاپ يازدا ئوغۇزلارغا ئەسكەر چىقاردۇق.
كول تېكىننى ئويگە قاراشقا قالدۇردۇق (؟) دۈشمەن-
مىز ئوغۇزلار ئوردىغا ھۇجۇم قىلدى. كول تېكىن

(9) ئۆگىسىز دىگەن ئاق (ئاتنى) مىنىپ توققۇز ئادەمگە
(نەيزە) سانچىدى. ئوردىنى قوغداپ قالدى. (شۇنداق
قىلمىغان بولسا) ئانام خانىش ۋە ئوگەي ئانىلىرىم،
ئاچىلىرىم، كېلىنلىرىم، مەلىكىلىرىمنىڭ تىرىكلىرى دىدەك
بولاتتى. ئۆلگەنلىرىنىڭ جەسىدى بولسا خارابىلىقتا، يولدا
قالغان بولاتتى!

(10) كول تېكىن بولمىغان بولسا ھەممىڭلار ئۆلگەن بولات-
تىڭلار. ئىنىم كول تېكىن قازا تاپتى. ئۆزۈم ھەسرەت
چەكتىم. كۆرەر كۆزۈم كورمەستەك بولدى، ئەقىل - ھۇ-
شۇمدىن ئاداشقاندەك بولدۇم، ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم.
ئادەمنىڭ ئۆمرىنى تەڭرى بەلگىلەيدۇ. ئىنسان بالىسى
ئۆلۈش ئۈچۈن تورەلگەن.

(11) مەن ئىنتايىن ھەسرەت چەكتىم. كۆزۈمگە ياش كەلسە
ئۆزەمنى توختىۋالدىم. كوڭلۈم بۇزۇلسا ئۆزەمنى باستىم.
مەن چەكسىز ھەسرەتلەندىم. مەن شۇنداق ئويلىدىم.

ئىككى شاد ۋە ئىنىلىرىم، بالىلىرىم، بەگلىرىم، خەلقىم يىغلاپ كوزى (ئەينەن تەرجىمىسى، كوز ۋە يېشى)نى زەخىملەندۇرۇپ قويدۇ. تەزىيە بىلدۇرۇش، قايغۇسىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن

(12) قىشان، تاتابى خەلقلىرىگە ۋاكالىتەن ئۇدار جياڭجۈن كەلدى. تابغاچ خاقانىدىن ئىسى نوشىاڭ كەلدى. (ئۇ) تونۇرغۇن گوهەر، ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ئېلىپ كەلدى. توبوت خاقانىدىن بولۇن كەلدى. غەرپتىن، كۈن پېتىش تەرەپتىكى سوغدى، بەرچەكەر، بۇ قاراق ئەللىرىدىكى خەلقلەردىن نوڭجياڭجۈن ۋە ئوغۇل تارقام كەلدى.

(13) ئون ئوق ئوغلۇم تۈركەش خاقانىدىن ماقراچ تومغىچى ۋە ئوغۇز بىلگە تامغىچى كەلدى. قىرغىز ئېلىدىن تاردۇش ئىنانچۇچۇر كەلدى. قىرغىز ئېلىدىن تاردۇش ئىنانچۇچۇر كەلدى. تاۋاپخانا ياسايدىغان ئۇستىلار، نەقىش ئويىدىغان ئۇستىلار، تاش مۇنارە ياسايدىغان ئۇستىلار كەلدى. تابغاچ خاقانىنىڭ تارىخچىسى (؟) جاڭجياڭجۈن كېلىپ تاۋاپخانا ياساش، نەقىش ئويۇش ۋە تاش مۇنارە ياساش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

شەرقى شىمال تەرەپ (ش. د)

كول تېكىن قوي يىلىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئالەمدىن ئوتتى. توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئۇلۇم رەسمىيىتىنى ئوتكۈزدۇق. تاۋاپخانا، نەققاش، تاش مۇنارە مايمۇن يىلى يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى پۈتتۈنلەي ياسىلىپ بولدى. كول تېكىن قىرىق يەتتە يىل ئومۇر كوردى. تاش... بۇ ئۇستىلارنى تويغۇن ئەلتەبەر كەلتۈردى.

### شەرقىي جەنۇپ تەرەپ (ن. د)

بۇ خەتلەرنى كول تېكىننىڭ جىيەن ئوغلى، مەنكى يوللۇق تېكىن يازدىم. مەنكى يوللۇق تېكىن يىگىرمە كۈن ئولتۇرۇپ بۇ ئابىدىنى ۋە تىلدىكى (خەتلەرنىڭ) ھەممىسىنى يېزىپ چىقتىم. سىز (خەلقىڭىزنى) ئۆز بالىلىرىڭىز ۋە ئەۋلاتلىرىڭىزدىن ئارتۇق كورەتتىڭىز. سىز قازا تاپتىڭىز. سىز ئاسماندا... تىرىك ۋاقتىڭىزدىكىگە ئوخشاش...

### غەربىي جەنۇپ (ن. ش)

... كول تېكىننىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، گوھەر مال - مۈلكى (ۋە) توت مىڭ يىلقىسىغا قارىغۇچى (؟) ...بېگىم تېكىن ئاسمانغا (چىقتىۇ.)...ئابىدىگە خەت يازدىم. يوللۇق تېكىن.

### غەرپ تەرەپ (ش)

غەرپتىكى سوغدىلار ئاسىلىق قىلدى. ئىنىم كول تېكىن... ئۈچۈن (ئۇلار تىرىلىشكە قارىماي؟) كۈچىنى بەرگەنلىگى ئۈچۈن مەنكى تۈرك بىلگە خاقان ئۆزەمنىڭ نوۋكىرىنى (؟) كول تېكىننىڭ (مازىرىغا) قاراتتۇردۇم. مەن ئۇنىڭغا ئىنەنچو ئاپايارغان تارقان دىگەن ئۇنۋانىنى بەردىم. كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغۇزدۇم.

## تۇنيۇقۇق ئابىدىسى

(1) نەقىلدار تۇنيۇقۇق مەن ئۆزەم تابغاچ ئېلىدە تەربىيەلەندىم، تۈرك خەلقى تابغاچقا بېقىنىاتتى.

(2) تۈركى خەلق، كېيىنچەكتە ئۆزىنىڭ خېنى بولالمايدىغىنى ئۈچۈن تابغاچ دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چىقتى، بۇنى خەلق ئۆز خېنىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىلغان ئىدى؛ لېكىن ئۇلار ئۆز خېنىنى تاشلاپ، يەنە قايتىدىن تابغاچ دۆلىتى- گە بويسۇندى؛ مېھرىۋان تەڭرىم ئېيتىدۇكى: مەن سىلەرگە خان ئاتا قىلىمەن.

(3) خان سەن ئۆزەڭنىڭ بېقىمسىزلىقىڭ بىلەن بۇ يەردە قال- ساڭ (ھەرپ بويىچە، ئۆزەڭنىڭ)؛ سېنىڭ بېقىمسىزلىقىڭ تۇپەيلى تەڭرىم — ھەيران قېلىپ ئۆيلىشى مۇمكىن، تۈركى خەلق ئاجىزلايدۇ، ئۆلىدۇ، ۋەيران بولىدۇ. سەن تۈركى خەلقلەر تەرىپىدىن يېتىم قالىسەن (؟)

(4) تاقىر دالىسىدا (ئەينەن تەرجىمىسى) ئورمان ۋە تاشلىق- تا قالغانلىرى يىغىلىپ يەتتە يۈز بولىدى. بۇلارنىڭ بىر ئۆلۈشى ئاتلىق ئىدى. ئىككى ئۆلۈشى پىيادە ئىدى. بۇ يەتتە كىشىنى باشلاپ يۈرگەن

(5) قوشۇن ئۇلۇغ شاد ئىدى. ئۇمانگە، (قوشۇنىمىزغا) قوشۇل- غىن، قوشۇلغان كىشى مەنكى — ئەقىلدار تونيۇقۇق ئىدىم. مەن ئۇنى خاقان قىلاي دېدىم. مەن مۇنداق ئويلىدىم. ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقا يىراقتا

(6) ئۇسۇشسە ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ. مەن ئاشۇنداق ئويلىدىم شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى (ماڭا) ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەنلا (ئۇنى) خاقان بولۇشقا دەۋەت قىلدىم. ئەقىلدار تونيۇقۇق — بويىلا باغا تارقان.

(7) ئىسلتەرسى خاقان بىلەن بىرلىكتە جەنۇپتىن...... شەرق-

تىن قىتايلاردىن، شىمالدىن ئوغۇزلاردىن كۆپ ئۆلتۈر-
دۇق، ئەقىلدارى نوۋكەر باشلىغى مەنلا ئىدىم. بىز چۇغاي
قوزى ۋە قارا تۇمدا ئولتۇراقلاشتۇق.
(8) كېيىنك يەپ، توشقان يەپ، كۈن كۆچۈرەتتۇق. خەلقىنىڭ
قارنى توق ئىدى. دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلار-
دەك كۆپ ئىدى، بىز جانسىز ھايۋاندەك ئىدۇق، مۇ-
شۇنداق ئولتۇرغىنىمىزدا ئوغۇزدىن چارلىغۇچى كەلدى.
(9) چارلىغۇچىنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى: توققۇز ئوغۇز ئۇس-
تىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ تابغاچقا قۇنى جياڭجۈننى
قىتايغا تۇڭىراسى مىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار مۇنداق سۆزنى
ئېلىپ بېرىپتۇ: ئازغىنە تۈرك خەلقى
(10) ھەركەتلىنىپ يۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇرمىش،
ئەقىلدار دانىشمەنمىش ئۇ، ئىككىسى بولىدىكەن، سەن- تاب-
غاچلارنى قىرىپ تاشلايدۇ. شەرقتىن قىتانلارنى قىرىپ
تاشلايدۇ. بىز ئوغۇزلارنى
(11) قىرىپ تاشلايدۇ. تابغاچلار سىلەر جەنۇپتىن تېگىڭلار!
قىتانلار، سىلەر شەرقتىن تېگىڭلار! مەن شىمالدىن تې-
گەي! تۈرك خەلقى يېرىگە پادىشا يولاتمايلى، مۇمكىن
بولسا ئۇلارنى يوقۇتايلى!
(12) ئۇ سۆزنى ئاڭلاپ تۈنى ئۇخلىغىم كەلمىدى، كۈندۈزى
ئولتۇرغۇم كەلمىدى، كېيىن خاقانىمدىن ئۆتۈندۈم، مەن
مۇنداق ئۆتۈندۈم: تابغاچ، ئوغۇز، قىتان بۇ ئۈچى تې-
پىشىۋالسا
(13) بىز تايانچسىز قالىمىز، ھەر تەرەپتىن مۇھاسىرە ئىچىدە
قالىمىز. يۇقىتا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى

ئۈشتۈش ئاسان، يۇقا قېلىن بولۇپ كەتسە ئېگىش
تەسكە چۈشىدۇ. ئىنچىكە

(14) تۇم بولۇپ كەتسە، ئۈشتۈش تەسكە چۈشىدۇ. شەرقتە قىتانلاردىن جەنۇپتا تابغاچتىن، غەرپتە قورداندىن، شىمالدا ئوغۇزدىن بولۇپ ئىككى-ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن كېلىش مۇمكىن، مەن (خاقانغا) شۇنداق دىدىم.

(15) خاقانىم مەن ئۇرەم — ئەقىلدار تۇنيۇقۇقنىڭ ئوتتۇنگەن سوزۇمگە قوشۇلدى، شۇ بويىچە ئىش قىلىڭەر دىدى. كوك ئوڭدىن يۇقۇرىلاپ قوشۇننى باشلاپ ئۆتكەن تاققا ئولاشتىم. ئوغۇزلار ئىنەك، يۇك، ئولاقلىرىنى ئېلىپ توغلا (دەرياسىدىن) كەلدى.

(16) ئەسكىرى ئۈچ مىڭ ئىكەن، بىز ئىككى مىڭ ئىدۇق، ئۇرۇشتۇق، تەڭرى ساقلىدى... تارمار قىلدۇق. دەر-ياغا چۈشتى، قايتىش يولدا يەنە (تۇرغۇن) ئۆلۈپتىمىش. شۇندىن كېيىن ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئەل بولدى.

(17) (تۈرك خاقانى) تۈرك خەلقىنىڭ ئۆتكەن دىگەن يەردە تۇرۇۋاتقانلىغىنى مەن ئۇزەم ئەقىلدار تۇنيۇقۇقنىڭ ئۆتۈ-كەن دىگەن يەردە تۇرۇۋاتقانلىغىمنى ئاڭلاپ جەنۇپتىكى خەلقلەر ۋە غەرپتىكى، شىمالدىكى، شەرقتىكى خەلقلەر-نىڭ ھەممىسى كېلىپ ئەل بولدى.

(18) بىز ئىككى مىڭ ئىدۇق، ئىككى قوشۇن بولدى تۈرك خەلقى خەلق بولغاندىن، تۈرك خانى تەختكە ئولتۇر-غاندىن بۇيان سەنتۇك شەھەرلىرىگە دەريا-دېڭىزلارغا تې-گىپ باقمىغان ئىدى. خاقانىمدىن ئوتۇنۇپ لەشكەر باش-لاپ جەڭگە ماڭدىم.

(19) لەشكەرلىرىمنى سەلتۈك شەھەرلىرى ۋە دەريا - دېڭىزلارغا بارغۇزدۇم، لەشكەرلىرىم يىگىرمە ئۈچ شەھەرنى ۋەيران قىلدى. بۇ يۇرتلار خارابىلىقتا ئايلاندى. تابغاچ خاقانى دۈشمىنىمىز ئىدى. ئۇن ئۇق خاقانى دۈشمىنىمىز ئىدى.

(20) مۇندىن باشقا قىرغىز كۈچلۈك خاقانىمىز دوشمىنىمىز بولدى. ئۇ ئۈچ خاقان مەسلىھەتلىشىپ ئالتاي تېغىدا ئۇچراشماق - چى بوپتۇ، ئۇلار مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ: بىز شەرقتىن تۈرك خاقانىغا لەشكەر چىقىرايلى. ئۇنىڭغا لەشكەر چىقار - مىساق ئاخىر بىر كۈن ئۇ بىزنى......

(21) ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇرمىش، ئەقىلدار دانىشمەنمىش، ئا - خىرى بىر كۈنى بىزنى يوقىتىدۇ. ئۈچەيلەن لەشكەر چىقىرايلى! ئۇنى يوقىتايلى دېيىشىپتۇ. تۈركەش خاقان مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ خەلقىم ئۇ يەرگە بارىدۇ.

(22) تۈرك خەلقى ھەققەتەن بۇلغۇنۇپ كەتتى (قالايمىقاند - لاشتى)، ئوغۇزلىرىمۇ ھەققەتەن تارىلىپ كەتتى. ئۇ گەپ - نى ئاڭلاپ، تۈنى ئۇيقۇ كەلمەس ئىدى. كۈندۈزى ئولتۇر - غۇم كەلمەس ئىدى. شۇ چاغدا مەن مۇنداق ئويلىدوم

(23) ئالدى بىلەن قىرغىزلارغا ئۇرۇش قىلساق ياخشىراق بولى - دىغان ئوخشايدۇ، دەپ توگمەن (تېغى) غا بارىدىغان يول بىرلا ئىكەن ھەمدە ئۇنى (قار) قاپلىۋاپتۇ دەپ ئاڭلاپ بۇ يولدا ماڭساق بولماسمىكىن دېدىم. يول باش - لىغۇچى ئىزدىدىم چۈنكى ئاز پۇقراسىدىن بىرنى تاپتىم.

(24) مەن ئاز يىرىگە بارىدىغان يولنىڭ ئانى دەرياسىغا (يېقىن) ئىكەنلىكىنى، پەقەت بىرلا ئات بىلەن مېڭىشقا بولىدىغان

تار يول ئېكەنلىكىنى ئاڭلاپ مەن ئۇنىڭدىن (يەنە) سورى-
سام، ئۇ: بىر ئاتلىق كىشىنىڭ ئۇ يول بىلەن مېڭىپ
باققانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ يول بىلەن ماڭساق بولىدىكەن
دېدىم، ئويلاندىم، خاقانىمدىن

(25) ئوتتۇندىم. لەشكەر چىقارتتىم، ئات، بىلەن دەريادىن ئۆ-
تۈگلار دېدىم. ئاق تەرمەس دەرياسىدىن ئۆتۈپ لەشكەر-
لىرىمنى توختاتتىم، ئاتقا مىنىپ، قارنى بوسۇپ ماڭدۇق.
ئاتنى يېتىلەتكۈزۈپ، تاياقتا تايانغۇزۇپ يايىۋ. (تاقتا)
چىقارغۇزدۇم. سەركەرلەر

(26) (قار-مۇزلارنى) ئاچتى. بىز دەل-دەرەخ بار چوققىلار-
دىن ئاشتۇق. بىز ناھايىتى جاپادا تاغدىن چۈشتۇق.
ئون تۈن گېچە (تاغ) يېنىدىكى توسالغۇلاردىن ئەگىپ
يۈرۈپ ماڭدۇق، يول باشلىغۇچى يولدىن يېڭىلىپ قال-
غاچقا ئۆلتۈرۈلدى. قىيىن ئەھۋالدا خاقان تېز مېڭىڭلار
دېدى.

(27) بىز ئانى دەرياسىغا يېتىپ باردۇق، ئۇ دەريانى بويلاپ
توۋەنگە ماڭدۇق. لەشكەرنى ساناش ئۈچۈن ئاتتىن چۈ-
شۈردۇق. ئاتلارنى دەرەخكە باغلاپ قويدۇق......... كې-
چىنى كېچە دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي ئۈچقانداك
يۈردۇق. قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق.

(28) بىز نەيزە بىلەن......نى ئاچتۇق، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ خا-
قانى ۋە لەشكەرلىرى يىغىلىپ بوپتىكەن. ئۇرۇشتۇق،
سانچىشتۇق، خاقانىنى ئۆلتۈردۇق، قىرغىز خەلقى خاقانى-
مىزغا بويسۇندى، يۈكۈندى، بىز ياندۇق. تۈگمەن تېغىنى
ئەگىپ

(29) قىرغىزلارنىڭكىدىن ياندۇق، تۇركەش خاقانىدىن چارلە-
غۇچى كەلدى. ئۇنىڭ سوزى مۇنداق ئىدى. بىز شەرقىي
تۇرك خاقانىغا لەشكەر چىقىرايلى، لەشكەر چىقىرىپ ئۇلارغا
يۇرۇش قىلمىساق بىزنى ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ خاقانى
باتۇرمىش، ئەقىلدار دانىشمەنمىش. ئاخىر بىر كۈنى
(30) بىزنى ئولتۇرىدۇ، دېيىشىپتۇ. تۇركەش خاقانى يولغا
چىقىپ بوپتىمىش. ئون ئوق خەلقى پۈتۈنلەي قوزغىلىپ-
تىمىش (بۇلارنىڭ ئىچىدە) تابغاچ ئەسكەرلىرىمۇ بارمىش،
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خاقانىم مەن ئويگە بېرىپ كېلەي،
(31) خوتۇنۇم ئولدى. ئولۇم رەسمىيەتلىرىنى قىلىۋېتەي، سىلەر
لەشكەرنى باشلاپ ئىلگىرىلەۋېرىڭلار، ئالتاي تېغىغا ئورۇنلى-
شىڭلار. ئىنەل خاقان ۋە تاردوس شاد لەشكەر بېشى بو-
لۇپ ئىگىرىلىسۇن، دىدى. ئۇ مەنكى تونيوقۇققا مۇنداق
دىدى:
(32) سەن بۇ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىل، قىيىن (مەسىلىلەردە)
ئوزوڭنىڭ پىكرى بويىچە قارارچىقىرىۋەرگىن! مەن ساڭا
يەنە نىمە دەي؟ ئەگەر، ئۇلار كېلىپ قالسا خەۋەرچى-
لەرنى كوپەيتكىن. كەلمىسە، ئەسىر سوزىنى توپلاپ
تۇرغىن دىدى. بىز ئالتاي تېغىغا ئولتۇراقلاشتۇق.
(33) ئۈچ پايلاقچى كەلدى. ئۇلارنىڭ سوزلىرى ئوخشاش ئىدى:
خاقان لەشكەر چىقىرىپتىمىش، ئون ئوق لەشكەرلىرى.
پۈتۈنلەي قوزغىلىپتىمىش، ئۇلار بىز پارس تۈزلەڭلىكىدە
يىغىلايلى، دېيىشىپتىمىش. بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ خاقانغا
بۇ سوزلەرنى مەلۇم قىلدىم، قانداق قىلسام بولار؟ جا-
ۋاپ كەلدى.

(34) ئورنۇڭلاردا تۇرۇۋېدىڭلار، ئاتلىق چارلىغۇچىلارنى ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇڭلار، ئۇزەڭلەرنى زەربىگە ئۇچرىتىپ قويماڭلار، بوگو خاقان ماڭا بۇ گەپلەرنى ئەۋەتىپتۇ. لېكىن ئۇ ئاپا تارقانغا يەنە ئەقىلدار تونيۇقۇق يامان ئادەم ئۇ، ئۇنىڭ ھەققەتەن قارانىيىتى بار.

(35) .........................

(36) ئەگەر ئۇ ئەسكەر چىقىرىسەن دىسە، ئۇنىماڭلار دەپ مەخپى گەپ ئەۋەتىپتۇ. بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ ئەسكەر چىقاردىم. بىز ئالتاي تاغلىرىنىڭ يولسىز جايلىرىدىن ئاشتۇق. ئېرتىش دەرياسىنىڭ كېچىكسىز جايلىرىدىن ئوتتۇق. بىز كېچىلەپ ئىلگىرىلىدۇق. بول چوغا تاڭ يورىغاندا تەگدۇق.

(37) پايلاقچى كەلتۇرۇلدى. ئۇنىڭ سوزى مۇنداق ئىدى. پارس تۇزلەڭلىكىدە ئون تۇمەن ئەسكەر يىغىلىپ تاق بولۇپ بولدى. بۇ سوزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەگلەرنىڭ ھەممىسى مۇنداق دىدى:

ياناپلى! ساپ نومۇس ئەلا ("شەرەپلىك مەغلۇپ بولغان ياخشى" دىگەن مەنىدە)! مەنكى ئەقىلدار تونيۇقۇق ئۇلارغا بىز ئالتاي تېغىنى ئېشىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن

(38) ئوتۇپ (بۇ يەرگە) كەلدۇق، كەلمىگىمىز قىيىنغا چۇشتى. كەلگىنىمىزنى ئۇلار تۇيمىدى، تەڭرى توماي، مۇقەددەس يەر ـ سۇ بىزگە ياردەم قىلىدۇ. بىز نىمىشقا قاچىمىز؟

(39) ئۇلارنىڭ ئادىمىنىڭ كوپلىكىدىن نىمە ئۇچۇن قورقۇپ كېتىمىز؟ ئادىمىمىزنىڭ ئازلىغى بىلەن ئۇلاردىن يېڭىلىپ قالىمىزمۇ؟ تېگەيلى! دىدىم. بىز تەگدۇق، بىز يېڭىپ

چىقتۇق. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار يەنە كەلدى.

(40) ئۇلار ئۇتتەك قىزىپ كەتتى. ئۇرۇشتۇق، ئۇلارنىڭ ئىككى قاسناقتىكىلىرى، بىزنىڭكىلەردىن سىگارچە كىرىپ ئىدى. تەڭرى ساقلىغانلىغى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ كوپلىگىدىن

(41) قورقۇپ كەتمىدۇق، ئۇرۇشتۇق، تاردۇس شار جەڭگە قاتناشتى. بىز يېڭىپ چىقتۇق، خاقاننى قولغا چۈشۈردۇق. يابىغوسى ۋە شادى

(42) شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. ئەللىكچە ئادەمنى قولغا چۈشۈردۇق. شۇ كېچىسى ھەربىر قەبىلىلەرگە (ئەلچى) ئەۋەتتۇق. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئون ئوق بەگلىرى ۋە خەلقى پۈتۈنلەي

(43) كەلدى، بويسۇندى. ئەل بولغان بەگلەر ۋە خەلقلەرنى تەشكىللەۋاتقىنىمدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. ئون ئوق ئەسكەرلىرىنى چىقارتتىم.

(44) بىزمۇ ئەسكەر چىقاردۇق، بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ ماڭدۇق. يەنچۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ "تىنسى ئوغلى" دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس ئاق تاغدىن ئاشتۇق.

(45) بىز تا تومۇر قاپىقىغىچە باردۇق، بىز قوشۇننى شۇيەردىن ياندۇردۇق، ئىنەل خاقان...... ساقغا، تەزىق، توقار

(46) شۇ يەردە ئۆلتۈرۈشلۈق ئاسۇق باشچىلىغىدىكى سوغاق خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى، يۈكۈندى... تۈرك خەلقى تومۇر قاپىقىغا

(47) ۋە "تىنسى ئوغلى" دەپ ئاتىلىدىغان تاققا ئەزەلدىن تېگىپ باقمىغان ئىدى. مەنكى ئەقىلدار تونيۇقۇق ئۇ يەرگە ھۇجۇم قىلدۇرغانلىغىم ئۇچۇن

(48) ئۇلار سانسىزلىغان سېرىق ئالتۇن، ئاق كۈمۈش، قىز ۋە ئاياللارنى، قىممەتلىك ئېگەر - چۇشەك، ئۈنچە - مەرۋايىت-لارنى كەلتۈردى. ئىلتەرىش خاقان دانا بولغانلىقى ئۈچۈن،
(49) باتۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تابغاچ بىلەن ئون يەتتە قېتىم ئۇرۇش قىلدى. قىتان بىلەن يەتتە قېتىم ئۇرۇش قىلدى. ئوغۇزلار بىلەن بەش قېتىم ئۇرۇش قىلدى. شۇ چاغدىمۇ ئەقىلدارى
(50) يەنىلا مەن ئىدىم، ياغچىسى يې (سەنلا) مەن ئىدىم. ئىلتە-رىش خاقانغا، تۈرك بۆگۈ خاقانغا، تۈرك بىلگە خاقان-غا......
(51) قاپاغان خاقان يىگىرمە (يەتتە) ياش ۋاقتىدا مەن قا-پاغان خاقانغا پاردەملىشىپ ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم، تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم،
(52) كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆك-تۈم. قارا تەرلىرىمنى ئاقتۇردۇم. مەن (دولەت) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم، مەن ئۇزەم يەنە ئاتلىق قو-شۇن چىقاردىم.
(53) مەن ئوردا قاراۋۇللىرىنى (؟) كېڭەيتتىم، يېنىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇردۇم. خاقانىم بىلەن بىرگە (توت قېتىم) جەڭگە قاتناشتىم تەڭرى ساقلىدى!
(54) مەن تۈرك خەلقى زىمىنىدە تولۇق قوراللانغان دۈشمەن-لەرنى چاپتۇرمىدىم، بەلگىسى بار ئاتلارنىڭ ھەممىلا يەردە يۈگۈرۈپ، يۈرۈشكە يول قويمىدىم. ئىلتەرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا،
(55) ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەن تىرىشمىغان بولسام، ئەل ۋە

خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىغى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەن تىرىشقانلىغىم ئۈچۈن

(56) ئەل يەنە ئەل بولدى، خەلق يەنىلا خەلق بولدى. ئۆزۈم قېرىدىم، ئۇلۇغ بولدۇم. ھەرقانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە

(57) مەندەك ئادەم بولىدىكەن، ئۇلاردا ھېچقانداق بەختسىزلىك بولمايدۇ!

(58) تۈرك بىلگە خاقان ئېلىمگە، مەنكى ئەقىلدار تونيۇقۇق (بۇ تاشتىكى سۆزلەرنى) يازدۇردۇم.

(59) ئىلتەرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا! مەن ئۆزەم ئەقىلدار تونيۇقۇق تىرىشمىغان بولسام، مەن بولمىغان بولسام

(60) قاپاخان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى تۇپرىغىدا دۆلەت ۋە ئادەم ـ ئىنسان بولمىسا بولاتتى.

(61) ئىلتەرىش خاقان ۋە مەنكى ئەقىلدار تونيۇقۇق تىرىشقانلىغىم ئۈچۈن قاپاخان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى مۇشۇنداق ياشاپ قالالىدى.

(62) تۈرك بىلگە خاقان تۈرك سىر خەلقىنى، ئوغۇزلارنى باقماقتا.

## بىلگە خاقان ئابىدىسى

شەرق تەرەپ

1. تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە خاقان، مېنىڭ سۆزۈم. ئاتام تۈرك بىلگە خاقان... تى سىر توققۇز ئوغۇز.

ئىككى ئەدىر مۇھىم بەگلىرى ۋە خەلقى... تۈرك تەڭ-
رىسى......

2 . ئۈستىدە مەن خاقان بولۇپ ئولتۇردۇم. مەن تەختتە
ئولتۇرغىنىمدا ھەسرەت چېكىپ ئولۇمنى تىلەپ يۈرگەن
تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى ئىنتايىن خوشاللىنىپ، ئۇلار-
نىڭ جانسىز كوزلىرىگە جان كىردى. ئۆزەم تەختكە ئول-
تۇرۇپ تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەر، ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم
قانۇنى تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ بەردىم.

3 . (3 - 23 - كول تېكىن ئابىدىسى شەرق تەرەپ (1)-
(30)غا ئوخشاش)

24 . ئاز خەلقنى كوپ قىلدىم. (ئۇلارنى) قۇدرەتلىك دولىتى بار
كۈچلۈك خانلىغى بارلاردىن ياخشى ياشايدىغان قىلدىم.
تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇردۇم.
(ئۇلارنى) دۈشمەنسىز قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قا-
رىدى، ئون يەتتە يېشىمدا تاڭۇتقا ئەسكەر چىقاردىم، تاڭۇت
خەلقىنى مەغلۇپ قىلدىم. ئاشۇنداق قىلىپ (ئۇلارنىڭ) ئو-
غۇللىرى، قىزلىرى، يىلقىلىرى ۋە مال - مۈلكىنى قولغا چۈ-
شۈردۇم. ئون سەككىز يېشىمدا ئالتە جۇپ سوغداققا

25 . ئەسكەر چىقاردىم، شۇنداق قىلىپ (ساغراق) خەلقىنى
مەغلۇپ قىلدىم. تابغاچنىڭ تۇتۇقى ۋاڭ بەش تۈمەن
ئەسكەر (باشلاپ) كەلدى. بىز مۇقەددەس بۇلاقتا (ئۇلار
بىلەن) ئۇرۇش قىلدۇق. ئۇ قوشۇننى ئۇ يەردە يوقاتتىم،
يىگرمە يېشىمدا، باسمىل ئىدۇقۇت ئوز ئۇرۇغىمىزدىن ئىدى.
ئۇلار تارتۇقچىلاردىن ئەۋەتمىگەنلىگى ئۈچۈن ئۇلارغا يۈ-
رۈش قىلدىم. ق(..)ت ئۇلارنى بويسۇندۇردۇم. نۇرغۇن-

لىغان (ئولجىلارنى) ئۆيگە يۆتكەتتىم. يىگىرمە ئىككى
يېشىمدا تابغاچقا

26. يۈرۈش قىلدىم. چاچا جياڭجۈننىڭ سەككىز تۈمەن لەش-
كىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدىم. قوشۇننى ئۇ يەردە يوقاتتىم.
يىگىرمە ئالتە ياش ۋاقتىمدا، جىق خەلقى قىرغىزلار
بىلەن بىرگە بىز بىلەن دۈشمەنلەشتى، كەم دەرياسىدىن
ئۆتۈپ يۈرۈش قىلدىم. ئورپەندە ئۇرۇش قىلدىم. قو-
شۇننى مەغلۇپ قىلدىم. ئاز خەلقىنى قولغا چۈشۈردۈم...
ھەمدە ئۇلارنى بويسۇندۇردۇم. يىگىرمە يەتتە يېشىمدا قىر-
غىزلارغا يۈرۈش قىلدىم، نەيزە

27. قارنى يېرىپ كوكمەن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قىرغىزلارنى
ئۇيقۇدا بېسىۋالدىم. خاقانى بىلەن سوڭدا تېغىدا ئۇرۇش
قىلدىم. خاقانىنى ئۆلتۈردۈم، شۇنداق قىلىپ ئېلىنى ئالدىم.
شۇ يىلى تۈركەش خەلقىغە ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ، ئېرى-
تىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ يۈرۈش قىلدىم. تۈركەشلەرنى
ئۇيقۇدا بېسىۋالدىم. تۈركەش خاقان قوشۇنى شىددەت
بىلەن كەلدى.

28. بولچۇدا ئۇرۇشتۇق. خاقانىنى، بۇيرۇقنى، شادىنى ئۇ يەردە
ئۆلتۈردۈم...... ئوتتۇز يېشىمدا بەشبالىققا يۈرۈش قىلدىم
ئالتە قېتىم ئۇرۇشتۇق... قوشۇننى پۈتۈنلەي يوقاتتىم... ئۇ
يەردىكى كىشىلەر يوقىتىلاتتى... ئۇلار بىزنى تەكلىپ قىلا-
غىلى كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بەشبالىق ئاپەتتىن قۇتۇلا-
دى. ئوتتۇز

29. بىر يېشىمدا، قارلۇقلار غەم-ئەندىشىسىز ھالدا ئۆزىگە ئۆ-
زى غوجا بولغاندا، بىز بىلەن دۈشمەنلەشتى. مەن تاماغ

دىگەن مۇقەددەس بۇلاق بېشىدا ئۇرۇش قىلدىم. قار-لۇقلارنى ئۆلتۈردۈم. شۇنداق قىلىپ ئېلىنى ئالدىم. (ئوتۇز ئىككى) يېشىمدا قارلۇقلار يىغىلىپ (بىزگە قارشى تۇردى)، مەن ئۇلارنى ئۆلتۈردۈم. توققۇز ئوغۇز ئۆز خەلقىم ئىدى. جاھان قالايمىقانلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئىچىدە

30. غۇم ساقلىغانلىقى ئۈچۈن بىز بىلەن دۈشمەنلەشتى. بىر يىل ئىچىدە تۆت قېتىم ئۇرۇش قىلدىم. دەسلەپتە توغۇ شەھرىدە ئۇرۇش قىلدىم. قوشۇنۇم توغلا دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى يوقاتتى. ئىككىنچى قېتىم ئاندارغۇدا ئۇرۇش قىلدىم... قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدىم. ئۈچىنچى قېتىم چۇش دىگەن بۇلاق بېشىدا ئۇرۇش قىلدىم. تۈرك خەلقى ئىككىلىنىپ قالدى.

31. ...............

32. ئەھۋال يامانلاشقان ئىدى. بىر قوشۇنى ئۇرۇشقا چىققان ئىدى. يەنە بىر قوشۇنى خان ئوردىسىدا قالدۇرۇلغان ئىدى. ئۈچ ئوغۇز قوشۇنى بېسىپ كەلدى. ئۇلار (بىزنى) يايئۇ قالدى. قىيىن ئەھۋالدا قالدى دەپ (بىزنى) ھۇجۇم بىلەن ئالغىلى كەلدى. بىنگار قوشۇنى ئوردىدىكى بايلىقنى بۇلىغىلى كەلدى. سىگار قوشۇنى ئۇرۇشقىلى كەلدى... بىز ئاز ئىدۇق. قىيىن ئەھۋالدا ئىدۇق. ئوغۇز ... تەڭرى كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇلارنى) ئاشۇ يەردە تار-مار قىلدىم.

33. تەڭرى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن، مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن تۈرك خەلقى غەلىبە قازاندى. مەن ۋە ئىنىم باشلامچىلىق بىلەن تىرىشمىغان بولساق تۈرك خەلقى ئۆلگەن بولاتتى.

تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى سىلەر ئاشۇنداق ئۇيلاڭلار ۋە
ئاشۇنداق بىلىڭلار! ئۇغۇزلار تارتۇقچىلارنى(؟)ئەۋەتمىگەن-
لىگى ئۈچۈن مەن ئۇلارغا ئەسكەر چىقاردىم.

34. ئوردا ۋە قورۇلۇشلىرىنى خانىۋەيران قىلدىم. ئوغۇزلار
توققۇز تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.
ئاغۇ دىگەن جايدا ئىككى چوك ئۇرۇش قىلدىم. قوشۇنىنى
مەغلۇپ قىلدىم، ئېلىنى ئالدىم. مەن ئاشۇنداق تىرىشىپ...
تەڭرى ساقلىغانلىغى ئۈچۈن ئۆزەم ئوتتۇز ئۈچ
يېشىمدا... ئۇلار ئۇستىگە ئوتولوگ...

35. بېقىۋاتقان باتۇر خاقان ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۈس-
تىمىزدىكى تەڭرى مۇقەددەس يەر، سۇ (ئىلاھى) ۋە
ئىجداتىم خاقانىنىڭ روھى خوشال بولمىغان بولسا كېرەك.
توققۇز ئوغۇز خەلقى يەر-سۈيىنى تاشلاپ تابغاچقا باردى.
ئۇلار تابغاچ. يەنە بۇيەرگە قايتىپ كەلدى. مەن ئۇلارنى
ياقاي دەپ ئويلاپ خەلق...

36. جىنايەت ئۆتكۈز... جەنۇپ تابغاچقا ئۇلارنىڭ ئاتاق-
ئابرويى قالمىدى. بۇيەردە ماڭا قۇل بولدى. مەن ئۆزەم
خاقانلىقتا ئولتۇرغۇنۇم ئۈچۈن، تۈرك خەلقىنى قىلمىدىم،
مەن دولەتنى قانۇن-تۈزۈمنى ياخشى (باشقۇرۇشقا) تىرىش-
تىم...... بىرلىشىپ

37. ئۇ يەردە ئۇرۇش قىلدىم، قوشۇننى مەغلۇپ قىلدىم، بوي
سۇنغانلىرى بوي سۇندى (مېنىڭ) خەلقىم بولدى. ئولگەن-
لىرى ئولدى. سېلىڭا دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلەپ، قا-
راغىن دىگەن قىساڭدا ئوردىسى ۋە قورۇلۇشلىرىنى خانە-
ۋەيران قىلدىم... ئۇلار تاققا چىقتى. ئۇيغۇر، ئىلتەبەر

يۈزچە ئەر بىلەن شەرققە قېچىپ كەتتى...

38. ... تۈرك خەلقى ئاچ قالغان ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ يىلقىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئۇلارنى باقتىم. ئوتتۇز توت يېشىمدا ئوغۇزلار قېچىپ كىتىپ... تابغاچقا قوشۇلدى. مەن ئۇلۇنۇپ ئەسكەر چىقاردىم... ئوغۇللىرىنى، قىزلىرىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئىككى ئىلتەبەرنىڭ خەلقى

39. ...... تاتاس خەلقى تابغاچ خاقانىغا بېقىندى، ئەلچى ئەۋەتمىگەنلىكى ۋە هال - ئەهۋال سورىمىغانلىغى ئۈچۈن مەن يازدا ئۇلارغا يۈرۈش قىلدىم. خەلقىنى ئۆيەردىن مەغلۇپ قىلدىم. يىلقىسىنى... قوشۇنى يىغىلىپ كەلدى، شىڭ ئەنلىك تېغىدا...

40. بۈرۈنقى يۇرتىدا ئولتۇراقلاشتى. جەنۇپتىكى قارلۇق خەلقـ-لەرگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، يامتارتودوننى ئەۋەتتىم، ئۇ باردى... (قارلۇق) ئىلتەبەر يوقىتىلىپتىمىش. ئىنىسى بىر قورغانغا (قېچىپ كەتكەنمىش)

41. تارتۇقچىلار كەلمىدى. ئۇلارنى جازالاي دەپ يۈرۈش قىلدىم. مۇهاپىزەتچىلەر باشلىغى ئىككى، ئۈچ كىشىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. ئاددى خەلق خاقانىمىز كەلدى دەپ مەدھىيە ئوقىدى.(؟)...غا ئۇنۋان بەردىم. ئەمىلى كىچىكلەرنى

جەنۇپ تەرەپ

1. تابغاچنىڭ ئون يەتتە مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى بىرىنچى كۈنى يوقاتتىم. ئىككىنچى كۈنى پىيادە ئەسكەرلەرنى قور-قاتتىم. بىز... ئېشىپ باردى

2. ...قېتىم ئەسكەر چىقاردىم. ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا

ئەتىيازدا قىتانغا يۈرۈش قىلدىم...

3. ...... مەن ...... يوقاتتىم. ئوغۇللىرى، قىزلىرى، يىلقىسى ۋە مال ـ مۈلكىنى ......

4. بۇ ...... ئاياللارغا ئۆلۈم جازاسى بەردىم......

5. بار...............

6. ئۈرۈش قىلدىم.........

7. ...... بەردىم(؟) باتۇرلى ئولتۇرۇپ بالبال قىلىپ بەردىم، يىشىمدا تاتابى خەلقى قىتاندىن ئايرىلىپ چىققىتى...... توڭكەر......

8. قوغ جياڭجۈن ئون تۈمەن ئەسكەر باشلاپ كەلدى. توڭـ كەر تېغىدا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدىم. ئۈچ تمەن ئەسكەرنى ئولتۇردۇم. بىر تۈمەن ئەسكىرى...... تاتابى

9. يوقىتىلدى. چوڭ ئوغلۇم ئاغرىپ ئۆلگەنىدە قوغ جياڭـ جۈننى بالبال قىلىپ تىكلىدىم. مەن ئون توققۇز يىل شار بولدۇم. ئون توققۇز يىل خاقان بولدۇم. دولەتنى باشقۇردۇم ئوتتۇزبىر......

10. تۈركلىرىمگە،خەلقىمغە نۇرغۇن‌ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردىم. مۇشۇنداق تىرىشۇۋېرىپ، ئاتام خاقان شۈيىلى ئونىنچى ئاينىڭ 26-كۈنى قازا تاپتى. توڭگۇز يىلى بەشىنچى ئاينىڭ يەـ گىرمە يەتتىنچى كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتىنى قىلدۇردۇم. بۇـ قاغ تۇتۇق

11. دا.يسى لىسۈن دىگەن چوڭ جياڭجۈن بەش يۈز ئەرنى باشلاپ كەلدى. مەززىلىك... ئالتۇن كۈمۈشلەردىن ناھاـ يىتى كوپ كەلتۈردى. ئۆلۈم رەسمىيىتى ئۈچۈن (ئىشلەـ تىشكە) ئىسرىق ۋە شاملارنى كەلتۈرۈپ، تىكىپ بەردى.

سەندەل ياغىچىدىن كەلتۈرۈپ ئوز......

.12 مۇنچىۋالا كوپ خەلق چېچىنى كەستى. قۇلىغى ۋە يۈزىنى قىيما ـ قىيما قىلىۋەتتى. ئۇلار مىنىشكىلا ئىشلىتىدىغان نەسىللىك ئات، قارا بولغۇت، كوك تىيىنلەردىن ھىساپسىز كەلتۈرۈپ، ھەممىسىنى ئولۇم رەسمىيىتىگە تەقدىم قىلدى.

.13 تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە (خاقان)نى مېنىڭ سوزۇم، ئاتام تۈرك بىلگە خاقان تەختتە ئولتۇرغىنىدا، تۈرك ھازىرقى بەگلىرى، شىمال تەرەپتىكى كولچۇر باشچىلىغىدىكى تاردۇش بەگلەر ۋە شاداپىق بەگلەر، ئالدى تەرەپ (شەرق)تىكى ئاپاتارقان باشچىلىغىدىكى تولىس بەگلەر

.14 ۋە شاداپىق بەگلەر، ئوڭ تەرەپ (جەنۇپ) تەرەپتىكى تامان تارخان تونيۇقۇق بويىلا پاغاتارقان ۋە بويرۇق ... ئىچ بويرۇق سەپەگ كول تېكىن باشچىلىغىدىكى ھەرقايسى بويرۇقلار، مۇشۇنداق كوپ ھازىرقى بەگلەر ئاتام خاقانغا ئىنتايىن........

.15 ئىنتايىن ماختىدى.(؟) ..... تۈرك بەگلىرى بىلەن خەلقى بىلەن بىرگە ئىنتايىن ماختىدى. ئاتام خاقان (قازا تاپقاندا) تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقلىرى ئېغىر تاش ۋە يوغان ياغاچلارنى ئەكەلدى، ئوزەم ئوچۇن مۇنداق..........

شىمال تەرەپ (ب)

(1 ـ 8 ـ قۇرلىرى كول تېكىن ئابىدىسىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى 1 ـ 11 ـ قۇرلىرى بىلەن ئوخشاش)

.8 (ئاتام)

.9 خاقان، تاغام خاقان تەختتە ئولتۇرغاندا، تۈن تەرەپ-

تىكى شۇنچىلا كوپ خەلقلەرنى تەشكىللىگەنمىش……
تەڭرى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن، مەن تەختتە ئولتۇرغىنىمدا،
توپ تەرەپتىكى خەلقلەرنى تەشكىللىدىم. تەرتىپكە سالدىم
…… قىلدىم …… ئىنتايىن داغدۇغىلىق توي مەركىسى
ئۆتكۈزۈپ، قىزىمنى تۈركەش خاقانىغا ياتلىق قىلدىم.

10. يەنە ئىنتايىن داغدۇغىلىق توي مەركىسى ئۆتكۈزۈپ تۈركەش خاقانىنىڭ قىزىنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەردىم……… بېشى بارلارنى باش ئۇردۇردۇم. تىزى بارلارنى تىزلاندۇردۇم. ئۈستىمىزدىكى تەڭرى ئاستىمىزدىكى يەر-زېمىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈن.

11. كورۇپ باقمىغان، ئاڭلاپ باقمىغان خەلقلەر شەرقتە كۈن چىقىشقىچە، جەنۇپتا تابغاچقىچە، غەرپتە كۈن پېتىشقىچە، شىمالدا، ئوتتۇرىسىغىچە بولغان شۇنداق كەڭ زېمىندا ئولتۇراقلاشتى. تۈركلىرىم ئۈچۈن ئالتۇن، كۈمۈش، مەشۇتلۇك يىپەك، ئاشلىقتىن چىقىرىلغان ئىچىملىك، مىنىشكىلا ئىشلىتىدىغان ئات ۋە ئايغىر، قارا بولغۇن. ………

12. كوك تېيىنلەرنى تېپىپ بەردىم … ئۇلارنى غەم-ئەندىشىسىز قىلدىم. ئۈستىمىزدىكى تەڭرى كۈچلۈك …

13. ئۇلارنى بېقىڭلار … قالدۇرماڭلار!…… تۈرك بەگلىرى، تۈرك خەلقىم … سىلەر، ئوزەڭلارنىڭ خاقانىدىن، بېگىڭلاردىن،

14. يەر-سۈيىڭلاردىن ئايرىلماڭلار بەخت كورىسىلەر، غەم-ئەندىشىسىز ئوتىسىلەر! جاپا چەكمەيسىلەر ……… (شۇندىن) كېيىن تابغاچ خاقانىدىن كوپ مۇسۇنكارلارنى كەلتۈردۇم. ئۇلار مېنىڭ سوزۇمنى ياندۇرمىدى. ئوردا مۇسۇنكارلىـ

رنى ئەۋەتتى، ئۇلارغا ھەيۋەتلىك قورۇلۇشلارنى سالدۇر-
دۇم. ئىچى-تېشىنى نەپىس نەقىشلەتتىم. تاش ياساتتىم.
كوڭلۇمدىكى سوزلىرىمنى ئويدۇردۇم.

15. ئون ئوق ئەۋلاتلىرىدىن تارتىپ يات ئورۇقلارغىچە بۇنى
كورۇپ بىلگەيسىلەر! مەڭگۇ تاش ياساتتۇردۇم...... سوز-
لىرىمنى ئويدۇردۇم...... ئۇ تاش قورۇلۇشىنى......

غەربىي جەنۇپ تەرەپ (ن. ش)

بىلگە خاقان (ئابىدى) تېكىستىنى مەنكى يوللۇغ تېكىن:
يازدىم. بۇنچە كوپ قورۇلۇش، نەققاش ۋە سەنئەت بۇ-
يۇملىرىنى (؟) بىلگە خاقاننىڭ جىيەن ئوغلى مەنكى
يوللۇغ تېكىن بىر ئاي توت كۇن ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقـ-
تىم. زىننەتلىدىم...

شەرقىي جەنۇپ تەرەپ

كوك ئوڭىنى بويلاپ يۇرۇش قىلىپ، كېچە-كۇندۇزلەپ
يەتتە كېچە-كۇندۇزدە مەن سۇسىز (چوللەرنى) كېسىپ
ئوتۇپ چوراققا يېتىپ باردىم. (بۇلاڭچىلارغا) كەچكە
تېگىپ........

غەرپ تەرەپ (ش)

1. تۇرك ئۇستىدە (ئولتۇرغان ئاتام)
2. بىلگە خاقان (قازا تاپتى) (؟)
3. ياز بولسا ئۇستىمىزدىكى (تەڭرى)
4. دۇمبىغى (ياكى تۇۋرۇگى) نىڭ داراڭلىشى (ياكى قار-
سىلدىشى)
5. تاغدىكى بۇغىنىڭ چىقىرىشىدەك
6. ھەسرەتلىنىمەن، ئاتام خاقان
7. قېشىنى ئۇزەم ئورناتتىم.

## مويۇنچۇر ئابىدىسى

(1) تەڭرىدىن تورەلگەن، دولەت قۇرغان دانا خاقان……
تولسى……

(2) ئۇتۇگەن ئەتراپى…… دولىتى ئىككى (تاغ) ئارىسىغا جايلاشقان ئىكەن. سۈيى سېلىنگا ئىكەن. ئۇ يەردە دولەتى… (خەلقى) ياشايدىكەنمىش.

(3) سۇ…… قالغان خەلق-ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ…… ئورخۇن دەرياسى…

(4) تۈرك قىپچاق ئەللىك يىل ئولتۇرغانمىش. تۈرك ئېلىگە، يىگىرمە ئالتە يىشمدا…… بەردى. ئۇچاغدا بويلا……

(5) (ئۇيەردىن) قايتىپ كەلدى. توققۇز ئوغۇز خەلقىنى تىرىبىيغىپ ئالدىم. ئاتام كول بىلگە خاقان………

(6) ئەسكەر چىقاردى. ئۇزەمنى مىڭ بېشى قىلىپ ئەۋەتتى. ئالدى (شەرق) تەرەپكە بېرىپ، ئۇگدىن (شەرقتىن) قايتقان…

(7) بويسۇندۇرۇپ. يەنە يۈرۈش قىلدىم. كەيدە دىگەن بۇلاق (ياكى چوقا) ۋە ئۈچ بەركۇ دىگەن (يەردە) خان قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ يەردە………

(8) قوغلىدىم، قاراقۇمدىن ئوتۇپ، كوگۇردە، كومۇر تاغدا، يار دەرياسىدا، ئۈچ توغلۇق تۈرك خەلقى……

(9) ئۇزمىس تېكىن خاقان بولغانمىش. قوي يىلى (743-يىلى) دا مەن يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى قېتىمقى ئۇرۇشنى بىرىنچى ئاي (؟) نىڭ ئالتىنچى (كۇنى) قىلدىم……

ئۆزمىس تېكىننى ........

(10) تۇتتۇم، خانىشنى ئۇيەردە قولغا چۈشۈردۈم. تۈرك خەلقى شۇندىن ئېتىۋارەن يوقالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، توخۇ يىلى (745 - يىلى) دا .... خەلقى .... كويۇپ ......

(11) ئۈچ قارلۇق كوڭلىدە دۈشمەنلىك ساقلاپ قېچىپ كەتتى. غەرپتىكى ئون ئوق (خەلقى) (يەنى غەربى تۈركلەر) گە قوشۇلدى. توڭگۇز يىلى (747 - يىلى) دا ئۈزدۈم ... تاي بىلگە تۇتۇقۇقا.

(12) يايغۇ (ئۇنىۋانىنى) بەردى. كېيىن ئاتام خاقان قازا تاپتى. ئاددى خەلق قىلتىغانىمش ....... سانچىدىم.

(13) تۇتتۇم .... بىر ... (ئۇ چاغدا) بۇ كەگوككە يېتىپ باردىم، كېچىدە كۈن پاتقاندا ئۇرۇش قىلدىم. ئۇ يەردە سانچىدىم ئۇلار كۈندۈزى قېچىپ كېتىپ، كېچىسى يىغىلدى. بەكۈگەكتە سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتارلارنى قالدۇرمىدۇق. ئىككىنچى (كۈنى) كۈن چىققاندا جەڭ قىلدىم. قول، دىدەك خەلقىمنى تەڭرى

(14) ۋە زىمىن (ئىلاھ) ساقلىدى. ئۇ يەردە (نەيزە) سانچىدىم. گۇناكار باشلىغىنى...... تەڭرى تۇتۇپ بەردى. لېكىن ئاددى پۇخرالارنى يوقاتمىدىم. ئۆيىنى، مال - مۈلكىنى، يىلقىلىرىنى بولىشىۋالمىدىم. ئۇلارنى جازالىدىم.

(لېكىن) ئۇلارنىڭ (بۇرۇنقىدەك ياشاۋېرىشىگە) يول قويدۇم. سىلەر ئۆز خەلقىم دىدىم. ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋېرىڭلار دىدىم. مەن (ئۇلارنى) قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتىم. ئۇلار كەلمىدى. يەنە

(15) قوغلىدىم. بۇرغۇدا ئۇلارغا يېتىشىۋالدىم. تۇتىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى (كۈنى) ئۇرۇشتۇم. سانچىدىم. يىلقىلىرىنى، مال-مۈلۈكلىرىنى، قىزلىرىنى، ئاياللىرىنى كەلتۈردۈم. بەشىنچى ئايدا، ئۇلار ئەگىشىپ كەلدى. سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتارلارنىڭ ھەممىسى كەلدى. سېلىنگە (دەرياسىنىڭ) غەربى، يىلۇن(دەرياسىنىڭ) جەنۇبىدىن تارتىپ شىپ بۇلغىنچە ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردۇم.

(16) ئۇلار كەرگۈن-ساقىش ۋە شىپ بۇلغى ئارقىلىق كەلدى ...... سېلىنگە (دەرياسىغىچە) ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى. بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى ئۇرۇش قىلدىم. ئۇيەردە سانچىدىم. (ئۇلارنى) سېلىنگە دەرياسىغا قىستاپ ئەكىلىپ ھۇجۇم قىلدىم. ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىم. كوپچىلىگى سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۈۋەن ئېقىمىنى بويلاپ قېچىپ كەتتى. مەن سېلىنگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق قوغلىدىم. ئۇرۇشتا ئۇن ئەرنى قولغا چۈشۈردۈم. (ئۇلارنى مېنىڭ يارلىغىمنى يەتكۈزۈشكە) ئەۋەتتىم.

(17) ئاي بىلگە تۇتۇقنىڭ رەزىللىگى تۈپەيلىدىن، بىر-ئىككى باشلىقنىڭ رەزىللىگى تۈپەيلىدىن مېنىڭ ئاددى خەلقىم، سىلەر ھالاك بولدۇڭلار. ماڭا قايتىدىن بېقىنساڭلار ھالاك بولمايسىلەر، دېدىم. قايتىدىن ماڭا كۈچ بېرىڭلار دېدىم. ئىككى ئاي كۈتتۈم، كەلمىدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئەسكەر چىقىراي ...... دېدىم. قوماندان بايىرنى يولغا چىقىۋاتقاندا

(18) بىر ئاتلىق چارلىغۇچى كېلىپ: دۈشمەن گېلىدۇ، دېدى!
دۈشمەن باشلىغى ھەيۋە بىلەن كەلدى. سەككىزىنچى
ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئالتو كولىدە قاسۇيدىن ھالقىپ
ئۆتۈپ، ئۇرۇش قىلدىم. ئۇ يەردە (نەيزە) سانچىدىم.
داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەردىم. شۇ ئاينىڭ ئون بەشىنـ
چى كۈنى، كەيرە بۇلىغى ۋە ئۇخبوكۇرە. تاتارلار بىلەن
قاتتىق جەڭ قىلدىم. سىڭار خەلقى

(19) بويسۇندى. سىڭار خەلقى ......غا قوشۇلدى. ئۇ يەردىن
يەنە قايتىپ كەلدىم. ئۇتۇكەندە قىشلىدىم. دۈشمەندىن
قۇتۇلۇپ ئەركىن تۇرمۇش كەچۈردۈم. ئىككى ئوغلۇمغا
يايغۇ شاد دېگەن ئۇنۋاننى بەردىم. مەن ئۇلارغا تاردۇش،
تولىس خەلقلىرىنى بەردىم. شۇندىن كېيىن يولۋاس يىلى
(يەنى 750 - يىلى) يى چىكلەرگە يۇرۇش قىلدىم. ئىككىنچى
ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى قەم دەرياسىدا

(20) جەڭ قىلدىم. شۇ يىل ......بوي سۇندى... بۇلاقتا
ئاق ئوردا سالدۇردۇم. ئوردا تېمى (ياكى تاش مۇنارە)
ياساتتىم. ئۇ يەردە يازنى ئۆتكۈزدۈم. ئۇ يەردە تەڭرىگە
تاۋاپ قىلدىم①. ئۇ يەردە تامغامنى ۋە يارلىغىمنى
ئويدۇردۇم. شۇندىن كېيىن، شۇ يىلى كۈزدە شەرققە
يۇرۇش قىلدىم. تاتارلارنى سوراق قىلدىم. توشقان يىلى
(751 - يىلى) سى

(21) بەشىنچى ئايدا ...... ئۇتۇكەن تېغىدا ... ئۇ مۇقەددەس
بۇلاقنىڭ غەربىدە يابانىش (ياكى ئايبانىش) ۋە توقۇش

① "ياقا ئانتا قاقالادىم" نى راستىبىت "مەن ئۇيەردە چېگرىنى (پاسىلىنى) تەرتىپكە سالدىم" دەپ تەرجىمە قىلغان.

دىگەن ئۇچرىشىدىغان جايدا يازنى ئۇتكۇزدۇم. ئۇ يەردە ئوردا سالدۇردۇم. ئوردا ئىچى ياساتتىم، مەن مىڭ يىللىق تۈمەن كۆنلۈك (يەنى ئۆلمەس) يارلىغىم ۋە تامغامنى ياقىراق تاشقا

(22) يازدۇردۇم. توققۇز ئوغۇز ...... بەگلىرى كەلدى ...... دۈشمەنلىشىپتىمىش. ئوگۈنبەگ ۋە قارا بۇلاقتا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلارغا ئادەم ئەۋەتىپ "سىلەر ئەسكەر چىقىرىڭلار! سىلەرمۇ چىڭلارغا ئەسكەر چىقىرىڭلار!" دىگەنىمىش، "مەنمۇ ئەسكەر چىقىراي!" سىلەر دىققەت قىلىڭلار.

(23) "ئورمانلىقتا (سىلەر بىلەن) ئۇچرىشايلى!" دىگەنىمىش. "ئوتۇكەن ......" دىگەنىمىش. توققۇزىنچى (كۈنى) ئەسكەر چىقاردىم ... تۇتۇق بولىغى ئارقىلىق چىڭلارغا مىڭ ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ يۇرتىغا ئاز ساندىكى ئەرلەرنى ئەۋەتتىم. "سىلەر دىققەت قىلىڭلار!" دىدىم. قىرغىز خاقانى كوگمەن (تېغى) ئىچىدە

(24) ئاۋۇلدا ئىكەن. ئاتلىق پايلاقچىنى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭكىگە ئەۋەتىپتىمىش. ئاتلىق پايلاقچىنى مېنىڭ ئەسكەرلىرىم قارىغا ئاپتىمىش ھەمدە تىلچى (شپيون) تۇتۇۋالغانمىش. ئۇ (تىلچىنى دىمەكچى)

(25) خان ۋە ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭكىگە ئادەم كەلدى. لېكىن قارلۇقلار ئىتتىپاقچىلىرىنىڭكىگە كەلمىدى، دىدى. قارلۇق ... كەم (دەرياسى) (؟)...... ئارقار بۇلاقتىكى ئارقاشنىڭ يىنىدىن سال سىلىپ ئېرىتىش دەرياسىدىن ئۆتتۇم. ئۇن بىرىنچى ئاينىڭ ئۇن سەككىزىدە (ئۇلارغا)

ئۈچرىندىم. بىزلىچە دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقنى
(26) يوقاتتىم. ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدىم. مېنىڭ مىلىك ئادد-
مىم چەن خەلقىنى سۈرۈپ كەلدى...... سىز بۆلىغىدىكى
خان سارىيىمدا يازلىدىم. ئۇ يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلد-
دىم (رامېتىدت: "ئۇ يەردە چېگرىنى تەرتىپكە سالدىم"
دەپ تەرجىمە قىلغان.) چەن خەلقىغە تۇتۇق ئېۋەتتىم
ۋە ئىشبارا ۋە تارقات ئەۋەتتىم...... ئەر كەلدى. قارلۇق
كولدە،

(27) ئۇلار تاغدا دۈشمەن...... ھۇررا سىلىپ كىلىشۋاتقانلىقىنى
كوردى. ئون بەشىنچى كۈنى...... تايغان كولىدە (ئەس-
كەرلىرىمنى) يىغدىم. ئالدىنقى قىسىملىرىمنى ئەۋەتتىم.
ئەرلەر كەلدى. قارا يوتالىقتىن ئۆتۈپ، (دۈشمەننى
كېلىشكە) مەجبۇر قىلدى. مەن ئاردىن يۈرۈش قىلدىم......
بولدى ئۇلار قارلۇقلارغا

(28) ئادەم ئەۋەتىپتىمش...... دەپتىمش: "ئىچكى (قىسمىنى)
قالايمىقانلاشتۇرايلى. سىرتتىن قاپساپ بارايلى" (ئىچكى-
تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ ئىش كورەيلى، دىگەن
مەنىدە) دەپتىمش. باسمىللار (بىز بىلەن) دۈشمەنلىشىپ
مېنىڭ تۇرار جايىمغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنى بوي
سۇندۇرالمىدىم، سىرتتىن ئۈچ قارلۇق ئۈچ ئىدۇق تاتار...
تۈركەش...... ئوتتۇكەندە. مەن......

(29) ئۇ يەردە ئۇلارغا زەربە بەردىم، بەشىنچى ئاينىڭ
يىگرمە ئالتىسى ئۈرۈش قىلدىم. ئۇ يەردە سانچىدىم.
ئۈچۈي (دەرياسىدىن) ئۆتۈپ كۈن چىققاندا سانجىش-
تىم. ئاندىن كېيىن تۈركەشلەر قارلۇقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ

مال ـ مۈلكىنى بولۇۋېلىپ تۇرار جايلىرىغا قايتىپتىمىش،
مېنىڭ تۇرار جايىمغىمۇ بېرىپتىمىش.
(30) دۈشمەن بولدى...... تۇرۇپ. يېرىگە باردى. ئۇلارنى
تۇغلاپ...... سەككىزىنچى ئايدا يولغا چىقتىم. مەن
ئويۇمنى ئەسىرەگگۈن دىگەن جايغا يۆلا دىگەن كول
بويىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇ يەردىن قوغلاپ ماڭدىم......
(31) باسمىللارنى قالدۇرۇپ...... ئىنچى ئاينىڭ يىگرمە
بىرىنچى كۈنى قارلۇقلارنى...... توغرا تۇزلەڭلىكىدە......
تۇرۇپ قورققىنىدىن كەتكەنىمىش. ئۇ يەردىن قايتىپ
كەلدىم......
(32) ئون بىرى...... يوقاتتىم. ئوز...... خەلقىم ئارىسىغا
قايتىپ كەلدىم. ئىرلون ۋە تالاقمىندا قوغلاپ يېتىشە-
ۋالدىم. بۆرۈن تابغاچقا بېقىنغان ئوغۇز ۋە تۈركەش
خەلقى (ئۇلاردىن ئايرىلىپ) يولغا چىقىپتىمىش. ئۇ
يەردە ئۇچرىتىپتىمىش. ئۇ يەردە بەگلەر......
(33) مېنىڭ قوشۇنۇم ئۈچ...... توغ...... بەش يۈز كىشىلىك
تولۇق قوراللانغان پىيادە ئەسكەر بىر ـ ئىككى قېتىم
شاشىپ كەلدى. ئۇ چاغدا تەڭرى ۋە يەر دېرەك قىلا-
لىرىمنى، خەلقىمنى ساقلىدى. ئۇ يەردە نەيزە سانـ
چىدىم......
(34) ئۇ يەردە خەلقلەر (ماڭا) بويسۇندى...... قېچىپ قارلۇق-
لارغا قوشۇلدى. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ ئورخۇن ۋە
بالىقلىغ دەرياسىدىكى ئۇچرىشىدىغان جايىمىزدا خان
ئوردىسى سالدۇردۇم. خان سارىيىنى......
(35) ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگرمىسى، قارا بولاقنىڭ شەرقىدە

سوقاق يولدا چىگىل تۇتۇق......

(36) تۇغۇرغۇ (دەرياسىدىن) ئۇتۇپ...... (نەيزە) سانچىدىم.
قارلۇق، باسمىل...... يىغىلىپ

(37) چۇشتۇم...... باسمىلغا......

(38) ...... ئاپا ...... تۇسىلىپ قاپتىمىش...... بىلمەيدۇ.
ھەممىسى قېچىپ پىتراپ......

(39) ......مەن سالدىم. مۇنچە كوپ ئابىدە خەتلىرىنى......
ئابىدە خەتلىرىنى يازدىم

(40) كەلدى...... قارلۇق ئەندى (؟) مۇستەقىل...... شۇنداق
قىلىپ سەككىزىنچى ئاينىڭ ئۇچىدە يۇرۇش قىلدىم......
قارلۇق، تىرىكلىرىنىڭ ھەممىسى تۇركەشلەرنىڭكىگە كەلدى.
قايتىپ كېلىپ،

(41) ئونىنچى ئاينىڭ ئىككىسى باردىم...... دىگىنى ئوچ......
زەربە بەردىم...... (قايتىپ) كەلدىم، شۇندىن تارتىپ
باسمىل ۋە قارلۇقلار يوقىتىلدى. قوي يىلى (755 - يىلى)

(42) يازلىرىم...... تابغاچ خانى خاقان...... بىرىپتىمىش......
بىر قىزى سەككىز ئوغلىنى ئەسىرگە ئالدىم...... يېنىپ
كەلدىم. ......ئىككى (قىسىم) خەلقنى ئېلىپ...... ئۇتۇكەن
(تېغى)...... زەربە بەردىم...... ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ،
مىڭچە ئەسكىرىنى (؟) ئەۋەتتىم. بەخش تۇغىنى......

(43) ئۇ يەردە...... خەلقنى...... ئىككىنچى ئاينىڭ ئالتىسى
ئويۇمگە باردىم. توخۇ يىلى (757 - يىلى)دا...... بىرىپ-
تىمىش...... يوقىتىپتىمىش. شۇنداق قىلىپ ئۇ كەلدى.
ئىككى قىزنى (سوغا قىلىپ)

(44) بەردى...... سوزىگىزنى يىرماي، دىدى خاتا ئىش قىلـ

ماي دىدى...... بويسۇنمىدى...... سوغداق ۋە تابغاچلارغا

سېلىنگا دەرياسىدا باي-بالىقنى سالدۇردۇم.

(45) ......(يىگىرمىسى؟) ئۈ يەردىن قايتىپ...... ئۈچ تىزغىنى...
بىرلەش يىگىرمە بىر ئۇردىنى...... ئوتتۇزى ئۈ يەردە
(نەيزە) سانچىدىم. يارىش ۋە ئاگۈلىخ ئارىلىغىدا......

(46) ...... ئۈچ تۈمەن...... نەيزىلەشكەن يەردە...... ئۇيلاپ-
تىمىش...... ئىككىنچى ئايىنىڭ ئون ئالتىسى، ئۈچ
تۇغنى......

(47) تۈرك خەلقى...... سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتار...... خوتۇن
جىمنى ئۈز بىلگە (بۇنسىيىن؟)

(48) (قوي؟) ...... مىڭ يىلقىنى قالدۇرغانمىش. بىر تۈمەن
قوينى قالدۇرغانمىش.

(49) قوشۇن قوماندانى مەن...... ئەلتەبىر، مەن مىڭ يىلقا
بىر تۈمەن قوينى ئىگەللىدىم...... كەلتۈردۈم.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر خىل رىيا-لىستىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن ۋەسىقىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەنە شۇنداق ئەدەبىي ژانىرنى خەت-چەكلەر ئەدەبىياتى دەيمىز.

مۇنداق قانۇن ۋەسىقىلىرىدىن تۇرپان ۋادىسىدىن 200 گە يېقىن تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن پروفېسسور مالوفنىڭ «قەدىمقى تۈركى يازما يادىكارلىقلىرى» دىگەن مەشھۇر ئەسىرىدە يەتتە پارچە خىلمۇ-خىل ھۆججەت شەكىللىرى مىسال كەلتۈ-رۈلگەن. ئاخىرقى «يەرنى ئىجارىگە بېرىش» دىگەن بىر ھۆج-جەتكە 28-دىگەن نومۇرنى قويغان. دىمەك مالوفنىڭ مۇنداق ھۆججەتتىن 28 گە ئىگەنلىگى مەلۇم. قالغانلىرىنى

نېمسلار، ياپونلار، ئەنگلىيىلىكلەر ۋە باشقا چەتئەللىكلەر ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

ھازىرقى مەلۇماتلارغا قارىغاندا تۈركىيىدە رەشىت رەخمەتىنىڭ «ئىسكى تۈرك ھوقۇق ۋەسىقىلىرى» دىگەن نامدا 8 توملۇق ھۆججەتنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى بار.

تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ ھوقۇق ۋەسىقىلىرى: ئۈزۈم، پاختا، ياغ، كۆنجۈت توغرىسىدىكى سودا ۋە قەرز ئېلىش، قەرز بېرىش ھەم يەر سېتىش ھەتتا قۇل سېتىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تىلى، شەكلى خېلى پىشقان. مەسىلەن، قەرز ئالغۇچىنىڭ ئىسمى، قەرز ئالغان نەرسىنىڭ سانى، ئۇنى قاچان تولەيدىغانلىغى، ۋاقتىدا تولىمىسە ئۇنىڭ جازاسى، گۇۋاچى ئىمزاسى قاتارلىقلار يېزىلغان. دەل مۇشۇ دەۋردە ياۋروپالىقلاردا مۇنچىلىك پىشقان شەكىل بولغان ئەمەس. بۇ خىل شەكىل پەقەت تۈركى خەلقلەردىلا بولغان. بۇنىڭغا ياۋروپالىقلارمۇ قايىل. تۆۋەندە مىسال كەلتۈرۈپ باقايلى:

## (1)

## تەكلىكنى ئىجارىگە ئېلىش

مەنكى قايتو ئىشلەپ پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆچارلىق مىسرىنىڭ تەكلىگىنى ئىجارىگە ئالدىم. مەن ئىشلەپ پايدىلانغان ۋاقىت ئىچىدە مىسرىغا ئەل نەقى يەر ئىجارە ھەققى تولەيمەن. لېكىن بۇ تەكلىكنىڭ ئەسلى ئىگىدارچىلىغى مىسىردا بولىدۇ.

قايتودا بولمايدۇ.

شاھىدلار:

بۇ بارماقلار بىزنىڭكى { بەك بوقا / ئەلچى }

بۇ ھوججەتنى مەنكى قايتو مىسرنىڭ ئېيتىپ بېرشى بىلەن ئۆزەم يېزىپ چىقتىم.

(2)

## كۆنجۈت قەرز ئېلىش

ئېيىق يىلى، ئالتىنچى ئاي، ئاي بېشى 10 - كۈنى مەنكى كاۋسىدۇ، ياغقا ئېھتىياجىم بولغىنى ئۈچۈن ئىل تومۇردىن بىر كىيۈرى كۆنجۈت ئالدىم. كۈزدە ئۇنى ئىككى كىيۈرى كۆنجۈت قىلىپ قايتۇرىمەن. ئەگەر مەزكۇر قاراردا قايتۇرال- مىسام خەلق ئىچىدىكى ئادەت بويىچە ئۇسۇمىنى تولەيمەن. ناۋادا مەن مۇشۇ ئارىلىقتا تولىيەلمەي ئۆلۈپ كەتسەم مېنىڭ بىر تۇققان ئىنىم كاسۇك مەسئۇل بولۇپ، قېرىنداشلىرىم بىلەن تولۇق ھالدا تولەپ بېرىدۇ.

شاھىدلار بارماقلىرىمىزنى باستۇق:

قابان

بونغاق

بۇ ھوججەتنى مەن كاۋسىدۇ ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم.

س.ي. مالوف بۇ ھوججەتلەرنىڭ 10 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىدۇ. شۇ

مەنىدە ئېيتقاندا مىڭ يىللار ئالدىدا يېزىلغان بۇ ھوججەتنىڭ ھازىرقى ھوججەتلەردىن شەكلى، تىلى جەھەتتىن قانچىلىك پەرقى بار؟ بىز ۋاقىت جەھەتتىن ئۇلاردىنمۇ كونىراق بولغان مۇنۇ ھوججەتنى كۆرۈپ باقايلى:

(3)

## بوزگە خوتۇن سېتىش (ياكى سېتىۋېلىش)

مايمۇن يىلى چاكشا پوت ئېيىنىڭ بېشى 2- كۈنى بىزكى: تېدىملىگ قارا بوقالار تۇرمۇشتا قىسىلىپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن خوتۇنلىرىمىزنى قۇتلۇق [”بەختلىك“] نامغا ساتتۇق. خوتۇنلىرىمىزنى قۇتلۇق تومۇر 150 توپ بوزنى نەق تولەپ سېتىۋالدى. بىزكى تېدىملىگ قارا بوقالار مەزكۇر 150 توپ بوزنى ھەغدا تۇرۇپ قولمۇ-قول تاپشۇرۇۋالدۇق. مەن قۇتلۇق تومۇرمۇ تولۇغى بىلەن تاپشۇرۇپ بەردىم.

مەزكۇر خوتۇنلار مىڭ يىللار، ئون مىڭ كۈنلەر قۇتلۇق تومۇرنىڭ ئەمرىدە بولىدۇ. خوتۇنلار ياراپ قالسا ئۇنىڭ ئىلكىدە قالىدۇ. ئەگەر ياقمىسا ئۇ باشقا بىرسىگە سېتىۋېتىشكە ھەقلىق.

بىز ئاكا-ئۇكا تېدىملىگ قارا بوقالار شۇنى ئېسپاتلاپ ئېيتىمىزكى، بۇ خوتۇنلار بىزنىڭ بولۇپ، بۇلار توغرىسىدا ھېچ-قانداق ئادەمنىڭ دەۋا-دەستۇرى يوق. بۇلارغا ھېچقانداق ھاكىمدار كۈچ ئىشلىتىپ (خوتۇنلار مېنىڭ دەپ قول ئۇزىتىشقا) ھەققى يوق. بۇ ھەقتە خوتۇنلار باشقىچە گەپ قىلسا ئۇ كۈچكە

## بوزگە خوتۇن سېتىش ( ياكى سېتىۋېلىش) نىڭ
## كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى

Tekst



ئىگە ئەمەس. بۇ خوتۇنلار قۇتلۇق تومۇرنىڭ ئەمرىنى ئاڭلىما ئۇلارنى قۇتلۇق تومۇر ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە. خوتۇنلارنى تاللىشقان ئادەملەر ئۆلۈمگە مەھكۇم. ئەمما قۇتلۇق تومۇرگە ھېچقانداق گۇنا كەلمەيدۇ.

گۇۋاچى: تىمۇرادۇ. گۇۋاچى: تورور (؟) موڭسوز گۇۋاچى: تويىسىن. بۇ تامغىلار بىرىكى تېدىملىك ۋە قارا بوققالارنىڭ. بۇ ھۆججەتنى مەن توگمە باخشى تېدىملىك قارا بوقالارنىڭ ئىنىسىچە ئېيتىپ بېرىشىگە ئاساسەن يېزىپ چىقتىم. بۇنىڭغا گۇۋاچى مەن موڭسوز تامغامنى باستىم. بۇ تامغا مەنىكى گۇۋاچى تۆراجى نىڭ، بۇ تامغا مەنىكى نونىسىنىڭ. بۇ ئاساسى ھۆججەت قۇتلۇقتا تۇرىدۇ.

بۇ ھۆججەت قۇللۇق تۈزۈمىدىن ھېچ بولمىغاندا قۇلا-لۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىدىن گۇۋالىق بېرىدۇ. شۇڭا بۇ ھۆج-جەتنى ۋاقىت جەھەتتىن 5-6-ئەسىرگە، ھېچ بولمىدى دېگەن-دە 7-ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ ئېيتىش مۇمكىن. يۇقۇرقى ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ھەممىسى تۇرپاندىن تېپىلغان. دېمەك بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇنىڭدىن 1300 يىل ئىلگىرى ئەنە شۇنداق ھۆججەتلەرنى يېزىشنى بىلگەن. بۇ پاكىتلار شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ دەرىجى-سىنىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش خىللىرىنىمۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىنكاسى بولغان مەدەنىيەت دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردىن باشقا "مىران" دىن ئىستەيىن قېزىپ تېپىپ ئېلىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ 1912-يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئەڭ ئىچكى ئاسىيا» دېگەن كىتاۋىنىڭ 2-3-توملىرىدا ئېلان

قىلىنغان ھەربى ھوججەتلەرمۇ يازما ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرىنىڭ يەنە بىر خىلى سۈپىتىدە رېئالىستىك ئەدەبىيات دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئەپسۇسكى بۇ ھوججەتلەر بىزنىڭ قولىمىزدا يوق. تۆۋەندە قەدىمقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يەنە بىر ساھەسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان "تىببى" ساھەگە ئائىت ھوججەتلەردىن نەمۇنە بېرىمىز. بۇ ھوججەتلەر "لىنگۋىستىكا" ئۈچۈنمۇ زور قىممەتكە ئىگە.

## تىببى ھوججەتلەر①

(16) قوساق ئاغرىقىغا داۋا: ئىككى پارچە سەركە گوشىنى بىر چىنە

(17) مۇسەللەس ۋە بىر ئاياق سۇغا سېلىپ قاينىتىپ سۈيى

(18) سوۋۇغاندا ئىچسە ئاغرىقى پەسىيىدۇ. يەنە توت مىسقال چىگىسەينى

(19) چارەك پاتمان قورۇنمۇق بىلەن ئېزىپ ئاچ قوساققا ئىچىپ

(20) ئۇخلىسا، قوساق ئاغرىقى پەسلەيدۇ.

(21) ئايال كىشى بالىسىنى چۈشۈرمەن دېسە ئىت سۈتىنى ئىچسۇن، پات

(22) چۈشىدۇ. ھەمرىيى چۈشمىسە مىسىر-ئىن ئۇرۇغىنى

(23)

(24) كۆز ئاغرىقىنىڭ داۋاسى: ئادەمنىڭ ئۆتى، توڭگۇز ئۆتى، ئۆچكە ئۆتى

---

① بۇ تىببى ھوججەت قالدۇقلىرىنى گېرمانىيە ئارخېئولوگ ئەترىتى تۇرپاندىن تاپقان. ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا.

(25) ياكى توشقان ئۇتى بولسۇن مۇشۇ توتىدىن قايسىلا بولمىسۇن،
(26) (قارا) كاچ يىغاچ قاسىرىغىنى ئۇتتا
(27) كويدۇرۇپ كۇلىنى ئېلىپ سۇدا يۇغۇرۇپ كوزىگە
(28) ياقسۇن. پات ساقىيىدۇ. كىمنىڭ قولتۇغى سېسىق پۇرىسا،
(29) ئۇپكىنى قىيما قىلىپ ئۇچ كۇن ياقسۇن. سېسىق پۇرىغى
(30) يوقايدۇ. بەش-ئون يىل جاراھەت بولۇپ ساقايمىسا......
(31) شۇنى ياقسا پات ساقىيدۇ. يەنە ساقايمىسا قاراخېمىرنى
(32) (يار) تۇزى بىلەن يۇغۇرۇپ ياقسۇن. ساقىيۇر.
(33) كىم ناماشىشام قارغۇسى بولسا
(34) قارا ئۇچكىمىنىڭ يىتىم بېغىرىنىڭ ئېچىگە
(35) پىت پىتنى چېچىپ ئوتقا كومۇپ كوپۇكىنى ئېلىپ،
(36) كوزىگە سۇرسۇن، كېچىدە ياخشى كورىدىغان بولىدۇ.
(37) كىمنىڭ بورىكى تۇتۇلسا (سۇدۇك يولى تۇتۇلسا) تۇكلۇك
ئۇرۇكىنىڭ
(38) تېرىسىنى ئېلىپ سۇدۇك يولىغا چاپلىسا
(39) پات ئېچىلىدۇ. كىمنىڭ بېقىنى ئاغرىسا،
(40) كەپتەرنىڭ مايىقىنى قارا خېمىر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ
(41) ئۇچ كېچە ياقسۇن، ساقىيىدۇ.
(42) ئېغىز ئالغان يارىغا ئىنەكنىڭ، قوينىڭ مېڭىسىنى
(43) سوقۇپ ياقسۇن. پات ئېغىز ئېلىپ ساقىيىدۇ.
(44) تولغاق تۇتۇپ توختىمىسا، سۇگىيازنىڭ پوستىنى،
(45) يىلتىزى بىلەن قېتىقتا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۇرسە توختايدۇ.
(46) چىش ئاغرىقىغا داۋا: ئۇچ ياشار قارا كالىنىڭ تېزىكىنى
(47) تاۋىدا قىزىتىپ ياقسۇن. ئاغرىقى توختايدۇ.
(48) كىمنىڭ بەدىنى ئالا بولسا، ئاپىدىيانىنى يېرىپ

(49) يەنچىپ سۈيىنى ئېلىپ ئالا بەدەنگە

(50) سۈرتسۇن. ئالسى يوقايدۇ. كەكلىكنىڭ ئۆتىنى شىكەر بىلەن

(51) تەڭ ئۇلۇشتىن ئارىلاشتۇرۇپ كوزگە سۈرسە، كورمەس بولسا كورىدىغان بولىدۇ، ساقىيىدۇ.

(52) يەنە كەكلىكنىڭ ئۆتىنى ئېلىپ قۇرۇتۇپ مۇسەللەس بىلەن بوغداي

(53) ھارىغىغا قېتىپ ئىچسە، ئاشۇنداق ھاراقنى ئىچسە ھەس قىلمايدۇ.

(54) توگە سۈيدۈگىنى ئېلىپ باشقا سۈرتسە باشتىكى كىپەك

(55) يوقايدۇ. كىم غالجىر بولۇپ قالسا بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىنى يۇمشاق سوقۇپ سۇ-

(56) غا قوشۇپ ئىچسە، ساقىيىدۇ. قۇلاق ئېغىرلىشىپ قالسا قارا چاشقاننىڭ

(57) ئۆتىنى ئىسىتىپ ئېچىلىدۇ. يەنە داۋاسى(:) ئۆلۈك مۈشۈكنىڭ

(58) مېيىنى ئېرىتىپ سۈرسە ئېچىلىدۇ، يەنە ئادەم ئۆتىنى

(59) ئېلىپ ئالا كوزگە سۈرسە ئېچىلىدۇ.

(60) توگىنىڭ ئۆپكىسىنى قۇرۇتۇپ ئەلگەپ نەپەس بوغۇلغانغا

(61) ئىچۈرسە، ياخشىلىنىدۇ. قايسى كىشىنىڭ قارنىدا بوۋاق بالا بولۇپ قالسا

(62) بىر سەر ئىت سۈتىنى ئىچۈرسە چۈشىدۇ.

(63) غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشى، ئۇلا مىگىسى يىسە ياخشى بولىدۇ.

(64) ئۈچ كۈنلۈك ئاچ قوساققا بىر جام زىغىر يېغىنى ئىچۈرسە

(65) شىپا بولىدۇ. كوز نۇرسىز بولۇپ ياشاڭغۇرسا ئۇنى

كوزگه سۇرسه

(66) شىپا بولىدۇ. كىمنىڭ تەرى توختىماي

(67) داۋاملىق ئاقسا، زاراڭزا، قوناق خېمىرنى سىپان

(68) بىلەن مۇسەللەسكە قېتىپ ئىچسە ياخشى بولىدۇ. بەدەن-گە ئۇششاق جاراھەت

(69) چىقسا، توخۇ تۇخۇمىنى ئوت بىلەن قوشۇپ سۈرسە شىپا بولىدۇ.

(70) چىشنى قۇرۇت يېسە ئۈزۈم سىركىسىنى ئاغزىغا ئېلىپ بىردەمدىن

(71) كېيىن ياندۇرۇۋەتسە، ساقىيىدۇ. سىيگەك كىشىگە توگىنىڭ گوشىنى ئارپا

(72) يارمىسى بىلەن ئوماش قىلىپ ئىچۈرسە شىپا بولىدۇ.

(73) كىمنىڭ بەدىنىگە سوگەل چىقسا پىگى چىققان ئىككى كۈنلۈك ئاينى

(74) كورگەن زامان، يەرگە سىيىپ لىيىنى ئېلىپ سوگەلگە

(75) ياقسا يوقايدۇ.

(79) بورنىنىڭ سوڭگىكىنى، تىلىنى قۇرۇتۇپ، غالجىر ئىت چىش-لىۋالغان

(80) ئادەمنىڭ بېشىغا ياقسا شىپا بولىدۇ.

(81) كىمگە يامان يارا چىقسا نوشودىل يىلىمىنى

(82) قۇرۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە ياقسا ياخشى بولىدۇ.

(83) قانىسىراشنىڭ داۋاسى: جۇجەم ھارىغى بىلەن ئۈزۈمنىڭ سۇيىنى ھەركۈنى تاڭدا

(84) ئىچسە شىپا بولىدۇ.

(85) كوز دورىسىنى باشلايمىز: كوز نۇرسىز بولۇپ كوزدىن

سوغ ياش كوپ
(86) ئاقسا كالىنىڭ ئۆتىنى كوزگە سۈرسە، كوز يورۇق ئۆرلۇق بولىدۇ.
(87) يەنە داۋاسى: (=) كوزدىن ئىسسىق ياش ئاقسا (٠) قۇم-شىكەرنى سىرىق مۇنگا بىلەن دورا
(88) قىلىپ ئىنەك يېغى بىلەن قوشۇپ، بۇرنىغا قۇيسا ياخشى بولىدۇ(٠)
(89) يەنە داۋاسى: توشقان مېڭىسىنى كالا ئۆتى بىلەن
(90) ئىنەك يېغىنى قوشۇپ پېشانىگە سۈرسە ياخشى بولىدۇ.
(91) يەنە داۋاسى: قىزىل چىنچان ئاق چىندان قوشدى ئارغا سېرىق كۆچەلەرنى قوشۇپ ئىككى مىسقال دورا
(92) ياساپ كۈنجۈت يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ پېشانىگە
(93) سۈرسە باش ئاغرىغى ساقىيىدۇ. قايسى ئايال كىشى
(94) قالغاچ گۆشىنى يېسۈن(٠) يەنە كۆركۈم قوناق ئۆنى ئىپار
(95) ئۆزۈم ھارىغى بىلەن ئىچسۈن ياشىرىدۇ. (٠) قوساق ئاغرىغى داۋاسى(:) قالغاچ ئۆۋىسىنىڭ
(96) تۆپرىغىنى سۈت بىلەن قوشۇپ ئىچسۈن.
(97) چىش ئاغرىغى داۋاسى(=) قارا قوينىڭ مايىغىنى سىركە بىلەن
(98) چېلىپ ۋە ئۆتلۈق يايلاقتىكى توگە مايىغىنى قىزىل توز
(99) بىلەن سوقۇپ ئۆزۈم ھارىغى بىلەن بولغاپ تاۋىدا ئىبتىپ
(100) بوز خالتىدا يەنچىپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن سوقۇپ

چمش ئۈستىگە چاپلىسا

(101) سېرىق ئۈرۈك ئۇرۇغىنى چېقىپ ئۈزۈم ھارىغى بىلەن ئېغىزدا تۇتسا چىش ئاغرىغى پەسىيىدۇ.

(102) بەزگەك كېسىلىگە داۋا: بورى مايىغى كالا سۈيدۈگى بىلەن

(103) ئىچۈرۈلسە شىپا بولىدۇ (.) ئەشكەك

(104) ئەشكەك يىلتىزىنى بېشىغا چاپلىسا ئىگىلمەس (قورۇلماس) بولىدۇ.

(105) سۈت كوپەيتىشنىڭ داۋاسى: يوگەي ئوتىنىڭ چېچىگە-دىن بەش مىسقال سۇدا

(106) قاينىتىپ سۈيىنى سۈزۈپ ئېلىپ قايماق بىلەن

(107) قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسۇن.

(108) سۈت كوپىيىدۇ. كىمنىڭ تۇغۇتى قىيىن بولسا يوقا قارىزىنى

(109) سىماپ بىلەن قوشۇپ ئىچسە(.) قوساقتىكى بالا ئولگەن بولسىمۇ ئاسان چۈشىدۇ.

(110) يەنە داۋاسى(:) ئىلان قاسرىغىنى كويدۇرۇپ كۆلىنى ئېلىپ

(111) ئۈزۈم ھارىغى بىلەن ئىچۈرۈلسە ئاسان تۇغۇلىدۇ. كىم بالىسىنى چۈشۈرمەن دىسە يېرىم مىسقال

(112) ئاق كونجۇت، بەش مىسقال قارا كۆجە بىلەن سوقۇپ ئەلگەپ شورپا

(113) بىلەن ئىچسە(.) قۇرۇق يوپۇرماقنى قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسۇن.

(114) قاخلىغان كۇنجۇتنى يار تۇزىنى ئىسسىق سۇدا يەنچىپ ئۇنى ئىچسە

(115) ئامان بولندۇ.

«يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»دا، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»دا شائىر سەدۇللا، ھىيامۇدۇن (ئېھتىمال ھىبا- مودۇن بولسا كېرەك) ئىلى شاھ، جامالىدىن ۋە مۇزىكانت ماجۇبىن (مۇھەممەت چوپان) لارنىڭ نامىلىرى ئاتىلىپ ھەتتا شېرى دىۋانلىرىنىڭ بولغانلىقىمۇ ئېيتىلىندۇ. ئەپسۇسكى بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھېلىغىچە قولىمىزغا چۈشمىدى. ئۇلارنى ئىزلەپ تېپىپ تەتقىق قىلىش مۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بىرسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## خوغۇرسۇر ئالتۇن

## (487—567)

### تۇرا قوشىغى

چوغاينىڭ تاغلىرى ئاستىدا ئاقار،
تۇرالار دەرياسى ئويناپ-دولقۇنلاپ.
ئاسماننىڭ گۈمبىزى بارگاسىمان
تۇرىدۇ جىمىكى دالىنى قاپلاپ.
شۇنچە كوك غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان،
دالىلار بىپايان، كورۈنمەيدۇ قاش.
كورۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا-مال
شاماللار يەلپۈسە، ئوتلار ئەگسە باش.

"تۇرا" سوزى گايدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (ھىنگگان تاغلىرىدىن تارتىپ موڭغۇلىستان زېمىنىدا ياشىغان قەدىمى

ئۇيغۇرلارنىڭ) ئومۇمى نامى سۈپىتىدە قوللىنىلسا، گاھىدا قەدىمقى زاماندىكى («سۈي يىلنامىسى تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا) شەرقتىكى ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن تارتىپ غەرپتە قارا دېڭىز، دىنېپر دەريا بويلىرىغىچە بولغان چەكسىز زېمىندا ياشىغان پۈتۈن تۈركى قەبىلىلىرىنىڭ ئومۇمى نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

خوغۇرسۇر ئالتۇننىڭ «تۇرا قوشىغى» ناملىق بۇ شېئىرى 6-ئەسىردە يېزىلغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى يىگەن تاغلىرى (ئەسلى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى چوغاي تاغلىرى) ئەتراپىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىغى، ئوردۇس يايلىغىنىڭ تەبىي مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەن. بۇ شېئىرنى «تۇرا قوشىغى» دەپ ئاتىغاندىن كۆرە "ئۇيغۇر قوشىغى" دەپ ئاتىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. چۈنكى: خوغۇرسۇر ئالتۇننىڭ "تۇرا" دىگىنى دەل شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئومۇمى نامى ئىدى. شائىرنىڭ ئىسمى ئالتۇن بولۇپ، پەملىسى خوغۇرسۇر ئىدى. خوغۇرسۇر ئەسلىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ قايسى قەبىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىگىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئاتا-بوۋىسىنى پەملە قىلىپ كەلگەن ئۆز ئۇرۇغىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ خوغۇرسۇر ئالتۇن دەپ ئاتىغان.

خوغۇرسۇر قەبىلىسى ئۇيغۇر-ئورخۇن خاقانلىغى (845—647) دەۋرىدىكى توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قەبىلىسى تەركىۋىدىكى قەبىلە ئىدى.

شائىر خوغۇرسۇر ئالتۇن مىلادى 487-يىلى تۇغۇلۇپ 567-يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

«شىمالي چى يىلنامىسى خوغۇرسۇر ئالتۇن ھەققىدە

قىسسە» بابىدىكى تارىخىي خاتىرىگە قارىغاندا، خوغۇرسۇر ئالتۇن
هوكۇمران سىنىپلاردىن كېلىپ چىققان. شىمالىي چى خانلىغى
(577 — 550) دا مەشهۇر دولەت ئەربابى رولىنى ئوينىغان
بولۇپ، ھەربى، سىياسى دىپلوماتىيە جەھەتتە داڭقى چىققان.
شائىر خوغۇرسۇر ئالتۇن «تۇرا قوشىغى»نى شىمالىي چى خان-
لىغىنىڭ خانى گاۋخىڭ ئاغرىپ قالغاندا يازغان ئىكەن. شائىر-
نىڭ بۇندىن باشقا نۇرغۇن شېئىرلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇنى
ئىزلەپ تېپىش مۇندىن كېيىنكى تەتقىقات نۇقتىلىرىمىزنىڭ مۇھىم
ھالقىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

# ئالتىنچى باپ

## ئەبۇ ناسىر فارابى

(870-950)

ئەبۇناسىر مۇھەممەت ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلوغ فارابى تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى ئىدى.

فارابى مىلادىنىڭ 870 - يىلى سىر دەريا بويىدىكى فاراب شەھرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان بىر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئوفىتسېر (قوماندان) مۇھەممەتنىڭ ئوغلى ئىدى.

ئۇلۇغ پەيلاسوپنىڭ ئىسمى ئەرەپ دۇنياسىدا ئالفارىئوس (ئالفارابىئوس) دەپ لاتىنلاشتۇرۇلغان. شۇڭا، ئۇنى بىز تارىختا كوپ ھاللاردا ئەنە شۇ نام بىلەن ئۇچرىتىمىز.

فاراب شەھرى مىسىر، ھىندىستان، ئىراق شەرققە ئوتىدىغان مەشھۇر «يىپەك يولى»نىڭ بىر تۈگۈنى. ئۇ، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ گۈللىنىۋاتقان دەۋرى ئىدى. بۇ چاغدا فاراب شەھرىدە 70 مىڭ ئاھالە ياشىغان. ئاھالىلەر تەركىۋىدە تۈركى قەبىلىلىرىدىن قارلۇقلار، ئوغۇزلار، يەمەكلەر، قىپچاق-



ئەبۇ ناسىر فارابى

لار بولۇپ مەدەنىيىتى گۈللىنىۋاتقان دەۋرى ئىدى. 7 - 8 - ئەسىر - لەردىكى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا قارلۇقلار غەرپتە بالقاش كولى ئەتراپلىرىدىن تارتىپ شەرقتە ھازىرقى مۇڭغۇلىيىدىكى ئۆتۈگۈن تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ يايلاق، دالا - تاغلارغا جايلاشقان. شۇ چاغلاردا قارلۇقلار: سابەگ، تاشلى، بويلا قاتارلىق 3 قەبىلىگە بولىنەتتى. شۇڭا ئۇلارنى ئۈچ قارلۇقلار دەپمۇ ئاتىغان، بۇ ئاتالغۇ ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئەينى ئېلىنغان. مىلادىنىڭ 745 - يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى دەۋرىدە قارلۇقلار ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى تەركىبىگە كىرگەن توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ خاقانى قۇتلۇق بىلگەخان زامانىدا (مىلادىنىڭ 744 - يىلىدىن 749 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر خاقانلىقى تەركىبىگە كىرگەن. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 18 بولۇپ، بۇلار 9 دىن ئىككى تارماققا بولۇنگەن. بۇ قەبىلىلەرنىڭ بىر تارمىقى توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىپ، بۇنىڭغا ياغلا قار (ياغما) قەبىلىسى باش بولغان بولسا، يەنە بىر تارمىقى توققۇز ئۇيغۇر ياكى توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىلىپ، بۇنىڭغا ئۇيغۇر قەبىلىسى باش بولغان. «تاڭ خاندانلىقى يىلنامىسى» دىكى «ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قىسسە» بابىدا «تاڭ خاندانلىقى يارلىقلىرى توپلىمى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا قارلۇقلار 9 ئۇيغۇر ياكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىرى ئىدى.

مىلادى 756 - يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسى ئۇيغۇر خانلىقىدا ھوكۇمرانلىق ئورنىدا تۇرىدىغان (خاقانلار مانا مۇشۇ قەبىلىدىن چىققاتتى) ياغلار قەبىلىسىنىڭ بەزىبىر يولسىزلىقلىرىدىن نارازى بولۇپ ئىسيان كوتۇرۇپ،

ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەپ بولدى. نەتىجىدە قارلۇقلار موڭغۇلىيەدىن غەرپكە قاراپ سىلجىپ جوڭغار دالاسى ئارقىلىق يەتتە سۇغا، سىر دەريا بويلىرىغا قاراپ كەلگەن. 9 - ئەسىردە موڭغۇلىيەدىن كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر تۈركۈمى ئالتاي، جوڭغار دالاسى ئارقىلىق يەتتە سۇدىكى ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان قارلۇقلار ئارىسىغا كەلگەن. مانا شۇ ئۇيغۇرلار يەتتە سۇدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، تارىختا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان قاراخانىلار خاندانلىقى (مىلادىنىڭ 870 - يىل-لىرىدىن 1210 - يىللىرىغىچە)نى قۇرغان.

ئەبۇناسىر فارابى ئۇيغۇر - ئورخۇن خانلىقىنى قۇرۇشتا كۈچ چىقارغان. قاراخانىلار خاندانلىقىنى قۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان ۋە شۇ دۆلەتتە ئاساسىي گەۋدىلەرنىڭ بىرسى بولغان. ئۇ، كۈچلۈك ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەنە شۇ قارلۇق قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان.

880 - يىللاردىن باشلاپ يەتتە سۇ ۋە قەشقەردە قارا-خانىلار دۆلىتىنى قۇرۇش، كېڭەيتىش، مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش ناھايىتى كەسكىن تۇس ئېلىشقا باشلى-غان، فارابىنىڭ ئاتا - ئانىسى پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ، ئىرانغا كېيىن ئەرەپ خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتقا كۆچۈپ كېتىش-كەن. فارابى ئائىلىسى ئېھتىمال دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىن ئۆزىنى چەتلىتىپ تىنچ جايدا ھايات كەچۈرۈشنى ئويلىغان بولسا كېرەك.

فارابى ئاتا - ئانىلىرى بىلەن باغداتقا كۆچۈپ كەلگەندىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ جايدا ئۆتكۈزدى. بۇ دەۋر-دە باغدات شەھىرى ئەرەپ خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزى ئىدى.

ئۇ يەردە ئەرەپ خەلىپىلىكى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ھەممە مەملىكەتنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى.

فارابى باغداتتا ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق ئەرباپلىرى بولغان ئۇلۇغ يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىلنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغان يوھاننا ئىبنى خەيلان ۋە يۇنان تىلىنى ئوبدان بىلىدىغان ئابۇ بىشىر ماتتالار بىلەن تونۇشۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىلمىنىڭ تۈرلۈك تارماقلىرى بويىچە ئىلمىي ئۆگىنىشلەر ئېلىپ باردى.

ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئوتتۇرا ئەسىردە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان يۇنان، ئەرەپ، فارس تىللىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈر ئىدى. بۇنى سەزگەن فارابى خىلمۇ-خىل تىللارنى شۇ قاتاردا ئەرەپ تىلىنى پىششىق ئۆگەندى. تارىخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا فارابى 70 خىل تىلنى بىلىدىكەن. ھەتتا ئەرەپ خەلىپىلىكىنىڭ ئوردىسىدا قوللىنىدىغان، ئوردا ئاقسۆڭەكلەردىن باشقا ئەرەپلەر ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەيدىغان بىر خىل تىلنىمۇ بىلىدىكەن. فارابى قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋە ئاتاقلىق شەرق دانىشمەنلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۆزىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ قابىلىيىتى، تىرىشىپ چىداملىق بىلەن ئىشلىشى، ئۈنۈملۈك مېھنىتى سەۋەبىدىن چاپسانلا مەنتىقە، پىلوسوپىيە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، مۇزىكا ئاساسلىرىنى ئىگەللىۋالغان. ئۆزىنىڭ ئالغا سۈرگەن ئىلغار ئىدىيىلىرى ئۈچۈن تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان فارابى باغداتنى تاشلاپ، دەمەشىق (ھازىرقى سۈرىيىنىڭ پايتەختى)گە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ چاغلاردا دەمەشىق ماددىي ۋە مەنىۋى گۈللىنىش دەۋرىدە بولسىمۇ، لېكىن

ئىچكى جەھەتتە فېئودالىزىمنىڭ يىمىرىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈ-نۈشكە باشلىغان ئىدى. شەھەرلەردە فېئودالىزىمنىڭ سودا، ھۈ-نەرۋەنچىلىكنىڭ ئۇسۇشى دىخانلارنى ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. دىخانلارنىڭ قېينىنى شورىغان فېئودالار بىلەن دىخانلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. فېئو-داللارغا قارشى خەلقنىڭ نارازىلىقى خىلمۇ-خىل فورمىلاردا ئوتتۇرىغا چىقتى. فېئوداللىق جەمىيەت پەن-مەدىنىيەتكە چىش-تىرنىغى بىلەن قارشى ئىدى. شۇڭا بۇ يەردىمۇ ئالىملار، شائىر-لار قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىناتتى. شۇڭا فارابى دەمەشىققە كەل-گەندىن كېيىن كۈندۈزى باغۋەن بولۇپ ئىشلەپ، كېچىلىرى چىدام، غەيرەت بىلەن ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللانغان. فارابى مىلادى 950-يىلى 80 يېشىدا ئەنە شۇ دەمەشىقتە ئالەمدىن ئۆتتى.

× ×

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق مەدىنىيىتىنىڭ راۋاجلى-نىشىدا فارابىنىڭ ئوينىغان رولى ئۇلۇغدۇر، ئۇ باغداتتا قەدىمقى گرېك پەيلاسوپلىرى پىلاتون، ئارىستوتىل ۋە گالىنا، ئوۋكلار-نىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى ۋە ھىندى مەدىنىيىتىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى پىششىق ئىگەللىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇستە-قىل ئىجادىيەتكە كىرىشتى. يۇنان تىلىنى مۇكەممەل بىلگەن فارابى يۇنان ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەسلى نۇسخىسىدىن ئوقۇپ چۈشەندۈرۈشلەر يازغان. بۇندىن تاشقىرى فارابى يۇنان پەيلاسوپلى-

رى ھەققىدە «ئىككى پەيلاسوپ فىلاتون ۋە ئارىستوتىل پىكىرلىرى-نىڭ پەرقلىرى توغرىسىدا»، «ئارىستوتىل ۋە ئالىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت»كە ئوخشاش ئەسەرلەرنى يازدى. بۇلار بىلەن ئۇ، شەرق خەلقلىرىنى تۇنجى قېتىم يۇنان مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ يۇنان پەلسەپىسى بىلەن يېقىندىن تونۇشتۇرۇپ ناھايىتى زور نەتىجە قازاندى. ئۇنىڭ «پەيلاسوپىيىنىڭ مەنبەلىرى»، «ئەقىل ھەققىدىكى رىسالە»، «پەيلاسوپىيىگە قەدەر نىمىلەرنى ئۆگىنىش كېرەك»، «سوبىستانىيە»، «دولەت ھەققىدىكى رىسالە»لىرى ئاتاقلىق ئالىمنىڭ ئىلمىي قىزىقىش دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭ ۋە باي ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

فارابىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسلىق ئەسىرى «ئىدىال شە-ھەر ئاھالىسى پىكىرلىرىنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدىكى كىتاپ». فارابى ئوتتۇرا ئەسىر ئىلمىنى بىرىنچى بولۇپ تۈرلەرگە ئاي-رىپ چىققان ئالىم. ئۇ مەنتىقىغە ئاساسلانغان ئىلمىي ئۇسۇلى، ئۇزىنىڭ ئىزچىللىقى، ئېنىق روشەن دەلىللەرگە تايىنىشى بىلەن باشقا ئالىملار ئۈچۈن نەمۇنە بولغان. مۇزىكا نەزەرىيىسىنى يا-رىتىشتا فارابىنىڭ قوشقان تۆھپىسى تېخىمۇ چوڭ، ئۇ مۇزىكا نەزەرىيىسى بويىچە "قانۇن" (قوللانما) ياراتقان. بۇ قانۇننىڭ ئەھمىيىتىنى شۇنىڭدىن بىلىش مۇمكىنكى، ئۇ بىر نەچچە ئە-سىرلەر داۋامىدا شەرقتە مۇزىكىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىردىن-بىر مۇكەممەل قوللانما سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىندى. فارابى-نىڭ ئۆزى بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرىنچى قېتىم شېئىر يازغان ئاتاقلىق شائىر ۋە ئالى دەرىجىدىكى كومپوزىتور ئىدى، شۇ-نىڭدەك تالانتلىق مۇزىكانت ئىدى. ئۇ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. كىشىلەر ئۇنى "شەرقنىڭ ئارىستوتىلى" دەپ

ئاتمشاتتى. فارابى شەرقتە "ئال مۇئەللىم ئال سانى" (ئارىس-توتىلدىن كېيىنكى "ئىككىنچى مۇئەللىم") ھېساپلانغان.

تارىخمي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، ئوتتۇرا ئەسىردە شەرقنىڭ ئەڭ چوڭ ئالىملىرىدىن بولغان ئابۇ رەيھان بىرۇنى (937—1048)، ئابۇ ئەلى سىنا (980—1037) غا ئوخ-شاش ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار ئەبۇ ناسىر فارابىنى ئۇزلىرىنىڭ ئۇستازى ھىساپلىغان.

ئەبۇ ئەلى سىنا ئۇزىنىڭ تەرجىمىھالىدا ئارىستوتىلنىڭ «مىتافىزىكا» سىنى بىر نەچچە قېتىم ئوقۇغان بولسىمۇ، چۇ-شۈنەلمىگەنلىگىنى ۋە بۇخارانىڭ كىتاپ بازىرىدىن فارابىنىڭ «مىتا فىزىكا»غا يازغان چۈشەندۈرۈشىنى ئېلىپ ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئاندىن كېيىن چۈشەنگەنلىگىنى ئېيتىدۇ. بۇ فارابىغا ناھايىتى چوڭ سىيلىشتۇرۇشتۇر. لېكىن، مۇسۇلمان شەرق دۇنيا-سىدا تۇنجى ماتىرىيالىستىك پەيلاسوپىيىگە ئاساس سالغان ئۇنىڭ سىستىمىسىنى تۈزگەن فارابى، شەرق ۋە غەرپ ئىلمى دۇنياسىدا بولسۇن ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر شاگىرتلىرى بولغان ئىبىن سىنا، بىرۇنى ۋە ئىبىن روشدلار (لاتىنچە ترانسكىرىپسىيسى ئاۋېروئەس)① (1126—1198) دەك مەشھۇر ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنياغا تونۇشتۇرۇلمىغان ئىدى. مە-سىلەن، ئوتتۇرا ئەسىردە ئىبىن سىنانىڭ فارابى ئەسەرلىرىدىن كوچۇرۇپ يازغانلىرى، فارابىنىڭ ئېنىق ۋە رەتلىك ئۇسلۇبى؛ ئىبىن سىنانى چوڭ شوھرەتكە ئىگە قىلغان چاغدا، فارابىنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھەتتا غەرپتە ئوتتۇرا ئەسىردە

① ئىبىن روشد—ئىسپانىيىدە ياشىغۇچى مۇسۇلمان ئەرەپ مۇ-تەپەككۇرى ۋە ئالىمى. ٢

ئالبېرتوس ماگنۇسنىڭ فارابىدىن ئالغان بىر - ئىككى سىتا - تىدىن باشقا پەردە فارابىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان.
19 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا سېھولدىرس فارا - بىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى ئىككى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى («ئەرەپ پەلسەپىسىنىڭ ھوججەتلىرى»)نى 1856 - يىلى پا - رىژدا نەشر قىلدى. كېيىن غەرپتە سېپىنشكىنىدىر ئەرەپچە، ئىبرانچە ۋە لاتىنچە مەنبەلەردىن فارابىغا ئالاقىدار بولغان بار - لىق مەلۇماتلارنى توپلاپ نەشر قىلدۇرۇش بىلەن فارابى شەرق ۋە غەرپ دۇنياسىغا تونۇلدى.
فارابىنىڭ چوڭ ئەسەرلىرىدىن ياۋروپا كىتاپخانىلىرىدا يازما شەكلىدە ساقلانغانلىرىنى قايتا - قايتا توپلاپ ئىككى رىسالە قىلىپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نەشر قىلدۇرغان كىشى شەرقشۇناس دىتېررىجى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىسىردا، تۈر - كىيىدە ۋە ھىندىستاندا فارابى ئەسەرلىرى بېسىلىشقا باشلىدى. فارابىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كوپ بولۇپ، ئۇلاردىن بىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز. شۇنداقتىمۇ قولىمىز - دىكى ئەسەرلەرنىڭ ئېنىقلىنىشىچە، ئىبنى سىنا ۋە ئىبنى رۇشدلار فانتىزىمىنىڭ ئېھرامى بولسا، شۇبھىسىزكى فارابى ئۇنىڭ چوققىسىدۇر.
فارابىنىڭ قولىيازمىلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارقالغان. مەسىلەن، كالكۇتتا، لىيدنىيە، ئىستامبۇل، پارىژ، تېھران، لوندۇن، مادرىت ۋە نۇر - غۇنلىغان مەملىكەتلەرنىڭ كىتاپخانىلىرىدا بار. مەسىلەن: ئىس - تامبۇلنىڭ "ئاياسوفىيە" كىتاپخانىسىدا 10 دىن 16 غىچە قولىيازمىسى، بىرىتانىيە مۇزېيىدا 7518 - نومۇرلۇق ئىنئۇن -

تاۋىنىڭ 11 - رىسالىسى، ئۆزبېكىستان شەرقشۇناسلىق پاكۇلتېت- تىدا «ئەقىل دۇردانىلىرىنىڭ توپلىمى» دېگەن نام بىلەن ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلىرىنىڭ نۇسخىلىرى بار. بۇ، ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قولىيازمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ 16 - ئەسىردە كوچۈرۈلگەنلىكى پەرەز قىلىنىدۇ.
شۇنىڭدەك، لېنىنگراد شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىدا 4 قولىيازما نۇسخىسى ساقلانغان بولۇپ، 10 رىسالىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇنىڭ ئۈچى لوگىكىغا دائىر بولۇپ، ئىستامبۇل، بىراتىسلاۋ، مادرىتلاردىن كوچۈرۈلگەنلىكى پەرەز قىلىنماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىراتىسلاۋىسكى نۇسخىسىنىڭ قىممىتى زور بولۇپ، 41 - T - 231 نومۇرلۇق ئىنىستىتۇتتا ساقلانماقتا. لېكىن بۇ- لارنىڭ ھېچقايسىسىدا فارابىنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت مەلۇمات يوق.
فارابى ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كوپ تارقالغىنى «ئەقىل توغرىسىدىكى سوزنىڭ ئەھمىيىتى» دېگەن ئەسىردۇر. فارابىنىڭ «پەنلەر كىلاسسىفىكاتسىيىسى» دېگەن ئەسىرى 12 - ئەسىردە لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئەسىردە شەرق ۋە غەرپ ئۈچۈن ئوخشاشلا خىزمەت قىلىپ كەلدى.
ئىسپانىيىلىك ئەرەپ پەيلاسوپى ئىبنى باجى تەرىپىدىن ئىزاھ بېرىپ ئىشلەنگەن فارابىنىڭ لوگىكىغا دائىر ئەسەرلىرى، مادرىت قولىيازما نۇسخىلىرى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قى- لىنغان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بودلىنا، ميونخېن ۋە پارىژ نۇسخىلىرى مەشھۇر، ئۇلار ئۇلۇغ فارابىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.
فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىرىنچى نەشرى 15 ، 16 - ئەسىر-

لەرگە تەئەللۇقتۇر. 1481 - يىلى ۋېنىسىيەدە مۇتەپەككۇرنىڭ رىتورىكىغا شەرھ توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى لاتىن تىلىدا بېسى-لىپ چىققان. 1638 - يىلى پارىژدا «پەن توغرىسىدا»، «ئەقىل ۋە ئەقىل توغرىسىدا پەرەزلەر» لاتىن تىلىدا بېسىلىپ چىقتى. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر فارابىنىڭ ئەسەرلىرى 19 - ئەسىردىن باشلاپ جاھانغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. 1836 - يىلى ئاۋغۇستتا شمىلدىرىس ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «پەلسەپىگە قەدەر نىمىلەرنى ئۆگىنىش كېرەك»، «پەلسەپە سوئاللىرى ۋە ئۇلارغا جاۋاپ» دىگەن ئەسەرلىرىنى ئەرەپ تېكىستى ۋە لاتىن تەرجىمىسى بىلەن نەشر قىلدۇردى. بولۇپمۇ فرىدىرىخ دىتېرىتسىنىڭ نەشر قىلدۇرغان ئەرەپ تېكىستى ۋە نېمىسچە تەرجىمە بىلەن «فارابىنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرى»، «ئىدىيال شەھەر ئاھالىسى پىكىرلىرىنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدىكى كىتاپ»، «پۈتۈرالار سىيا-سىتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى جاھان جامائەتچىلىكىنى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىۋاستە تونۇشتۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەن-گىليە ئالىمى د.م. دانلاپ فارابىنىڭ لوگىكىغا دائىر ئەسەرلىرىنى ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلغۇزدى. مانا شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جاھاننىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە خىلمۇ-خىل تىللاردا نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. كېيىنرەك 1930 — 1935 - يىللىرى ف. د. ئەرلانج فارابىنىڭ «مۇزىكا توغرىسىدا چوڭ كىتاپ» نى نەشر قىلغۇزۇپ جامەئەتچىلىككە تەقدىم قىلدى.

فارابى روسىيىگە بولسا، 1889 - يىلى م. شېيىنىشىدىر-نىڭ «ئەبل فارابى ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى» دىگەن نېمىس-

نچە نەشر بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ، روسىيە مۇسۇلمان رىسپۇب-لىكىلىرىغا تارقىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ قازاقىستان پەنلەر ئاكا-دېمىيىسى 1970 - يىللاردىن باشلاپ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنى زور كۈچ بىلەن ئۆگىنىش - تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە خېلىلا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. فارابىنى ئۆگىنىشتە م. مادكورنىڭ 1936 - يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان «ئەل فارابى پەلوسوپىيە مەكتىۋىنىڭ مۇسۇلمان پەلوسوپىيەسىدە تۇتقان ئورنى» ۋە ئامېرىكىلىق ن. ر. شېرنىڭ 64 - يىلى چىققان «ئەرەپ لوگىكىسىنىڭ تەرەققىياتى» ھەم ب. گ. غوپور، ئا. خ. قاسىمجانوۋلارنىڭ 1975 - يىل موسكۋادا نەشر قىلىن-غان «فارابىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى» قاتارلىق ئە-سەرلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقۇرقىلاردىن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئۆز زامانىسىنىڭ ئېنسىكلوپىدىگى فارابىنىڭ جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەنلىكى بىزگە نامايەن بولىدۇ.

× ×

ئىنسانىيەت ناھايىتى ئۇزاق تارىخي جەرياندا ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدە تەبىئەت ۋە جەمىيەتنى ئۆزگەرتىپ ۋە جاھاندا ناھايىتى ئۇلۇغ ماددى ۋە مەنىۋى بايلىق ياراتتى. بۇ جەرياندا ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئادەملىك خۇسۇسىيىتىنىمۇ ئۈز-لۈكسىز ھالدا تاكامۇللاشتۇرۇپ باردى.

خەلق جاھاندىكى ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقنى، تارىخنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ كۈچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ پائالىيىتىدىكى

قانۇنىيەتلەرنى يەكۈنلەپ، ئۇنى پەنگە ئايلاندۇرۇش ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلمەيدۇ. ئۇنى يەنىلا ئاشۇ خەلق ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئېقىمىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، تارىخىي شەخسلەر يەكۈنلەپ، ئۇنى پەننى نەزەرىيىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلۇغ داھىلاردىن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار مىسال بولالايدۇ. بۇ دېگەنلىك تارىخنى شەخسلەر ياراتتى دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ شەخسنىڭ تارىختىكى رولى مەسىلىسى بولۇپ، ماركسىزم شەخسنىڭ تارىختىكى رولىنى ئىنكار قىلمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

پەننىڭ ۋەزىپىسى بولسا، ئالەمنىڭ توغرا مەنزىرىسىنى بېرىش، ھادىسىلەر، جەريانلارنىڭ ئوبيېكتىپ زۆرۈرىيىتىنى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتۇر. يەنى كىشىلەرنى مۇشۇ ئوبيېكتىپ زۆرۈرىيەتنى، قانۇنىيەتنى ئىگەللىۋېلىپ، تەبىئەت كۈچلىرى ۋە جەمئىيەت ئۈستىدە ھۆكۈمران بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشتۇر. كىشىلەرنى مۇنداق ھوقۇققا ئىگە قىلىش كىشىلەرگە، راۋاجلىنىشنىڭ ئىستىقبالىنى بايقىۋېلىشقا، جەمئىيەتتىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئالەمنى قايتىدىن قۇرۇشقا، بولىدىغان ۋەقەلەرنى ئالدىن كۆرۈش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرى بولغان فارابى پەننىڭ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار خىسلىتىنى چۈشەنگىنى ئۈچۈن، ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان شەرقى ئېرىشكەن پەننى ئۇتۇقلارنى يەكۈنلەپ، مۇسۇلمان شەرقىدە بىرىنچى بولۇپ پەننى كىلاسسىفىكاتسىيىلىگەن ئۇلۇغ ئالىمدۇر.

پەننى كىلاسسىفىكاتسىيىلەشتە، ئۇنىڭ مەنتىقى بىلەن تارىخنىڭ بىرلىكى پرىنسىپىغا تايىنىدۇ. بۇ مەسىلىدە ھەر بىر

پەيننىڭ جايىنى بەلگىلەش سىستېمىسى ناھايىتى مۇرەككەپ مە-سىلىدۇر. بۇ مەسىلىنى مەنتىقى بىلەن تارىخنىڭ بىرلىكىگە، مەن-تىقى تارىخنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىگە دىكى ماتېرىيالىستىك تەلىماتقا تاياتغاندىلا توغرا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ھەربىر پەن ياكى بىر قاتار پەنلەر ماتېرىيە ھەركىتىنىڭ مەلۇم پورمىسىنى ئۆگىنىدۇ. ماتېرىيىنىڭ ھەركەتلىنىش پورمىلىرى مۇرەككەپلىشىپ، ئاددى پورمىدىن مۇرەككەپ پورمىغا، تۆۋەنكى پور-مىدىن يۇقۇرى پورمىغا قاراپ راۋاجلانغانلىقى ئۈچۈن پەنلەرنىڭ ئىلمي كلاسسىفىكاتسىيىسىمۇ ھەربىر پەننىڭ جايى ماتېرىيە ھەركىتىنىڭ ئىزچىل تارىخى راۋاجلىنىش پورمىسى بىلەن ئېنىقلىنىدۇ. بىر پەندىن ئىككىنچى پەنگە ئۆتۈشلەر، ھەركەتنىڭ بىر پورمىسىدىن ئىككىنچى پورمىغا رىال تارىخىي ئۆتۈشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. شۇڭا ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» دىگەن مەشھۇر ئەسرىدە: "ھەركەتنىڭ بىر پورمىسى ئىككىنچى پورمىدىن تەرەققى قىلغانغا ئوخشاش بۇ پورمىلارنىڭ ئەكس ئېتىشى، ھەرخىل پەنلەرمۇ خۇددى شۇنداق زورىيەتلىك بىلەن بىر-بىرىدىن كېلىپ چىقىشى كېرەك" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن ئۆتكەن ئۇلۇغ پەيلاسوپ، ئالىم فارابى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلمي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ ئۇنىڭ ئىلمي كلاسسىفىكاتسىيە تەرتىۋىنى مۇنداق تۈزگەن ئىدى: 1. تىل-شۇناسلىق، 2. لوگىكا، 3. ماتېماتىكا 4. فىزىكا، 5. گىراژدانلىق ئىلمى.

ئۇ بۇ كىلاسسىفىكاتسىيىسىدە مەنتىق بىلەن تارىخنىڭ بىر-لىكىنى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىنى خېلىلا ئېنىق ئىلمي كورسە-تەلىگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن ئۆتكەن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ خېلىلا چوڭقۇر ۋە ئىزچىل ماتېرىيا-

لىستىك پەننى، تارىخنى تونۇشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كورگىلى بولىدۇ. فارابى ئەنە شۇ سىستېمىسى ئارقىلىق ئالەمنى ماتېرىيالىستىك ئاساستا تونۇشقا، ئىنسان ئىلمى تەجرىبىسىنىڭ يەكۈنى بولغان پەننى مەلۇم سىستېمىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى تەبىئەت، جەمئىيەت دۇنياسىنى قايتىدىن قۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قورالغا ئايلاندۇرۇشنى مەخسەت قىلغانلىقى ئېنىق كورىنىدۇ. ئۇنىڭ پەنلەرنى كىلاسسىفىكا قىلىشىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن توغرا، ئۇلۇغ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھازىرقى زامان پەننى كىلاسسىفىكاتسىيە قىلىش سىستېمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورسەك تېخىمۇ ئېنىقلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ كىلاسسىفىكاتسىيە تەرتىۋىنى تۈزگەندە بىئولوگىيە پەننى، كېيىن بولسا فىزىكا، خىمىيە پەننى قويۇپ سىستېما تۈزۈشكە بولمايتتى. مۇنداق تەرتىپتە قويۇش خاتا بولاتتى. چۈنكى تارىخى جەھەتتىن ھەركەتنىڭ بىئولوگىك پورمىسى، ھايات تەرەققىياتىنىڭ خېلىلا يۇقۇرى پورمىسىدۇر. ئۇ فىزىك ۋە خىمىك جەريانلار ئاساسىدا پەيدا بولغاندۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئېنگېلس تەبىئەت پەنلىرىنى گۇرۇپپىلاشتۇرۇش ۋە كىلاسسىفىكاتسىيە قىلىشنى ھەركەتنىڭ ئەڭ ئاددى پورمىسىنى ئۆگىنىدىغان پەن بولغان مىخانىكىدىن باشلاش كېرەك، دەپ ھىساپلىغان ئىدى. فارابىنىڭ يۇقۇرقى كىلاسسىفىكاتسىيە تەرتىۋى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خۇددى ئەنە شۇ يۇقۇرقى پەننى قائىدىگە ئاساسلانغاندۇر.

فارابىنىڭ شەرق ۋە غەرپكە ئەڭ كوپ تەسىر قىلغان پەيلاسوپىيە قارىشى ئەقلى پەيلاسوپىيىدۇر.

ئىنساننىڭ دۇنيانى بىلىشتىكى مەقسىدى تەبىئەت، جە-

مىيەتكە ئىنساننى ھۆكۈمران قىلىشتۇر. ماركسىستىك پەيلاسوپىك ماتېرىيالىزم ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. ئىنسان ئۆز ئەقلى ئىدرىكى بىلەن ئۆتكەن ئەسىردە يۇلتۇز ئارىسىدىكى مۇساپىلەرنى ئۆلچەپ، ئاسمان جىسىملىرىنى چامداپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ خىمىك سوستاۋىنى ئېنىقلاپ، ئايرىم پىلانېتىلار ئىچكى تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن بولسا، ئەمدى بۇ ئەسىردە ئۇ، ئەنە شۇ ئەقلى كۈچىگە تايىنىپ غايەت زور ھاۋا كېمىلىرىنى ئىجات قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق ئاي ۋە يۇلتۇز-لارغا قونۇپ، كائىناتنى بىۋاستە تەكشۈرۈپ ئۇنى بويسۇندۇر-ماقتا. مانا بۇ ئىنسانىيەت ئەقلى كۈچىنىڭ غايەت زور ئۇتۇق-لىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئىنساننىڭ تەبەت ۋە جەمىيەت كۈرىشىدە ئەقىل قۇد-رىتىنىڭ قورالىدۇر. دۇنيانىڭ ئىنسان تەلەپلىرىگە ۋە پەننى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ئۆزگەرتىلىشى ئوبيېكتىپ ئالەمنىڭ چۈشەنچىلەردە توغرا ئەكس ئېتىشىنى ئىسپاتلىغۇچى دەلىلدۇر. ئەقىل گىنوسېئولوگىيە نۇقتىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئىنسانى-يەتنىڭ دۇنيانى تونۇشىدىكى تۆۋەن باسقۇچ ئەمەس، بەلكى يۇقۇرى باسقۇچ بولغان ئابستراكتسىيە ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆزىگە قورال قىلغان ئىلمىي نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر. فارابى ئۆزىنىڭ ئەقلى پەيلاسوپىيىسى بىلەن مەشھۇر دېكارت، بېيوفخوت، كانت، لونومونوسوۋلارنىڭ ئىجادىيىتىگە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق تەسىر قىلدى.

فارابى ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشتا ئىزچىل ماتېرىيالىست ئىدى. "ھەممە پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەسىلىسى تەپەككۇرنىڭ بارلىققا، روھنىڭ تەبەتكە مۇناسىۋەت مەسىلىسىدۇر. پەيلا-

سوپلارنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشلىرىغا قاراپ، ئىككى چوڭ لاگىرغا بۆلۈندى. روھ تەبىەتتىن ئاۋۋال بار ئىدى دەپ، دەۋا قىلغانلار ئىدىيالىستلار لاگىرىنى تەشكىل قىلدى. ھەممە نەرسىنىڭ دەسلەپكىسى تەبىەت ئىدى دەپ ھىساپلىغانلار ماتېرىيالىزم-نىڭ تۈرلۈك ئېقىملىرىغا قوشۇلدى①".

فارابى گېرىك ئىدىيالىستىك پەيلاسوپى پلاتوننىڭ روھنىڭ ئادەم بەدىنىدىن بۇرۇن دىگەن كوز قارىشىنى رەت قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدا فىپاگورنىڭ روھنىڭ بەدەن-دىن-بەدەنگە كوچۇش توغرىسىدىكى ئىدىيالىستىك كوزقارىشىنى رەت قىلىپ، "ھەر دائىم روھ ماددىغا باغلىق بولىدۇ"، "بەدەننىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا كامالەت بەخش ئەتكۈچى روھتۇر، لېكىن روھنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى، كامالىتىنى تەمىنلىگۈچى ئەقىلدۇر. شۇ سەۋەپتىن ھەقىقى ئىنسانىي، روھى ۋە بەدىنى بىلەن بىللە تەشكىل قىلغۇچى شەيئىيەت (ئىش-پىل) دىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقىل بەھىس ئىچىدە روھى پسىخولوگىيىنى تەربىيلەش مۇمكىن".

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم گىنىسىئولوگىيىسى ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش جەريانىنى ئىككى ئاساسى جەرياندىن ھىسسى ۋە ئەقلى باسقۇچتىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، بۇ ھەر ئىككىلا باسقۇچنىڭ ئاساسى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى، تارىخى ئەمىلىيىتىدىن مەيدانغا كېلىدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ.

فارابى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ تونۇش باسقۇچلىرىنى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىنەزىرىدە تۇرۇپ ھەل قىلىدۇ:

"ئىدراك دائىم ئىچكى ياكى تاشقى زاھىرى مەلەكە-

---

①«ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» (1-توم، 534-بەت).

لەر① بىلەن پەيدا بولىدۇ"② ھىس - ئىدراك بىلىشتىڭ تۇۋەن باسقۇچى بولۇپ، ئادەمنىڭ بەش سەزگۇ ئەزاسىنىڭ ماتىرىيە بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولۇپ، بۇ بىلىشنىڭ بىرىدىن - بىر مەنبەسىدۇر. بۇ جەھەتتىن ئۇ، ئۇزىدىن 6-7 يۈز يىل كېيىن ياشىغان راتسىونالىستلاردىن تولۇپ ئاساسىدىن ئالغا كېتىدۇ. راتسىونالىستلار بىلىمنىڭ بىردىن - بىر مەنبەسى ھىس ئەمەس ئەقىلدۇر دەپ تەتۈر ئىش قىلىدۇ.

"... بۇ مەلەكەلەرنى ھايۋانلار ۋە ئىنسانلاردا تەپەككۇر (ئويلاش قابىلىيىتى) دەيمىز. ئىنسانلار بۇ ئويلاش قابىلىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن تاشقى ۋە ئىچكى تۇيغۇلارنى تولۇپ مىگىنىڭ ھەركىتىنى ھاسىل قىلىدۇ" (يۇقۇرقى كىتاپقا قارالسۇن). ھىس - سەزگۇلەر تاشقى ئالەمنىڭ سەزگۇ ئورگانلىرىغا بولغان تەسىرى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. دىمەك تاشقى ئالەم سەزگۇ مەنبەسىدۇر. ھىس - سەزگۇلەر بولسا تاشقى ئالەمنى ئەكس ئەتتۈرۇدۇ.

ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ سەزگۇ ئورگانلىرى تاشقى ئالەمنى تەخمىنەن توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بىرىدۇ. لېكىن ئىنسانىنىڭ سەزگۇ ئورگانلىرى تاشقى ئالەمنى ھايۋانلارنىڭ سەزگۇ ئورگانلىرىغا قارىغاندا توغرىراق، تولۇقراق، چوڭقۇرراق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەۋى بولسا، پەقەت سەزگۇ ئورگانلىرى بولۇگىنىڭ جەھەتتىن ئىنساندا ھايۋانلارغا قارىغاندا ھىساپسىز دەرىجىدە ياخشى تاكامۇللاشقانلىقىدا بولۇپ قالماستىن، ئاساسى

① "مەلەكە — ھىس قىلىش سەزگۇ ئەزالىرى مەنىسىدە.

② «فارابى خۇسۇسى ئەل ھەكمە» مىسر باسمىسى 149- بەت تەرەپچە.

پەرقى شۇنىڭدىكى، ھايۋانلار ئەتراپىدىكى مۇھىتنى پەقەت ئۇنىڭغا بىئولوگىك جەھەتتىن ماسلىشىش جەريانىدا سېزىدۇ. ئىنسان بولسا، تاشقى دۇنيانى ئۇنىڭغا ئەسلى تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۆزگەرتىش جەريانىدا ھېس قىلىپ سېزىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئۇنىڭ پەقەت بىئولوگىك جەھەتتىن تاكامۇللىشىشىدىنلا ھاسىل بولغان ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن ئاۋال ئىجتىمائىي - تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئۇسۇپ يېتىشكەن.

سەزگۈ ئايرىم نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنى، ئۇلارنىڭ جەريانلىرىنى، سۈپەتلىرىنى، تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ھېسسىي بىلىش ئاساسەن ئايرىم، بىۋاستە ۋە تاشقى بىلىشتۇر. بىراق، ماددىي دۇنيا مۇرەككەپ، خىلمۇ - خىل بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلەۋېلىش ئۈچۈن ھېسسىي بىلىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئەمدى ھېسسىي بىلىش توپلىغان ماتېرىياللارنى ئانالىز، سىنتېز قىلىش ئۈچۈن، ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈش ئۈچۈن تەپەككۇر ھەركىتى باشلىنىدۇ. نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئۆز قوراللىرى بولغان: ئابستىراكسىيىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىشقا سالىدۇ، نەتىجىدە ئادەمنىڭ تونۇشى ھېسسىي باسقۇچتىن ئەقلىي باسقۇچقا سەكرەپ ئۆتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھېسسىي بىلىش ئاساسەن ئايرىم، بىۋاستە تاشقى بىلىش بولسا، ئەقلىي - مەنتىقى بىلىش بىۋاستە ئىچكى بىلىش بولىدۇ. فارابى بىلىشنىڭ بۇ باسقۇچلىرىنىڭ ئۆبيېكتى ۋە ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا ھەل قىلىپ، تونۇشتىكى يەنە بىر پەلسەپىۋى ئېقىم سىنسۇئالىستلار①دىن

① سىنسۇئالىزىم — لاتىنچە سىنسوس سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، سەزگۈ دېمەكتۇر.

ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن. سېنسۇئالىزىم — بىلىشنىڭ ھەممىسى تەجرىبىدىن كېلىپ چىقىدۇ، بىۋاستە تەجرىبىدىن تۇغۇلغان ھېسسى بىلىم ئاساسىي بىلىم دەپ قاراپ، ھېسسى بىلىشنىڭ ئەقلىي بىلىشكە (مەنتىقى بىلىشكە) ئۆتۈشىنى ئىنكار قىلمايدۇ. بۇنىڭ يېرىك ۋەكىلى فرانسۇز ماتېرىيالىستى لوككىدۇر.

راتسىئونالىستلارمۇ، سېنسۇئالىستلارمۇ بىلىش مەسىلىسىگە بىر ياقلىما قاراپ، ئومۇمى بىر بىلىش جەريانىنىڭ ئىككى باسقۇچىنى بىر - بىرسىگە قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويىدى.

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزىم بىلىشنىڭ ھېسسى باسقۇچىنىمۇ راتسىئونال (ئەقلىي - مەنتىقى) باسقۇچىنىمۇ زۆرۈر ۋە بىر - بىرىنى تولدۇرغۇچى باسقۇچلار دەپ ھېسابلايدۇ.

"... تۆۋەنكى مەلىكە تېخىمۇ يۇقىرى مەلىكەلەر ئۈچۈن بىر ماددى سۈپەت بولىدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغان تەپەككۇر غەيرى بىر ماددىدۇر ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن پەيدا بولغان سۈرەتلەرنىڭ بىر سۈرىتىدۇر. بۇ سىزىق بويىلاپ ماڭساق روھنىڭ ھېسسى ئەشيادىن تەپەككۇرغىچە "خىيال" ئويلاش قۇۋۋىتى بىلەن چىقانلىغىنى كۆرىمىز. بارلىق مەلىكەلەرگە ئىش ۋە ئىرادىنىڭ دەخلى بولىدۇ. ئاخىرى پىكىرنىڭ ياخشى - يامان ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن ئىرادىدىن ھەركەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر - كەتلەردىن ئىلىم ۋە سەنئەت كېلىپ چىقىدۇ"①. ناھايىتى ئېنىقكى، بىلىش مەنبەسىنىڭ ئىجتىمائى بارلىق ئىكەنلىكى، تەپەككۇر قىلىش ئۆرگىنى بولغان مېڭىنىڭ ئۆزى ماددىدىن تەشكىل تاپقانلىغى، بىلىشنىڭ ئىككى باسقۇچىنىڭ بىر - بىرسىگە مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى، تەپەككۇر پائالىيىتى نەتىجىسىدە بىلىشنىڭ

① فارابى — «خۇسۇسى ئەل ھەكىم»گە قارالسۇن (مىسىر باسمىسى).

ھوكۇم چىقىرىش يولى بىلەن بىلىش ئاخىرى پەن، سەنئەت كاتېگورىيىلىرىگە ئايلىنىدىغانلىقى، بۇ جەرياندىكى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىنىڭ رولى ناھايىتى قىسقا ئىخچاملاشتۇرۇپ تەرىپلەنگەن. بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، سەزگۈ، تەپەككۇرمۇ ئوبيېكتىپ دۇنيا ئىجتىمائىي بارلىقنىڭ ئىنكاسى.

لېنىن، ماتېرىيىدىن ئاڭغا ئۆتۈش دىيالېكتىك ئۆتۈش بولغىنىغا ئوخشاش سەزگۈدىن پىكىرگە ئۆتۈشمۇ دىيالېكتىك ئۆتۈشتۇر، دېگەن ئىدى. سەزگۈدىن پىكىرگە سەكرەش شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، بىۋاستە سېزىلىدىغان نەرسىدىن بىۋاستە چۈشىنىلە-دىغان نەرسىگە، قىسمەنلىكتىن ئومۇمىلىققا ئۆتۈشتۇر.

شەيئىلەرنى بىلىش ئۈچۈن سەزگۈمۇ، تەپەككۇرمۇ زۆرۈر. سەزگۈ ئورگانلىرى بولسا، ئىجتىمائىي بارلىقنى ئىلمىي يوسۇندا بىلىشكە بولمايدۇ. لېكىن ماددىي نەرسىدە سەزگۈ ئورگانلىرى ئېچىپ بېرىدىغان ئايرىم خۇسۇسىيەتلەردىن تاشقىرى يەنە ئومۇمىي ئاساسمۇ بار. نەرسىلەرنىڭ بۇ ئومۇمىي ئاساسى ئۇلارنىڭ ماھىيە-تىدۇر. نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتى، ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى، ئۇنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغان نەرسىدۇر. بۇنى پەقەت تەپەككۇر پائالىيىتىلا ھەل قىلالايدۇ.

سەزگۈ ۋەقەلىكنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئىنساننىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى جەريانىدا سەزگۈلەر ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋەقەلىك بىلەن سەزگۈ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ۋاستە ۋە ئارىلىق يوق دېگەنلىكتۇر.

تەپەككۇر بولسا، ۋەقەلىكنى بىرەر ۋاستە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى — تەپەككۇر بىلەن ئۇ ئەكس ئەتتۈ-

رىدىغان ۋەقەلىك ئۇتتۇرىسىدا ۋاستىچى بار دەيدىكەن. بۇ ۋاستىچى سەزگۈدۇر. دېمەك تەپەككۇر ئۆز پائالىيىتىنى سەزگۈلەر توپلاپ بەرگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا قانات يايدۇرۇپ، ئابستراكسىيىلەش، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ھۆكۈم، خۇلاسە، چۈشەنچىلەرگە يېتىپ كېلەلەيدۇ. تولۇق بولغان ئومۇمىي چۈشەنچە ئىلمىي پەن، سەنئەت كاتېگورىيىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

فارابىنىڭ بىلىشنىڭ بۇ باسقۇچلىرىنى ئىپادىلىشى 18-ئەسىر ئېنسىكلوپېدىكلىرىنىڭ بىرى بولغان دىدرونىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئوخشايدۇ. تەپەككۇرنىڭ ھېسلاردىن، سەزگۈلەرنىڭ سۈپەت جەھەتتىن پەرق بارلىقىنى بولارمۇ خۇددى فارابىدەك چۈشەنگەن ئىدى.

دىدرو ئىنساننىڭ بەش سەزگۈ ئورگىنىنى گۇۋاچىلارغا ئوخشاش بىر نەرسىدۇر، ئەقىل سوتتۇر، شۇ گۇۋاچىلار بەرگەن مەلۇماتقا ئاساسەن سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ دەپ تونۇيدۇ.

دىدرو ھېس بىلەن ئەقىل بىر-بىرى بىلەن ئالاقىدار بولۇشى كېرەك. بىراق ئىنساننىڭ ئەقلى ھايۋانلاردا بولغىنىغا ئوخشاش ھېسلارغا سوزسىز ئىتائەت قىلىشقا مەسىلىكى لازىم دەيدۇ. ئۇ، ئەقىلنى خالىس ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئورگان دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇ، ئەقىلنى ماتېرىيىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش لاياقىتىگە تايىنىپ ئالدىن-ئالا كېلىچەكنى بايقىيالايدۇ دەپ ھېساپلايدۇ. دېمەك فارابىنىڭ ئەقلى پەيلاسوپىيىسى تەبىي ھادىسىلارنى چۈشەندۈرۈشتە ئىزچىل ماتېرىيالىست ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشى ماركسقىچە بولغان ماتېرىيالىستلاردەك ئىدىئالىستىك ① ئىدى. بۇ ئۇنىڭ دۆلەت ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ.

. . "ئەخلاق پەقەت ئەيئى زاماندا دىن جامائەتچىلىكىدىن تەشكىل تاپقان دولەتتە كاپالەتكە ئېرىشىدۇ. نادان ۋە قالاق بىر دولەتتە، بۇ دولەتنىڭ ئاھالىسى، يېمەك - ئىچمەك، نىكاھ ۋە ئويلىنىشتىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىزلەيدىغان لەززەتلىرى پەقەت مەخسۇس خىيالىي نەرسىلەردۇر. ھەرقانداق يەردە ۋە ھەرقاچان ئويۇن ۋە چاخچاقلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھالبۇكى ياخشى ۋە باياشات بىر دولەتتە شەخسلەر بىر - بىرىگە ياردەم قىلىدۇ ۋە ئالىجاناپ، مېھماندوس، سوزگە سادىق بولىدۇ"①. بۇ يەردە ئېنىق كورۇنۇپ تۇرىدىكى، ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائى ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. سىنىپىي جەمىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ سىنىپىي ئورنى، سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن سىنىپىي جەمىيەتتىكى مۇناسىۋەت پورمىلىرىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇ،ئەقىل، پەن، ئىلىم - مەرىپەتكە بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئىشىنىپ، بۇنى ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋىتىدە بىردىن - بىر بەختكە ئېرىشىشنىڭ يولى ھېساپلاپ، ئىجتىمائى جەمىيەتتە خەلق بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىلىم - پەننى بىلىدىغان دانا شاھ بولۇشى كېرەك دىگەن ئىدىيالىستىك خۇلاسىگە كېلىپ، پادىشانى ئىلىم - پەن، مەرىپەت، ئادالەتكە ئۈندەيدۇ. ئۇ يۇقۇرقى كىتاۋىدا "يامان دولەتلەردە بۇ ئىشلارغا پادىشاھ مەسئۇل، ئۇنى ئاخىرەتتە ئازاپ كۈتىدۇ" دەيدۇ ۋە ياخشى پادىشالاردا بولىدىغان خىسلەتلەرنى 12 خىل قىلىپ كورسىتىپ ئوتۇپ، داناشاھ سىمۋولىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى بولغان فارابىنىڭ

① فارابى«كىتاب ئەرا ئەھىل ئەل مەدىنە، ئەل فەزىلە» (مىسىر باسمىسى 91 - بەت ئەرەپچە).

پەيلاسوپىك كوز قارىشىدىن تۇغۇلغان ئىستىتىك، گۇمانىستىك قاراشلار ئۇزىدىن كېيىن ئۇتكەن ئۇلۇغ شائىرلار پىردەۋسى، نىزامى، شوتاروستاۋىلى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈك-نەكى، سەئىدى، ھاپىزى، جامى، ناۋايى تا 19 - ئەسىردىكى ئا-بايغىچە بەدىي ئىجادىيىتىنىڭ دەستۇرى يولى بولۇپ قالدى.

مەسىلەن پىردەۋسى:

جىمىكى سوغىلار ئۇزرە ئەقىلدىن ئارتۇق بارمىدۇ سوۋغا؟ ئۇ ھەرقانداق ماختانغان شەپقەتلىك ئىشلاردىن كۈچلۈك.

جىمىكى ھايات گۈزەللىكىنىڭ گۈل تاجى ئەقىل،
جاھان سىرىنىڭ ئاساسىنى يەشكۈچى ئەقىل.
ئىنسانغا، چىن ۋىجدان بەرگۈچى ئەقىل،
جاھاندا يوق خۇشاللىق سىڭىنگىسىز ئەقىل. دىسە:

ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى يوسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا مۇنداق دەيدۇ:

بىلىگنى بەدۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى بەدۈتۇر ئوردۇرىش قولۇغ.

(بىلىمنى بۈيۈك، ئەقىل - ئىدراكنى ئۇلۇغ بىل، بۇ ئىككى نەرسە ئىنساننىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقۇرى كوتىرىدۇ)

ئۇقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق قولۇر،
بىلىكمدە بولسا بەدۈكلۈك ئالۇر.

(ئەقىل - ئىدراك قەيەردە بولسا، ئۇلۇغلۇق شۇيەردە بولىدۇ. كىمدە بىلىم بولسا، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئېرىشىدۇ)

ئۇقۇشلۇق ئۇ قارئول، بىلىگلىك بېرەر،
بىلىگلى، ئوقۇغلى تىلەككە تەگىر.

(ئەقىللىق ئۇتەلەيدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ، بىلىملىك، ئەقىللىق كىشلەر تېگىگە يېتەلەيدۇ) دەيدۇ.

يۇقۇرقى ئەھۋالنى يەنە بىر ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرى ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا مۇنداق شەكىلدە ئۇچرىتىمىز:

باھالىق دىنارلىق ئول بىلىكلىك كىشى،
بۇ جاھىل بىلىكسىز باھاسىز كىشى.
بىلىكلىك تىشى ئەر، جاھىل ئەرتىشى،
سوڭەككە يىلىك - تىك ئەرەنكە بىلىك.
ئەرەن كوركى ئېقىل ئول، سوڭەكنىڭ يىلىك،
بىلىكسىز - يىلىكسىز سوڭەك - تىك خالى.

يىلىكسىز سوڭەككە سونالماس ئىلىك،
بىلىك بىلدى بول ئەرەن بىلگۈلۈك،
بىلىكسىز تىرىكلايىتىك گور كولۇك.
بىلىكلىك ئەر ئولدى ئېتى ئولمىدى،
بىلىكسىز ئىسەن، ئىركەك ئېتى ئۇلۇك.

بۇنداق مەزمۇننى يۇقۇرقى شائىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئە -

جادىدىن ئۆچرىتالايمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقىلغا باش ئې-
گىمەي، شۇ ئەقىل تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن ئىلىم-پەنگە كۈچلۈك
ئېتىقات قىلىدۇ. لېكىن ئەقىل ۋە ئىلىم-پەن قانداق شارائىتتا
خەلققە بەخت-سائادەت كەلتۈرىدىغان كۈچكە ئايلىنالايدۇ؟
بۇ مەسىلىنى ئۇلار پىشەلىمەيدۇ ۋە پىشىشكىمۇ قادىر ئەمەس
ئىدى.

پىردەۋسى «شاھنامە» ۋە ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى نە-
زامى گەنجىۋىنىڭ «ئىسكەندەرنامىسى» ھەم 11-ئەسىردىكى
ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
«قۇتاتغۇ بىلىگ» داستانىدا شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر
كىلاسسىك شائىرى (13-ئەسىردىكى) ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ
«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى، سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە ناۋا-
يىنىڭ «خەمسە» لىرىدە ئورتاق بىر خۇسۇسىيەت شۇكى ئۇلار
ئىزچىل ھالدا خەلق تەرەپتە تۇرۇپ گۈمانىستىك ئىدىيىلىرىنى
نامايەن قىلىدۇ. زالىم شاھ، مۇستەبىت تۈزۈملەرنى، ئادالەتسىزلىك،
باراۋەرسىزلىكنى قاتتىق قارىلايدۇ. بۇ سىنىپىي جەمىيەت ئىجتىمائى
تۈزۈمىدىكى بارلىق ئىللەتلەرنى، بىلىمسىز نادان شاھ كەلتۈرۈپ
چىقىرىۋاتىدۇ دەپ شاھنى ئىلىم-پەن، ئادالەتكە ئۈندەيدۇ ھەم
خەلقنى بەخت-سائادەت، ئەخلاق، ئەركىنلىككە خىلمۇ-خىل
سىياسى ئىسلاھات يولى بىلەن ئېرىشتۈرمەكچى بولۇشىدۇ. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئۇلارچە بىردىن-بىر چىقىش يولى، "بىلىملىك"
"شەپقەتلىك" ھاكىمدار شاھنىڭ بولۇشىدا، دەپ ھېساپلاپ
"ئىدىيال دولەت" ۋە بىلىملىك، ئادىل ۋە "شەپقەتلىك" شاھ-
نىڭ ئىدىيال ئوبرازلىرىنى يارىتىدۇ.

11-ئەسىر گرۇزىن كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىلى

شۇتا روستاۋېلى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «يولۋاس تېرىسى يېپىنغان باتۇر» داستانىدا خەلقنى بەخت-سائادەت، ئازاتلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ بىردىن-بىر يولى "مەرىپەت" دىگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ.

19-ئەسىر قازاق كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتى-نىڭ ئاتىسى مەشھۇر دېموكرات شائىر ئاباي، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئادەم ئۆز ئەقلى بىلەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىكى ۋە ئۆزىنى ئورىۋالغان بارلىق مۇھىتنى بىلىۋالالايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆز ئەخلاقىنى تەربىيىلەپ، بىر-بىرىسىگە شەپقەتلىك بولۇپ، زۇلۇم بىلەن كۈرەش قىلىپ دۇنيانى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دىگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى فارابى كۆزقاراشلىرىنىڭ ئۇچۇق ئىرادىتسىيىلىك داۋام قىلىشى-دۇر.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئىلغار كۆزقاراشلىرىنى ئەسىردىن-ئەسىرگە، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. مەسىلەن، كوپېرنىكنىڭ «قۇياش سىستېمىسى» توغرىسىدىكى گىپو تىزىسى 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن لىۋىرى، گاللى تەرىپىدىن داۋام-لاشتۇرۇلۇپ ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇلغىنىغا ئوخشاش.

ئۇيغۇر ئالىمى فارابىنىڭ ئىلغار كۆز قاراشلىرى 13-ئەسىردە چىڭگىز ئىستىلاسى ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىپ، بۇ جايىنى زۇلۇم قاپلىغان چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان شەرقىنىڭ بىلىم ئاسمىنىدا چاراقلىغان بۇ يۇلتۇز زۇلمەت بۇلۇتى قاپلاپ كورۇنمەي قالغان بولسىمۇ، چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىن يىراق ئىسپانىيە ئاسمىنىدا كۆز قاماشتۇرۇپ يەنە چاقنىدى. ئۇنىڭ ئىلغار كۆز قاراشلىرىنى ئىسپانىيىدە ياشىغۇچى يىرىك مۇسۇلمان ئەرەپ پەيلا-

سوپىلىرىنىڭ ۋەكىلى پەيلاسوپ، مېدىك، ئاسترونوم بادژا ۋە «يازان ئوغلى خوتەي توغرىسىدا رومان»نىڭ ئاپتورى ئىبنى توپەيىل ۋە داڭلىق پەيلاسوپ ئىبنى روشىدلار داۋاملاشتۇردى.

فارابىنىڭ پەلسەپە كۆزقاراشلىرىنى ئىبنى توپەيىل مۇنداق ئالتە نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ: بىرىنچى، زۇلۇمنىڭ روھى ئۇلۇمگە مەھكۇم، شەپقەتنىڭ روھى مەڭگۈلۈك؛ ئىككىنچى، بەخت پەقەت ھايات ئىچىدىلا مەۋجۇت؛ ئۈچىنچى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئالدامچى، قۇرۇق بىكار، كونا گەپلەر؛ تۆتىنچى، ئۇلۇم — مەۋجۇتلۇق ئەمەس؛ بەشىنچى، ئالدىن كۆرۈش تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئىنىقلىمىسى؛ ئالتىنچى، پەيلاسوپىيە يۇقۇرى ئالدىن كۆرۈشتۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، فارابى تارىختا ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرق دۇنياسىدا ھەقىقەتەن بىرىنچى بولۇپ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئىشەنچلىك ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە ئىنسىكلوپېدىك. ئۇ شەرقتە بىرىنچى بولۇپ، يۇنانلىقلارنىڭ ئانتىك پەيلاسوپىيىسىنى تونۇشتۇرغان ئادەم. ئۇ يۇنانلىقلارنىڭ مەشھۇر ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى ئارىستوتېلنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئۆز زامان ۋەقەلىكىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇردۇر. ئۇ، شەرقتە بىرىنچى بولۇپ ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپىيە مەكتىۋىنى ياراتقان. ئۇ، ئارىستوتېل كۆزقاراشلىرىنى ئۆزىگە ئاساس قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنيانى تونۇش، ھېس قىلىش، ئىستىتىك ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ «روھ توغرىسىدا» دىگەن ئەسىرى ئارىستوتېلدىن مۇنۇ ئۈچ نۇقتا بىلەن پەرقلىنىدۇ: بىرىنچى، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەڭگۈلىكىنى تونۇش ۋە ئېتىراپ

قىلىش، ئىككىنچى دېتېرمىنىزىم①نى تەكشۈرۈش پرىنسىپى قىلىش، ئۈچىنچى، ئۇ، ئەقىل تەلىماتنى ناھايىتى ئېنىق ھالدا ھۆكۈم جەريانلىرىدىن ئۆتۈپ چىقىرىلغان خۇلاسە، ئۇ ئىندىۋىدۇال روھنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەسلىكىنى رەت قىلىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. دېمەك بۇ نۇقتىدىن ئۇنىڭ راتسونال ئىدىيىسى ھەرقانداق دىنىي كۆزقاراسنى ئەجەللىك قامچا ئاستىغا ئالىدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرىنى ئۇچۇق، يالىڭاچ ماتېرىيالىستىك پورمىدا قويماي بەلگىلىك ۋاستىلەر ئوخشىتىشلارغا ئوراپ قويدى. چۈنكى بۇ، شۇ چاغ ئىجتىمائىي شارائىتىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى. پەلسەپە تارىخىدىن ئېيتقاندا 18-ئەسىر فرانسۇز ماتېرىيالىستلىرىلا ئۇچۇق مەيدانغا چىقالىدى. ھەتتا 19-ئەسىردە ياشىغان داڭلىق پەيلاسوپ فېيرباخمۇ "ماتېرىيالىزم" دېگەن تېمىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ئىدى.

شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، فارابى ئۆز دەۋرىنىڭ توغرا نۇقتىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئىزچىل ماتېرىيالىست ئىدى. لېكىن ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتقا قاراشتا، ئوبيېكتىپ كېلىپ چىقىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ماركسقىچە بولغان كونا ماتېرىيالىستلارغا ئوخشاشلا ئىدىيالىست ئىدى. بۇ مۇقەررەر ھالدا ھەممە كونا ماتېرىيالىستلار ئۇچرىغان زامان، ماكان ۋە ۋاقىت چەكلىمىسىنىڭ قانۇنىي توسالغۇسى ئىدى. مۇنداق چەكلىمىنى بۇزۇش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ ۋە كېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا

① دېتېرمىنىزىم تەبىئەت ۋە جەمىيەت ھادىسىلىرىنىڭ جۇملىدىن كىشى ئىرادىسى ۋە خۇلۇق ئىتىۋارلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەممىدە ئىلارنىڭ بىر-بىرىگە سەۋەپ بولۇشى ھەققىدىكى تەلىمات.

ماركس: "ئىدولوگىيە، تارىخىي، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ، دىگەندىن باشقا نىمىنى ئىسپاتلايدۇ؟... شەخسىي سۇبيېكتىپ جەھەت- تىن بۇ مۇناسىۋەتلەردىن قانداق ھالقىپ كەتكەن بولمىسۇن، ئۇ ئىجتىمائىي مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى ھېساپلىنىدۇ" دىگەن ئىدى.

قولىمىزدا بار ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۆۋەندە فارابى ئەسەر- بىرىمىز، رۇبائىلىرىدىن بىر نەمۇنە:

ئاسىرورى ۋۇجور، ناپۇختا بىمەند، ۋان گەۋھەرى باس شارىپ ناسوتتە بىمەند. ھەركاس باداللى ئەقىل چىندى گۆنتەند ئۇن نۇكتاكى ئەسل بورنا گوفتا بىمەند.

تەرجىمىسى:

(ۋۇجۇت سىرلىرى پىشماي) ئۇز ھالىچە قېلىپ كەتتى. بۇ قىممەتلىك بىر گوھەر تېشىلمىگىچە (كاندىن ئېلىنغان گوھەر ئىشلەنمىگىچە)، شۇنداق قېلىپ كەتتى. ھەركىم (ۋۇجۇت سىرلىرى ھەققىدە) ئۆز ئەقلىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بىرەر نەرسە ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن (ئاساسى) ۋۇقتا ئېيتىلماي قېلىپ كەتتى.

1907 - يىلى مىسىردا نەشر قىلىنغان «فارابى مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسەرنىڭ «پەلسەپە سوئاللار ۋە ئۇلارغا جاۋاپلار" ناملىق قىسمىدا جىسىملاردىكى رەڭلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇلار نىمە ئۈچۈن ھەر خىل بولىدىغانلىقى، دۇنيانىڭ يوق بولۇش - بولماسلىقى، خاھىش بىلەن ئىرادىنىڭ پەرقى قاتارلىق جىددى مۇھىم مەسىلىلەرگە توغرا ۋە ئېنىق جاۋاپ بەرگەن. تۆۋەندە ئاشۇ ئەسەردىن بىر پارچە نەمۇنە بىرىمىز:

1-سوئال: رەڭلەر نىمە، ئۇلار جىسىملاردا قانداق پەيدا بولىدۇ؟

جاۋاپ: ئۇلار (رەڭلەر) ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋە يوقىلىپ كېتىدى-

غان جىسىملاردا پەيدا بولىدۇ. ئالى جىسىملاردا رەڭ يوقتۇر ۋە شۇنىڭدەك ئېلېمېنتلاردا ھەممە ئاددى جىسىملاردا ھەم (رەڭ) يوقتۇر. بۇ پىكىر كۆپىنچە ئۆتمۈش (ئالىملارنىڭ) پىكرى بولۇپ، ئۇلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەندۇر. ئۇلارنىڭ ئېيتىشلىرىچە يەر باشقا ئېلېمېنتلارنىڭ ئىچىدە قارا بولۇپ، ئوت بولسا يالتىراقتۇر. مۇرەككەپ جىسىملاردا رەڭدار ئېلېمېنتلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەندۇر. ئەگەر مۇرەككەپ جىسىمدا ئوتلۇق ئۈستۈن بولسا، ئۇلارنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ ۋە ئاخىرى شۇ تەرتىپتە (ئېلېمېنتلارنىڭ) ئۆزئارا قوشۇلۇش مىقدارىغا باغلىق ھالدا خىلمۇ-خىل رەڭلەر پەيدا بولىدۇ.

2. سوئال: رەڭ نېمە؟

جاۋاپ: (رەڭ) يالتىراق جىسىمنىڭ نېمىدىن يالتىراق بولغانلىقىنىڭ چېگرىسىدۇر. رەڭ جىسىملارنىڭ ئاددى ھالىتىدە بارلىققا كېلىدۇ ۋە جىسىم ئىككى چېگرىغا ئىگە. ئۇلارنىڭ بىرى ئاددىلىق، بۇ جىسىمنى جىسىم قىلغان نەرسىدۇر ۋە باشقىسى رەڭ—بۇ شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭدىن (جىسىم) يالتىراق بولىدۇ.

3. سوئال: قوشۇلۇش نېمە؟

جاۋاپ: قوشۇلۇش — بۇ ئىككى سۈپەتتىن بىرىنىڭ ئىككىنچىسىگە تەسىرى ۋە ئىككىنچىسىنىڭ بىرىنچىسىگە ئەكس تەسىرىدىن ئىبارەت.

4. سوئال: شالاڭلىق ۋە زىچلىق نېمە ۋە ئۇلار قايسى كاتېگورىيىگە كىرىدۇ؟

جاۋاپ: ئۇلار ھالەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. شالاڭلاتقانلىق—جىسىم بۆلەكلىرىنىڭ ئۆز (تەبىئى) ھالىتىدىن يەنى بىر-بىرىدىن ئۇلار ئارىسىغا باشقا جىسىمنىڭ باشقا بۆلەكلىرى كىرىپ قېلىشىغا قەدەر

يىراقلىشىدۇ. زىچلىق بولسا، جىسىم بولەكلىرىنىڭ ئۆز (تەبىئى) ھالىتىدىن بىر ـ بىرلىرىگە يېقىنلىشىۋىرىدۇ.

6. سوئال: غودۇر ـ بۇدۇرلۇق ۋە سىلىقلىق نىمە؟ ئۇلار قايسى كاتىگورىيىگە كىرىدۇ؟

جاۋاپ: ئۇلار ھالەت كاتىگورىيىسىگە كىرىدۇ ۋە جىسىم يۈزىدىكى بولەكلەرنىڭ ھالىتىدۇر. غودۇر ـ بۇدۇرلۇق جىسىم يۈزىدىكى بولەكلەرنىڭ ئىگىز ـ پەسلىك ھالىتىدىن ئىبارەتتۇر. سىلىق جىسىم يۈزىدىكى بولەكلەرنىڭ ئىگىز ـ پەس بولمىغان (تېكىستلىك) ھالىتىدۇر.

7. سوئال: زىچ نەرسىدىن قايسى بىرىگە قاتتىقلىق ۋە قايسى بىرىگە يۇمشاقلىق (خۇسۇسىيەتلەر) خاس بولىدۇ؟

جاۋاپ: زىچ نەرسە بولەكلەرنىڭ ئارىسىدا مۇستەھكەم بىرلىك ۋە باغلىنىش بولسا، ئۇلاردا قاتتىق ھالىتى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ ۋە نەرسە بولەكلىرىنىڭ ئارىسىدا بىرلىك ۋە زىچلىق بولمىسا، ئۇلاردا يۇمشاقلىق ھاسىل بولىدۇ. قاتتىق نەرسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى شۇكى، ئۇلار (باشقا نەرسىلەرگە) ئاسانلىق بىلەن (تەسىر قىلالايدۇ) ۋە (باشقا نەرسىلەرنىڭ) تەسىرىگە تەسلىك بىلەن بېرىلىدۇ. يۇمشاق خۇسۇسىيەتلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار (باشقا نەرسىلەرگە) تەسلىكتە تەسىر قىلالايدۇ ۋە ئاسانلىق بىلەن (باشقا نەرسىلەرنىڭ) تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

8. سوئال: يادلاش ياخشىمۇ ياكى چۈشىنىش ياخشىمۇ؟

جاۋاپ: چۈشىنىش يادلاشتىن ياخشىراقتۇر، چۈنكى يادلاش نۇرغۇن ئايرىم چۈشەنچىلەر① ۋە شەخسلەرنى (يادقا ئېلىشتىن) ئىبا-

---

① فارابى بۇ يەردە مۇھىم بولمىغان نەرسىلەرنى ئىپادە قىلغۇچى سوزلەرنى دىمەكچى.

رەتتۇر ۋە ئۇنىڭ (ياد ئېلىشىنىڭ) چېگرىسى يوقتۇر ۋە ئۇ (ياد-لاش) ھېچقاچان سوزلەر (تۇرلىرىگە) ۋە شەخسلەرگە بېرىش ۋە تو-لۇش چېگرىسىغا يېتەلمەيدۇ. چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن كىشىنىڭ مېھنىتى پايدىسىز مېھنەتتۇر.

چۈشىنىش بولسا (نەرسىلەرنىڭ) ماھىيىتى، ئۇمۇمى قائىدە ۋە قانۇنلار توغرىسىدىكى ھەركەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرى بار ۋە چېگرىلانغان ھەمدە ئۇمۇملاشتۇرۇلغاندۇر. بۇنداق ھەركەتكە ئىنتىلگەن كىشى پايدىسىز مېھنەت قىلغان بولمايدۇ. سىيا-سەت، تەدبىرلىك (ھادىسىلەرنى) ئالدىن بىلمۇېلىشقىمۇ خاستۇر، كىشى يادلىغان ئايرىم يۈزە چۈشەنچىلەردىكى بىلىم ئاساسىدا ئىش قىلىش توغرا كەلسە، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ خاتا، چەتنەپ كېتىشتىن، خەۋپتىن خالى بولالمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى ھەمدە مۇناسىۋەتلەردە ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. كىشى ياد ئالغان نەرسىلىرى بىلەن بىر خىل بولمىغان نەرسىلەرگە يولۇقسا ۋە ئۇ (بۇنداق ھاللاردا) ئاساسىي قائىدەۋە ئۇمۇمى (قانۇنلارغا) تايىنىپ (ئىش كورسە) قانداق نەرسىلەرگە دۇچ كەلمىسۇن ئۇز چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلىق ۋە ئىشەنچلىك مۇراجەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بو-لىدۇ. كىمكى بۇنى (چۈشىنىشنى) ئۇيەنى (يادلاش) بىلەن سېلىشتۇ-رۇپ باقسا، بۇنىڭ (چۈشىنىشنىڭ) ئۇستۇن ئىكەنلىگىنى بىلىدۇ.

9. سوئال: دۇنيا يوقىلامدۇ؟ ياكى يوقالمامدۇ، ئەگەر يو-قالسا، ئۇنىڭ تەركىۋى قىسىملارغا ئاجرىلىشى ياكى پەيدا بولۇشى، باشقا جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشى ياكى يوقىلىشىغا ئوخشامدۇ ياكى باشقىچىمۇ ۋە بۇنى قانداق (چۈشىنىش) مۇمكىن؟

جاۋاپ: (دۇنيانىڭ) ۋۇجۇتتا كېلىشى شۇنداق بىرىكمىكى، ئۇ باشقا (ئادەتتىكى) بىرىكمە ۋە بولۇنۇشلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ

(تەرکىۋى قىسىملارغا) ئاجرىلىشى ئادەتتىكى ئاجرىلىشلارغا ئوخ-
شىمايدۇ. بىرىكىش ۋە بۆلىنىش، تەرکىۋى قىسىملادىن ھاسىل
بولۇش ۋە ئاجرىلىش ئۈچۈن (زورۇر بولغان) ماكان توغرىسىدىكى
ھەممە مەسىلىلەر دۇنياغا ھەم خاستۇر.

نەرسىلەرنىڭ (ۋۇجۇتقا كېلىشىدە) قانچە كوپ بولەك (لازىم
بولسا بۇ، بولەكلەرنىڭ) بىرىكىش ۋاقتى ھەم شۇنچە ئۇزاقتۇر.
شۇنىڭدەك نەرسىلەر قانچىلىك كوپ بولەكلەرگە ئاجرالسا، بۇ ئاجرى-
لىشنىڭ ۋاقتى ھەم شۇنچىلىك ئۇزاقتۇر. بۇ نەرسىلەرنىڭ بولەكلىرى
ئاز بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىكىشى ۋە ئاجرىلىش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ.

بىرىكىش ۋە ئاجرىلىشنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈن كېمىدە
ئىككى نەرسىنىڭ بولۇشى شەرت، چۈنكى بىر (يالغۇز)
نەرسىنىڭ ئۆزىدە بىرىكىش ۋە ئاجرىلىش بولمايدۇ. بىرىكىش
ۋە ئاجرىلىشنىڭ مەۋجۇتلۇغى ۋاقىتتىلا ئەمەس، ۋاقىتنىڭ باش-
لىنىشى بار (ۋاقىتنىڭ باشلىنىشى مۇتلەق بىرىنچىدۇر). نەر-
سىنىڭ باشلىنىشى — نەرسە ئەمەس. ئىككى نەرسە ئارىسىدىكى
بىرىكىش ۋە ئاجرىلىش بىر ۋاقىتتا بولۇپ ئوتىدۇ. نەرسىلەر
ئىككىدىن ئارتۇق بولسا، ئۇلارنىڭ (بىرىكىش ۋە ئاجرىلىش)
ھەم ۋاقىتتا مەۋجۇتتۇر. ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىغى بولسا،
بۇ نەرسىلەرنىڭ ئاز-كوپلىگىگە باغلىق. ئىككىدىن ئارتۇق بولەك-
تىن تەشكىل تاپقان ھايۋانات، ئوسۇملۇك ئوخشاش كائىنات ۋە
قىسىملارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە (تەرکىۋى بولەكلەرگە) ئاجرى-
لىشى ئۈچۈن كېرەك بولغان ۋاقىتنىڭ ئاز-كوپلىگى بۇ بولەك-
لەرنىڭ ۋە ئاددى جىسىملارنىڭ ئاز-كوپلىگىگە باغلىق.

پۈتۈن كائىنات ھەقىقەتەن ئىككى باستتىن①، پەقەت

① باست — سادە (ئاددى) بارلىق مەنىسىدە.

ئۇنىڭغا خاس بولغان ماتېرىيە ۋە شەكىلدىن ئىبارەت بولسا، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇنىڭ يەنى (كائىناتنىڭ) ۋۇجۇتقا كېلىشى بىردىن ۋە ۋاقىتسىز بولغاندۇر. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ (تەركىپلەرگە) ئاجرىلىشى ھەم ۋاقىتسىز بولىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك نىمە ۋۇجۇتقا كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ (تەركىپلەرگە) ئاجرىلىشى مۇمكىن ئەمەس دىگىلى بولمايدۇ.

ھەقىقەتەن مېنىڭ ئېيتقىنىمدەك كائىنات بىر پۈتۈن ھالدا ۋۇجۇتقا كەلگۈچى ۋە تەركىپلەرگە ئاجرالغۇچىدۇر ھەمدە ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە ئاجرىلىشى ۋاقىتتىن تاشقىرىدۇر. كائىنات قىسىملىرى ھەم ۋۇجۇتقا كەلگۈچى ۋە (تەركىپكە)ئاجرىغۇچىدۇر. (لېكىن) ئۇلارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە ئاجرىلىشى ۋاقىت ئىچىدىدۇر.

11. سوئال: ئاتتىسىدېنتسىيەلەر ئالى جىسىملارغا قانداق ۋە قايسى تەرەپتىن كىرىدۇ؟

جاۋاپ: مىقدار ۋە سۈپەت ئۆززاتى بىلەن ئۆز مېھنەتلىرىنىڭ ئىسپاتىغا مۇھتاج بولمىغان ئاكتىسىدېنتسىيىدۇر. ئۇلار پەقەت (شۇ مىقدار ۋە سۈپەتكە) ئىگە بولغۇچى سوبىستانسىيىگە (مۇھتاج دىيىشىدۇ) ئېنىقلىغۇچىغا كەلگەندە مەسىلەن، ئايناتوننى① ئىسپاتلىماقچى بولساڭلار ئۇ ئىككى سوبىستانسىيە سوبىستانسىيە ۋە ئاكتىسىدېنتسىيە ياكى ئىككى ئاكتىسىدېنتسىيە ئارىسىدا بولغانلىقىدىن ئۆززاتىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن بىر سوبىستانسىيە ۋە بىر نەرسىدىن كۆپرەك نەرسىلەرگە مۇھتاجدۇر. (تەرتىپ توغرىسىدا گەپ قىلىنغاندا) كام نەرسىلەر ياردىمىدە ئىسپاتلىنىشقا مۇھتاج بولغان (ئاكتىسىدېنتسىيە) ئاۋال بولۇپ، كۆپ نەرسىلەر

① ئايناتون — ئوبيېكتىپ بارلىقنىڭ ماھىيەتكە قاراپ ئىپادىلىنىش دەرىجىلىرى.

ياردىمىدە ئىسپاتلىنىشقا مۇھتاج بولغان (ئاكتىسىدېنتىسىيە) ئاخىرىدا كېلىدۇ.

16-سوئال: "ئىنسان مەۋجۇتتۇر" دېگەندە بۇ پېرېدىكات① بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟

جاۋاب: بۇ مەسىلە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋە ھازىرقى (ئالىملار) ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولغان مەسىلىدۇر. ئۇلاردىن ئايرىملىرى بۇنى پېرېدىكات دېيىشىدۇ. مېنىڭچە ئەمەس. بۇ شۇنداق: ئەگەر بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى، ھادىسىلارنىڭ رېيال كورۇنۇشى بىلەن قىزىققۇچى كۆزەتكۈچىلەر كۆزەتسە ئۇ پېرېدىكات ئەمەس، نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى نەرسە ئەمەس بولالمايدۇ. پېرېدىكاتقا بولسا ياكى تەستىقلاش، ياكى ئىنكار قىلىش خۇسۇسىيىتى خاستۇر. شۇ نۇقتىدىن بۇ پېرېدىكات ئەمەس. لېكىن بۇ مەسىلە مەنتىقى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلسە ئۇ ئىككى سوز ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرىدىن ئىبارەتتۇر: ئۇنىڭغا تەستىقلاش ياكى ئىنكار قىلىش خاس بولىدۇ. شۇ نۇقتىنەزەردىن ئۇ پېرېدىكاتتۇر. (دېمەك) ئالىملارنىڭ ھەر ئىككى پىكىرلىرى ھەم توغرا، لېكىن تۈرلۈك تەرەپلەردىن توغرىدۇر.

17-سوئال: (زىت) نەرسىلەر ھەققىدە ۋە ئاق (رەڭ) قارىنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەتمۇ؟

جاۋاب: ئاق (رەڭ)نىڭ (مەۋجۇتلۇقى) قارا (رەڭ)نىڭ يوقلۇقىدىن ۋە ئومۇمەن زىت نەرسىلەردىن بىرەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭغا زىت بولغانلىقىنىڭ يوقلۇقى ئەمەستۇر. لېكىن زىت نەرسىلەرنىڭ ھەربىرىدە باشقىسىنىڭ يوقلۇقى (يوشۇرۇنغاندۇر)،

① بۇيەردە گىرامماتىكىدىكى ئەمەس، بەلكى لوگىكا پېنىگە ئائىت بولغان پېرېدىكات ھەققىدە گەپ بولىۋاتىدۇ.

شۇڭا زىت جىسىملار بىر-بىرىگە ئايلانمايدۇ.

24. سوئال: تەڭلىك ۋە تەڭ كەلمەسلىك نىمە ۋە بۇلار مىقدارنىڭ خۇسۇسىيىتى بولامدۇ، شۇنىڭدەك ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىق نىمە ۋە بۇلار مىقدارنىڭ خۇسۇسىيىتىمۇ؟

جاۋاپ: بىرىنچىدىن، بۇ ئىككىلىسىگە مىقدار ۋە سۈپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى كاتىگورىيىلەر، خۇسۇسىيىتى خاس ئەمەستۇر. چۈنكى خۇسۇسىيەت بىر نەرسىگىلا خاس. مەسىلەن، كۆلكە، كىشنەش، ئولتۇرۇش ئوخشاشلار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يەنى تەڭلىك، تەڭسىزلىك، ئوخشاشلىق، ئوخشىماسلىق ۋە باشقا تەسۋىرلەشتۇر. بۇ ئىپتىقانلىرىمىزنى شۇنداق چۈشىنىشىمىز كېرەك: ئەگەر ھەر نەرسىنىڭ ئۆز زاتىغا كۆرە خۇسۇسىيىتى بولسا، ئۇ چاغدا تەڭلىك ۋە تەڭسىزلىك مىقدار خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىق سۈپەت خۇسۇسىيىتىدۇر ۋە تەڭلىك ھەمدە تەڭسىزلىك توغرىسىدىكى گەپ مىقدارى تەسۋىرلەش، ئوخشاشلىق، ئوخشىماسلىق توغرىسىدىكى گەپ سۈپەت تەسۋىرىدۇر.

31. سوئال: خاھىش ۋە ئىرادىنىڭ پەرقى نىمە؟

جاۋاپ: ئىرادە بۇ ئىنساننىڭ ئەسلى پائالىيىتىدە بولۇپ، ئىنسان بولۇشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرگە ئىرادە مەنسۇپ بولىدۇ. خاھىش بولسا مۇمكىن بولمىغان نەرسىلەرنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خاھىش ئىرادىگە نىسبەتەن ئومۇمدۇر. چۈنكى ھەرقانداق ئىرادە خاھىشتۇر. لېكىن ھەرقانداق خاھىش ئىرادە بولۇۋەرمەيدۇ.

32. ئۇ دىدى①: سوبىستانسىيە ئىككى تۈرلۈكتۇر — شەكلى سوبىستانسىيە ۋە ماددى سوبىستانسىيە. جىسىمۇ ئىككى تۈرلۈكتۇر.

① ئەرەپچە تېكىستىدە 33-34-سوئاللار يوق ۋە توغرىدىن-توغرا فارابى جاۋاپلىرى.

تەبىي ۋە سۈنئىي جىسىم. تەبىي جىسىم ھەم ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى، جانلىق (مەسىلەن) ھايۋان. ئىككىنچىسى، جانسىز (مەسىلەن) ئېلېمېنتلار. سۈنئىي جىسىملار كىيىم ۋە شۇلارغا ئوخشاش نەرسىلەردۇر.

34. ئېلېمېنتلار.

مۇرەككەپ سوبىستانسىيەنىڭ باشلىنىشى ئېلېمېنتلاردۇر ۋە ئۇلار (ئېلېمېنتلار) ئوت، ھاۋا، سۇ ۋە يەردۇر. مۇرەككەپ سوبىستانسىيەلەر، تەبىي ۋە سۈنئىي جىسىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئېلېمېنتلار ئاددى نەرسە، سوبىستانسىيە بولسا مۇرەككەپ، چۈنكى ئۇلار (ئېلېمېنتلار) بۇلار (سوبىستانسىيە) نىڭ باشلىنىشىدۇر.

«ئىدىئال شەھەر ئاھالىسى پىكىرلىرىنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدىكى كىتاب» مۇندەرىجىسىدىن تاللاپ ئېلىنغان ئايرىم بۆلۈملەر.

## 7 بۆلۈم

ماتېرىيە ۋە شەكىل توغرىسىدا بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى نېمىدىن ئىبارەتلىكى، ماتېرىيە ۋە شەكىلدىن بولسا، (ھەممە) جىسىملارنىڭ ھاسىل بولۇشى ھەققىدە (ماتېرىيە ۋە شەكىلنىڭ) بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈگى نېمىدە ئىكەنلىگى ۋە ئۇلاردىن كېلىپ چىقىدىغان جىسىملارنىڭ قانداق بولۇشى توغرىسىدا، جىسىملارنىڭ قايسى مەنۇسلىرى ماتېرىيە ئاساسىدا ۋە قايسى مەنۇسلىرى شەكىل ئاساسىدا ھاسىل بولۇشى توغرىسىدا.

## VII بولۇم

ماددى جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا، ئۇلاردىن قايسى بىرى بىرىنچى، قايسى بىرى ئىككىنچى، قايسىسى ئۈچىنچى نوۋەتتە پەيدا بولىدۇ ۋە شۇ تەرتىپتە ئەڭ ئاخىرىدا پەيدا بولىدىغان ئادەم ھەققىدە ھەر بىرىنىڭ كېلىپ چىققىشىدىن قىسقىچە خەۋەر بېرىش.

## XV بولۇم

ئىنسانلارنىڭ (جامائەگە) ئۇيۇشۇشىغا ئۆزئارا ياردەمگە مۇھتاجلىقلىرى توغرىسىدا، ئىنسان جامائەسى تۈرلىرىنىڭ قانچە خىللىقى "ئىدىئال جامائە" ۋە ئىدىئال شەھەرنىڭ نىمىدىن ئىبارەتلىكى، قانداق ۋۇجۇتقا كېلىشى، تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ تەرتىۋى توغرىسىدا؛ ئىدىئال شەھەرلەردىكى ئىدىئال تەرتىپ تۈرلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ۋە ئىدىئال ھاكىمنىڭ قانداق بولۇش زورۇرلۇگى ھەققىدە، بالىلار ۋە يىگىتلەرنىڭ ئىدىئال ھاكىم بولۇشى ئۈچۈن قانداق بەلگە ۋە شەرتلەرگە ئىگە بولۇشلىرى كېرەكلىكى توغرىسىدا.

ياشلارنىڭ كامالەتكە يېتىپ، بىرىنچى ھاكىم بولۇشلىرى ئۈچۈن قانداق شەرت-شارائىتلار كېرەك؟

ئىدىئال شەھەرلەرگە زىت بولغان شەھەرلەرنىڭ تۈرلىرى قانداق بولىدۇ. جاھىل شەھەرلەر نىمە؟ (توغرا) يولدىن ئاداش-

قان شەھەرلەر نىمە؟ ۋە جاھى شەھەر ۋە جاھىل ھاكىملارنىڭ تۈرى نەچچە خىل بولۇشلىقى توغرىسىدا.

## XVII. بولۇم

. ئۇ ئەدىسال شەھەرلەردە قانداق رەسىم-قائىدىلەر بولۇشى كېرەك؟ ئاخىر، نۇرغۇن كىشىلەرنى جاھىل شەھەرنىڭ يامان ۋە يالغان ئادەتلىرىگە ئېلىپ كەلگەن سەۋەپلەر ھەققىدە.

جاھىل شەھەرلەردە ۋۇجۇتقا كەلگۈچى ئادەت ۋە (جاما-ئەگە) ئۇيۇشۇشىغا سەۋەپ بولىدىغان جاھىل رائىيىملەرنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا.

يەتتىنچى باپ

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى توغرىسىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جاھانغا مەشھۇر ئۇيغۇر سۆلالىلىرىدىن بىرى بولغان قاراخانىلار (870 - 1210) دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى.

پۈتۈن شەرق ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ يىرىك ۋەكىلى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار دەۋرىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ ۋەكىلى، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ زاماندىشى ۋە ئۇنىڭ مەسلەكدىشى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەتتە سۇ رايونىدىكى توخماق شەھرى بىلەن ئىسسىق كۆل ئوتتۇرىسىدىكى "بالاساغۇن" شەھرىدە (ھازىرقى قىرغىزىستان دائىرىسىدە) تۇغۇلغىنى ئۈچۈن ئۇنى بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە يۈسۈپ بالاساغۇنى دىگەن نامى بىلەنمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇ چاغلاردا قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ چېگرىسى قەشقەردىن تا ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ تېرىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

11 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا يەتتە سۇ سىياسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى

ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپلىرى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ قالغان ھەممە ئوبلاستلىرىنىڭ، جۈملىدىن ماۋەرەننەھىرنىڭ ئامۇ، (سىر دەريا ئارىلىغى) سىياسىي، ئىقتىسادىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئىدى. دېمەك، قاراخانىلارنىڭ بىر مەركىزى بولغان بالا ساغۇن شەھىرى جاھان سودا يولى — «يىپەك يولى»نىڭ بىر تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ چوڭ مەركىزى قەشقەرگە ئوخشاشلا سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەنە شۇنداق سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇھىتتىن نەپەس ئېلىپ ئۆزۈقلانغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ تارىخ، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، سىياسەت، تىل - ئەدەبىيات ۋە باشقا پەنلەردىن يېتەرلىك دەرىجىدە خەۋەردار ئىدى. جۈملىدىن ئەرەپ، پارس تىللىرىنىمۇ ناھايىتى پىششىق بىلەتتى.

قاراخانىلار سۇلالىسى پادىشالىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇئەلى ھەسەن ئىبنى ئارسلانخان مىلادى 999 - يىلى ناھايىتى قۇدرەتلىك زور قوشۇن بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرەننەھرىدە ئۇزاقتىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن سامانىلار سۇلالىسىنى تارمار كەلتۈرۈپ، بۇ كەڭ زېمىننى ئىشغال قىلدى. ئەمما قاراخانىلار دۆلىتى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇشىغا قارىماي، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئىسلام مەدەنىيىتىنى بۇرۇنراق قوبۇل قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ قىسمىغا قارىغاندا خېلىلا ئارقىدا ئىدى. بۇ دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراخانىلاردىن باشقا سامانىلار، غەزنەۋىلەر، خارەزىم سۇلالىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەركەزلىرى بولغان بۇخارا (سامانىلار مەركىزى) غەزنە (غەزنەۋىلەرنىڭ مەركىزى) ئۈرگەنچ (خارەزىم شاھلىرىنىڭ مەركىزى)



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

لەر مۇسۇلمانلار شەرقىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مەر-
كەزلىرىدىن ھېسابلىناتتى. بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ مەركەزلىرىدە ئىسلام
مەدەنىيىتى (خۇسۇسەن بۇخارادا يېڭى پارس تىلىدا چىقىپ
تۇرغان بەدىئىي ئەدەبىيات) ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتىرىلىپ،
خۇشنا مەملىكەتلەرگىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. قارا-
خانىلار ماۋەرەننەھرنى ۋە سامانىلارنىڭ مەركىزى بولغان بۇخارانى
ئىشغال قىلىپ، سامانىلار سۇلالىسىگە ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە
بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىسلام مەدەنىيىتىنى تېزدىن
ئۆزلەشتۈرۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ئىلغار ئىسلام دۆلەتلىرىگە يې-
تىشىۋېلىشتىن ئىبارەت بىردىن-بىر مۇھىم، چوڭ، مۇرەككەپ مەسىلە
قويۇلغان ئىدى. چۈنكى قاراخانىلار ئىسلام دىنىغا كىرگىچە
بولغان ناھايىتى ئۇزاق دەۋرىدە بۇددا، مانىخەي مەدەنىيىتى
تەسىرىدە ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقى باپلاردا ئېيتىپ ئوتكەن ئىدۇق.
قاراخانىلار دۆلىتى دۇچ كەلگەن ئەنە شۇ چوڭ، مۇرەككەپ
مەسىلىنىڭ ئەدەبىيات، مەدەنىيەت قىسمىنى 11-ئەسىر مۇتەپەك-
كۇرى ۋە سىياسەت، مەدەنىيەت ئەربابى بولغان يۇسۇپ خاس
ھاجىپ ئورۇنلىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتاتقۇ بىلىگ»
(«بەخت-سائادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم») ئىسلام مەدەنىيىتى
تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ يىرىك، ئەڭ نادىر، ئەڭ گۈزەل
مەدەنىي يادىكارلىقتۇر.

«قۇتاتقۇ بىلىگ» تۈركى خەلقىنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل
قىلغاندىن كېيىن تۈركى تىلىدا، مۇستەقىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
تەرەققىسىدە مەيدانغا كەلگەن نەمۇنىدۇر. بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاش
لازىمكى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخى

جەريانىدا توپلانغان مەدەنىيەت بايلىقى ۋە شۇ چاغدىكى تارىخى ئەھ-
ۋال ئاستىدا بۇخارادا مەيدانغا كەلگەن پارس تىلىدىكى ئەدەبىيا-
تىنىڭ بەزى تەسىرى ئارقىسىدا، پارس ئەدەبىياتىدا قوللىنى-
لىدىغان بەدىي شېئىر شەكىللىرىنى، خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئۇسۇلل-
رىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە، شۇ شەكىل، ئۇسلۇبنى يېڭى-
ۋاشتىن تۈزۈپ، ئۇنى ئۇيغۇر شېئىرى تەرەققىياتىغا خاس يېڭى
بىر تۈسكە كىرگۈزدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقۇرقى شەرەپلىك
ۋەزىپىنى. بېجىرگەندىن كېيىن «قۇتادغۇ بىلىگ» نى ھىجرىيە
467 - يىلى (مىلادى 1069 — 1070 - يىللار) يەنى 18
ئاي ئىچىدە تاماملىغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

يىل ئاتمىش ئىككى ئەردى تورت يۈز بىلە،
بۇ سوز سوزلەرىم تۈتۈپ جان سودە.
تۈكەل ئون سەككىز ئايدا ئايرىم بۇ سوز،
ئودوردوم ئادىردىم سوز ئەۋدىپ تەرە.

ئۇ، بۇ ئەسەرنى شۇ چاغدىكى قاراخانىلارنىڭ پادشاھى
ئۇلۇغ بۇغراخان ئەبۇئەلى ھەسەن ئىبنى ئارسلانخانغا بېغىشلاپ،
ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. بۇ شاھ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنىڭ ھىمايىچىسى، پېشىۋاسى ئىدى: "ئۇلۇغ
بۇغراخان — دىيانەتلىك ياخشى دانا، ئادالەتلىك ھۆسنى
ئەخلاقلىق مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ، ئوز مەملىكىتىنىڭ ئالىملىرىنى
ياخشى كورەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇلارغا سوغىلار بېرەتتى"①.

ئەپسۇسكى «قۇتادغۇ بىلىگ» ئاپتورىنىڭ تەرجىمىھالى
توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات ساقلىنىپ قالمىغان. كېيىنى-
رەك ئۇنىڭ ئەسەرىنى كوچۈرۈپ چىققان ئۇيغۇر

① ئىبنى ئەلئەسىر «ئەلكەلىتە ئونئەيىن — تارىخ» (IXجىلد 70 - بەت)

قىسقىچە خەتتاتى تەرىپىدىن يېزىلغان سۆز بېشىدا قىسقىچە مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ: قاراخانىلار پادىشاھى ئۇلۇغ بۇغراخان ئۆزىگە بېغىشلانغان بۇ ئەسەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەسەر ئىگىسىگە مەخپى مەسلىھەتچى ياكى ئاكادېمىك رادلوق تەرىپى بىلەن ئېيتقاندا — پىرىمات مىنىستىر (ۋەزىر) دەرىجىسىنى بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەسەر ئىگىسى يۈسۈپكە خاس ھاجىپ دېگەن نام بېرىلىپتۇ. خاس (يېقىن ئادەم)، ھاجىپ (ئىشەنچىلىك كىشى) مەنىسىنى بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسىرىنى يازغان ۋاقتى خېلىلا قېرىغان ۋاقتى بولسا كېرەك. بۇ ھال ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

تىگۈر ماڭا ئەلگى كور ئەلىگ ياشىم
كوغۇقلىدى قوزغۇن توسى تەگ باشىم.
ئۇقۇر ئەمدى ئالتمىش ماڭا كەپتۇ،
بۇزۇق چىقمىسا يولدا باردىم.
بىيادىسىگە قارا باشقا كافور ئاشۇر(د) وم
يارۇق ياز تەگ ئەردىم تومەنتو چېچەگلىگ
خازانىغ توشوتتوم قاموغنى كورۇتتىم،
قايىن تېگ بودوم ئەردى ئۇق تىگ كونتوز
ياتىگ ئەگرى بولدى ئېگىلدىم، توزگىنتىم.

(ئاتمىش كەلمەكتە، ئوتتۇز ياشنىڭ توپلىغانلىرىنى ئەلىك ياش تەكرار ئالدى. كوتۇردى. ئاتمىشقا تەگدۇرسە نىمە قىلار؟ ئەي ئەلىك ياش مەن ساڭا نىمە قىلىۋىدىمكى مەندىن بۇ ئىنتىقامنى ئېلىۋاتىسەن؟ ...... ۋۇجۇدۇم ئوق كەبى، قەلبىم يا كەبى ئىدى. ئەمدى ۋۇجۇدۇم ياكەبى، قەلبىم ئوق كەبى

بولۇپ قالدى. ئەي قۇتقازغۇچى، كەل مېنى قۇتقاز، مەن يىللارنىڭ ۋە ئايلارنىڭ ئەسىرى بولدۇم. ئويغان! ئەي چال، ئۆلۈمگە ھازىرلان ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ماتىمىنى تۇت! ئۆمرۈڭ بوشقا كەتتى. قالغان كۈنلىرىڭ بىلەن ئۆزرىسىنى قىل. ھەي رەببىم، مېنىڭ ئۆمرۈمنى ئۇزۇن ئەيلە، بۇ كىتابىنى تۈگىتىشكە قۇۋۋەت بەر.)

«قۇتادغۇ بىلىگ» مىلادىنىڭ 1069 - 1070 - يىللاردا ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەردە يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچ نۇسخىسى بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئەسەرنىڭ بىرىنچى نۇسخىسى تىمۇرىلەرنىڭ نەسلىدىن بولغان شاھروھ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە 1439 - 1440 - يىللاردا مەلۇم بىر ئۇيغۇر خەتتاتى تەرىپىدىن كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا ھىرات① شەھىرىدە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، كىتابنىڭ بۇ نۇسخىسى 1475 — 1476 - يىللاردا كىچىك ئاسىيادىكى تاقەت شەھرىگە كەلتۈرۈلگەن، بۇ كىتاب تىمۇرىلەر سۇلالىلىرىدىن بىرى تەرىپىدىن تۈركىيە سۇلتانلىغىغا سوغا قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولسا كېرەك. شۇ دەۋردە سۇلتاننىڭ غەزنىسى ئەنە شۇ تاقەت شەھرىدە ساقلىناتتى. ئەسەرنىڭ بىرىنچى نۇسخىسى (بۇ نۇسخا بىرىنچى قېتىم دۇنياغا تونۇلغان نۇسخا) نىڭ تاقەت شەھرىدە تېپىلىشىغا سەۋەپ شۇ بولسا كېرەك. بۇ نۇسخا 1491—1992 - يىللاردا ئابدىرىزاق باخشى دېگەن ئادەم ئۈچۈن ئىستامبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىنىڭ ئىستامبۇلدىكى ئەلچىخانىسىدا كاتىپ بولۇپ خىزمەت قىلغان مەشھۇر شەرقشۇناس بارود يۇسۇپ خون ھام-

① ھىرات — ھازىر ئافغانىستاندا.

مىر پورگىشتال بۇ نۇسخىنى سېتىۋېلىپ، ۋىنا شەھىرىدىكى كا-
دول كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان. بۇ نۇسخىدا باشقىلار تەرىپىدىن
يېزىلغان نەسرى ۋە شېئرى مۇقەددىمە بار. نەسرى قىسمى
46 قۇر، شېئرى قىسمى 76 بېيىت. كىتاپنىڭ مۇندەرىجىسى
73 باپ قىلىپ كورسىتىلگەن بولۇپ، جەمى 3971 بېيىت
بار، كىتاپ 10 بەت كەم. بۇ نۇسخىنىڭ بىرىنچى ئىشىنى
فرانسۇز ئالىمى زوبىر ئىشلىگەن بولسىمۇ، ۋۇجۇتقا چىقىرال-
مىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا كونا ئۇيغۇر يېزىغىنى ھېچكىم ئوقۇ-
يالمايتتى.

ئىككىنچى، قاھىرە ياكى مىسىر نۇسخىسى، بۇ نۇسخا
دوكتور مالىس تەرىپىدىن قاھىرەدىكى شۇ چاغلاردا ھىدىۋ
(ئەمىر) كۇتۇپخانىسى دەپ ئاتىلىدىغان ھازىرقى كارىل كۇتۇپ-
خانىسىدا تېپىلغان بولۇپ، ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن چىرايلىق
قىلىپ يېزىلغان. بۇ، كەم - كۈتىسى يوق تولۇق نۇسخىدۇر. بۇ
نۇسخا ئاكادېمىك رادلوف تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلغان، 392 بەت
بىرىنچى بەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈگلەك ئىچىدە «قۇتاتقۇ بىلىگ»
ۋە ئۇنىڭ يۇقۇرى تەرىپىدە "ئەلئەمدە لىل ئەجەللىيە تول
كەبىرىيە غەزىنە" ۋە تۆۋەن تەرىپىگە "ئىزدۇۋرىن ئايدەمىرو-
دە ۋادۇن ناسرى" دىگەن سوزلەر ئەرەپچە يېزىلغان. 7 - 8 -
بەت نەسىر ۋە نەزىم بىلەن مۇقەددىمە بېرىلگەن. 189 - بەتنىڭ
ئاخىرىدا كېيىنچىرەك قوشۇلغان (كونا قەدىمى ئۇيغۇرچە) ھەرپ-
لەر بىلەن ئوت قۇر بار "تارىخى 879 دا ئىلان يىل" بۇ
«قۇتاتقۇ بىلىگ» كىتاپىنى ئابدىرىزاخ باخشى ئۇچۇن ئىستاھ-
بۇلغا تۇغاتىمىن پەخرى ئوغلى قازى بىتىمگ يېزىپ كەلتۈردىلەر،
مۇبارەك بولسۇن، دولەت كەلسۇن، مېھنەت كەلسۇن" دەپ

يېزىلغان.

190 - بەتنىڭ ئاخىرىدا بىر يېرىم قۇر كېلىدىغان مۇنداق بىر ئىزاھات بار: "ئالبەتتە ھەمزەدىن ساتون ئالدىقى مولىلا غەيرىددىنىڭ جومە مەسجىدىنىڭ يانىدا... ھاجى تىللال..." يۇقۇرقى قۇرلاردىن كېيىن باخشى "بەلگىسى" ئىبارىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن بىر موھۇر بار. بۇ نۇسخا ئاخىرقى بەتلەردىكى ئىزاھلارغا قارىغاندا ھىراتتىن توكارغا ئۆيەردىن ئابدىرىزاخ باخشى ئۈچۈن 879 ھىجرىيىدە ئىستامبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. كېيىن بۇ نۇسخا "خەيرىدىن جامىسىدا مۇقىم ھاجى تىللال" ئاتلىق بىرسى تەرىپىدىن ئالبەتتە ھەمزەدىن سېتىۋېلىنغان. بۇ ئىزاھلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان.

ئۈچىنچى، پەرغانە نۇسخىسى — بۇ نۇسخا 1914 - يىلى ئەھمەت زەكى ۋەلىدىن تەرىپىدىن پەرغانە ۋىلايىتىدە نەمەنگان شەھىرىدىن تېپىلغان. بۇ چاغدا رۇس ئارخولوگىيە جەمئىيىتىنىڭ شەرقى شوبە مەجمۇئەسىدە بۇ نۇسخا توغرىلىق بىر ماقالىمۇ ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئاردىن ئون يىل ئۆتۈپ 1924 - يىلى بۇخارالىق ئوقۇتقۇچى فىترەت «مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچى» مەجمۇئەسىدە بىر ماقالا ئېلان قىلىپ بۇ نۇسخىنى تونۇشتۇردى. بۇ نۇسخا 445 بەت بولۇپ، باش تەرىپىدىن بىرنەچچە بەت يوقالغان. ۋىنا ۋە قاھىرە نۇسخىلىرىدىكى مۇقەددىمىدىن يېرىم بەت نەسرى قىسمى كەم. پۈتۈن نۇسخىدا 6095 بېيىت بار، بۇ نۇسخا ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرق قولىيازمىلىرى ئىنستىتوتىدا ساقلانماقتا.

ۋىنا نۇسخىسىنىڭ دەسلەپكى نەشرى نۇسخىسى 1870 -

يىلى ھېرمان ۋامبېرى ئىشلىدى. بۇ ئالىمنىڭ ئوسمانلى تۈرك تىلىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى تىللىرىنى ياخشى بىلىشى بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا ئىمكانىيەت بەردى. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىگ» باپلىرىدىن پارچىلار ئېلىپ 915 بېيىتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ ۋېنا نۇسخىسىنىڭ پەقەت ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ پارچىلارنىڭ ئەسلى ئوقۇلۇشى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسىنىمۇ قوشۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇ كىتاپنىڭ بېشىغا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلىغا ئائىت 42 بەتلىك كىرىش سوز يېزىپ ئاخىرىغا تۇمۇر قۇتلۇغنىڭ يارلىغىنى، بەختىيار نامىدىن بىر پارچىنى ۋە سوزلۈك-لۇغەت ئىلاۋىسىنى قوشۇپ، 285 بەتلىك بىر كىتاپ قىلىپ چىقاردى. ۋامبېرىنىڭ بۇ كىتاۋىدىن يىگىرمە يىل كېيىن رۇس پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ۋېنا نۇسخىسىنىڭ ئەسلى نەشر قىلىش ئىشىنى مەشھۇر ئاكادېمىك ۋىلھېلم رادلوف ئوز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ، ئون يىل ئىشلەپ بۇ نەشر قىلىش ئىشىنى تاماملىدى.

رادلوفنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» توپلىمى ئۈچ توملۇق كىتاپ ئىدى.

(1) ۋېنا نۇسخىسىنىڭ فوتو باسمىسى ئۇيغۇر يېزىغىدا ئورنەك دەپ ئالغان بەزى پارچىلىرىنى قوشقان ھالدا 1890-يىلى نەشىردىن چىقتى.

(2) يۇقۇرقى فوتو باسمىسىنى قولدىكى قالغان پارچىلىرى بىلەن قوشۇپ 1891-يىلى يەنە قايتا نەشر قىلدۇردى.

(3) رۇس ئاكادېمىيىسىنىڭ قوبۇل قىلغان شەكىللىرى بىلەن ئەسەرنىڭ ئەسلى ئوقۇلۇشى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسىنى 1900-1901-يىللىرى ئېلان قىلدى. بۇ كېيىنكى تومىدا

ۋېنا نۇسخىسى بىلەن مىسىر نۇسخىسى سېلىشتۇرۇلدى. لېكىن ئالىمنىڭ ئەسلى ئوقۇلۇشىدىكى بەزى خاتالىقلارنى ۋامبېرى لاتىنچە ترانسكرىپسىيە بىلەن تۈزەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇش، تەرجىمە قىلىش ۋە يېزىشتىكى بەزى خاتالىقلىرىنى ئورخۇن ئابىدىلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئوقۇپ يازغان دانىيىلىك ئۇلۇغ تۈركولوگ ۋىلھېلىم تومسېن 1901-يىلى «ksz» مەجمۇئەسىدە «Con Sonnesdan Slaiangovns» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا تۈزەتتى. تومسېن بۇ ماقالىسىدا «قۇتاتقۇ بىلىگ» نىڭ ئوقۇلۇشى ۋە ترانسكرىپسىيە مەسىلىسىنى توغرا ۋە ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلغان ئىدى، ئاكادېمىك رادلوف بۇ ماقالا چىقىپ ئون يىلدىن كېيىن تومسېنغا قايىل بولۇپ خاتالىقلىرىنى تۈزەتتى.

رادلوفنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە پروفېسسور مالوفنىڭ ۋېنا ۋە پەرغانە نۇسخىلىرىدىن ئېلىنغان پارچىنى سېلىشتۇرۇش يولى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان تەتقىقاتى پروفېسسور سامايلوۋىچنىڭ «ئاتىسىز شەرىھ» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىگەنگە ئوخشاش تۈركى تىل بايلىقلىرى ياردىمى بىلەن ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ۋە دوكتور رەشىت رەخمەتى ئاراتنىڭ پەرغانە نۇسخىسى تېپىلغاندىن كېيىن ئۈچ نۇسخىنى دىققەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ «قۇتاتقۇ بىلىگ» نىڭ «ھەكىملەر بىلەن قاتىلمالىخ ئايۇر» ماۋزۇلۇق قىسمىدىن ئالغان 25 مىسرا. ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭدەك بۇ تەتقىقاتلار «قۇتاتقۇ بىلىگ» نىڭ ئۆز ماھىيىتى بىلەن توغرا ھالدا جاھان مەدەنىيەت سەھنىسىگە چىقىشىغا ئىنتايىن زور ياردەم بەردى.

«قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ بۇ ئۈچ نۇسخىسىنىڭ ئايرىم جايلىرىدا مەلۇم ئوخشىماسلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ ئۈچ نۇسخىدا مەزمۇن پۈتۈنلىكى ئاساسەن تولۇق ساقلىنىپ قالغان.

ئەمدى كىتاپنىڭ مەزمۇنى، يېزىلىشىدىكى مۇددىئاسىغا كەلسەك، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئۇلۇغ ئالىم، پەيلاسوپ، بۈيۈك مۇتەپەككۇر، سىياسى ئەرباپلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر هىس قىلىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىگ» 73 باپ، 13 مىڭ مىسرادىن ئىبارەت چوڭ تىپتىكى داستان بولۇپ، جەمىيەتنىڭ ناهايىتى كەڭ ساهەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسى، ئىجتىمائى، پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشنى ئاساس قىلغان ئۆز زامانىسىدىكى يۈكسەك چوققىغا كۆرۈلگەن بەدىئى ئەسەردۇر. ئەسەر مەزمۇنىنىڭ باي، چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە، هەل قىلماقچى بولغان مەسىلىلەرنىڭ ئىنتايىن چوڭ ۋە مۇهىملىقىغا قارىغاندا ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئىلىم-پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىدا تۇرۇپ، ئۆز جەمىيىتىنىڭ هەممە قاتلىمىنى ئىنتايىن زېرەكلىك بىلەن چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقى ناهايىتى ئوچۇق سېزىلىپ تۇرىدۇ.

شائىر ياشىغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائى مۇهىتىنى ئىنتىۋارغا ئالساق، ئۇنىڭ خۇلاسىسى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ.

قاراخانىلار سۇلالىسى ئۆز چېگرىلىرىنى غەرپكە سوزۇپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى ماۋەرەئۇننەهىر (ئامۇ-سىر دەريا

## «قۇتاتقۇبىلىگ» نىڭ پەرغانە نۇسخىسى

بسم الله الرحمن الرحيم

اوکوش اوکدی بیرلا توکان منکر ننا   اوغان بیر یا ننا انکار یوق فنا

یغیز یر یاشیل کوک کوز آی بیرلا تون   یرتتی خلایق تود اوزدی کی بو کون

تیلادی ترونی بو بولیش تتوغ   بیر وک بول تیدی بولدی قولمش ...

تتوغ بر جاموز کالیغ تورو ونر لیکی   مونکی یوز ابدی بیر ابکار یوق ایت

ای ادکلیک اوغان منکر مونکسوز بیات   بیر اماس سنکینبز اذین قا بو آت

اولوغلوق سنکا اول بیکلوک سنکا   سنیکدین اذین نوق کا توش سنکا

ایا بیر بیر یکاز سنکا بیر اذین   توغ اشز دلسز سا اونا بیر کوزب

سانتز قا قیلماز سنیک بیر لیکینکا   توزونک کا بیت بو ازکا ایک بیلیند

بیزکیبر بیروک تو ای منکو ابو   قیلماز تار بلماز سا اقتز قا . سابو

ای ایع تش ساکا ای احز الخنین   کوزوم با بیراق تز کونکو انی بس

باربیک بلکولوک بر کون آبی نکر بروق   ننا الیک کا بیکو کونکو ازانداپوق

ارسا دینه اماس سنک بیر لیکینز   نا ارسا الار بیک بیز نوره تور سنک

...ز یور وک ارسا الار بیکز   ننا ستورنا ارسا سوکینز ... لک

ئارلىغى)غىچە يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە ئۆزۈندىن ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن سامانىلار سۇلالىسىگە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كېڭەيدى. قاراخا - نىلار جەمئىيىتىنىڭ يۇقۇرى تەبىقىسى بولغان سودىگەرلەر شەرق ۋە غەرپنىڭ سودا ئالاقىسىنى ئاساسەن ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلغار مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەنلا ئەمەس بەلكى جۇڭگو، ھىندىستان، تىبەت قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي، سودا، مەدەنىي ئالاقىلەرنى كۈچەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئالاقىلىرى قاراخانىلار ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ھۈنەرۋەنچىلىك، چار - ۋىچىلىق، دېخانچىلىق ساھەلىرىگىمۇ تەسىر قىلىپ، ئومۇمەن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ زور قەدەم بىلەن يۈكسىلىشىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەدەنىيەتمۇ ھەر تەرەپلىمە گۈللەنمەكتە ئىدى. قاراخانىلار ئىجتىمائىي جەمئىيەت بازىسىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ غايەت زور ئۆزگىرىشكە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئاساسىي بىر قىسمى بولغان قاراخانىلار دۆلەت تۈزۈمى يېتىشەلمەي قالدى. ئۇ ئەمدىلىكتە قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كىشەنگە ئايلانغان ئىدى. شۇڭا جەمئىيەتتە ئۇنىڭغا زور ئىسلاھات كىرگۈزۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغان ئىدى.

قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى تەرىپىدە سودا كاپىتالىنىڭ تەرەققىياتى فېودال يەر ئىگىلىگىنىڭ ناتۇراللىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىگىنىڭ بۇزۇلۇشىنى تېزلىتىپ، دېخانلار، چارۋىچىلار يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى كەمبە - غەللىك، قاششاقلىق گىرداۋىغا ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. قاراخانىلار

ھوكۇمدارلىرى ئۆز دولەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىرىنى تۈزۈشتە ئىسلام ئىدېولوگىيىسىنىڭ ئاساسلىرىغا تايىناتتى. دولەت تۈزۈمىدە سىياسى بىلەن دىن بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھال جەمئىيەتنىڭ يۇقۇرى تەبىقىلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇنلىشىپ ئۇلارنى قوغداپ، تۆۋەنكى تەبىقىلەر ھاياتىغا بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىكتىن ئېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، پۈتۈن جەمئىيەت تارىخىغا قارشى، پۈتۈن دولەت ھاياتىغا خەۋپلىك، ھالاكەتلىك يول ئىدى. يۇقۇرقىلار ھەممىسى قوشۇلۇپ، قاراخانىلار جەمئىيىتىدىكى سىنىپلار زىددىيىتىنى بارغانسېرى ئوتكۇرلەشتۇرۇپ باردى. نەتىجىدە سىنىپلار بىلەن سىنىپلار ئارىسىدا، دولەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يۇقۇرى پەللىگە كوتىرىلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ چاغدا قاراخانىلار بىلەن تابغاچ خانلار①، ياپغۇخانلار② تىكىنلەر، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا قارىخانىلار ئىچكى قىسمىدا ھاكىمىيەت تالىشىش، پارچىلىنىش زىددىيىتىمۇ خېلى دەرىجىدە ئېغىر ئىدى. بۇ ھالمۇ ئەلۋەتتە مۇنقەرزلىشىش ئامىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ رول ئوينىشى تەبىي ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمان فېودال تۈزۈمى داۋام ئەتكەن زامانلاردا دولەتلەر ناھايىتى تېز ئالمىشىپ، بىر دولەت ئورنىغا ئىككىنچى بىر دولەت پەيدا بولۇپ قالاتتى. باشقا مەملىكەتلەرنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىش مەقسىدىدە بولغان فېوداللىق ئۇرۇشلار، خەلققە ھېساپسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەر ۋە كۆلپەتلەرنى كەلتۈرەتتى. بۇنداق ئۇرۇشلار مەملىكەتنىڭ مەدىنى-

① تابغاچ — قاراخانىلار قول ئاستىدىكى ئۇششاق بەگلىكلەر.

② ياپغۇخانلار — يېرىم مۇستەقىللىققا ئىگە يېرىك بەگلىكلەر.

# «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ
# ۋىنا نۇسخىسى

Текст

(17) [illegible]

(18) [illegible]

(19) [illegible]

(20) [illegible]

ئىقتىسادىي ھاياتىنى تېزلا ۋەيران قىلاتتى. مەلۇمكى، 11- ئەسىردە سالجۇقىلار غەزنەۋىلەر دۆلىتىنى يوق قىلغىنىغا ئوخشاش غەزنەۋىلەر دۆلىتىمۇ بىر ۋاقىتلاردا سامانىلار تۇپرىقىدا قۇرۇلغان ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى سۈپىتىدە ئۆز جەمئىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇنەقەرز بولۇش ئېھتىمالىنى، خەلقىنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىشىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، ئۇلۇغ، يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر سۈپىتىدە ئۆز دۆلىتىنى مۇنەقەرزلىكتىن ساقلاپ قېلىش، ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش يوللىرىنى ئىزلەپ بۇ ئۇلۇغ ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىگ»دە ئۆز پىكرىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچى، تۈپ مەسىلە دۆلەتنىڭ مالىيە ئىقتىسادىي بايلىقىنى خىلمۇ-خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كۆچەيتىش؛ ئىككىنچى، مانا شۇ ئاساستا دۆلەتنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنى زور كۈچ بىلەن كۆچەيتىش؛ ئۈچىنچى، ئەقىلغا مۇۋاپىق قانۇنلار چىقىرىش، بۇ قانۇنغا شاھتىن تارتىپ ئەڭ تۆۋەن قاتلام سۇ توشۇغۇچىمۇ ئەمەل قىلىش. شائىر بۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە خەلق بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنى ئويلىغان. ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتى بولغان ئىنتايىن باي پىكىر تەپسىلاتلىرىنى ئەنە شۇ ئۈچ ئىدىيە ئاساسىغا توپلاپ، ئۇنى خەلق تەلىۋى سۈپىتىدە شاھ ئالدىغا قويىدۇ. بۇ ئۈچ تەلەپ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ تۈپ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، خەلق

مەنپەئەتىنى يۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىدى: مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ تەلەپلەر خەلقىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن بايان قىلىنىپ بېرىلگەن سىياسى مانىفېستى① ئىدى دېيىشكە بولىدۇ.

ئاپتور بۇ پىكىرلىرىنى ئۆز ئەسرىدە بەدىي ئەدىبىياتقا خاس بولغان ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەدىبىي شەكىل جەھەتتىن ئالغاندا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرسى شۇكى، ئەسەردىكى ۋەقەلەر ئۆچىنچى شەخسلەر ئېغىزى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. پۈتۈن ئەسەرنىڭ سيۇژىتىنى مۇنداق سىمۇوللۇق 4 شەخس تەمسىلەيدۇ: 1. كۈن تۇغدى ئىلىگ ناملىق شاھ — ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ سىمۇولى؛ 2. ئاي تولدى نامىلىق ۋەزىر — بۇ دولەت (بەخت، ئامەت)نىڭ سىمۇولى؛ 3. ئوگدۇلمىش نامىلىق ۋەزىرنىڭ ئوغلى بۇ ئەقىل ۋە دانالىقنىڭ سىمۇولى. 4. ئۇدغۇرمىش نامىلىق ۋەزىرنىڭ تۇغقىنى — بۇ كەمتەرلىك ۋە پاكلىقنىڭ سىمۇولى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەنە شۇ تۆت ئوبراز ئارقىلىق ئىدىيال شاھ، ئىدىيال دولەت يارىتىپ، ئۆز پىكىرىنى شاھقا يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلىنى مانا شۇنداق قويۇشى ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئۇيغۇر پەيلاسوپى فارابىنىڭ كوز قاراشلىرى بىلەن ئىنتايىن يېقىن تونۇشلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

فارابى يۇقۇرىدا سوزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىدىيال شاھ، ئىدىيال دولەت ھەققىدە ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئومۇمەن فارابى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىدىيال شاھ، ئىدىيال دولەت

---

① مانىفېستى — خىتاپنامە.

ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئومۇمەن نەزەرىيە ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا، بۇ نەزەرىيەلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىكى ھاياتنىڭ ئېنىق ۋەزىيەتلىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، تەت- بىقلايدۇ. ئۇ ۋەزىيەتلەرنى خەلقنىڭ، دۆلەتنىڭ ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ساھەسىدىكى ئىنتىلىشلىرىگە خىز- مەت قىلدۇرىدۇ. دېمەك يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاق قاراشلىرىنى فارابىدىن ئالىدۇ. ئۇنى ئۆز جەمئىيىتىگە تەتبىق قىلىپ، ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئىلغار ئىنتىلىشلە- رىگە خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

ئەمدى ئەسەرنى قىسقىچە كونكرېتنى تەھلىل قىلىپ با- قايلى:

كىتابنىڭ كىرىش قىسمىدا بىر نەسرى، بىر شېئىرى، ئىك- كى كىرىش سۆز بار. مەزمۇن جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا ئىككىسى بىر خىل. بۇ كىرىش سۆزلەر ئاپتورنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى، تىل- دىكى ساپلىقى «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ۋەزنى، ئولچەملىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاپتورنىڭ ئەمەس، سىرتتىن قوشۇلغانلىقى ئېنىق. ئەمما بۇلارنىڭ كىم تەرىپىدىن قوشۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئەنە شۇلاردىن كېيىن ئەسلى «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان قىسمى باشلىنىدۇ. كىتاب يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك 73 باپ 13 مىڭ مىسرادىن ئىبارەت شېئىرىي روماندۇر. ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابىدىن 11-بابىغىچە بولغان قىسمىنى كىرىش سۆز قىسمى دېيىشكە بولىدۇ. 1-2- 3-بابلاردا مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە خۇدا، پەيغەمبەر، چارىيارلارغا ھەمدى سانا (مەدھىيە) ئوقۇيدۇ. 4-بابى باھارغا بېغىشلانغان لىرىكا بىلەن سۇغۇرۇلغان تەبىئەت

مەنزىرىسى بولۇپ كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەڭ گۈزەل باھار پەسلى جىلۋىلىنىدۇ. ئالدىن كېيىن سوزنى ئەسەرنى بېغىشلىغان ئۇلۇغ بۇغراخانغا بۇراپ كىتاپنى ئۇنىڭغا سوغا قىلىپ مەدھىيىلەر ئوقۇيدۇ. 5 - بابىدا بۇ ئالىم ئۇيغۇر ئاستىرونومىيە تىزىسىنى مۇنداق قويىدۇ. يەتتە سەييارە (1) سىكەندىر (پەرغانە نۇسخىسىدا ئىسكەندەر)=زوھەل، (2) ئۈڭكاي= مۇشتەرى، (3) كورد (رادلوفنىڭ قوشۇمچە ۋىنا نۇسخىسىدا قوروت)=مىررىخ، (4) تاسىق=كۈن، (5) سىۋىت (رادلوف سىبىت)=زوھرە، (6) ئارزۇ - تىلەك=ئۇتارود، (7) پالچىق=ئاي. ئون ئىككى بورج: ① قوزى ② ئود ③ كوچىك ④ سىچۇ ⑤ ئارسلان ⑥ بۇغداي بېشى ⑦ ئۈكو ⑧ چادان (چىيان) ⑨ يا ⑩ئوغلاق ⑪ كويىنەك ⑫ بالىق. كورۇپ تۇرىمىزكى، بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئاستىرونومىيە بىلىمىدىمۇ چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. 6 - بىبىدا ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى تەسۋىرلىنىدۇ. 7 - باپ كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ، چۈنكى بۇ باپ تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى، تىلنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائى جەمىيەتتە تۇتقان رولى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدۇ. شائىر مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

پىكىر ۋە ئىلىمنىڭ تەرجىمانى تىلدۇر. ئىنسانىنى يورۇتىدىغان بۇ پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى بىل. تىل ئىنسانىنى ۋىقار① ئىگىسى قىلىدۇ. تىل بىلەن ئىنسان سائادەتنى تاپىدۇ. تىل ئىنسانىنى ھەقىر② ئېتەر، تىل تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ بېشى

① ۋىقار — ۋەزمىن، ئېغىر بېسىق.

② ھەقىر — ھاقارەت قىلىش، خورلاش.

يۇمىلاپ چۈشۈپ كېتەر، تىل دەرۋازىدا ياتقان ئارسلان...... تىلنى ياخشى تۇتقان ئادەم نېمىلىكى سوزلىسە ئاڭلا! سوزلىگەن سوزۇڭگە دىققەت قىلكى، باشنى يارمىسۇن! تىلغا دىققەت قىلغىنكى، چىشلارنى توكۇپ ئالمىسۇن...... ئىنسان سوز بىلەن يۈكسەلدى، ئۇلۇغ ۋە ساھىبى بولدى. ئىنسانلاردىن ئىنسانلارغا مىراس قالغان سوزدۇر. مىراس سوزلىرى تۇتقانلارغا يۈزدە يۈز پايدا بار. تۇغۇلغان ئولەر، سوز ئولمەس. كۈمۈش خەجلەنگەن ھامان تۈگەيدۇ، سوز بىلەن كۈمۈش تاپقىلى بولىدۇ ۋە باشقىلار...... 8-بابنى 7-بابنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا تىل ۋە تەپەككۇر ۋاستىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئەقىل، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىلىم توغرىسىدىكى پەيلاسوپىك مۇلاھىزىلەر مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

"ئادەمنىڭ قەلبى تۇۋى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئىلىم بولسا، ئۈنچە ئوخشاش تېگىدە ياتىدۇ. بۇ ئۈنچىنى دېڭىز تېگىدىن چىقارمىغۇنچە تاش بولسۇن، ئۈنچە بولسۇن ئوخشاشتۇر. قارا يەر ئاستىدىكى ئالتۇن بىر تاشتۇر، چىقىرىلسا پايدىلىق بولىدۇ. دۇنياغا ھاكىم بولۇش ئۈچۈن ئەقىللىق بولۇش لازىمدۇر. خەلقنى ياخشى ئىدارە قىلىش ئۈچۈنمۇ ئەقىل، تەمكىنلىك لازىم. ئىنسانلار پىتنە-پاسادى ئەقىل بىلەن يوقىلىدۇ، خەلقنىڭ تەرتىپسىزلىگى ئىلىم بىلەن بېسىلىدۇ. بۇ ئىككىسىمۇ كار قىلمىسا قىلىچنى قولغا ئال، ھاكىم، ئالىم، بەگلەر، ئىلىم تارقالمىغان يەردە قىلىچ بىلەن ئىش كوردىلەر. بۇ ئىككىسى بىرلەشسە ئىنسان مۇكەممەل بولۇر، كامىل ۋە مۇكەممەل ئىنسان دۇنيانىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ." مانا بۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق دەۋر

بىسىپ ئۆتكەن ئېغىر كۈلپەتلىك ھايات يولىدىن چىقارغان خۇلاسىسى بولسا كېرەك. 9 - بابىدا ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا چوڭقۇر خۇلاسە ئاڭلىنىدۇ. ئىنسان ئۆزىدە مەرتلىك، جاسارەتلىك، باتۇرلۇق خىسلەتلەرنى ئۆستۈرۈشنى ئۆتتۇرىغا قويىدۇ. 10 - بابىدا "بىلىم كۈچتۇر" دىگەن مەشھۇر پەيلاسوپىك پىكىر تېخىمۇ بىرقەدەم چوڭقۇلاشتۇرۇلۇپ شەرھىلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق خىتاپ بىلەن سوز باشلايدۇ:

مۇرادىم سوز ئىدى، ئەي ئالىم، ھاكىم، مەن ئىلىم ۋە ئىرپاندىن بەھىس ئېتىمەن. ئىرپان قاراڭغۇ كېچىدە بىر مەشئەلگە ئوخشايدۇ. ئىلىم نۇردۇر، سېنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىرپان يۈكسەلدۈرەر. ئىلىم بۈيۈكلىكتۇر. ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ، قاراپ نوشىرۋاننى كور. ئىلىم ۋە ئىرپان بىلەن دۇنيانى يورۇتتى. نىزام ۋە قانۇننى يورۇتتى. خەلقنى يۈكسەلدۈردى. ئۇنىڭ دۇنيادا ئادىل دەپ نامى قالدى، سەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بول. ماڭا ئالىملارنىڭ سوزى شۇنداق ئېيتىدۇكى: نوشىرۋان جەھەننەملىك ۋۇجۇدىنى جەھەننەمدىن ئۇزاقلاشتۇردى... ئىلىم ئىنساننى ئۇيۇشتۇرار. ئىلىم ئىرپان كىشەن (؟) كەبىدۇر. كەشەنلەنگەن ئات بەك يامانلىق قىلالماس، جاھىلغا ئوز ۋۇجۇدى ھەم دۈشمەندۇر. ئىلىم ئالىمنىڭ پۈتۈن كىيىم - كېچىكى ۋە مەئىشىتىدۇر. جاھىلغا ئۆزىنىڭ خۇي - پەيلى يامان يولداشتۇر........"

يۇقۇرقى پىكىرلەرنى ئەسەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى بىلەن باغلاپ قارىغاندا، تارىخى پاكىتلار ئارقىلىق خەلق پىكرىنى شاھقا ئايلانما يول بىلەن بىشارەت بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. 11 - بابتا ئاپتور كىتاپنىڭ ئىسمى، مەنىسى ۋە ئۆزىنىڭ ياشان-

قالىلغىنىنى شەرھىلەيدۇ. چوڭ ئەسەرلەردىكى كىرىش قىسمىنى
ئۇنداق تامامىلاش 11 - ئەسىردىن تا 19 - ئەسىرگىچە شەرق
مۇسۇلمان ئەدەبىياتىنىڭ ئادەتكە ئايلانغان تىرادىتسىيىلىك ئەن-
ئەنىسىدۇر. يۇقۇرقى قىسمىنى ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى نۇقتە-
سىدىن قارىغاندا كەڭ تۇس ئالغان ئېكسپازىتسىيە دەپ ئېيى-
تىش مۇمكىن. ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئەدىيىسى 12 - بابىدىن باش-
لاپ 69 - باپ ئارىلىغىدىكى سيۇژىت لىنىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.
تۇگۇنمۇ 12 - بابىدا ئاپتور تەرىپىدىن پادىشا كۈن تۇغدى ۋە
ۋەزىر ئاي تولدىلارغا بېرىلگەن خاراكتېرىسكىدىن باشلىنىدۇ.
69 - باپتا سيۇژىت راۋاجى كولمىناتسىيە نۇقتىسىغا كۆتىرىلىپ
كەمتەرلىك ۋە ئىسپەتلىكنىڭ سەۋولى بولغان ئودغۇرمىشنىڭ
ۋاپاتى بىلەن ئاياقلىشىدۇ. ئاخىرقى ئۈچ باپنى ئەسەرنىڭ خا-
تىمىسى دېيىش مۇمكىن. ئۇنىڭ قىسقىچە ھىكايىسى ۋە بابلار-
غا بولۇنۇشى مۇنداق:

1 - كۈن تۇغدىنىڭ ئادىل پادىشالىقتا داڭقى، ئۇنى ئاي
تولدى ئاڭلاپ ئىزلەپ كېلىشى، ئاخىرى ئۇنىڭ ۋەزىر بولۇشى
ئۇنىڭ دانا چۈشەنچىلىرىدىن پادىشانىڭ پايدىلىنىشى، ۋەزىرنىڭ
ئاغرىپ قېلىپ، ھاياتىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن كېيىن ئوغلى
ئۇگدۇلمىشنى ئۆز ئورنىغا شاھقا تونۇشتۇرۇشى. ۋەزىر ئاي تول-
دىنىڭ ئۆلىمى (12 - باپتىن 26 - بابقىچە).

2 - ئۇگدۇلمىشنىڭ ۋەزىر بولۇشى، ئاردىكى سوھبەت،
خاقانغا نەسىھەت. بۇ نەسىھەتلەر بويىچە ئىش قىلغان شاھنىڭ،
دولىتىنىڭ گۈللىنىشى، ئىدىيال بىر دولەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى،
ئۇنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرى...... بۇنىڭدىن خوشاللانغان ئىدىيال
شاھنىڭ ئوگدۇلمىشنىڭ ئىشنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە بىر

ياردەمچى تېپىشنى تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇشى (27 - باپتىن 40 - باپلارغىچە).

3 - خاقانىنىڭ يېڭى ۋەزىرى ئۆگدۈلمىش خاقانغا ئودغۇرمىشنى تونۇشتۇرۇشى، خاقانىنىڭ خېتىنى 3 قېتىم ئودغۇرمىشقا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان سوھبەتتە بىر - بىرسىگە ئوخشىمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىشلىرى (41 - باپتىن 58 - باپقىچە).

4 - ئودغۇرمىشنىڭ كېلىپ خاقان بىلەن كۆرۈشۈپ كېتىشى، ئۆگدۈلمىشنىڭ دۇنيا ئىشلىرىنى تاشلاش ھەۋىسىگە چۈشۈشى ۋە ئودغۇرمىش بىلەن نۇرغۇن ئىشلار ئۈستىدە سوھبەتلىشىپ، قارىمۇ - قارشى نەسىھەت قىلىشى، ئودغۇرمىشنىڭ نەسىھىتى بىلەن ئۆگدۈلمىش ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ قايتا ۋەزىرلىك ئىشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىشى، ئاخىرى ئودغۇرمىشنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ئۆلۈمى، خاقان ۋە ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ تەزىيىسى (59 - باپتىن 60 - باپقىچە). بۇ ۋەقەلەر ئۆزئارا مۇنازىرە ۋە سوھبەتلەر ئارقىلىق ئادالەت، دولەت، ئەقىل، كەمتەرلىك، پاكلىق سىمۋوللىرىنى ئىپادىلەيدىغان شەخسلەرگەۋدىلەندۈرۈلگەندىن سىرت، ئىدىيال دولەت، ئىدىيال شاھ ئوبرازلىرى يارىتىلىپ، ئۇلارنىڭ سىنىپىي سىياسەت ۋە دولەت قانۇنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن 3 تىزىس خىلمۇ - خىل يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئەمدى 70 - 73 - گىچە ئۈچ باپ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى سوزى ياكى خاتىمىسىدۇر. شائىر ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن 12 - بابنىڭ بېشىدىلا ئىدىيال شاھ، كۈن تۇغدى ئىلىككە مۇندادىق خاراكتېرىستىكا بېرىدۇ (ئوقۇغۇچىلارغا چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن شېئىرنىڭ تەرجىمىسىنىلا بېرىمىز):

نەچچە بەگ قىرىسىمۇ (بۇ) قىرىماس ئوزى.
تولا بەگلەر ئوتتى كىسەلىمەس سوزى.
بۇ بەگ ئىدى جاھاندا، بوكە، دانا باش (چى)!
بۇ بەك ئۇزۇن ياشىدى نۇرغۇن ياش،
بۇ كۇن تۇغدى ئىدى ئىتى بەلگىلىك،
جاھانغا يىيىلمش بەختى بەلگىلىك،
قىلار ئىشى خۇنلۇق ئىدى (ئادالەت) خۇلقى ئاددى،
دىلى چىن تازا ھەم كوزى، كوڭلى باي
ئۇقۇشلۇق، بىلىمچان، ھۇشيار بەگ ئىدى.
دۇشمەنگە جازا، ئىگىسىزگە ئات ئىدى،
يانار كورچىن ئاق كوڭۇل باتۇر ئىدى،
ئۇنى ھەركۇنى ئورلەتكەن خۇلقى ئىدى.
بۇ بەگ ئىدى بىلىمگە ئىشەنگەن.
ھاياتى، قىلار ئىشى شۇنداق بولغان،
سىياسەت قىلار ئىدى ھىممەت بىلەن،
بۇ ھىممەت ياراشقان سىياسەت بىلەن.
بۇنىڭغا تەگداش كەلدى شائىر سوزى،
ئۇقۇسا ئىچىلغاي ئۇقۇچى كوزى.
كىرەك ئەرگە ھىممەت، مۇرۇۋۋەت ئەرلىك!
ئۇنىڭدىن قاچىدۇ ھەر چاغ ياۋۇزلۇق!
كىشى قەدرى ئىككى: ھىممەت، مۇرۇۋۋەت.
بۇ، كۇن تۇغدى ھاكىم، بۇ خۇلۇق بىلەن
كۇن ۋە ئايدەك چاچار جاھانغا خوش نۇرىن!
بىلىمچان كىم بولسا، چاقىرتتى ئۇنى،
بىلىمچان كىم بولسا ئورلەتتى ئۇنى،

يىغلدى ئاڭا دانا جاھان باشچىلىرى،
ئوقۇشلۇق، بىلىملىك خەلق چىچەنلىرى،
ئۆزى ئەتتى، تۈزدى، كور خەلق ئىشىنى
تېخىمۇ تىلەر ئىدى، باشچى كىشىن (نى)
ئۇ ماڭا ھەردەم ئارتتۇرۇپ، زور خوشاللىق
كىشىلەر ئادا قىلسا ئۇ—بەختلىك
ئۆزىگە ياردەم يىغسا، ئىش باشلىسا،
ئۆزى دەم ئالسا، كوپ ئىشنى ئىشلىسە!
بىر كۈنى ئولتۇرۇپ ئۆزى ئويلاپ دىدى!
ئېغىر ئىش بۇ بەگلىك—ئىشى ھەم سوزى!
باش ئاغرىتار كوپ كورسەڭ ئۇنىڭ ئىشى،
ئورۇنداش ئالى تىلەك-بۇ كوپ ئىشنى.
قىلماسمەن ئۆزەم بۇ بارلىق ئەل ئىشنى،
بۇڭا ئەر كېرەكتۇر، بىلگۈچى ئىش بىشنى،
كېرەك بۇڭا ئەندى بىر باشچى كىشى
ئوقۇشلۇق، بىلىملىك كىشىلەر بىشى!
باغرى ساق، تازا، چىن-ئادىل، ھەقىقى
دىلى، كوڭلى تۈز بولسا، بىلسە بۇنى،
مېنىڭ ئىشلىرىمغا قولىنى بەرسە ئىدى.
ئىچىم بىلەن تېشىمنى كورۇپ بەرسە ئىدى،
نىمە دەر ئاڭلا، بۇ سىنغان كىشى
بېشىدىن ئىش ئوتكەن، پىشىپ يەتكۈسى
ياردەمچى كېرەك، ئەرگە ئادوچىلار
ئوقۇملۇق، بىلىملىك، بوكە ئەلچىلەر!
ياردەمچى كېرەك بارچە ئىشنى بىلەر

بىلىپ ئىشلىسە، ئەر تىلەككە يېتەر
ياردەمچى كوپ بولسا بەگ قىينالماس
ياردەمچى كېرەك بارلىق ئىشتا بىلگىن!
بۇ بەگلىك ئىشىڭغا بارلىق كۈچۈڭنى سالغىن!

يۇقۇرقى خاراكتېرىسكىدا شائىرنىڭ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىسى خېلىلا يۇكسەك چوققىغا كوتىرىلگەن. بۇ پارچىنى ئوقۇغىنىمىزدا كوز ئالدىمىزدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى شاھلارنىڭ ھەممىسىگە خاس ۋە ئورتاق بولغان فېودال، جاھىل، ئىستىبدات، زالىم ماناربخ شاھلىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن پۈتەنلەي خالى بولغان، كەمتەر، ئادىل، بىلىملىك، تەلەپچان، دولەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا تولۇق دېموكراتىيىنى خالايدىغان، ئۇنىڭغا ئىنتايىن مۇھتاج بولغان بىر ئالى پەزىلەتلىك زات كوز ئالدىمىزدا شەكىللىنىدۇ. شائىر ئىدىيال شاھ ئوبرازىنى كامالەتكە يەتكۇزۇش ئۇچۇن ئەسەردە سيوژىت لىنىيىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تولۇقلاپ قانات يايدۇرىدۇ، شائىر سيوژىتنىڭ لوگىك تەرەققىياتى ئۇچۇن مۇنداق تېپىك شارائىتنى يارىتىدۇ: شاھ كۈن توغدى ئىلىك: "بۇ سەلتەنەت مەسىلىسى ۋە ئىشلىرى ئۇلۇغ ئىشتۇر. مۇشەققەتى كوپتۇر. بۇ ئىشلارنى يولغا قويغان ۋە ئىدارە قىلغان ئەقىللىق زات قىممەتلىكتۇر، لېكىن مۇنداق ئادەملەر ئاز بولىدۇ. ماڭا ھەر قانداق ئىشنىڭ كوزىنى بىلىدىغان بىر ئادەم لازىم، دېدى. ئادەم ئىزلىدى، تاپالمىدى، پۈتۈن ئىشلارنى ئوز زىممىسىگە ئالدى. جەمىيەتنى ئىلىم - پەن ئاساسىدا باشقۇردى، كۈن توغدىنىڭ شوھرىتى جاھانغا يېيىلدى. دۇنيا خەلقلىرى بەللىرىگە سائادەت بەلۋېغىنى باغلىدى" دەپ

تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ پارچە ئەسەردە ئاي تولدى ۋەزىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىمكانىيەت ھازىرلايدۇ. ئەمدى ئاي تولدى كۈن تۇغدى شاھنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئىزلەپ كېلىپ ئۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، "كۇسمىش" دېگەن ئادەم ئارقىلىق شاھنىڭ ھاجىپىغا يولۇقۇپ، كۈن تۇغدى شاھ بىلەن كورۇشۇشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. شائىر ئاي تولدىغا مۇنداق پورترېت ۋە خاراكتېرىستىكا بېرىدۇ:

"قاموغ تورلوگ ئەردەم توگەل ئوگرەنىپ،
يورەر ئەردى ئەردەم ئەلىگكە ئالىپ."

(بۇ ياش يىگىت ئىدى، ئاڭلىق ۋە ئەقىللىق ئىدى. ئۇ قامەتلىك، كېلىشكەن بولۇپ تىلىدىن پايدىلىق سوزلەر ئاقاتتى.)

دولەت ئەربابى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان مۇنداق خىسلەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاي تولدى خاراكتېرىنى كوز ئالدىمىزدا تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ:

"كىم دولەت خىزمىتىگە كىرمەكچى بولسا، سوزنى قەتئى، كەسكىن سوزلىشى كېرەك. بۇنىڭغا ئىككى نەرسە لازىم، بىرى ساغلام بەدەن، بىرسى مەملىكەتتە يۈرۈۋاتقان ئالتۇن (مالىيە مۇتەخەسسىسى بولۇشى كېرەك دېمەكچى—ئاپتور) ئۇنىڭدىن كېيىن دولەت خىزمىتىنى بىلمەك لازىم. (سىياسىيون بولۇشى كېرەك دېمەكچى) بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاي تولدىدا بار ئىدى" دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

ئاي تولدى ئۆزىنىڭ پەم - پاراستى بىلەن شاھنى قايىل قىلىپ، ئۆز قەھرىمانىغا مۇنداق ئەقىل كۆرسىتىدۇ:

"تابوغ قىل، تابوغ بىرلە قۇل بەگ بولۇر،
تابوغ سىگمىگىنچە تىلەك كىم بولۇر؟"

(كىچىك ئادەم خىزمەت كۆرسىتىشى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈكسىلىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. خىزمەت قىل! خىزمەت بىلەن قۇل بەگ بولىدۇ. خىزمەت كۆرسەتمەي كىم تىلىگىگە يېتەلەيدۇ؟)

ئون بەش، ئون ئالتىنچى باپلار ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئېچىشقا كىرىشكەن ئەڭ مۇھىم باپلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدا شائىرنىڭ بەخت - سائادەت ۋە ئادالەت توغرىسىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرى، ئاي تولدى ۋەزىر بىلەن كۈن تۇغدى شاھ ئارىسىدىكى مۇنازىرىلىك دىئالوگ ۋە ھەركەتلىرى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن يۇقۇرقى ئىككى ئوبرازنىڭ خاراكتېرىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ ئېچىلىدۇ. ۋە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

"بىر كۈنى ھوكۇمدار ئۆز ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئاي تولدىنى چاقىردى. ئاي تولدى دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە كىردى. ھوكۇمدار "ئولتۇرۇڭ" دەپ ئىشارە قىلدى. ئاي تولدى ھوكۇمدارنىڭ قارشىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى. ھوكۇمدارغا جىق سوزلەرنى سوزلەپ بەردى. ھوكۇمدار خوش بولدى. بۇنى كورگەن ئاي تولدى كوزلىرىنى يۇمدى. ھوكۇمدار ھەيران بولدى ۋە سوزىنى توختاتتى. ئاي تولدىمۇ كوزلىرىنى ئاچتى. ھوكۇمدار سوز باشلىۋىدى، ئاي تولدى يۈزىنى بۇرىۋالدى. ھوكۇمدار بۇنىڭغا خا-

پا بولدى. ئاي تولدى بۇ ھەركەتلىرىنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلى-
دى،—مېنىڭ بۇ ھەركەتلىرىم دىدى ئۇ،—دولەتمەنلىكنىڭ تەم-
سىلى دولەت، دولەت بەزىدە كۆزىنى يۇمىدۇ. بەزىدە يۈزىنى
ئۆرۈيدۇ. بۇنىڭغا ئالدانماسلىق كېرەك. دولەت ئۇتكۈنچى بىر
نەرسىدۇر. ئىنتايىن يامان بىر نەرسىدۇر. ئەجەلگە ھوكۇم
قىلىش ياخشى ئەمەس.

— ھەكىم مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى ئايغا ئوخشاتتى. ماڭا ئاي
تولدى دەپ ئات قويدى. ئاي تۇغۇلغاندا كىچىك بولىدۇ.
كۈندىن-كۈنگە چوڭىيىپ يۈكسىلىدۇ. ئون بەش كۈنلۈك بولغان-
دا نۇرى دۇنيانى قاپلايدۇ. كېيىن كىچىكلەپ يوقىلىدۇ......

سەن ماڭا ئىشەنمە، تەلەيگە، سائادەتكە ئىشەنمە، تەلەي،
ئىقبال ئاقار سۇ، ئىز، روزغارغا ئوخشاش تۇرمايدۇ. دۇنيانى
ئايلىنىدۇ، تەلەيگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ئۇ ۋاپاسىزدۇر."

ئاي تولدىنىڭ بۇ ئىزاھلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پا-
دىشاھ:

ئىلمىگ ئايدى ئۇقتۇم ئاچىلدى سۆزۈڭ
يازۇق ئۇزىرى قۇتۇلدۇڭ، قۇتۇلدى ئۆزۈڭ.
ماڭا ئايغىل ئەمدى ئۇل ئەردى مىڭ،
بىدوك سوزلىدى سوز ئۇكتەم قىلمىڭ؟

(ئاڭلىدىم ئەمدى ئوچۇق سوزلىدىڭ، ئۆزرەڭنى قوبۇل
قىلىمەن، قۇتۇلدۇڭ، ماڭا سوزلىگەن ھۈنىرىڭ نىمە؟)

ئاي تولدى:

"ھۈنىرىم كوپ، ئىنسانلار ئۇزىگە تەككەن ھەمىمە پەيزىگە

مەن ئارقىلىق ئېرىشەر، يېشىم كىچىك كورۇنسىمۇ، ئەخلاقىم مەقبۇلدۇر. ھەممە بەگلەر ئۇلۇغلۇقتا مەندىن ئۆتۈپ بارىدۇ، يۈزۈم گۈزەل، ئەخلاقىم توغرىدۇر."

دېمەك شائىر ئاي تولدى سىمۋولىدىن دۆلەت، بەخت-سائادەتنىڭ، ھەرقانداق ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپ بارلىقىنىڭ ئىنـكاسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ نىسبىي، كونكرېت بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ نامايەن بولۇش دىيالېكتىكىسىنى ماتېرىيالىستىك ھالدا ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. ئەمدى 17 - 18 - باپلاردا شاھ ئۆزىنىڭ ئادالەتنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى، باراۋەرلىك، توغرىلىق جىنا-يەتكە جازا بېرىش ئېلېمېنتلىرىدىن قۇرۇلغان-ئادالەتلىك چۈشەنچە-سىنى ئىپادىلەپ، ۋەزىرنىڭ دۆلەت (ئىقبال، بەخت-سائادەت، بايلىق) ھەققىدىكى چۈشەنچىسىگە ھۆكۈمدارنىڭ ئادالەتلىك چۈ-شەنچىسىنى (باراۋەرلىك، ھەققانىيەت، توغرىلىق، مۇكاپات ۋە جازا) ئىپادىلەيدىغان سۆزلىرى بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ ۋە ئۇن توققۇزىنچى باپتا ھۆكۈمدار ئۆزىگە كۈن تۇغدى ئىسمىنىڭ نەدىن بېرىلگەنلىكى ھەققىدە ۋەزىرنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىش بىلەن بۇ قارشىلىقنى تاماملايدۇ. 20 - 21 - 22 - 23 - باپلاردىمۇ يۇقۇرقى ماۋزۇلار ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىدۇ. بۇ 7 باپنىڭ قىس-قىچە مەزمۇن تەپسىلاتى مۇنداق:

ئېلىگ بىر كۈن ئولتۇرۇپ ئۆزى يالڭۇزۇن،
ئەۋىن قىلدى خالى ئىرىقتى ئۆزۈن.
ئۇ قىلدى كور ئاي تولدى غا قىلدى يول،
ئاي تولدى كىردى، قاۋۇشتۇردى قول.

(بىر كۈنى ھۆكۈمدار يالغۇز ئولتۇراتتى، خانىسىغا ھېچكىمنى قوبۇل قىلمىدى. ئۆزى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى، ئاي تولدىنى

چاقىرتتى، كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. ئاي تولدى هوزۇرىغا كىردى، قوللىرىنى قوشتۇردى.)

هوكۇمدار ئورنىدىن تۇردى، پەقەت هىچنەرسە دىمەستىن يېردى. بىر ئازدىن كېيىن "ئولتۇر" دەپ كوزى بىلەن ئىشارەت قىلدى. ئاي تولدى ئاستا ئولتۇردى. كوزلىرىنى يەرگە تىكتى. كوز ئۇچى بىلەن هوكۇمدارغا قارىدى، هوكۇمدار قاشلىرىنى تۇردى. يۈزى سۇرلۇك ئىدى. هوكۇمدار بىر كۇمۇش كۇرسىدا ئولتۇرغان ئىدى، بۇ كۇرس ئۇچ پۇتلۇق ئىدى. هوكۇمدارنىڭ قولىدا بىر پىچاق، سول تەرىپىدە هاراق ۋە ئوڭ تەرىپىدە شىكەر بار ئىدى. بۇنى كورگەن ئاي تولدى بەك قورقتى، دىمى سىقىلغاندەك بولدى.

بىر ئانچە تۇرۇپ باش كوتەردى ئىلىگ،
بۇ ئاي تولدى نى ئايدى نەپرەت ئىلىگ.
تىلۇگ سوزلىمەس، سەن ئاغىز تەگ بولۇپ،
مېنى مۇندا يالگۇز بو ياگلىغ بولۇپ.

(بىر پەستىن كېيىن هوكۇمدار بېشىنى كوتىرىپ: سوزلىگىن! تىلسىزدەك نىمىشقا تۇرىسەن؟ — دىدى.)

ئاي تولدى نىمىشقا سوزلىمەسلىگىنى مۇنداق ئىزاهلىدى:

قالى بولسا بەگلەر بوشۇپ ئۇۋ كېلىخ،
يېقىن تۇو مائاندا (يى) قىلغى سىلىخ.
بوشار بولسا بەگلە، كېلىپ ئۇۋكېسى،
يىراق تۇرغىن ئاندا تىكورگەي ياسى.

(بەك خاپا كوردۇم، بەگلەرنىڭ خاپا ۋاقتىدا يېقىن بولۇنماق توغرا ئەمەستۇر، دىيىشكەن ئىدى دىدى).

بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغان كۇن توغدى كۇلۇمسىرەپ، ئاي تولدىنى خاتىرجەم قىلدى. ۋەزىر ناهايىتى چوڭقۇر هاياجان ئە-

چىدە تۇراتتى، ھوكۇمدار بۇ ھالنى سەزدى ۋە ھاياجانلانغانلىغى-
نىڭ سەۋىبىنى سورىدى. ۋەزىرمۇ ھوكۇمدارنىڭ ئۇچ پۇتلۇق بۇ
كۇمۇش كۇرس ئۇستىدە ئولتۇرغانلىغىغا، قولىدا پىچاق، بىر
يېنىدا ھاراق، بىر يېنىدا شىكەر تۇرغانلىغىغا ھەيران بولۇپ،
بۇلارنى چۇشىنەلمىگەنلىگىنى سوزلىدى. كۇن تۇغدى ئوتكەن كۇ-
نى ئاي تولدىنىڭ ئوزىنىڭ نىمىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىگىنى
چۇشەندۇرمەكچى ئىكەنلىگىنى ئىزاھلاپ ئوتوپ، ئوز سىمۋولىنىڭ
ۋاستىلىرىنى مۇنداق چۇشەندۇردى:
"ئۇچ ئاياقلىق كۇرسىدا ئولتۇرۇشۇمنىڭ سەۋىۋى شۇكى،
ئۇچ ئاياغلىق نەرسە دائىم ئۇچ ئايىغى تەڭ بولغان ھالدا
مەزمۇت ئورە تۇرالايدۇ. ئەگەر بىرسى ئەگرى، بىرسى قىسقا بولسا
ھەرگىزمۇ ئورە تۇرالمايدۇ. تۆت ئاياغلىق بولسا، بىر ئايىغى
ئەگرى بولسا، ئوخشاشلا يەنە ھەم مەزمۇت ئورە تۇرالمايدۇ. شۇڭا
تەڭ پۇتلۇق كۇمۇش كۇرس توغرىلىقنىڭ ئىشارىسى. بۇ چوڭ
پىچاق ئوتكۇر، دەۋانى كېسىمەن.
شىكەرنىڭ مەنىسى شۇكى، زۇلۇم كورگۇچىلەر دەرۋازامدىن
ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەمدى ھاراققا كەلسەك
ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى: زالىم مەندىن ھوكۇم ئالسا قاپاقلىرىنى
تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئاچچىغىمنى كورسىتىمەن. مەيلى ئوغلۇم، مەيلى
يېقىن ۋە يىراق قېرىنداشلىرىم، مەيلى سەيياھ، مەيلى مۇساپىر
بولسۇن ھەممىسىنى تەڭ كورىمەن. پادىشانىڭ ئاساسى توغرىد-
لىقتۇر......"
"ئەي سائادەتما ئاب("ئىلىگ قوت") پادىشاھنىڭ ئىتى نىمە
ئۇچۇن كۇن تۇغدى بولدى؟"
پادىشاھ: "ئالىملار مېنىڭ ئەخلاقىمنى ياخشى كوردى. كۇن-

گە ئوخشىتىپ بۇ ئىسىمنى بەردى. كۈننىڭ نۇرى تۈگمەس ھەم يۈكسەكتۇر. مەنمۇ بۇنىڭغا ئوخشايمەن..." دېدى.

ئاي تولدى: "سېنىڭ بۇ پەزىلىتىڭنى ئاڭلاپ ئۇزاق يولدىن كەلدىم. سۆزلە ماڭا، نېمە قىلاي دېدى. كۈن تۇغدى ۋەزىرگە ياخشىلىق ۋە ئادالەتنىڭ كېرەكلىكىنى ۋە بولارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى خەلق ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپ، ۋەزىرگە مۇنداق كونكرېتنى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ: ئەخلاقى ئاچكوز (ھېرىس) ئۆزى يىرگىنىشلىك، يارىتىلىشىدا ئاچچىقى يامان، ئۇيالماس، خاپىغان، قىزىققان، ئاددى، مەس ۋە قۇۋ ئادەملەر پادىشاھ خىزمىتىگە يارىمايدۇ".

ئۇلۇغ شائىر يۇقۇرقى دىراماتىك ھېسسىياتقا تولغان دىيالوگلار ئارقىلىق كوز ئالدىمىزدا تەمكىن، سورلۇك، ئەمما ئادەمنى قايىل قىلىدىغان ئادىل ھوكۇمدارنىڭ جانلىق ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ سىيۇژىتى ھايات رىياللىقىغا ئاساسلانغان ھالدا مەركىزىي ئىدىيەنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى بەدىي سىيۇژىتنى مەركىزىي ئىدىيىگە خىزمەت قىلدۇرۇشتا يالغۇز ئىپادىلەشنىلا ۋاستە قىلىشنى ئويلىماي، بەلكى بۇ ۋەقەلىكنى — سىيۇژىتنى قانداق شەكىلدە قۇرسا مەركىزىي ئىدىيە ئەڭ ياخشى گەۋدىلىنىدىغانلىقى ۋە كىتابخانلارنى ئەڭ ياخشى جەلپ قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ئويلايدۇ. بۇ بەدىي ئەدىبىياتنىڭ ماھارەت مەسىلىسى دائىرىسىگە كىرىدۇ. سىيۇژىت ئادەتتىكى ھايات تەرتىۋىگە (كىشىنىڭ كۈندىلىك ھايات تەرتىۋى) چۈشۈپ قالسا، ئۇ چاغدا مۇنداق ئەسەر مەزمۇنىنىڭ قانچىلىك ياخشى بولۇشىدىن قەتئى نەزەر كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. ئەسەردىكى سىيۇژىت ئەڭ ياخشى دولقۇنسىمان قۇرۇلۇشى

كېرەك. بۇمۇ ئوخشاشلا ھايات تەرەققىيات قانۇنىغا بويسۇنىدۇ. ھايات ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ساندىن سۈپەتكە ئۆتۈشتىكى سەكرەش، ئىنكارنى ئىنكار قىلىش قانۇنىيەتلىرى ئەنە شۇ ئوبيېكتىپ بارلىقنىڭ ئىنكاسىدۇر. بۇ قانۇنىيەتنى تەپەككۇر قانۇنىيىتىگە (پائالىيىتىگە) تەتبىق قىلساق، ھېسسىي تونۇشتىن ئەقلىي تونۇشقا ئۆتۈشتىكى سەكرەش فورمۇلىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلۇغ شائىر ئۆز ئەسىرىنىڭ سيۇژىتىنى قۇرۇشتا ئەنە شۇ ئىجتىمائىي ھايات قانۇنىيىتىگە دىققەت قىلغان.

بىرىنچى باپتىن تا يىگىرمە تۆتىنچى باپقىچە تۈز سىدىرىق بويىلاپ تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتقان سيۇژىت لىنىيىسى ئەمدى بىر سەكرەش قىلىپ دولقۇن ھاسىل قىلىدۇ. 25 - باپتا بىز ئاي تولدى ۋەزىرىنىڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقى بىلەن ئۇچرىشىمىز. 25 - 26 - 27 - باپلاردا ۋەزىر ئاي تولدىنىڭ كېسەللىك ھالىتى، ئۇنى ئۆز زامانىسىدىكى داۋالاش ئۇسۇللىرى، ئاي تولدىنىڭ پادىشا ۋە ئوغلىغا نەسىھەتلىرى، ئۆلۈمگە قارشى، ئەۋلات تەربىيىسىگە دائىر قاراشلىرى ۋە تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئېتنوگىراپىيىسىگە دائىر بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 27 - باپنىڭ ئاخىرىسى دانا ۋەزىر ئاي تولدىنىڭ كىشى قەلبىدە ئېچىنىشلىق قايغۇ - ھەسرەت تۇغدۇرىدىغان، ئەمما قۇتقۇزۇشقا بولمايدىغان ھايات قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تاماملىنىدۇ. بۇ باپلاردا پۈتۈن ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان ئىككى پىكىر گەۋدىلىك ئالغا سۈرۈلىدۇ. بۇلار دانا ۋەزىر ئاي تولدىنىڭ ۋەسىيەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بىرسى ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەت ئىكەنلىكى ماتېرىيالىستىك ھالدا ھەل قىلىنىدۇ.

ئاي تولدى جان ئۆزۈش ئالدىدا ئەسەردە دانالىق، ئەقىلنىڭ سىمۋولى بولغان ئۆگدۈلمىشنىڭ ھايات توغرىسىدىكى سوئالىغا:

ئۆلۈمگە ئاسىغ قىلماس ئالتۇن كۈمۈش،
ئۆلۈمگ تىرماس بىلىمگ يا ئوقۇش.
ئۆلۈمگ تىدار ئەرسە دۇنيا نەڭى،
بوگۈلەر كەبىلىگى ئىلىك تۇتمادى،
ھەكىملەرگە ھىكمەت ئاسىغ قىلمادى،
بوگولەركى بىلىگى ئىلىكى تۇتمادى.
ئۆلۈمگە ئاسىغ قىلمادى ئەرسە ئوت ئەم
ئوتاچى تورۇق لىگاي ئەردى ئولام،
ئۆلۈم يۈز قىلۇر ئەددى ئەرسە كورۈپ،
ئاخىرى ساۋچى بار قالغاي ئىردى كورۈپ.

(ئۆلۈمگە چارە يوق. ئالتۇن، كۈمۈش، بىلىم ۋەھاكازالار ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى توسىيالمايدۇ. ئەگەر دۇنيا مېلى ئۆلۈمگە توسقۇنلۇق قىلالىسىدى، بەگلەرنىڭ بېگى ئۆلمەس ئىدى. ھەكىملەرگە ھىكمەتلەر، ئالىملارغا ئىلىملىرى پايدا بەرمەي، چارىلەر ئۆلۈمنى توسالىسىدى، تېۋىپلار ھاياتنى ئەبەدى قىلغان بولاتتى، پەيغەمبەرلەر مەڭگۈ ئۆلمەس ئىدى) دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇنى شائىرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تىولوگىيەسىنىڭ ھايات - ئۆلۈم توغرىسىدىكى تەلىماتىغا قارشى ئېلان قىلغان جەڭنامىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئىككىنچىدىن ئىجتىمائى جەمئىيەتتە: "ئادالەتلىك" ھەممىدىن يۇقۇرى تۇرۇشى كېرەك دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ.

ئاي تولدىنىڭ ئوغلىغا نەسىھىتىدە: "ئوغلۇم، بۇ دۇنيادىن كېتىۋاتىمەن. ئورنۇمنى، بارىمنى ساڭا قالدۇرىمەن. كۆزۈمنىڭ نۇرى سەن ئىدىڭ، مەن كېتىۋاتىمەن، سەن ئېسەن قال"، "كورەر

كۆزىنىڭ نۇرى ئوغۇل ۋە قىزدۇر": "توغرىلىق ئەڭ بۈيۈك پەزى-
لەتتۇر. بارلىق ئۇلۇغلۇق، ئىككى دۇنيادا سائادەت ھەممىسى
توغرىلىق، ئادالەتلىكتىن كېلىدۇ." دەيدۇ. بۇ يەردىمۇ ئەخلاق
كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان يۇقۇرقى چۈشەنچىلەرنىڭ دىئالېكتىك
مۇناسىۋىتى توغرا ھەل قىلىنغان. بۇ يەردە "ئىككى دۇنيا"
دېگەن سۆز بار. لېكىن يۇقۇرقى چۈشەنچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى
تەھلىل قىلساق، ئۇلارنىڭ دىئالېكتىكا مۇناسىۋىتى ماتېرىيالىس-
تىك ھالدا ھەل قىلىنىدۇ. "ئىككى دۇنيا" مەسىلىسى ئۆز-
ئۆزىدىنلا قۇرۇق "شەكىل" — پورمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.
شائىر ئۆز ئەسىرىدە شاھنى ئولتۇرمەي ۋەزىرنى ئولتۇردى. بۇ
ھەم قانۇنى ھالدا ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن باغلىق
مەسىلىدۇر. ئەگەر بىز كۆتكەن بەدىي ئەسەرنى ئوقۇۋاتقان
كىتاپخان بىلەن يازغۇچىنى سېلىشتۇرساق، كىتاپخان ھادىسىدىن
ماھىيەتكە، يازغۇچى ماھىيەتتىن ھادىسىگە قاراپ ماڭغانلىقىنى
كۆرىمىز. يەنى كىتاپخان كىتاپنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن
خۇلاسە چىقىرىدۇ. يازغۇچى بولسا ھاياتنى ئۆگىنىپ ئۆز
خۇلاسىسىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى قايتا
ھايات شەكلىگە (سيۇژېتلار ئارقىلىق) ئايلاندۇرۇپ، خۇددى
خۇلاسە چىقىدىغان قىلىپ بەدىي ھايات يارىتىدۇ. شۇڭا ياز-
غۇچى ئەسەرنى يېزىشنىڭ ئالدىدا ھەر بىر قەھرىماننىڭ ۋەزىپە-
سىنى (ئۇنىڭ بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئىدىيىنى) بەلگىلىۋالغان
بولىدۇ. ئەسەردىكى قەھرىمانلار ئۆزى خالىغان ھالدا ھەرىكەت
قىلمايدۇ. ئۇ يازغۇچىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنىڭ قوماندانلىقى
بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەن
قەھرىماننىڭ نېمە قىلغانلىقىنى ئەمەس، قانداق قىلىدىغانلىقىنى

يېزىش كېرەك دېگەن مەشھۇر تېزىسىنىڭ ماھىيىتىدۇر. ئەسەردە شاھ ئولەي ۋەزىرنىڭ ئولۇش سەۋەۋى ئەنە شۇ مەسىلىلەر تۇپەيلىدىندۇر. چۈنكى ئاي تولدى "دولەت، بەخت - سائادەت" نىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇ، ئۇزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئوتەپ بولدى. شاھچۇ؟ تېخى ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تۈگىمىگىنى يوق. يۇقۇرىدا ئادىل شاھ ئوبرازى بىر قەدەر گەۋدىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما تېخى ئۇنىڭ ئىدىيال دولىتىنىڭ ئىپادىلىرى كورۇنمىدى، ئۇ بۇ ۋەزىپىنى بېجىرىش ئۇچۇن ئەلۋەتتە ھايات قىلىشى كېرەك - تە! ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئەمدى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولغان "ئەقىل ۋە دانالىق"نىڭ سىمۋولى بولغان ئۇگدۇلمىش بىلەن سوھبەت، ھەركەتلەردە ئورۇنلاشقا باشلايدۇ. ئەسەرنىڭ سيۇژەت لىنىيىسى يۇقۇرقى ئىككى شەخسنىڭ سوز - ھەركەتلىرىنى بويلاپ تەرەققى قىلىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى ئەسەردە 28 - باپتىن 40 - بابقىچە بولغان ۋەقەلەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.

شاھ كۈن تۇغدى ئىلىك بىلەن يېڭى ۋەزىر ئۇگدۇلمىشنىڭ سوھبىتىدە ئىدىيال دولەتنىڭ ئىچكى سىياسى، ئىقتىسادى، ھەربى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ دولەت ئەرباپلىرىنىڭ ئۇلۇغ خىسلەتلىرى گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئاساسەن توۋەندىكى 14 مەسىلە ئۇستىدە مۇنازىرىلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ۋەزىر ئۇگدۇلمىش خىلمۇ - خىل يوللار بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ:

1. ئىنسانغا پايدىسى بولمىغان ۋە بولغان نەرسىلەر قايسى؟
2. ئىنسان تۇغما بىلىملىكمۇ ياكى كېيىن ئالىم بولغانمۇ؟
3. تابۇغچى (مەمۇر) قانداق بولۇشى كېرەك؟
4. بەگ (ھوكۇمدار) قانداق بولۇشى كېرەك؟

5. ۋەزىر قانداق بولۇشى كېرەك؟

6. سۈباشى (ئارمىيە قوماندانى) قانداق بولۇشى لازىم؟

7. ئۇلۇغ ھاجىپ (سارايىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئەمەلدارى) قانداق بولۇشى كېرەك؟

8. قوۋۇق باشى قانداق بولۇشى كېرەك؟

9. يالۋاپىچ (ئەلچى) قانداق بولۇشى كېرەك؟

10. بىتىكچى (سەركاتىپ) قانداق بولۇشى كېرەك؟

11. ئاغىچى (غەزىنىدار) قانداق بولۇشى كېرەك؟

12. ئاشچى باش (ئاشپەز) قانداق بولۇشى كېرەك؟

13- ئامبارچى باشى قانداق بولۇشى كېرەك؟

14. تابوغچىلار (قوغدىغۇچىلار) نىڭ ھوكۇمدارنى قوغداش ۋەزىپىلىرى نىمە بولۇشى كېرەك؟

ئەقىللىق دانا ۋەزىر ئوگدۇلمىشنىڭ جاۋاپلىرى:

1. ئىنسانغا ئىككى دۇنيادا پايدىلىق نەرسىلەر: ياخشى ئەمەل، ھايا، ئادالەتلىكتۇر.

زەرەرلىك نەرسىلەر:

غىيۋەتچىلىك، يالغانچىلىق، خەسىسلىكتۇر.

2. ئىنسان ئانىدىن بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلمىغاندۇر. كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ بىلىمگە ئىگە بولىدۇ.

3. تابۇغچى، بەگنىڭ قىلماقچى بولغان خىزمىتىنى قىلىدىغان، بىگى ئۈچۈن ھەرقانداق يۈكنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ھەرقانداق زەخمەتكە، ھەرقانداق باش ئاغرىقىغا سەبرى قىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك، بىگىنىڭ ئىستەكلىرىگە يول ئېچىپ بېرىش، قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش لازىم. بىر بەگ مانا شۇنداق بىر تابۇغچى تاپسا بۇ تەڭ-

رىنىڭ اوتىپىدۇر.

4. بەگ بولۇش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋال، تىز پۈكمەس، ئالىپ (قەھرىمان)، جەسۇر يۈرەكلىك بولۇشى لازىم... بەگ بىلىملىك ۋە دائىما ھۇشيار بولۇشى لازىم. ئىنسانلار ئەسلىدە ھەممىسى ئوخشاشتۇر. پەقەت ئىلىم-بىلىم بىلەن ئەر-ئەردىن يۈكسەك ۋە بۈيۈك بولۇر........

"خەلقنىڭ بېگى ئۆزىنى ئوبدان كۆرسىتىشى، تىلى، كۆڭلى توغرا ۋە ئادىل، ئەخلاقى يۈكسەلگەن بولىشى لازىم. ئاڭلىق ۋە قابىل مىللەت خەلق ئىچىدە ئابرويلۇق، مەرت، كۆزى توق، كۆڭلى توق بولىشى زورۇر. ھەر خىل ياخشىلىق قولدىن كەل-سۇن، ھايا ئىگىسى، پاكىز ۋە ئەمەللىرى تەبىئىتىگە ئۇيغۇن ئىسىل بولىشى كېرەك."

5. ۋەزىر پادىشاھنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. دۆلەت-نىڭ ئاساسىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ۋەزىر كۆپ ئوقىغان بىلىم ئىگىسى، بەك جىددى، ئادىل بولىشى كېرەك.

6. سۇ باشى، دۈشمەننى كۆرۈپ چۈچۈپ كەتمەيدىغان، تىز پۈكمەيدىغان، بېشىدىن قەھرىمانلىق سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆت-كۈزگەن جەسۇر ئىنسان باش قوماندان بولالايدۇ. قومان-دان بەك ھۇشيار بولۇشى، دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇ-مىغا ئۇچراپ قالماسلىقى لازىم. بولۇپمۇ ئەسكەرلەرگە مۇلايىم بولۇشى كېرەك. ئۆزىگە پەقەت بىر ئات، كىيىم ۋە قورال قالدۇرۇشى لازىم. "ئوغلۇم، قىزىم، خوتۇنۇم" دەپ مال توپلىماسلىقى، "يېرىم، سۇيۇم، بېغىم" دەپ كۈمۈش توپلىماسلىقى لازىم. جەسۇر، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك ۋە بولار بىلەن باراۋەر مەرھەمەتلىك بولۇشى كېرەك. يۈرەكسىز ئادەملەر

ئارمىيىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىدۇ. ئارمىيە بۇزۇلسا ئەر - ئەرنى يوق قىلىدۇ. قورقۇنچاقلارنىڭ ئارمىيە ئۈچۈن لازىملىغى يوقتۇر. بۇلار خوتۇنلارنىڭ ئىشىدۇر (بۇنداق ئادەملەر خوتۇنلار بىلەن قىلىشى كېرەك).

كىشى ئۆربىبىز ئۆلمەس ئانادىن توغۇپ،
نىلوك قورقۇپ ئۆزۈك ياغنى توروپ.

(ئىنسان ئانىدىن تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەجەلسىز ئۆلمەس، بۇنداق بولغاندىن كېيىن نىمە دەپ دۈشمەندىن قورقسەن)

قوماندان ئۆزى جەسۇر بولسۇنكى، ئەسكەرلەر ئۇنىڭدىن جاسارەت ئالسۇن! قوماندان جەسۇر بولسا، پۈتۈن ئارمىيە جەسۇر بولىدۇ. ئىتلارغا ئارسلان رەھبەر بولسا، بۇنىڭغا تابە بولغان پۈتۈن ئىتلارمۇ ئارسلان بولىدۇ، ئارسلانغا ئىت رەھبەر بولسا، ئارسلانلارمۇ ئىتقا ئوخشاپ قالىدۇ.

مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئارمىيە لازىمدۇر. "ئارمىيە ئۈچۈن مال ۋە بايلىق كېرەك". قوماندان ئىچكىلىك بىلەن شۇغۇللانماسلىغى كېرەك. شاراپ ۋە ئويۇن گۇمرانلىق ئىشىگىدۇر. ئارمىيىدە سىياسەتنى (شىددەت بىلەن) تەتبىق ئېتىش كېرەك. يامانلارغا قارشى شىددەتلىك، ياشلارغا بولسا دايىما ھور-مەت (تەربىيە) كېرەكتۇر. ھەممىشە ھوشيار ۋە دۈشمەن تەرەپتىن خەۋەردار بولۇش لازىمدۇر.

باش قوماندان ئۈچۈن 4 پەزىلەت كېرەك. توغرا سوزلۇك، جۈرئەتلىك، جاسارەت ۋە ھىلە (تاكتىكا)نى بىلىش كېرەك، تەجرىبىلىك قوماندانلار "كوپ ئەسكەر ئىستىمەس، ئاز،

لېكىن يارامىلىق ئەرلەرنى ئىستەر، پەقەت قورالنى كوپ ئىستەر".

جەسۇرلۇق بولۇشى كېرەك، دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا، بەر-داشلىق بېرىش لازىم، ئۇلۇسنى ئۇنتۇغان دۈشمەننى يېڭىدۇ، ئۇرۇش لاپ بىلەن ئەمەس، قىلىچ بىلەن بولىدۇ ...... ھەي ھوكۇمدار مەملىكەت ئۇچۇن ئوڭ قولدا قىلىچ، سول قولدا نىمەت، ئاغزىدا تاتلىق سوز ..............

7. ئۇلۇغ ھاجىپ ھەقىقەتلىك، چىن ئىنسان بولۇشى كېرەك ... ئەخلاقى، خۇيى ياخشى، كوزى توق، ھايا ئىگىسى بولۇشى لازىم. قابىلىيەتلىك ھەر ئىشتا ھوشيار، يۈزى سۆيۈملۈك بولۇشى كېرەك. تاۋازۇلۇق ساكىن، يوقسۇللارغا ۋە يېتىملەرگە مەرھەمەتلىك بولۇشى شەرت. گۈزەل سەنئەتلەرنى بىلىشى، ھۆسنى خەت يېزىشنى بىلىش لازىم. ھاجىپلىق ئۇچۇن مۇنداق ئارتۇقچىلىقلار كېرەك: ئىككى سوز، دىققەتلىك قۇلاق، كوڭلى كەڭ، قابىلىيەتلىك گۈزەل يۈز، كېلىشكەن بوي. ھاجىپلىق بەك ئۇلۇغ ئىش. بۇنى پەقەت تاللىنىپ چىققان ئادەم بېجىرەلەيدۇ. ھاجىپلىق قىلغان كىشى غەزىنىدار (مالىيە ئىشلىرى) بىتىكچى، ئەلچىلىك ئىشلىرىنى ياخشى بىلىشى، تۇل، تايانچىسىز، يىتىم، پىقىرلارنىڭ تىلەكلىرىنى ئاڭلاپ ھۆكۇمدارغا مەلۇم قىلىشى، ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلاردىكى ئۇيغۇنسىزلىقلارنى تازىلىشى كېرەك.

8. قوۋۇق بېشى بەك مەرھەمەتلىك، ۋۇجۇدى چىنلىق بىلەن تولغان خىزمەتچى بولۇشى كېرەك. ساراي قوۋۇقى ئىككى نەرسە بىلەن گۈزەلدۇر. ياخشى، ئۇلۇغ ھاجىپ ۋە ۋەزى-

پمسىنى بىلىدىغان قۇۋۇق بېشى، بىلەن ..... ساراي قۇۋۇغى مۇشۇ ئىككى كىشى بىلەن تەرتىپكە سېلىنىدۇ. بۇ ئىككىسى بىلەن شوھرەت قازىنىدۇ.

قۇۋۇق باشلىقىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ بىرسىۇ ئىشقا يارىمايدىغانلاردىن سىلىغلىق بىلەن نىمە بولغانلىقىنى، قانداق بولغانلىقىنى سوراشتۇر.

ئاغرىپ قالغان بولسا، ئۇنى مەلۇم قىلىش، ئەگەر يامانلىقتىن بولسا مۇنداق ئىشنى توسۇش كېرەك. قۇۋۇق باشى سىر ساقلاشنى بىلىش كېرەك.

9. يالۋاپىچ (ئەلچى) بولۇش ئۈچۈن چوڭقۇر بىلىم كېرەك. ئەلچى ئىنسانلار ئارىسىدا ماھارەت بىلەن ئۆزىنى كورسەتكەن ئالىم ۋە ياخشى ئادەم بولۇشى كېرەك. ھەر تۈرلۈك ئىش ئەلچى ۋاستىسى بىلەن بەجىرىلىدۇ. ئەلچى چېچەن ۋە قابىلىيەتكە تولغان بولۇشى كېرەك. سوزنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى چۈشىنىش لازىم. ئەلچى تۈرلۈك تىل، يېزىقلارنى بىلىشى كېرەك... ئوقۇش، يېزىش بىلەن ئەر ئالىم بولىدۇ، ئەلچى كىتاپ ئوقۇشنى، شېئىرنى ھايا جانلىق ئوقۇشنى نوجۇم (ئاسترونومىيە) ھساپ ھەندىسە ئىلىملىرىنى، مەيدان ئولچەش ئۇسۇللىرىنى بىلىش لازىم. شۇنىڭدەك قەغەز ئويۇنى، شاخمەت، جوكىن، (ئاتلىق ئوينايدىغان توپ ئويۇنى) ئوق ئېتىش، ئوۋچىلىق ھۈنەرلىرىنىمۇ بىلىش كېرەك. سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلار مەخسىدىگە يېرىشەلەيدۇ.

ئەلچى ناچار بولسا، بەگلەرنىڭ يۈزىنى يەرگە

تارتىپ ئابرويىنى توكىدۇ. ئەلچى سۆزلەشنى بىلگەندەك ساقلاشنى بىلىشى كېرەك. ئەلچى ھاراق ئىچمەسلىك كېرەك. ئىچكىلىك ئەقىل ۋە قابىلىيەتنىڭ دۈشمىنى... نەچچە، نەچچە ئەقىللىق كىشىلەر ئىچكىلىك بىلەن ئىشلارنى بۇزدى...... ھاراق ئىچكەننىڭ ئېتى ئاخماق ۋە چۈشكۈنلۈكتۇر.

10. بىتىكچى (سەركاتىپ) بولۇش ئۈچۈن ئىلىمگە مۇكەممەل بولۇش لازىم. كاتىپ ھۆكۈمدارنىڭ دىگەنلىرىنى ئەينەن يېزىشى، ھۆكۈمدار ئىچكى سىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كاتىپقا ئېيتىشى كېرەك. پەقەت كاتىپ بولارنىڭ سىرلىرىنى ساقلىشى زۆرۈر. ھۆكۈمدار ئىچكى سۆزلىرىنى پەقەت ئىككىلا كىشىگە ئېيتالايدۇ. بىرىنچىسى ۋەزىر، ئىككىنچىسى كاتىپ. ۋەزىر ھەم كاتىپ ھۆكۈمدارنىڭ سىرىنى ساقلىشى لازىم. ساقلىيالمايدىكەن ئۆزلىرى يوقىلىدۇ.

11. ئاغىچى (غەزىنىدار) توغرا، ئادالەتلىك بولۇشى كېرەك. ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ مېھرى بەك ئىسسىق نەرسە، جاننىڭ ئىلاھىدۇر. ئاڭلا! دۇنيا كېزىپ مال ئىگىسى بولغان سودىگەرلەر باشلىقى نىمە دەۋاتىدۇ؟

"جان بەك تاتلىق نەرسىدۇر، ئالتۇن، كۈمۈش بولسا جاندىنمۇ تاتلىق نەرسىدۇر. قىمىرلىمايدىغان نەپسىڭنى قىمىرلىتىدۇ. ئېگىلمەس كىشىنى ئېگىلدۈرىدۇ. كۈمۈشنى كۆرۈپ كۆڭۈل قويمىغان ئىنسان ئوغلىنى پەرىشتە دىسە بولىدۇ.

ئالتۇننى كۆرگەن ئەر يۇمشاق، قاتتىق سۆزلۈكلەرنىڭ سۆزى مۇلايىملىشىپ كېتىدۇ. غەزىنىدار كۆزى توق، تەڭرىدىن قورقىدىغان كىشى بولۇشى كېرەك. ئۇ ئىچىمكلىك ئىچمەسلىك لازىم. غەزىنىدار پىششىق ھەتتا خەسىس بولۇشى كېرەك. خا-

تېرىسى كۆچلۈك، ئوقۇش، يېزىش ۋە ھېساپ ئىشلىرىغا ئۇستا بولۇشى لازىم. دەپتەر ياخشى تۇتۇلۇشى كېرەك، يېلى، ئېيى، كۈنى ئوچۇق بولسۇن. مەرھەمەتلىك ئىنساننىڭ گېپىنى ئاڭلا! "خاتىرە كۆچۈڭگە ئىشەنمە، دەپتەرگە ياز" ھېساپنى ياخشى بېلىشلا ئەمەس، ھەندىسە ھېساپلىرىنىمۇ ياخشى بىلىشى كېرەك: ھەندىسە بەك ئىنچىكە ھېساپتۇر. ئۇنىڭ بىلەن يەر، ئاسمان ھېساپلىرىنى چىقارغىلى بولىدۇ. ھەندىسە بىلمىگەن ئادەم يىل ۋە ئاي ساننى بىلمەيدۇ.

ئاتلىق ئىدى كەر ئانى قويماغو،

كىشى مالى بىلەن ئاقى بولماغو.

(مەرتلىك ياخشى ئىش، ئەمما باشقىلارنىڭ مېلى بىلەن

مەرتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.)

غەزىنىدار، تىجارەتچىلىك قىلمىشنى بىلىشى كېرەك...... ئۇ، مۇلايىم، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. ئەنە شۇ يۇقۇرقى پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان ئادەم غەزنىدار بولىدۇ.

12. ئاشپەز—ھوكۈمدار ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان ۋەزىپەشۇناس، مەرھەمەتلىك ئادەم بولۇشى كېرەك. چۈنكى ھوكۈمدارغا پالاكەت بوغۇزدىن كېلىدۇ. ئۇ كېيىن ئاشپەزدىن پاكىزلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

13. ئامبارچى باشى — تەجرىبىدىن ئۆتكەن، كۆڭلى كۆزى توق، يولى توغرا، توغرىلىقى ئوققا ئوخشاش تۈز ئادەم بولۇشى لازىم. دورىلار، مەجۇنلەر ئۇنىڭ قولى بىلەن بولىدۇ. قۇرۇق ۋە ھول يېمىشلەر، شاراپلار ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەر بەگ ھوكۈمدارنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتىدۇ.

نەپسىدىن تېپىش كېرەك. نەپسنى تېپىش پايدىلىق... يېمەك ئاز يېيىلسە، پايدىلىق بولىدۇ. كوپ ئادەملەرنى كوردۇم نەپ-سىنى يىغالماي پالاكەتكە ئۇچرىدى...

14. ھوكۇمدار ئۇستىدە "خىزمەتچى" لەرنىڭ ھەقلىرى بار. ھوكۇمدار بۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرىنى تەمىنلىشى كېرەك.

خىزمەتچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس. "خىزمەتچى" ھو-كۇمدار ئۇچۇن جېنىنى، ۋۇجۇدىنى قۇربان قىلىدۇ. ئىسسىق-سوغاق، ئاچ-توق، پىيادە، قىلىچ، پالتا، ئوق بىلەن ھەر تە-رەپتىن ھوكۇمدارنى قوغدايدۇ. ئوز جېنى ھەساۋىغا ھوكۇمدارغا ھاياتبەخش ئېتىدۇ. ئۇلارنى ياخشىلىق، ھورمەت بىلەن ئىشقا سېلىش كېرەك.

خىزمەتچىلەرگە مەرھەمەت كورسىتىش، ئۇلارنى سۆيۈش كېرەك. سۆيگۇ نەتىجىسىدە ئىنسانلار جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئىنساننىڭ ئوزى ئۇچۇندۇر.

كىشى ئىملىگى بىلگۇچى كىشى.

كىشى تىپ ئاتا ماغىيلىغى ئوشۇ.

(باشقىلارنىڭ ئەمگىگىنى تەقدىرلىمىگەن كىشىنى ئىنسان دىگىلى بولمايدۇ، ئۇ ھايۋان بىلەن تەڭ...)

ئاسىلغى قۇل ئىرسە ئوغولدىن ياقىن،

ئاسىغسىز ئاغولنى ياگى بىل ساقىن!

(پايدىلىق ئەمگەكچى قۇل بولسىمۇ، ئوغلۇڭغا ئوخشاشتۇر، پايدىسىز ئادەم ئوغلۇڭ بولسىمۇ دۇشمەن بىل ۋە ئۇنىڭدىن ساقلان!...)

بۇنىڭدىن مىڭ-يىللار بۇرۇن ئوز جەمىيەت، دولىتىنىڭ

تۈزۈلىشى ئۈچۈن شۇنچىلىك دانا پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بۇ ئۇلۇغ زاتقا كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران قالامدۇ؟

ئۇنىڭ نەزىرىدە خۇددى ھازىرقىدەك دولەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىرىنچى ئامىل بولغان دىكتاتورا — ھەربى كۈچ ۋە ئۇنىڭ جان تومۇرى بولغان مالىيە ـ ئىقتىسات مەركىزى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ مۇستەھكەم ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن "ئەلەم بىلەن قەلەم" نى بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇ، دولەت ئۈچۈن ئەڭ زورۇر بولغان مۇكەممەل بىر يۈرۈش كادىرلار سىياسىتىنى يارىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىر يۈرۈش قانۇن ـ قائىدىلەر تۈزۈپ، ئۆز زامانىسىغا لايىق مۇكەممەل ھالدا ھەل قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ پىكىرلىرى ئىنسانىيەت ناھايىتى چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا كەتكەن ھازىرقى دەۋردىمۇ ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئوقۇغۇچىغا ناھايىتى ئايدىڭ كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ياراتقان بۇ ئىدىيال دولەت ئۈچۈن ئەمدى نىمە كەم؟ تەبەقە قارىشى كەم. ئەمدى شائىر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەسەردە سىۋۇژىت لىنىيىسىنى مۇنداق تەرەققى قىلدۇرىدۇ:

كۆكل تۈگدى ئىلىگ كور ئاندىن فارۇ،
بۇ دۇنياغا بىرو بەردى ئەرگو تورۇ.
بۇرۇن ئىنچكە تىگدى ئورق سەمردى،
سۈبردى يىدۇرى ياغى ياۋۇردى،
كىچوردى قوۋانچىن سودجىدا كونى،
ئاجونغا يارىلدى جاۋى ئات ئۇنى.

تىرىلدى بىر ئانچە پۈردى بۈنىڭ،
بورى توقلى بىرلە قوزى بولدى تىنىڭ.

(خاقان ئىلىمگ بىلەن ۋەزىر ئارىسىدىكى بۇ مۇنا-زىرىلەر دولەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. خاقان ۋەزىرىنىڭ پىكرى بويىچە ياخشى قانۇنلار چىقىرىپ ئادالەتلىك ئورناتتى. يۇرت تىنچلىقتا ئېرىشتى. ئو-زۇقلار سەمىردى، دوستلار كوپەيدى. دۈشمەنلەر تارقالدى. شۇنداق قىلىپ خاقاننىڭ نامى دۈنياغا يېيىلدى. بورە بىلەن قوزا ياندىشىپ ياشايدىغان بولدى.)

بىر كۈنى خاقان ئوگدۈلمىشنى چاقىرىپ: "ئەلدە يوق-سۇللار جىقمۇ؟ بايلار جىقمۇ؟ ياخشىلار جىقمۇ؟ يامانلار جىقمۇ؟ خەلقنىڭ دىلىدا قانداق سوزلەر بار؟ ياخشى دەمدۇ؟ يامان دەمدۇ؟ قۇسۇرۇم جىقمۇ، پەزىلەتلىرىممۇ؟ سەن ھېچنەر-سىنى يوشۇرماي توغرىسىنى سوزلە، چارىسىنى ئىزلە!" دەپ سورىدى. ئوگدۈلمىش تەكشۇرۇشنى خۇلاسىلەپ "مەملىكەتنىڭ خوشال خورام ۋە تىنچلىق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، باياشات ئىكەن-لىكىنى" ئېيتتى. شاھ مەمنۇن بولۇپ، تەڭرىگە شۈكرى قىلىپ قولىنى كوتىرىپ دۇئا قىلدى. كېيىن بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوگدۈلمىش ۋەزىر تۇپەيلىدىن بولغانلىقىنى:

كوزۇم سەن، ئىلىم سەن، ئىلىم سەن ماڭا،
ئاتىم ئىدىڭو بولدى ئاتىم، ئايتوڭا!

(كوزۇم، تىلىم، قولۇم سەن بولدۇڭ، ئەي قەھرىمان مېنىڭ داڭقىم سېنىڭ بىلەن دۈنياغا تارقالدى) دىدى.

ئۇزاق سوھبەتتىن كېيىن "سېنىڭ تۇققانلىرىڭدىن، تونۇش-

لىرىڭىزدىن ماڭا لايىق كېلىدىغان سەندەك بىرى بارمۇ؟ بار بولسا، شۇنىمۇ ئەپكەلسىلى، سېنىڭ يۈكۈڭ يېنىكلەشسۇن" — دېدى.

ئەسەردىكى مانا بۇ پارچە سيۇژېت تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كېيىنكى سيۇژېت لىنىيىسىنىڭ تۈگۈن رولىنى ئوينىسا، پىكىر تەرتىۋى جەھەتتىن ئالغاندا يۇقۇرقى پىكىرنى كېيىنكى بايان قىلىنماقچى بولغان پىكىرگە باغلاش، پىكىر كۆچۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ۋەزىر شاھنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ تۇققىنىنى ئەسەردە: "كەمتەرلىك، پاكلىق" نىڭ سىمۋولى قىلىپ ئېلىنغان، بۇ دۇنيادىن " قولنى يۇيۇپ" تائەت-ئىبادەت ئۈچۈن تاققا چىقىۋالغان) زاھىد (دەرۋىش) ئودغۇرمىشنى تونۇشتۇردى. نۇرغۇن تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن ۋەزىر پادىشانىڭ ھوكمىگە ئاساسەن، پادىشانىڭ ئودغۇرمىشقا يازغان لىرىك ھېسسىياتلارغا تولغان تەكلىپ خېتىنى ئېلىپ ئودغۇرمىشنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئەمدى ئەسەردە ۋەزىر ئۆگدۈلمىش بىلەن زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ دىراماتىك توقۇنۇشلار بىلەن تولغان مۇنازىرىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ — نۇرغۇن پەيلاسوپىك ئەخلاقى، سىياسى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنازىرىدە يۇقۇرىدا تەسۋىرلەنگەن ئىدىيال دۆلەتنىڭ، ئۆز دۆلىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان سىنىپ، تەبىقىلەرگە يۈرگۈزگەن سىنىپى سىياسىتى گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەسىلە ئەسەردە ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ، ئودغۇرمىشنىڭ نۇرغۇن مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا جاۋاپ تەرىقىسىدە ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ ئاغزىدىن بېرىلىدۇ:

1. سىياسەت ھەققىدە:

"بەگلەرنىڭ ئىشىگىنى سىياسەت بېزەيدۇ. بەگ سىياسەت بىلەن ئۆز ئېلىنى تۈزەيدۇ. يامانلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك. خەلقنىڭ غەلىيانىنى سىياسەت باسىدۇ. بەگ خەلققە قانۇن تۈزۈپ بەرمىسە، خەلقنى قوغدىماي ھەر كىشىگە يەم قىلىپ بەرسە، خەلققە ئوت تۇتىشىپ، مەملىكەتنى بۇزىدۇ. شۈبھىسىزكى بەگلىكنىڭ ھۇلى يىقىلىدۇ.

2. دانا ئالىملار — يەنە بىر قاتلام كىشىلەر دانا ئالىملار-دۇر. ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلقنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ. ئۇلارنى بەكمۇ ياخشى كۆر، سۆزلىرىنى قەدىرلە. مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن بىلىملىرىنى ئۆگەن. ئۇلار يارامىلىق-يارامسىزلارنى پەرق قىلالايدۇ. ئۇلار ئادىل، ھەق يولنى تاللىۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىلمىنى تەشنالىق بىلەن ئۆگەن، بىلىملىرىنى بىلىۋال. مال ۋە دۇنيا بىلەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىل. تىلىمىڭ مەھكەم ئىدى. دۇنيادا بۇ ئالىم- دانالار بولمىغان بولسا، ئاشلىق تېرىساڭمۇ، ئاشلىق ئۈنمىگەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلققە مەشئەل بولدى. مەشئەل يورۇسا كېچىمدىمۇ كىشى يولدىن ئازمايدۇ. سەن شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى دۇنيادىن بەھرىمەن قىل. ئۇلارنى قەدىرلە، ھۆرمەتلە، ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىپ، خۇشاللىق بىلەن خىزمەت قىل!

3. شائىرلار — شائىرلار سۆز تەرگۈچى كېلىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنى ماختىغۇچى ۋە سۆككۈچىلەر. ئۇلارنىڭ تىلى قىلىچتىن ئۆتكۈر، پىكىر قىلىش يولى قىلدىن ئىنچىكە. قوپال ۋە نەپىس سۆزلەرنى ئۇقاي دېسەڭ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىساڭ ئاندىن ئۇقۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەڭ، ئۇلار دېڭىزغا چۆمگەن كىشىلەرگە ئوخشايدۇ ۋە گۆھەر،

ئۈنچە ـ ياقۇت چىقىرىدۇ. ئۇلار ماختىسا، ماختىشى ئەلگە تار ـ قىلىدۇ، ئەگەر سوكسە يامان ئاتلىق قىلىدۇ.

ئەي قېرىنداش، ئۇلارنى تەشنالىق بىلەن قەدىرلە، ھەي دوست، ئۇلارنىڭ تىلىغا ئۇلىنىپ قالما، ئۇلار نىممىنى خالىسا شۇنى تولۇق بەرگىن. ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئۇز باھارىڭنى ئال!.......

4. دىخانلار — يەنە بىر قاتلام كىشىلەر دىخانلاردۇر. بۇلار كېرەكلىك، سۈيۈملۈك كىشىلەر. بۇلار بىلەن مۇناسىۋەتتە ياخشى تۇتۇش كېرەك. بارلىق تىرىكلەر بۇلاردىن پايدىلىنىدۇ. ھەممىگە يېمەك ـ ئىچمەك لەززىتى تېگىدۇ. ئەي دوست، بۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىل. گېلىڭ تازا، ئۇزۇـ غۇڭ ھالال بولىدۇ. دىخانلارنىڭ قولى ئوچۇق بولىدۇ. تەگرى بەرگەنلىكتىن كوڭلىنىمۇ كەڭرى تۇتىدۇ. بارلىق جانلىقلارغا پۈتۈن يەر يۈزىدە يۈرىدىغانلارغا ئۇزۇق ـ ئوقەتنى دىخانـ لار بېرىدۇ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارغا ئارىلاشقىن. ئۇلارغا ئۇبدان گەپلەرنى قىل، چىرايىڭنى ئوچۇق تۇت.

5. ھۈنەرۋەنلەر — بۇلار سېنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زۇرۇر كىشىلەر. سەن ئۇلار بىلەن پىقىن ئالاقىدە بول، تېرىچى، تىككۈچى، ئوتۇكچى، سۈچى، ئىگەرچى، تاشچى، دۇمدانچىلارنىڭ پايدىسى زور. ئۇلارنى ساناۋېرىپ سوزۇم ئۇزۇراپ كەتتى. مېنىڭ ئۇزۇن سوزلىرىمنى ئاڭلىشىڭ كېرەك. بۇ دۇنياغا ئۇلار ياخشىلىق ئېلىپ كەلتۈرىدۇ. ئۇلار ناھايىتى نۇرغۇن ئاجايىپ نەرسىلەرنى ئىشلەيدۇ.

6. چارۋىچىلار — قىمىز، سۈت، يۇڭ، ياغ، سۈزمە، ئە ـ رىمچىك ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇلارغا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ

مۇلايىم سۆزلە.

7. سودىگەرلەر—ئۇلاردىن كېيىنكىسى سودىگەرلەردۇر. ئۇلار تىنماستىن سودا قىلىپ، پايدا يەتكۈزگۈچىلەر، ئۇلار تىرىكچىلىك ھاياتىدا ئەس- يادىنى تەڭرىگە باغلاپ، دۇنيا كېزىدۇ. ئۇلار كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقا يۈرۈپ، جاھان كېزىدۇ ۋە سېنىڭ خالىغان نەرسىلىرىڭنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇلار دۇنيادىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئاجايىپ نەرسىلەرنى قەدىرلەيدۇ. ئۇلاردا بىلىملىك- لەرگە خاس سېخىلىق بار. جاھان كەزگۈچى سودىگەرلەر بول- مىسا، قارا قىشتا قانداق كىيىمگەن بولاتتىڭ. كىدان قاراۋۇل- لىرىنىڭ تۈزلىكى بېسىلسا، بۇ تۈمەن خىل تاۋار- دۇردۇن قەيەر- دىن كېلەتتى؟ سودىگەرلەر جاھان كېزىپ يۈرمىگەن بولسا، كىممۇ ئۈنچىلەرنى تېزىپ كورگەن بولاتتى؟ سودىگەرلەر ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا ئىشىكىڭ- نى ئوچۇق تۇت. بۇلار جاھاندا نام قوشقۇچىلاردۇر. ياخشى بولسىمۇ، يامان بولسىمۇ ئاشۇلار تارقىتىدۇ. ئۆزەڭگە ياخشى نام تىلىسەڭ، ئەي يىگىت سەپەرچى كارۋانلارغا ئېرىنمەي ياخشىلىق كورسەت».

شۇنداق قىلىپ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئۆز جەمئىيە- تىنىڭ ماددى، مەنىۋى ئاساسىنى ياراتقۇچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھېساپلانغان ھەر بىر سىنىپ تەبىقىلىرىنىڭ ئۆز جەمئ- يىتىدە تۇتقان ئورنىغا، زامانىسىغا لايىق توغرا باھالاپ، ئۇلار توغرىسىدىكى دولەتنىڭ سىياستىنى تۈزۈپ بېرىدۇ.

ئەسەردە دانا ۋەزىر ئوگدۇلمىش بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ مۇنازىرىلىرىگە بېغىشلانغان 41 - دىن 58 - باپلاردىكى دولەتنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ئەخلاقى توغرىسىدىكى خىلمۇ-

خىل تىمىدىكى گەپلىرى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا قاراخانىلار ھوكۇمرانلىرىغا بولغان خەلقىنىڭ پىكرى دېيىش مۇمكىن.

ئەسەردىكى "كەمتەرلىك ۋە پاكلىق"نىڭ سىمۋولى قىلىنىپ ئېلىنغان بۇ ئوبراز ئودغۇرمىش خىللا مۇرەككەپ يارالغان ئوبراز. ئۇ بىر تەرەپتىن 11-ئەسىر ئىسلام تېوگىيىسىنى تەشۋىق قىلغۇچى، سوفىزىم يولىنى تۇتقۇچى بۇ دۇنيادىن ۋاز كەچكەن دەرۋىش. ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇ، ئەسەردە ناھايىتى دانا "ئەقىل ۋە دانالىق" ئوبرازى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ئوگدۇلمىش ئۇنىڭ بىلەن سوھبەتلەشكەندە ئۇنىڭ تەركى دۇنيا "سوفىزىم يولى"غا قايىل بولۇپ، ۋەزىرلىكنى تاشلاپ، تاققا چىقماقچى بولغاندا ئۇنى توسىدۇ.

"سېنى ھوكۇمدار مەملىكەت ئۇستىگە قويدى. مەملىكەتتە ئاسايىش ھاسىل بولىدۇ. ئادالەت ھاكىم بىلەن بولىدۇ، خەلقنى تاشلىۋەتسەڭ ياخشى بولماس، سەن ئورنىڭدىن ئايرىلساڭ، ئورنىڭغا ناچار بىرى كېلىدۇ. ئاسايىش بۇزۇلىدۇ، خەلق يوقىلىدۇ" دەپ قارشى چىقىپ، ئۇنى ئۇز پەيلىدىن قايتۇرىدۇ. ئۇ شاھنىڭ چاقىرغىنىغا بارمايدۇ. ئۇ ئۇزىنى دولەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا لاياقەتسىز ھىساپلاپ، بۇ ئىشقا كىرىپ قالسا خاتالىق ئوتكۈزۈپ، ئاللا ئالدىدا گۇناھكار بولۇشىدىن قورقىدۇ. شاھ ئۇچىنچى قېتىم ۋەزىرىنى ئەۋەتىپ "ئەگەر كەلمىسە ئۆزەم بارىمەن" دېگەندىن كېيىن ئۇ، ئامالسىز شاھ ئالدىغا كېلىپ، شاھ بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە ئۇ سوفىستىك تونىنى چۆرۈپ تاشلاپ خىللا دانا ئادەم قىياپىتىگە كىرىدۇ. ئۇ شاھقا مۇنداق توت تەلەپنى قويىدۇ:

① ئولۇمسىز بىر ھايات ئىزلەيمەن.

② قىرىماستىن مەڭگۈ ياش، تازا يىگىت بولۇپ قېلىشنى ئىستەيمەن

③ دائىما ئاغرىماستىن ساق ـ سالامەت بولۇشنى خالايمەن.

④ دائىم دۆلەتمەن (بەختىيار مەنىسىدە — ئاپتور) بولۇشنى خالايمەن.

سىز بۇلارنى بېرىشكە قادىرمۇ؟ — دەيدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادىن ۋاز كەچمەيدۇ. شاھ بىلەن مۇنداق مۇنازىرىلىشىدۇ:

"ئەي ھۆكۈمدار! قارا، سەندىن ئاۋال داداڭ بىر مەملىكەتتە ھۆكۈمدار ئىدى. ئارمىيە، ھەشەمەت ئىگىسى بولۇپ ياشىغان ئىدى. پەقەت ئۇنىمۇ ئۆلۈم ئېلىپ كەتتى. داداڭ ساڭا نەسىھەت قىلدى. داداڭ ۋە ئاناڭنىمۇ ئۆلۈم قالدۇرمىدى، ۋاقتى كەلسە سېنىمۇ تاشلايدۇ. بۇ سارايلار ماڭا بىر مۇساپىرخانىدۇر. سەندىن ئاۋال كەلگەنلەرمۇ بۇ يەرگە چۈشتى ھەم ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ساراي ساڭا نېمە دەيدۇ؟ ئاڭلا، سەن 'ساراي' مېنىڭ دەيسەن؟ نېمىشقا مۇنداق دەيسەن؟ سەندىن كېيىن كېلىدىغانلارمۇ 'مېنىڭ' دەيدۇ."

بۇنىڭدا ھايات ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەرلىك قانۇنىيىتى ناھايىتى ئىنچام ئىپادىلەنگەن. لېكىن بۇ ئوبرازنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى شۇكى، ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا توغرا قويسىمۇ، ئاخىرى ئاپىرىدىپ تەقدىرگە باغلايدۇ. شۇڭا بۇ ئوبرازنى بىر تەرەپتىن ئېزىلگەن خەلقنىڭ فېئودال جەمئىيەتكە بولغان نارازىلىقىنى يىغقان، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ دانالىقىنى ئۆز بېشىغا يىغقان، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال جەمئىيەتتە چىقىش يولىنى ئىزلەپ تاپالمايۋاتقان ئوبراز دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئاپتورنىڭ ئەسەردە گەۋدىلەندۈرگەن تۈپ-

كى ئىدىيىسى بىلەن باغلاپ قارىغاندىمۇ بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئېنىقلىنىدۇ.

59 — 69 - باپلارمۇ شاھ كۈن تۇغدى ئىلىگ، ۋەزىر ئوگدۈلمىش ۋە ئۇنىڭ توققىنى ئودغۇرمىشنىڭ پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئاساسەن يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئۆتكەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 69 - باپ ئودغۇرمىشنىڭ ئاغرىغى ۋە ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان بولۇپ، تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئېتنوگراپىيىسىگە دائىر بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئىپادىلەپ تامامىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەسەردە قويۇلغان مەسىلىلەرمۇ ھەل قىلىنىپ بولىدۇ. ئاخىرىدىكى 70 - 73 - باپقىچە 3 باپ خاتىمە تەرىقىسىدە بېرىلگەن بولۇپ، كىتابنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى، نىمە ئۈچۈن يېزىلغانلىقى، شائىرنىڭ روھىي ھالىتى، دەۋرگە مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئىرانلىقلار بۇ ئەسەرگە «شاھنامە تۈرك» دەپ نام بەرگەن.

دۇنيا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ۋە ئۆزىمىزنىڭ تەھلىلىمىز بويىچە ئېيتقاندا «شاھنامە» بىلەن «قۇتاتقۇ بىلىگ» مەزمۇن جەھەتتىن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. «شاھنامە» قەھرىمانلار توغرىسىدا داستان بولسا، «قۇتاتقۇ بىلىگ» ئەقىل ۋە ھېكمەت، ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى دەرسلىكتۇر. بۇ ئىككىسىدىكى ئوخشاشلىق ئەسەردىكى شېئىرىي ۋەزىن مەسىلىسىدۇر. ئىشلىتىلگەن شېئىرى شەكىل ئۈستىدە ئۇلۇغ ئالىملار، ئاكادېمىك رادلوف، ۋامبېرىلار كوپ ئىشلىگەن. ئاكادېمىك رادلوف ئۇنىڭ شېئىرىي ۋەزنىنى 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزىن دىگەن ئىدى. لېكىن بۇ مەسىلىدە باش قاتۇرۇپ ئىشلىگەن نېمىس تۈركشۇناس مارتىن

ھارتمان ئۇ ئەسەردە ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرىمۇ تاقارىپ ۋەزنىدە، مىسرالىرى ئىككىلىك مەسنەۋى، غەزەل شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە تۈرك» دېيىشىنىڭ سەۋەبى «شاھنام» ئەنە شۇ ۋەزىن ۋە شۇ شېئىرى شەكلىنى قوللانغانلىقىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «شاھنامە» دىن ئەنە شۇ شەكىلنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئارۇز ۋەزنى سىرتتىن كىرگەنمۇ ياكى ئەسلىدە بارمىدى دېگەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھازىرمۇ مۇنازىرە بار. چۈنكى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بۇ شەكىلنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانماقتا. بۇ توغرىدىكى مەسىلىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. ئەمما، «قۇتاتقۇ بىلىگ» تە يۇقۇرقى شەكىلدىن باشقا تۆتلىك 11 بوغۇملۇق شەكىللەرمۇ ئۇچرايدۇ.

«قۇتاتقۇ بىلىگ» 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يىرىك يازما يادىكارلىقى، ئۇ ئىشلەتكەن تىل ئۆز زامانىسىدا ئىشلىتىلگەن بەدىئى تىلنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسىدۇر. ئۇنىڭ تىلىنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۆز دەۋرىگىچە ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ توپلىمى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەردىكى بەدىئىلىكنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك كۆزگە تاشلىنىدىغان تەرىپىدۇر. ئەسەردە ئۆز زامانىسىنىڭ شۇنداق ئەھمىيەتلىك چوڭ مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەل قىلىشقا قارىماي، شۇنچە چوڭ ئەسەرگە پەقەت تۆتلا قەھرىمان قاتنىشىدۇ. بۇمۇ ئەسەردىكى بەدىئى ماھارەتنى

كورسىتىدىغان تەرەپلەرىنىڭ بىرسىدۇر. ئەسەر ئىدىيىسىنىڭ
ئەسەر سيۇژىتىدىكى تارىخىي پاكىت بىلەن مەنتىقى هالدا قەدەم-
مۇ- قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئىزچىل هالدا چوڭقۇرلاپ كامالەتكە
يېتىشى ئەسەر كومپوزىتسىيەسىدىكى ناهايىتى مۇستەھكەم، ئۇ-
يۇلتاشتەك بىرلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خۇددى ئادەمنىڭ
ئورگانىزمىدىكى قان بىلەن گۆشنى بىر-بىرسىدىن ئايرىۋالغىلى
بولمىغاندەك بۇ ئەسەردىمۇ ئېپىزم بىلەن لىرىزمنى بىر-بىر-
سىدىن ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ هەرقانداق
بابىنى ئوقۇغان ئادەم هاياجانغا چۆممەي قالمايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىگ» ئۇيغۇر بەدىي تىلىنى 11- ئەسىر-
، كەلگەندە تېخىمۇ بېيىتىپ يۈكسەك چوققىغا كۆتەردى. 11-
ئەسىردىكى قاراخانىلارنىڭ "خاقانىلار" تىلى، پۈتۈن شەرق
ئەدەبىيات بەدىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر قىلدى.

«قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ بەدىي ئىدىيىۋى تەسىرى توغ-
رىسىدا شۇنى كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، «قۇتادغۇ بىلىگ»
دىن 250 يىل كېيىن يېزىلغان نەسىردىن راپغوزىنىڭ
«قىساسول ئەنبىيا» سىدىكى «باهار تەسۋىرى» «قۇتادغۇ بى-
لىگ» نىڭ باهار تەسۋىرىدىن بىۋاستە ئىلھام ئېلىپ يېزىل-
غانلىقى ناهايىتى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ هالنى 13- ئەسىر-
دە ئوتكەن ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق:» ئەسە-
رىنىڭ ئىدىيىۋىلىك هەمبەدىئىلىك تەرىپىدىن كورەلەيمىز. بۇلاردىن
باشقا سىرتتىن مىسال ئالساق تۈرك شائىرى ئاشىق پاشا (17- ئەسىر)
ئەسەرلىرىمۇ ئىدىيىۋى ۋە بەدىي تەسىرىنى «قۇتادغۇ بىلىگ»
تىن ئالغانلىقى ۋە مەشھۇر گىرۇزىن شائىرى شوتاروستاۋىلىنىڭ
«يولۋاس تېرىسى يېپىنغان باتۇر» دىگەن كىلاسسىك ئەسىرى

بىۋاستە «قۇتاتقۇ بىلىگ» تەسىرىدە يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتە-
دىغان تارىخىي پاكىتلار بار.

«قۇتاتقۇ بىلىگ» خەلق ئارىسىغا شۇنچىلىك كەڭ تار-
قالغانكى، ھەتتا خۇمدانچىلارنىڭ كومزەكلىرىنىڭ ئۈستىلىرىگىمۇ
«قۇتاتقۇ بىلىگ» نىڭ پارچە بېيىتلىرى يېزىلغانلىقى مەلۇم.
بۇ ھال ئۇنىڭ تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا قانچىلىك ئالقىشقا
ئېگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا يۈسۈپ
خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر.
ئۇنىڭ «قۇتاتقۇ بىلىگ» تىكى پىكىرلىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇ-
ۋاتقان قاراخانىلار سۇلالىسىگە قارىتىپ ئېيتىلغان ماناپېستۇر. كى-
تاپ يېزىلغان شارائىتتىكى قاراخانىلار ئەھۋالىنى شائىر ئەسەر-
نىڭ 73 - بابىنىڭ ئاخىرىسىدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

كىشى بارچە يارماق بولدىلار،
كۆمۈش كىمدە ئىرسە باش ئەگدىلەر.

(پۈتۈن ئىنسانلار پۇلنىڭ قۇلى بولدى، كۆمۈش كىمنىڭ قولىدا
بولسا شۇنىڭغا باش ئەگدى.)

-...... "ئۇسۇل، نىزام قارىمۇ - قارشى بولدى، ئاق ۋە قارا
بىر - بىرىدىن ئايرىلماس بولدى". "ھارام بىلەن پۈتۈن ئاس-
مان قارايدى، خەلققە ۋاپا قىلمىدى، جاپا قىلدى".

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئۇز
دۆلىتىنى مۇنقەرزلىكتىن ساقلاپ، خەلقنى بەختلىك قىلىش
يوللىرىنى ئىزلىدى. شۇڭا ئۇ، خەلق بەختىيار بولغان "ئىدىيال
دۆلەت"، ئۇنى باشقۇرۇۋاتقان ئىدىيال شاھ ئوبرازىنى يارد-
تىپ، شاھ بۇ ئەينەكتە ئۆزىنى سىپلىشتۇرۇپ كۆرسۇن دەپ ئۇ-

نى شۇ چاغ ھاكىمدارى قاراخانىلار سۇلالىسىدىن ئەبۇئەلى ھەسەن سۇلايمان ئارسلانخانغا سوغا قىلدى.

شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر ئىدىيىلىرى- نى ئىلگىرى سۈرسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى، سىنىپلارنى، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىشى ئىدىيالىستىك بولغاچقا، بۇ جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەقدىرگە باغلايدۇ. مېھنەت- كەشلەرنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلىك ھالدا چۈشەنسىمۇ ئۇلارنى يەنىلا پەس كورىدۇ. ئۇلارنىڭ جاھان تارىخىنى ياراتقۇچى ھەل قىلغۇچ كۈچىنى يەنىلا تونۇپ يېتەلمەيدۇ. بولۇپمۇ چارۋى- چىلارنى "پەسكەش"، "قوپال" ۋە "پاراسەتسىز" دەپ قاراپ، ئۇلاردىن پەقەت پايدىلىنىش كېرەك، ئەمما "دوست تۇتقىلى بولمايدۇ" دەيدۇ. ئۇلار دولەت باشقۇرۇشقا يارىمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەسلى "ئىسلزادە" ئەمەس، "بەگ بولۇش ئۈچۈن تېگى ئېسىل بولۇش كېرەك"، "بەگ ئانىسىدىن بەگ بولۇپ تۇغۇلىدۇ" دەپ قارايدۇ. ئۇ "ئادىل شاھ"قا ئۈمىت باغلايدۇ. شاھ ئادىل بولسا، توغرىلىق بىلەن ھەركەت قىلسا، مىللەتنىڭ ۋاقتى، كۆڭلى سائا- دەت ئىچىدە ئۆتىدۇ" دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇشۇنداق شاھ دەۋ- رىدە "قوزا بىلەن بورە بىللە ياشاۋېرىدۇ" دەپ قارىدى. ئەمما سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەزگۈچى بىلەن ئېزىلگۈچى ئۇنداق ئىناق يا- شىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنەلمىدى. چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ "ئىدىيال شاھ"، "ئىدىيال دولىتى"- نىڭ رىياللىققا ئايلاندۇرۇلۇشى، شۇ ئارقىلىق دولەتنى مۇنقەرز- لىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئۇلۇغلۇق

بىلەن ئۆز دەۋرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى. بۇ ماركسىزىمنىڭ ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزىرىدۇر. شۇڭا ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى يالغۇزلۇق شائىر سۈپىتىدە مەڭگۇ قالدۇ. ئۇنىڭ كۆز قارىشىدىكى خاتالىقلار ئۆز دەۋرىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىگە نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىگ» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ يىرىك، تارىخىي بەدىئى يادىكارلىقىدۇر. بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ يالغۇز 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، تىل ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، ئىستىتىك قاراشلىرىنى ئۆگىنىشتە زور ئەھمىيىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇ چاغدىكى پۈتۈن تۈركى خەلقلىرىنىڭ يۇقۇرقى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشتىمۇ زور تارىخى رىيال ئەھمىيىتى بار. «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى پۈتۈن شەرق تارىخىدا بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇچمەس شانلىق ئۇلگە بولۇپ قالغۇسىدۇر. تۆۋەندە «قۇتادغۇ بىلىگ» تىن پارچىلار بېرىمىز.

**باھار ھەققىدە**

توغاردىن ئەسەكەلدى ئۆگدىن يېلى،
ئاچۇن ئېتگۈكە ئاچتى ئۇچماق يولى.
(شەرقتىن ئىسسىق شامال چىقىپ، دۇنيانى بېزەش ئۈچۈن جەننەت يولىنى ئاچتى.)
ياغىز يەرىپار تولدى كافۇر كېتىپ،
بىزەنمەك تىلەر دۇنيا كوركىن ئېتىپ.
(قارامتۇل يەر ئۈستىدىن كافۇر (قار) كېتىپ، ئىپار بىلەن

تولدی، دۇنیا هوسنىگە تولۇپ بېزەنمەكنی ئىستىدی.)

ئىرنچىخ قىشىخ سۇردی یازقی ئەسىن،

یارۇق یاز یانا قۇردی دەۋلەت یاسىن.

(باهار شامىلی كورۇمسز قىشنی هەیدىدی، نۇرلۇق باهار دولەت ئوقیاسىنی بەتلىدی.)

قۇرۇمىش یىغاچلار توناندی یاشىل،

پەزەندی یىپون، ئال، سارىخ، كوك، قىزىل.

(قۇرۇغان دەرەخلەر یېشىل تون كىیىپ، هال، سېرىق، كوك، قىزىل بولۇپ بېزەندی.)

یاغىز یەر یاشىل تۇرقۇیۇزكە بادی،

كبتای ئارغىشی یادتی تابغاچ ئىدی.

(قارامتۇل یەر یۈزىگە یېشىل یىپەك یایدی، گویا كىدان كارۋىنی تابغاچ (جۇڭگو) تاۋار - دۇردۇننی یېیمۇەتكەندەك بولدی.)

یازی، تاغ، قىر، ئوبدی، توشەندی یازىپ،

ئىتندی قولی، قاشی كوك ئال كەزىپ.

(تاغ - دالا، قىر ۋە ئویمان یېپتىپ كۇشەندی، ۋادا ۋە یۇتىلار قىزىل، كوك كىیىم كىیىپ بېزەندی.)

تۇمەن تۇ چىچەكلەر یازىلدی كۇلە،

یىپار تولدی كافۇر ئاجۇن یىز بىلە.

(تۇمەن - تۇرلۇك چىچەكلەر ئېچىلدی كۇلۇپ، كەتتی دۇنیا ئىپار، كافۇر هىدىگە تولۇپ.)

سابایىلی قوپتی قازانغول یىدىن،

ئاجۇن بارچا بۇترۇیىپار بۇردىكىن.

(قەلەمپۇر هىدی تارقىلىپ یۇمشاق شامال چىقتی، دۇنیا پۇتۇنلەي ئىپار پۇراپ كەتتی.)

قاز، ئۆردەك، قوغۇ، قىل، قالغىچ تۇدى،
قاقلانو قاينار يوقارى، توزى.
(غاز، ئۇدەك، ئاققۇ، قىل ئاسماننى قاپلىدى، قاقىلداپ
قايناپ، يۇقۇرى - تۆۋەن ئۇچۇشتى.)
قايانو قوپار، كور قاياسۇ قونار،
قايانو چاپار، كور، قايۇ سۇ ئىچەر.
(قارىغىن، بەزىسى قوزغالسا بەزىسى قونىدۇ، بەزىسى سۇ
ئۈزسە بەزىسى سۇ ئىچىدۇ.)
كوكىش، تورنا كوكتە ئۈنىن يانقۇلار،
تىزىلمىش تىترتەگ ئۇچار، يەلكورەر.
(كوكشىن، تۇرنا كوكتە ئۈنىنى ياڭرىتىپ، كارۋاندەك تىزى-
لىپ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدۇ.)
ئۇلار قۇش ئۈنىن تۇزدى ئۇندەر ئىشىن،
سىلىگ قىز ئۇ قىرتەگ كوڭىل بەرمىشىن.
(ئۇلار خۇددى ئىپەتلىك قىز ئۆز يىگىتىنى چاقىرغاندەك
يېقىملىق بىر ئۈن بىلەن ھەمرىيىنى ئۈندىمەكتە.)
ئۈنىن ئۇتتى كەكلىك كۆلە قاتغۇرا،
قىزىل ئاغزى قان تەگ، قاشى قاپ - قارا.
(تۇمشۇغى قاندەك قىزىل، قاشى قاپ - قارا كەكلىك قاقاخلاپ
كۈلگەندەك ئۈن بىلەن سايراشقا باشلىدى)
قاراچۇمغۇك ئۇتتى سىتا تۇمشۇقىن،
ئۈنى ئوغلاغو قىز ئۈنى تەگ ياقىن.
(قارا قۇشقاچ تۇمشۇغىنى سوزۇپ سايرىدى، ئۈنىڭ ئۈنى
خۇددى نازۇك قىز ئۈنىدەك يېقىملىق.)
چېچەكلىكتە ساندۇاچ ئوتەرىك ئۈنىن،

ئوقىر سۇرى - ئېرى كۈنۈن ھەم تۈنۈن.
(گۈلزاردا بۇلبۇل ەىڭ خىل ئۈن بىلەن سايراپ، كېچە -
كۈندۈز ئېرى سۇرىمىسىنى ئوقۇيدۇ.)
ئېلىك - كۈلمۈز ئويىنار چېچەكلەر ئۈزە،
سىغۇن - مۈيغاق ئاغىنار يۈرۈرتىپ كېزە.
(تاغ ئۇچكىلىرى گۈللەرنىڭ ئارىسىدا ئوينىشىپ يۈرىدۇ،
بوغا مارال ئېغىناش ئۈچۈن جاي ئىزلەپ يۈرىدۇ.)
قالق قاشى تۈگدى، كوزى ياش ساچار،
چېچەك يازدى يۈز، كوركۈلەر قاتغۇرار.
(ئاسمان قاپىغىنى تۈرۈپ، كوزىدىن ياش توكتى، كورگىنكى،
چېچەكلەر يۈز ئېچىپ، قاقاقلاب كۈلدى.)
بۇ ئودرە ئاجۇن ئۈز ئۈزىگگە باقىر،
كۈۋەنىپ، سەۋىنىپ ئىدىگە باقىر.
(بۇ پەيتتە دۇنيا ئوز - ئوزىگە باقتى، مەغرۇرلىنىپ،
شاتلىنىپ بايلىغىغا باقتى.)

## تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە زىيىنى ھەققىدە

ئۇقۇشقا، بىلىگكە بۇ تىلماچى تىل،
يارۇتتاچى ئەرنى يورىق تىلنى بىل.
(ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ تىلماچى، بۇ تىل، ئادەمنى نۇرلاندۇرىدىغان ماھىر تىلنى بىل.)
كىشىگ تىل ئاغىدلار، بولۇر قۇت كىشى،
كىشىگ تىل ئۇجۇزلار، باردىر ئەر باشى.
(تىل كىشىنىڭ قەدرىنى ئاشۇرىدۇ، ئادەم بەختلىك

بولىدۇ. تىل كىشىنى خورلايدۇ، (تىل بىلەن) ئادەمنىڭ بېشىمۇ كېتىدۇ.)

تىل ئارسلان تۇرۇر، كور، ئىشكتە ياتۇر،
ئايا ئەۋلىگ ئەر، ساق، باشىڭنى يىيۇر.

(تىل ئىشىكتە ياتقان ئارسلاندۇركى، ئەي ئۆي ئىگىسى، ئېھتىيات قىل، بېشىڭنى يەيدۇ.)

تىلنى ئەمگەمىش ئەرنەگۈتىر ئەشىق،
بۇ سوز ئىشكە تۇتغىل، ئۆزۈڭگە ئەش ئىق.

(تىل (ئاۋازىدىن) قىينالغان كىشىنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا؛ بۇ سوزنى ئەمەلگە ئاشۇر ۋە ئوزەڭگە ھەمرا قىل.)

"مەنى ئەمگە تۇرتىل، ئىدى ئۇك تەلىم،
باشىم كەسمە سۇنى كەسەيىن تىلىم."

("يارەببى، تىل ماڭا قانچىلىك كوپ جاپا چەكتۇردى، بېشىمنى كەسمىسۇن ئۈچۈن تىلىمنى كېسەي.")

سوزۇڭنى كېدوزگىل باشىڭ بارماسۇن،
تىلڭى كېدوزگىل تىشىڭ سىنماسۇن.

(سوزۇڭگە ئېھتىيات بول، بېشىڭ كەتمىسۇن! تىلىڭنى ساقلا، چىشىڭ سۇنمىسۇن.)

ئەسەنلىك تىلەسە سەنىڭ بۇ ئۆزۈڭ،
تىلىڭدە چىقار ياراغسىز سۆزۈڭ.

(سەن ئوزەڭگە ئامانلىق تىلىسەڭ، ئاغزىڭدىن يارامسىز سوزلەرنى چىقارما.)

بىلىپ سوزلەسە سوز بىلىگكە سانۇر،
بىلىگسىز سوزى ئۆز باشىنى يىيۇر.

(سوزنى بىلىپ سوزلىسەڭ ئىلىم ھېساپلىنىدۇ، بىلمىسىزنىڭ

سۆزى ئۆز بېشىنى يەيدۇ.)

ئۆكۈش سۆزدە ئارتۇق ئاسىغ كورمەدىم،
يانا سۆزلە مىشتە ئاسىغ تولمادىم.

(كۆپ سۆزدىن ئارتۇق پايدا كۆرمىدىم، تەكرار سۆزلەش-تىن ھېچ نەپمۇ ئالالمىدىم.)

ئۆكۈش سۆزلەمە سۆز، بىرەر سۆزلە ئاز،
تۈمەن سۆز تۈگمىنىن بۇ بىر سۆزدە ياز.

(كۆپ سۆزلىمە، بىرەر-بىرەر ئاز سۆزلە، تۈمەن سۆزنىڭ تۈگمىنىنى بىرلا سۆز بىلەن يەشكىن.)

كىشى سۆز بىلەن قوپتى، بولدى مەلىك،
ئۆكۈش سۆز باشىغ يەرگە قىلدى كولىك.

(كىشى سۆز بىلەن يۇقۇرى ئۆرلەپ، پادىشا بولىدۇ، (ئەمما) كۆپ سۆز بېشىنى يەرگە ئەگدۈرىدۇ.)

تىلىگ قەد كۈدەزگىل، كۈدەزىلدى باش،
سۆزۈڭنى قىسۇر غىل، ئۈزاتىلدى ياش.

(تىلىڭنى قاتتىق تىي، بېشىڭ ساقلىنىدۇ، سۆزۈڭنى قىسقا قىل ئۆمرۈڭ ئۇزىرىدۇ.)

تىل ئاسىغى تەلىم بار، ياسى ما ئۆكۈش،
ئارا ئۆگدىلدۇر تىل، ئارامىڭ سۆكۈش.

(تىلىنىڭ كۆپ پايدىسى بار، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ ئۇرغۇن، بەزىدە تىل ماختايدۇ، بەزىدە مىڭ تۈرلۈك سۆكىدۇ.)

كالى مۇنداغ ئەسرە بىلىپ سۆزلە سۆز،
سۆزۈڭ بولسۇ كۆز سۆز قاراغۇ قاكۆز.

(ئەھۋال مۇنداق ئىكەن، سۆزنى بىلىپ سۆزلە، سۆزۈڭ كۆزسىز قارىغۇغا كۆز بولسۇن.)

بىلگىسىز قاراغۇ تۈرۈر بەلگۈلۈگ،
يورى، ئاي، بىلىگسىز، بىلىگ ئال ئۆلۈگ.

(بىلىمسىز كىشى، بەلگىلىككى، قارغۇدۇر، يۈر ئەي بىلىمسىز، ئۆزەڭگە تىگىشلىك بىلىمنى ئال.)

تۇغۇغلى ئۆلۈر، كور، قالىر بەلگۈ سۆز،
سۆزۈڭ ئەرگۈ سۆزلە، ئۆزۈڭ ئۆلگۈ سۆز.

(تۇغۇلغان (ئادەم) ئۆلىدۇ، بىلگىنكى، سۆزى يادىكار بولۇپ قالىدۇ، ياخشى سۆزۈڭنى سۆزلىسەڭ، ئۆزەڭ ئۆلمەيسەن.)

ئىكى نەڭ بىلە ئەر قارىماس ئۆزى،
بىرى ئەرگۈ قىلىنچى، بىرى ئەرگۈ سۆزى.

(ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ، ئۇنىڭ بىرسى ياخشى قىلىق، يەنە بىرسى ياخشى سۆزدۇر.)

تىرىگلىك تىلىسە ئۆزۈڭ ئۆلمەگۈ،
قىلىنچىڭ، سۆزۈڭ ئەدگۈ تۇت، ئاي بوگۇ.

(ئۆلمەيدىغان ھايات تىلىسەڭ، ئەي دانا، خۇلقى-مىجەزىڭ بىلەن سۆزۈڭنى ياخشى قىل.)

ساڭا مەن سۆزلەدىم، سۆزۈم، ئاي ئوغۇل،
ساڭا بەردى بۇ پەنت ئۆزۈم، ئاي ئوغۇل.

(ئەي ئوغۇل سۆزۈمنى ساڭا سۆزلىدىم، ئەي ئوغۇل، ساڭا ئۆزەمنىڭ بۇ نەسىھىتىنى قىلدىم.)

كۈمۈش قالسا ئالتۇن مەنىڭدىن ساڭا،
ئانى تۇتماغىل سەن بۇ سۆزكە تەڭە.

(مەندىن ساڭا ئالتۇن، كۈمۈش قالسىمۇ، سەن ئۇنى بۇ سۆزگە تەڭ كۆرمە.)

كۆمۈش ئىشكە توتسا توكەر، ئالقىنور،
سوزۇم ئىشكە تۇتسا كۆمۈش قازغانۇر.
(كۆمۈشنى ئىشلەتسەڭ توگەيدۇ، سوزۇمنى ئەمەلگە ئاشۇر-
ساڭ، كۆمۈش تېپىلىدۇ.)
كىشىدىن كىشىگە قۇمارۇ سوز ئول،
قۇمارو سوزۇڭ توتسا ئاسىغى يۈز ئول.
(ئادەمدىن ئادەمگە سوز ۋەسىيەت بولۇپ قالىدۇ، ۋەسىيەت
سوزگە ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭ پايدىسى كوپ.)

## بىلىم ۋە ئەقىل-ئىدراك ھەققىدە

بىلىگنى بەدۇك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى بەدۇتۇرئۇردورمىش قۇلۇغ.
(بىلىمنى بۈيۈك، ئەقىل-ئىدراكنى ئۇلۇغ بىل، بۇ ئىككى
نەرسە ئىنساننىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقۇرى كوتىرىدۇ.)
بۇ سوزكە تۈرنۇقى مۇنۇ كەلدى سوز،
بۇ سوزنى ئەشتكىل، سوزۇڭ مۇندا ئۈز.
(بۇ سوزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە توۋەندىكى پىكىر كەل-
دى، بۇنى ئاڭلىغىن-دە سوزۈڭنى شۇ يەردە توختات.)
"ئۇقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق قۇلۇر،
بىلىگ كىمدە بولسا بەدۇكلۇك ئالۇر."
(ئەقىل-ئىدراك قەيەردە بولسا ئۇلۇغلۇق شۇ يەردە
بولىدۇ، كىمدە بىلىم بولسا ئۇ بۈيۈكلۈككە ئېرىشىدۇ.)
ئۇقۇشلۇغ ئۇقار ئول، بىلىگلىك بىلىر،
بىلگىلى، ئۇقۇغلى تىلەككە تەگىر.

(ئەقىللىق ئۇتالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ، بىلىملىك،
ئەقىللىق كىشىلەر، تىلىگىگە يېتەلەيدۇ.)

بىلىگ مەنىسى بىل نەگۈتىر بىلىگ
بىلىگ بىلسە ئۇترۇيىرار ئەردە ئىگ.

(بىلىمنى نىمىشقا بىلىم دىگەنلىكىنىڭ مەنىسىنى بىل،
بىلىم بىلگەن كىشىدىن كېسەل يىراقلىشىدۇ.)

بىلىگسىز كىشى بارچە ئىگلىك بولۇر
ئىگلىك ئەملەمسە كىشى تەرك ئۆلۇر.

(بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كېسەل كېلىدۇ، كېسەل-
نى داۋالىمىسا، ئادەم تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.)

يۇرى، ئاي، بىلىگسىز ئىگىگنى ئوتا،
بىلىگسىز ئوتۇن سەن ئاي، بىلگە قۇتا.

(يۈر، ئەي بىلىمسىز كىشى، كېسىلىڭنى داۋالا، ئەي ئالى
بىلىمسىزلىكىڭنىڭ داۋاسىنى سەن ئېيتىپ بەر.)

ئۇقۇش ئول بۇرۇندۇق، ئانى يەتسە ئەر،
تىلەككە تېگىر ئول تۈمەن ئارزۇيەر.

(ئەقىل-ئىدراك بىرچۇلۇۋۇرىكى، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ئەر-
نىڭ تۈمەنلىگەن ئارزۇسى بولسىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلەيدۇ.)

ئۇقۇش بولسا ئەركە، كور ئاسىغى ئۇكۇش،
بىلىگ بىلە ئۇترۇ بولۇر ئەركۇسۇش.

(ئەقىل-ئىدراكىنىڭ كىشىگە پايدىسى نۇرغۇن، بىلىم
بىلگەندىن كېيىنلا ئادەم قەدىرلىك بولىدۇ.)

ئۇقۇش بىرلا ئىشلە قاموغ ئىش-كۈرۈگ
بىلىگ بىرلە بەكلە بۇ بولمىش ئۆدۈگ

(ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل - ئىدراك بىلەن ئىشلە، ياشىغان
زامانەڭنى بىلىم بىلەن مۇستەھكەملە.)

× × ×

بىلىگلىك ئىدى ئاز، بىلىگسىز ئوكۇش،
ئوتۇشسىز ئۇكۇش بىل، ئوقۇشلۇغ كوسۇش.

(بىلىملىكلەر ناھايىتى ئاز، بىلىمسىزلەر كوپ، ئەقىلسىز -
لەر كوپ، بىلگىنكى، ئەقىللىق كىشىلە كەم ئۇچرايدۇ.)

بىلىگسىز بىلىگلىككە بولدى ياغى،
بىلىگسىز بىلىگلىككە قىلدى چوغى.

(بىلىمسىز نادانلار بىلىملىككە دۇشمەن بولىدۇ، بىلىم -
سىزلەر، بىلىملىكلەرگە ھەسەت قىلىدۇ.)

كىشىدە كىشى ئادرۇقى بار تەلىم،
بۇ ئادرۇق بىلىگرۇن ئايۇر بۇ تىلىم.

(كىشى بىلەن كىشىنىڭ پەرقى ناھايىتى زور بولىدۇ، بۇ
پەرق پەقەت بىلىمدىلا ئىپادىلىنىدۇ.)

بىلىگلىگكە سوزلەدىم ئۇشبۇ سوزۇم،
بىلىگسىز تىلىنى بىلۇ مەز ئوزۇم.

(مەن بۇ سوزۇمنى بىلىملىكلەرگە سوزلىدىم، بىلىمسىز -
نىڭ تىلىنى ئوزەمۇ بىلمەيمەن.)

سوزوگ سوزلە دەچى ئازار ھەم يازار،
ئۇقۇشلۇغ ئىشتىسە ئوگازور، توزەر.

(سوزلىگۇچى ئازىدۇ، خاتا كېتىدۇ، ئەقىللىق كىشىلەر
ئاڭلىسا، ئوڭايلا توزىتىدۇ.)

بىلىپ سۆزدىچى كىشى بار ئۆكۈش،
ئانى بىلدەچى ئەرماگا كىبد كوسۈش.

((سۆزنى) بىلىپ سۆزلىگۈچىلەر كۆپ، (ئەمما) ئۇنى بىل-
گۈچىلەر ماگا كەم يولۇقتى.)

قاموغ ئەرگۈلۈكلەر بىلىگ ئاسىغى ئول،
بىلىگ بىرلە بولدى مەسەل كوككە يول.

(بارلىق ياخشىلىقلار — ئىلىمنىڭ پايدىسى، بىلىم بىلەن
ئاسمانغا يول تاپىدۇ دېگەن مەسەل بار.)

بىلىگ بىرلە سۆزلە قاموغ سۆزنى سەن،
بىلىگىن بەدۈك بىل قاموغ ئۆزنى سەن.

(ھەممە سۆزۈڭنى بىلىم بىلەن سۆزلە، بارلىق ھاياتلىقنى
بىلىم بىلەن قەدىر تاپتى، دەپ بىل.)

ياشىل كوكتىن ئىندى ياغىز يەركە سۆز،
سۆزى بىرلە يالگىق ئاغىر قىلدى ئۆز.

(سۆز كۆك ئاسماندىن قارا يەرگە چۈشتى، سۆز بىلەن
ئىنسان ئۆزىنى قەدىر-قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ.)

كىشى كوڭلى تۆپسىز تەگسىز تەگ تۇرۇر،
بىلىگ يىنچۈ سانى تۆپىندە ياتۇر.

(ئادەمنىڭ كۆڭلى خۇددى تېگى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ،
بىلىم بولسا ئۇنىڭ ئەڭ تېگىدە ياتقان ئۈنچىدەكتۇر.)

تەگىزدىن چىقارما سايىنچۇ كىشى
كەرەك يىنچۇ بولسۇن كەرەك ساي تاشى.

(كىشى دېڭىزدىن ئۈنچىنى چىقارمىسا، ئۈنچە بىلەن
سايىنىڭ تېشى ئوخشاشلا بىر نەرسە.)

ياغىز يەر قاتىنداقى ئالتۇن تاش ئول،
قالى چىقسا بەگلەر باشىندا تۇش ئول.
(قارا (يەر) قېتىدىكى ئالتۇن—ئۇ بىر تاشتىن ئىبارەت،
ئەگەر قېزىپ چىقىرىلسا، پادىشالار بېشىغا بېزەك بولىدۇ)
بىلىگ چىقارماسا بىلگەن تىلىن،
ياتۇرماز ئانىڭ بىلگى ياتسا يىلىن.
(بىلىملىك كىشى بىلىمنى تىل بىلەن بايان قىلمىسا،
ئۇنىڭ بىلىمى يىللاپ ياتسىمۇ، نۇر بېرەلمەيدۇ.)
ئاجۇن تۇتغۇ قانەر ئۇقۇشلۇغ كەرەك،
بۇرۇن باسغۇقا ئوگ كەرەك ھەم يۇرەك.
(ئالەم تۇتۇشقا ئىدراكلىك ئەر كېرەك، خەلقنى باشقۇ-
رۇشتا ئەقىل ھەم يۇرەك كېرەك.)
ئۇقۇش بىرلە تۇتتى ئاجۇن تۇتغۇچى،
بىلىگ بىرلە باستى بۇدۇن باسغۇچى.
(جاھان تۇتقۇچى جاھاننى پاراسەت بىلەن تۇتتى، خەلق
باشقۇرغۇچى ئىلىم بىلەن باشقۇردى.)
گاجۇنقا ئاپائىنمىشىندە بەرۇ،
ئۇقۇشلۇغ ئۇرۇ كەلدى ئەرگۈ تورۇ.
(ئالەمگە ئەجدادىمىز تورەلگەندىن تارتىپ، پاراسەتلىكلەر-
نىڭ ئورنى يۇقۇرى، ئۇزلىرى ئەزىز بولۇپ كەلدى.)
قايۇ ئۇدتە ئەرسە بۇ كۆندە بۇرۇن،
بىلىگلىگكە تەگدى بەدۇكرەك ئورۇن.
(بۇرۇن بۇرۇنقى قايسى زامانلا بولمىسۇن، بىلىملىكلەرگە
يۇقۇرىراق ئورۇن تەگدى.)
ئۇقۇش بىرلە ئاسانۇر كىشى ئارتاقى،

بىلىمگ بىرلە سوزلۇر بۇرۇن بولغاقى.

(كىشىلەرنىڭ بۇزۇقلىغى ئەقىل بىلەن بىلىنىدۇ، خەلق ئىچىدىكى تىنچسىزلىق بىلىم بىلەن بېسىلىدۇ.)

ئاجۇن تۇتغۇقا ئەر ئۇقۇش بىرلەقەد،
بۇدۇن باسغۇقا ئەربىلىمگ بىلسە قەد.

(جاھان تۇتقۇچى ئەر پاراسەتلىك بولسا، مۇستەھكەم بولىدۇ، خەلقنى باشقۇرغۇچى ئەر بىلىم بىلسە، كۈچلۈك بولىدۇ.)

بۇ ئىدكى بىرىكسە بۇلۇر ئەرتۇكەل،
تۇكەل ئەر ئاجۇنۇغ تەمام يەر تۇكەل.

(بۇ ئىككى بىرىكسە كىشى كامالەتكە يېتىدۇ، كامىل كىشى دۇنيا (نېمەتلىرىنىڭ) ھەممىسگە ئىگە بولىدۇ.)

قالى ئەدگۇ بۇلماق تىلىسە ئۇزۇڭ،
يورى ئەدگۇلۇك قىل، كېسىلدى سوزۇڭ.

(ئەگەر ئۆزۈڭ ياخشى بولۇشنى ئىستىسەڭ، يۈرگىن، ياخشىلىق قىل، ئارتۇق سوزلىمە)

كىشى مەڭۇ بۇلماس بۇ مەڭۇ ئاتى،
ئانىن مەڭۇ قالدى بۇ ئەدگۇ ئاتى.

(ئادەم مەڭگۇ ياشىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۇ ساقلىنىپ قالىدۇ.)

ئۇزەڭ مەڭگۇ ئەرمەز، ئاتىڭ مەڭۇ ئۇل،
ئاتىڭ مەڭۇ بولسا ئۇزۇڭ مەڭۇ ئول.

(ئۇزەڭ دۇنيادا مەڭگۇ قالالمايسەن، ئەمما نامىڭ مەڭگۇ قالىدۇ، نامىڭ مەڭگۇ بولسا ئۇزەڭمۇ مەڭگۇ قالغاندەك بولىسەن).

## پادىشالار ھەققىدە

بۇ بەگلىكە ئاشنۇتۇپ ئەسلى كېرەك،
ئاتىم - ئالىپ، قاتىغ، قۇرۇچ يانا توك يۇرەك.

(بەگ بولۇش ئۇچۇن، ئەڭ ئاۋال، ئەسىل زات كېرەك، مەردانە، مۇستەھكەم ۋە باش ئەگمەيدىغان كىشى بولۇشى كېرەك.)

ئۇقۇشلۇغ كەرەك ھەم بىلىگلىگ كەرەك،
ئاقلىق كەرەك، ھەم سىلىگلىك كەرەك.

(ئىدراكلىك بىلىم ئىگىسى ھەم سېخى، ئالىجاناپ - پەزىلەتلىك بولۇشى لازىم.)

بىلىگ بىرلە بەگلەر بۇدۇن باشلىدى،
ئۇقۇش بىرلە ئەل - كۇن ئىشىن ئىشلەدى.

(چۈنكى بەگلەر بىلىم بىلەن خەلقنى باشلايدۇ، ئىدراك بىلەن مەملىكەت ئىشىنى باشقۇرىدۇ.)

بەگ ئاتى بىلىگ بىلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىگ «ئىلىمى» كەتسە بەگ ئاتى قالۇر.

(بەگ دېگەن نام، بىلىم بىلەن باغلىق بولىدۇ، چۈنكى بىلىم دېگەن سۆزنىڭ "ئىلىمى" چۈشۈپ قالسا "بەگ" دېگەن نام قالىدۇ①.)

نەگۈ تىر ئەشتىگىل بىلىگ بىلمىش ئەر،
باشىدا كەچۈرمىش ئوكۇش يىلمىش ئەر.

---

① بۇ يەردە سۆز ئويۇنى بار: ئەرەبچە يېزىقتا "بىلىگ" (ئىلىم) سۆزىدىكى "ل" چۈشۈپ قالسا بەگ بولىدۇ.

(بىلىم ئىگەللىگەن، كۆپ جاھان كېزىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى
بېشىدىن كەچۈرگەن كىشىنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا.)

بىلىگلىگ كەرەك بەگ ئۇقۇشلۇغ ئۇدۇغ،

ئاڭار تەگمەسە بىر موناچ يۇدۇغ.

(بەگ بىلىملىك، ئىدراكلىق ۋە ھۇشيار بولۇشى كېرەككى،
ئۇنىڭغا تاسادىپى بىر پالاكەت كەلمىسۇن.)

ئىدوق ئۇل بۇ بەگلىگ، ئارىغلىق تىلەر،

ئارىغلىق بىلە ئەلدە ساقلىق تىلەر.

(بۇ بەگلىك مۇقەددەس بىر نەرسىكى، ئۇ ئالىجاناپلىقنى،
شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز ئېلىگە نىسبەتەن ھۇشيار بولۇشنى
تەلەپ قىلىدۇ.)

ئەگۈتىر ئەشتىگىل ئۇتۇكەن بەگى،

سىناپ سۆزلەمىش سۆزنى يەترۈپ ئۇگى:

(ھەر بىر سۆزنى ئەقىل بىلەن سىناپ سۆزلەيدىغان ئۇتە-
كۆر بېگىمنىڭ نىمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا.)

«بۇدۇنقا بەگى ئارتۇق ئۇدرۇن كەرەك،

كوڭۈل تىل كۈنى، قىلقى كودرۇم كەرەك.

(خەلققە بەگ بولۇش ئۈچۈن تاللانغان خىل كىشى كېرەك،
ئۇنىڭ قەلبى ۋە سۆزى ئادىل، مىجەزى ئوبدان بولسۇن.)

بىلىگلىگ، ئۇقۇشلۇغ بۇدۇنقا تالۇ،

ئاقى ھەم كوزى توق نەكوڭلى تولۇ.»

(بىلىملىك، ئىدراكلىق، خەلق ئىچىدىكى ئالاھىدە كىشى
بولۇشى، سېخى، كوزى توق، كوڭلى - كوكسى كەڭ بولۇشى لازىم.)

نەئەدگۈ تۇرۇر قىلىنچ ئەدگۈسى،

قىلىنچ ئەدگۈ ئەركەيسگو، كەدگۈسى.

(ياخشى مىجەز ئىنسانغا ئۇچرىغاندىن ياخشى نەرسە يوق، ياخشى مىجەز ئىنسان ئۇچۇن يىمەك، كىيىمەكتۇر.)

قايۇ بەگدە بولسا بۇ ئارقۇق قىلىنچ،

ئىشى بارچە تەترۇ، سەۋىنچى ساقىنچ.

(قايسى بەگدە تەرسا مىجەز بولسا، بارلىق ئىشى تەتۈرگە ماڭىدۇ، خوشاللىقى قايغۇغا ئايلىنىدۇ.)

ئورۇكلۇك، ئاموللۇق بولۇر بەگكە كورك،

بۇ بەگلىك ئىشىنگە بۇ ئول باغى ـ ئۇرك.

(خاتىرجەملىك بەگنىڭ ھوسنىدۇر، بۇ بەگلىك ئىشىنىڭ يۇگىنىدۇر.)

قەد ئوگلۇگ كەرەك بەگ ئوگـارسا ئىشىن،

بىلىپ باشلاسا ئوتو ئىشلار باشىن.

(ئۇز ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش ۋە ھەر ئىشنىڭ بېشىنى بىلىپ باشلاش ئۇچۇن، بەگ ناھايىتى ئەقىللىق بولۇشى لازىم.)

بۇ ئوگلۇگ كىشىلەر ئوگا روئىشىگ،

يىراق تۇتغۇ ئىشتە بۇ ئوگسۇز كىشىگ.

(چۈنكى) ئەقىللىق كىشىلەر ئۇز ئىشىنى ئوبدان باشقۇرىدۇ؛ بۇ ئىشقا ئەقىلسىزلەرنى يېقىن يولاتماسلىق كېرەك.)

كوڭۇل بولماسا، ئەر كوزى ئاسىغى يوق،

ئوگى بولماسا، ئەركوڭۇل ئوسىغى يوق.

(كوڭۇل بولمىسا كوزنىڭ پايدىسى يوق، ئەقىل بولمىسا كوڭۇلنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق.)

ئىنەكلىك بىلىگ ئول قامۇغقا ياۋۇز،

قالى بولسا بەگكە يۇزى بولدى بوز.

(ئالدىراقسانلىق ھەممىگە يامانلىق ئەكىلىدۇ، ئەگەر ئۇ

بەگلەردە بولسا، يۈزى قارا بولىدۇ.)

كوزى توق كەرەك ھەم ئۇۋۇتلوق تۈزۈن،

ئاچۇق ھەم يارۇق بولسا قىلقىن سوزۈن.

(بەگنىڭ كوزى توق، ئۇياتچان ۋە ئۇزىنى تۈتقان بولۇشى لازىم ھەمدە مىجەزى، گەپ - سوزى ئوچۇق - يورۇق بولۇشى شەرت.)

تودۇمسۇز بولۇر ئول كوزى سوق كىشى،

كوزى سۇققا يەتمەس بۇ دۇنيا ئاشى.

(كوزى ئاچ كىشى تويماس كېلىدۇ، ئاچكوزگە بۇ دۇنيانىڭ (بارلىق) ئاش - تامىغى يەتمەيدۇ.)

بۇسۇقلۇق ئىگە ئول بىر ئوتى يوق ئەمى،

ئانى ئەملە يۇمەز بۇ دۇنيا قامى.

(ئاچكوزلۇك داۋاسى يوق بىر كېسەلكى، ئۇنى بۇ دۇنيا - نىڭ شامانلىرى ساقايتالمايدۇ.)

قاموغ ئاچ يىسە، ئىچسە ئاخىر تودۇر،

كوزى ئاچ كىشى ئولسە ئاچلىق قودۇر.

(ئاچ كىشلەر يەپ - ئىچسە ئاخىر تويىدۇ، كوزى ئاچ كىشى ئولگەندىلا ئاچكوزلۇكنى قويىدۇ.)

ئىدى ساق كەرەك بەگ يانا كەد ئودۇن،

ئۇسال بولسا بەگلەر توقىنۇر يۇدۇن.

(بەگ ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇشى كېرەك، بەگ بىپەرۋا بولسا ئوزىگە زىيان سالىدۇ.)

ئىكى نەڭ تۇرۇر ئەلكە باغى، بەگى،

بىرى ساقلىق ئول، بىر تورۇ - ئەل كوكى.

(ئىككى نەرسە (بەگلىك) ئىشىكىنىڭ زەنجىرى ۋە قۇلۇپى،

بىرسى ئىھتىيات، يەنە بىرسى مەملىكەتنىڭ ئاساسى بولغان قا-نۇندۇر.)

قايۇ بەگ ساق ئەرسە ئەلىن بەكلەدى،
ياغى بوينى يەنچتى ئۆزە ئۆكلەدى.
(ھۇشيار بەگ ئۆز مەملىكىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ، دۈشمەن بوينىنى قايرىپ، ئۇنى يوگەنلەيدۇ.)

قايۇ بەگ تورۇ بەرسە ئەلدە كونى،
ئەلىن ئىتتى قۇدتى، يارۇتتى كۈنى.
(مەملىكىتىدە ئادىل قانۇن يۇرگۈزگەن بەگ ئۆز ئېلىنى مۇستەھكەملەپ، بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.)

ئىكى نەڭ بىلە ئەلچى بەگلىك بۇزار،
كىرور ئەگرى يولقا، كۈنىدىن ئازار.
(ئىككى نەرسە بىلەن ھوكۇمدار بەگلىك ئىشىنى بۇزىدۇ، ئەگرى يولغا كىرىپ، ئادالەتتىن تايىدۇ.)

بىرى كۈچ، بىرسى ئۇساللىق قىلۇر،
بۇ ئىككى بىلە بەگ ئەلىن ئارتا تۇر.
(بىرسى كۈچ ئىشلىتىش، بىرسى بىخوتلۇق قىلىش، بۇ ئىككى نەرسە بىلەن بەگ مەملىكىتىنى ۋەيران قىلىدۇ.)

بۇ ساقلىق بىلە سانچتى بەگلەر ياغى،
ئۇساللىق بىلە بۇزدى بەگلىك باغى.
(ھۇشيارلىق بىلەن بەگلەر دۈشمەننى تارمار قىلالايدۇ، (لېكىن) بىخوتلۇق بىلەن بەگلىكنىڭ بېغىنى ئۇرىدۇ.)

بۇ كۈچگەي كىشى كەندۇ بەگلىك يىمەز،
بۇ كۈچگەي كۈچىنى بۇدۇن كوترۇمەز.
(كۈچ ئىشلىتىدىغان (زوراۋان) كىشى بەگلىكنىڭ ھوددى-

سىدىن چىقالمايدۇ، زوراۋاننىڭ كۈچ ئىشلىتىشىنى خەلق كۆتەر-
مەيدۇ.)
كويەر ئوت تۇرۇر كۈچ، ياغوسا كويەر،
تورۇسوۋ تۇرۇر، ئاقسا نىمەت ئۈنەر.
(كۈچ بىر كويۈۋاتقان ئوتكى، (ئۇنىڭغا) يېقىنلاشسا كويىدۇ،
قانۇن سۇدۇركى، ئۇ ئاقسا نىمەت ئۈنىدۇ.)
كوڭۇل تۈزسە بەگلەر يورتىسا تورۇ،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، تۇرۇر كىچ ئورۇ.
(بەگلەر پىكىر يۈرگۈزۈپ، قانۇن ئىشلەتسە، بەگلىكى
يىقىلمايدۇ، ئۇزۇن ھوكۇم سۈرىدۇ.)
سوزى جىن كەرەك بەگ نەقىلقى بۈتۈن،
ئىنانسا ئاڭار خالىقى، تىرىلسە قۇتۇن.
(خەلق (بەگكە) ئىشىنىپ، ئۇز بەختىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن،
بەگ راستچىل، ئەخلاقتا كامىل بولىشى كېرەك.)
بۇ يالغان كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر،
ۋاپاسىز كىشى خەلققە تەگسىز قىلۇر.
(يالغانچىلار ۋاپاسىز كېلىدۇ، ۋاپاسىز كىشىلەر خەلققە
مۇناسىپ كەلمەيدۇ.)
يۇرەكلىگ كەرەك بەگ يەمە ئالىپ-ئاتىم،
يۇرەك بىلە بولدى ياغىچا تىتىم.
(بەگ قورقماس جاسارەتلىك بولىشى كېرەك، قورقماس
بولغاندىلا دۈشمەنگە تېتىيدۇ.)
يۇرەكلىگ يۇرەكسىزكە بولسا باشى،
يۇرەكلىگ بولۇر ئۇترۇ تەگمە كىشى.
(يۇرەكلىك كىشى يۇرەكسىزگە باشلامچى بولسا، ھەممە

كىشى يۈرەكلىك بولىدۇ.)

كور. ئارسلان بولۇۋەرسە ئىتقا باشى،
بۇ ئىت بارچە ئارسلان بولۇر ئوز تۇشى.

(ئارسلان ئىتلارغا باشلىق بولسا، ھەممە ئىتلار ئارسلانغا ئايلىنىدۇ.)

قالى بولسا ئارسلانغا ئىت باشچىسى،
ئول ئارسلان بولۇر بارچە ئىت ساقشى.

(ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشچى بولسا، ئارسلارنمۇ ئىتقا ئوخشاپ قالىدۇ.)

بۇ بەگلەر قابۇغىن سىياسەت بەزەر،
سىياسەت بىلە بەگ ئەلنى تۈزەر.

(بەگلەرنىڭ ئىشىكىنى سىياسەت بىزەيدۇ، بەگ سىياسەت بىلەن ئۆز ئېلىنى تۈزەيدۇ.)

ئىسىزگە سىياسەت يورتىغۇ كەرەك،
بۇدۇن بولغا ئوقىن سىياسەت سۆزەر.

(يامانلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك. خەلقنىڭ غەلىيانىنى سىياسەت باسىدۇ.)

قايۇ بەگ بۇدۇنغا تۈرۈۋەرمەسە،
كۇدەزمەس بۇدنىن، يىگۈچى يىسە.

(بەگ خەلققە قانۇن (تۈزۈپ) بەرمىسە، خەلقنى قوغدىماي ھەركىشىگە يەم قىلىپ بەرسە.)

ئوت ئىتتى بۇدۇنغا، بۇزۇلدى ئۇلى،
يىقىلدى سىزىكسىز بۇ بەگلىك ئەلى.

(خەلققە ئوت تۇتىشىپ، مەملىكەتنى بۇزۇلدۇ، شۈبھىسىز بەگلىكنىڭ ئۇلى يىقىلىدۇ.)

## دانا، ئالىملار ھەققىدە

تاقى بىر قۇتۇبىلگە، ئالىملار ئول،
ئولار ئىلىم خالققا يارۇتتاچى يول.
(يەنەبىر قاتلام كىشىلەر دانا ـ ئالىملاردۇر، ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلقنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ.)
ئولارنى قاتىغ سەۋ ئاغىرلا سوزىن،
بىلىگلەرنى ئوگدەن ئوكۇش يائازىن.
(ئۇلارنى بەكمۇ ياخشى كور، سوزلىرىنى قەدىرلە، مەيلى ئاز، مەيلى كوپ بولسۇن، بىلىملىرىنى ئۆگەن.)
ئولار ئول يارار يايارا ماسلارىغ،
ساچىپ ئادرا تۇتغان كونى يول ئارىغ.
(ئۇلار يارامىلىق ۋە يارامسىزلارنى پەرق قىلالايدۇ، ئۇلار ئادىل، ھەق يولىنى تاللىۋالغان.)
ئوسا ئىلمى ئوگدەن بىلىگلەرى بىل،
نەگىن ئەد گۆلۈگ قىل، كودەز بەكرۇ تىل.
((ئۇلارنىڭ) ئىلمىنى تەشنالىق بىلەن ئۆگەن، بىلىملىرىنى بىلىۋال. مال دۇنيا بىلەن (ئۇلارغا) ياخشىلىق قىل، تىلىڭنى مەھكەم تىي.)
يوق ئەرسە ئاجۇندا بۇئالىم بوگۇ،
تىكىپ ئۇنمەگەي ئەردى يەردە يىگۇ.
(دۇنيا دابۇ ئالىم ـ دانالار بولمىغان بولسا، ئاشلىق تېرىساڭمۇ ئاشلىق ئۈنمىگەن بولاتتى.)
ئولار ئىلمى بولدى بۇدۇنقايۇلا،
يارۇسا يولا تۇنلە ئاز ماز يولا.

(ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلققە مەشئەل بولدى مەشئەل يورۇسا، كېچىدىمۇ (كىشى) يولدىن ئازمايدۇ.)

نەڭگىدە ئۆلۈگ قىل، سۆچىگ سوز بىلە،
ئاش، ئىچگۈ يىترگىل، تاپۇغ قىل كۆلە.

((سەن) شىرىن سوز بىلەن (ئۇلارنى) دۇنيايىڭدىن بەھرىمەن قىل، ئۇلارنى قەدىرلە، ھورمەتلەپ، ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىپ، خوشاللىق بىلەن خىزمەت قىل.)

تىلىن ئىرسە سۆرمە، تۆز ئەتمەك يىتۆر،
ئاغىر تۆت ئۇلارىغ ئاغىرلا كوتۆر.

((ئۇلارنى يامان) تىل بىلەن ئازاپلىما، مېھماندوستلوق قىل، ئۇلارنى قەدىرلە، ھورمەتلەپ (يۇقۇرى) كوتەر.)

ئەشىت ئىلمى، ئىشلەت تىلىن، سوگداما،
ياقىلىقىن، قىلىنچىن ياۋۇزتىپ تىمە.

((ئۇلارنىڭ) بىلىمىنى ئاڭلا، تىلىدىن پايدىلان، (ئۇلارنى) پايلىما ياكى مىجەز-خۇلقىنى يامان دىمە.)

ئۇلاردىن كەرەكى ساڭا ئىلمى ئول،
كۆنىلىككە يىتسە ئايۇ بەرسە يول.

(ساڭا كېرىگى ئۇلارنىڭ بىلىمى، ئادالەتكە يەتكۈزسە، يول كورسەتسە شۇ يېتەرلىك.)

بۇلار ئول سۆرۆك قوپقا سەركەچ سانى،
قويۇغ باشلاسا، سۆرسە يولچا كونى.

(بۇلارنى قوي پادىسىدىكى سەركە، دەپ بىل، ئۇلار قويلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، توغرا يولغا باشلىسۇن.)

قاتىلغىل بۇلارنىڭ بىلە ئەد گۆلەش،
قۇتادغۇي ساڭا ئىكى ئاجۇن ئۇلاش.

(ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ياخشى ئوت، ئۇلار سېنى ئىككىلا دۇنيادا بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.)

## شائىرلار ھەققىدە

باسا كەلدى شائىر بۇ سوز تەرگۈچى،
كىشىگە ئۈگىتىپچىلەر يەمە يىرگۈچى.
(بۇنىڭدىن كېيىن شائىرلار سوز تەرگۈچىلەر كېلىدۇ، (ئۇلار)
كىشىلەرنى ماختىغۇچى ۋە سوككۈچىلەردۇر.)
قىلىچتا يىتىگرەك بۇلارنىڭ تىلى،
يانا قىلدا يىنچكە بۇ خاتىر يولى.
(ئۇلارنىڭ تىلى قىلىچتىن ئۆتكۈر، پىكىر قىلىش يولى قىلدىن
ئىنچىكە.)
باتىغ، يىنچكە سوزلەر ئۇقايىن تىسە،
بۇلاردىن ئەشىت سوز ئۇقۇلغاي باسا.
(قوپال ۋە نەپىس سوزلەرنى ئۇقاي دىسەڭ، شۇلارنىڭ سوزد-
نى ئاڭلىساڭ، ئاندىن ئۇقۇلىدۇ.)
تەڭىزكەكىرۇر كورسە كوڭلۈن تۈكەل،
گوھەر، ئىنچۈ، ياقۇت چىقارۇ مەسەل.
(ئۇلارنىڭ كوڭلىنى سىنچىلاپ كۆزەتسەڭ، ئۇلار دېڭىزغا چوڭ-
گەن كىشىلەرگە ئوخشايدۇ ۋە گوھەر، ئۈنچە، ياقۇت چىقىرىدۇ.)
ئۇلار ئوگسەلەر ئوگدى ئەلكە بارىر،
قالى سوكسەلەر ئاتى ئارتاپ قالىر.
(ئۇلار ماختىسا، ماختىشى ئەلگە تارىلىدۇ، ئەگەر سوكسە يامان
ئاتلىق قىلىدۇ.)
ئۇسائەدگۈ توتغىل بۇلارنى قاداش،
بۇلارنىڭ تىلىنگە ئىلىنمە ئاداش.

(ھەي قېرىنداش، ئۇلارنى تەشنالىق بىلەن قەدىرلە، ئەي دوست، ئۇلارنىڭ تىلىغا ئۆلىنىپ قالما.)

قالى ئەدگۈ ئوگدى تىلەسە ئوزۇك،
بۇلارنى سەۋىندۇر، كىسلدى سوزۇك.

(ئوزەڭنى ياخشى دەپ ماختىنىشنى ئىستىسەڭ، ئۇلارنى خوشال قىل، سوزۇڭنى قىسقارت.)

نەگۇ قۇلسا بەرگىل بۇلارقا توكەل،
بۇلارنىڭ تىلىندىن ئوزۇڭ ساتغىن ئال.

(ئۇلار نىمىنى خالىسا تولۇق بەرگىن، ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئوز باھارىڭنى ئال.)

## دىخانلار ھەققىدە

تىرىغچى تۇرۇر، كور، تاقى بىرقۇتۇ،
كىرەكلىگ كىشىلەر تۇرۇر بۇ بۇتۇ.

(يەنە بىرقاتلام كىشىلەر دىخانلاردۇر، بۇلار كېرەكلىك ۋە سۆيۈملۈك كىشىلەر.)

بۇلارنىڭ بىلە سەن قاتىل ھەم قارىل،
بوغوزدىن سىڭارسەن، ساقىنچىسىز تىرىل.

(بۇلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ ئارىلاش، ئوزۇۋقلىنىپ تۇرغىن ۋە قايغۇسىز ياشا.)

تاموغ تەپرە نۇركە بۇلاردىن ئاسىغ،
توزۇكەتە گىرىيم - ئىچىمدىن تاتىغ.

(بارلىق تىرىكلىككە بۇلاردىن پايدا يېتىدۇ، ھەممىگە يىمەك - ئىچمەك لەززىتى تېگىدۇ.)

توزۇتىن - توقىغىل، ئاچسىپ تودغۇچى،
مۇڭار بولدى مۇڭلۇغ تېرىگ بولغۇچى.
(تېرىكلىكنى خالايدىغان بارلىق ئۇزۇقلانغۇچى ھايات
نەرسىلەر ئۇلارغا مۇھتاج.)
ساڭا ماسىزىكسىز كېرەك بۇ كىشى،
ئېتلىسە ئانى ئوترۇ بوغۇزۇك ئىشى.
(شۇڭىمسىزكى، بۇ كىشىلەر ساڭا لازىم بولىدۇ، (چۈنكى
شۇلار بىلەن ئۇزۇقلۇغۇك ھەل قىلىنىدۇ.)
بۇلارنىڭ بىلە مەقاتىل، ئاي قاداش،
ئارىغ بولغا بوغۇزۇك، ھالال بولغا ئاش.
ئەي دوست، بۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىل، گېلىڭ
تازا، ئوزۇغۇڭ ھالال بولىدۇ.)
نەگۈتىر ئەشتىگىل ساقىنوق باشى،
قاموغ تۇرلۇگ ئىشتىن ساقىنمىش كىشى.
(ھەر قىسما (يامان) ئىشلاردىن ساقلانغان ساپ دىل
كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا.)
"كونى يول تۇتايىن تىسە يىنچكەلىگ،
بوغۇزۇغ ئارتىغۇ، ئاي قىلىقى سىلىگ.
(ئەي ئالىجاناپ كىشى، بۇ ئادىل ۋە لېكىن تار يول بىلەن
ماڭاي دېسەڭ، گېلىڭنى تازا تۇت.)
ساقىنۇق بولايىن تىسە بەلگۈلۈگ،
بوغۇزقا، ئەگىنكە ھالال بەر ئۈلۈگ."
(داڭدار ئادىل بولاي دېسەڭ، يېمىگىڭ ۋە كىيىمىڭگە
ھالال ھەق تولە.)

تارىخچى كىشىلەر بولۇر ئەلگى كەڭ،
بايات بەرمىشدەن تۇتار كوڭلى كەڭ.
(دىخانلارنىڭ قولى ئوچۇق بولىدۇ، تەڭرى بەرگەنلىگىدىن كوڭلىنىمۇ كەڭ تۇتىدۇ.)
قاموغ تەپرەنغىل، توزۇيەر ئوگى،
يورىغلى ئاشى ئول، ئۇچۇغلى مەگى.
(بارلىق جانلىقلارغا، پۈتۈن يەر يۈزىگە — يۇرىدىغانلارغا ئوزۇق، ئۇچىدىغانلارغا دان بېرىدۇ.)
بۇلارغا قاتىلغىل، قارىلغىل ئوزۇڭ،
تىلىن ياخشى سوزلە، ئاچۇق توت يۈزۈڭ.
(بۇلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارغا ئارىلاشقىن، (ئۇلارغا) ئوبدان گەپلەرنى قىل، چىرايىڭنى ئوچۇق تۇت.)

## سودىگەرلەر توغرىسىدا

مونىڭدا باساسى ساتىغچى تۇرۇر،
ساتىغ بىرلە تىنماز، ئاسىغچى تۇرۇر.
(بۇنىڭدىن كېيىنكىسى سودىگەرلەردۇر، ئۇلار تىنماستىن سودا قىلىپ پايدا يەتكۈزگۈچىلەر.)
ئاجۇن تىزگىنۇرلەر تىرىلگۈ تىلەپ،
ئوگى ـ كوڭلى بۇترۇ باياتقا ئولاپ.
(ئۇلار تىرىكچىلىك ئۈمىدىدە، ئەس ـ يادىنى تەڭرىگە باغلاپ دۇنيا كېزىدۇ.)
ئۇلاردا بولۇر بۇ ئاجۇن ئارزۇسى،
بۇدۇن كوركى ئودرۇن تالۇ ئەدگۈسى.

(بۇ جاھان ئارزۇسى، خەلقىنىڭ كۆركى ۋە كىشىلەرنىڭ
ياخشىلىقى (ھەممىسى) ئۇلارغا باغلىنىدۇ.)

تۇغاردىن باتارغا يۈرۈپ تەزگىنۇر،
تىلەمىش تىلەكىڭ ساڭا كەلتۈرۈر.

(ئۇلار كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە يۈرۈپ (جاھان)
كېزىدۇ ۋە سېنىڭ خالىغان نەرسىلىرىڭنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.)

تۈمەن تۈ ئاغىرلار ئاجۇن تاڭسۇقى،
ئۇلاردا بولۇر، ئاي، بىلىگلىگ ئاقى.

(ئۇلار دۇنيادىكى تۈمەن - تۈرلۈك ئاجايىپ (نەرسىلەرنى)
قەدىرلەيدۇ. ئۇلاردا بىلىملىكلەرگە خاس سېخىلىق بولىدۇ.)

ساتىغچى يېرىق ئەرسە ئاجۇن كەزگۈچى،
قاچان كەدگەي ئەردىك قارا قىش ئىچى؟

(جاھان كەزگۈچى سودىگەرلەر بولمىسا، قارا قىشتا قانداق
كىيىنگەن بولاتتىڭ؟)

قىتاي ئارقىشى كەسسە ئارقىش توغى،
قايۇن كەلگەي ئەردى تۈمەن تۈ ئاغى.

(كىدان قاراۋۇللىرىنىڭ تۇزاقى بېسىلسا، بۇ تۈمەن خىل
تاۋار - دۇردۇن قەيەردىن كېلەتتى؟)

ساتىغچى يورىبادى ئەرسە كەزىپ،
كۆزۈن كىم كۆرۈر ئەردى يىنچۇ تىزىپ؟

(سودىگەرلەر جاھان كېزىپ يۈرمىگەن بولسا، كىم ئۈنچە-
چىلەرنى تىزىپ كۆرگەن بولاتتى؟)

بۇ ئاڭلىغ بولۇر بۇ ساتىغچى قامۇغ،
قاتىلغىل ئۇلار قا ئاچۇق تۇت قاپۇغ.

(سودىگەرلەر ئەنە شۇنداق بولىدۇ، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە

قىلىپ (ئۇلارغا) ئىشىگىنى ئۇچۇق تۇت.)

قاتىغلان ئۇلارىغ، ئىدى ئەدگۈ تۇت
سېنىڭ ئاتىڭ ئەدگۈن يىراق بارغا بوت،

(ئۇلارنى ئاسرا، ماللىرىنى ئەزىزلە، (شۇنداق قىلساڭ) ياخشى نامىڭ يىراقلارغا تارقىلىشقا ئىشەن.)

بۇلار ئۆل ئاجۇندا، كۆز، سۆز ئىلىككۈچى،
ئىسىز، ئەدگۈ ئەرسە ئاتى يادغۇچى.

(بۇلار جاھاندا نام تۇشۇغۇچىلاردۇر، ياخشى بولسىمۇ، يامان بولسىمۇ شۇلار تارقىتىدۇ.)

ئاجۇندا ئاتىڭنى يادايىن تىسە،
ئۆمەگ ئەدگۈ تۇتغىل، قاتىغلان ئۆسا.

(جاھاندا نامىڭنى يايىي دېسەڭ، سەپەر قىلغۇچىلارنى ئىززەتلەشكە تىرىشقىن.)

چاۋىتىماق تىلەسە ئۆزۈڭ بەلگۈلۈگ،
ساتىغچىغا ئەدگۈ ياناۇت قىل ئۆلۈگ.

(مەشھۇر شۆھرەتكە ئىگە بولۇشنى خالىساڭ سودىگەرلەرگە تېگىشلىك ئۈلۈشنى ياخشى مۇناسىۋەت بىلەن قايتۇرغىن.)

ئات ئەدگۈ تىلەسە ئۆزۈڭ، ئاي ئۆرى،
ئۆمەگ ئارقىشىغ ئەدگۈ تۇتغىل، يۇقۇرى.

(ئۆزەڭگە ياخشى نام تىلىسەڭ، ئەي يىگىت، سەپەرچى كارۋانلارغا ئىززەت كۆرسەت.)

# سەككىزىنچى باپ

## مەھمۇت قەشقەرى ۋە «تۈركى تىللار دىۋانى» توغرىسىدا

مىلادىنىڭ 9 - ئەسرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرنى پايتەخت قىلغان مەشھۇر قاراخانىلار دۆلىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن.

ئەرەپ، پارس تارىخچىلىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تۇنجى خاقانى بىلگى كۆل ئىدىرخان ئىدى. بىزگە مەلۇم بولغان مەشھۇر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان 3 - ياكى 4 - ئەۋلات خاقان بولۇشى مۇمكىن. قاراخانىلار دۆلىتى تەخمىنەن 870 - يىلىدىن 1210 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈردى.

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ زېمىنى شۇنچىلىك كەڭ ئىدىكى، قەشقەردىن ئامۇ دەرياسىغىچە سوزۇلغان. ھازىرقى شىنجاڭ، يەتتە سۇ، شاش، پەرغانە ۋە قەدىمقى سوغدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

قاراخانىلار دۆلىتى تازا گۈللەپ تۇرغان مەزگىلدە يەنە بىر دۆلەت — غەزنەۋىلەر دۆلىتى مەيدانغا كەلدى. بۇ دۆلەت شىمالىي ھىندىستان چېگرىسىدىن تا كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبى قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلغان. ھازىرقى ئافغانىس-



مەھمۇت قەشقەرى

تان، شىمالىي شەرقىي ئىران ۋىلايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا قاراخانىلار دۆلىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما ئاتلىق قەبىلىسى ئۆز قېرىندىشى بولغان قارلۇقلار ۋە چىگىللەر بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان ئىكەن. تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە جەڭگىۋارلىقىدا تەڭدىشى يوق ياغمىلار ئەنە شۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمران قاتلىمى ئىدى. چۈنكى قاراخانىلارنىڭ پۈتۈن خاقانلىرى ياغمىلاردىن بولغان. كىم خاقان بولسا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا بۇغرا سۆزى قوشۇلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تۆگىنىڭ بۇغرىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن قاراخانىلارنىڭ خاقانلىرى بۇغرا سۆزىنى قوللانغان.

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ كۈچىيىپ قۇدرەت تېپىشى — مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان سامانىلار (مىلادىنىڭ 820 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 1000 - يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) پادىشاھلىقىنى تارمار قىلىپ، ئۇ دۆلەت زېمىنىنىڭ كۆپچىلىك قىسمىنى ئۆز دۆلىتى زېمىنىغا قوشۇپ ئالغاندىن كېيىن بولغان.

ئېنىق، ئىشەنچلىك تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قاراخانىلارنىڭ خاقانى ھارۇن بۇغراخان 997 - يىلى سامانىلار پادىشاھلىقىنى تارمار قىلغان. بۇ كۈرەشتە ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن سامانى ھاكىملىرىدىن بىرى بولغان ھاكىمى سەبۇق تېكىنگە ھارۇن بۇغراخان غەزنىنىڭ ئەمىرلىكىنى بەرگەن. لېكىن سەبۇق تېكىن، ئانچە ئۆتمەيلا ئىتائەتتىن باش تارتىپ غەزنەۋىلەر دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەت تەخمىنەن 50 يىل (مىلادى 997 — 1048 - يىللىرى) ھۆكۈم سۈردى.

قاراخانىلار غەزنەۋىلەر دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئامۇ دەرياسىنى چېگرا سىزىقى قىلىپ بەلگىلەپ ئۇنىڭ بىلەن

دوستانە ئۇتۇشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى غەزنەۋىلەر پادشاسى سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى مىلادىنىڭ 1006—1008 - يىللىرىدىكى قاراخانىلار بىلەن بولغان جەڭدە غەلىبە قازانغان.

مانا شۇنداق تارىخىي شارائىتتا كۈچلۈك قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى قەشقەر ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. قەشقەرگە ناھايىتى داڭلىق ئالىملار توپلانغان ۋە ئىلىمنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى بويىچە ئوقۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ قاراخانىلار خاقانلىرى نەسلىدىن بولۇپ، قەشقەردىكى ھازىرقى ئوپال يېزىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالى مەلۇماتنى قەشقەردە ئالغان. مەشھۇر تۈركشۇناس مارتىن ھارتمانىنىڭ تەتقىقاتى بويىچە چىقارغان خۇلاسىگە قارىغاندا مەھمۇت قەشقەرى قەشقەردىكى ئالى بىلىم يۇرتلىرىدا مۇدەررىسلىك قىلغان ئىمام ھۈسەيىن ئاتلىق مەشھۇر ئالىمنىڭ قولىدا ئوقۇغان ئىكەن. «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى پاكىتلارغا قارىغاندا مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسىرىنى 1072—1074-يىللىرى باغداتتا يېزىپ، ئەرەپ خەلىپىلىرىدىن بىرى بولغان ئوبولقاسىم ئىبنى ئابدۇللاغا تەقدىم قىلغان.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قايسى يىلى تۇغۇلۇپ، قاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شۇنى تەخمىن قىلىش مۇمكىنكى، مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» نى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىپ تاماملىغانلىقىغا قارىغاندا مەھمۇت قەشقەرى 1010 - يىللىرى تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. مەھمۇت قەش-

قەرى نىمە ئۈچۈن «تۈركى تىللار دىۋانى» نى باغداتتا يازغان ۋە ئەرەپ خەلىپىلىرىدىن بىرى بولغان ئوبۇلقاسىم ئىبنى ئابدۇل-لاغا تەقدىم قىلغان دېگەن سوئالنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىي.

بىز يۇقۇرىدا تىلغا ئالغان غەزنەۋىلەر دۆلىتىنى ئۇيغۇرلار-نىڭ چوڭ بىر تارمىقى بولغان ئوغۇزلار 1048 - يىلى تارمار قىلدى. تارىخى مەلۇماتقا قارىغاندا ئوغۇزلار ھازىرقى يەكەن، تارىم دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان بولۇشى كېرەك. كېيىن ئۇلار ئامۇ ھەم سىردەريا ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن. قاراخانىلار دەۋرىدە بولسا، ئوغۇزلار قاراخانىلار خانلىرىغا بويسۇن-ماي، غەزنەۋىلەرگە مۇش تەگلەپ، قاراخانىلار ھەم غەزنەۋىلەرگە خەۋپ سېلىپ تۇراتتى. ئوغۇزلار ھەركىتىگە سالجۇق خانىنىڭ نەۋرىلىرى، ئاكا - ئۇكا توغرۇلبەك بىلەن چاغرى بەگلەر يېتەكچىلىك قىلاتتى، ئوغۇزلار كۆپرەك غەزنەۋىلەر دۆلىتىگە تەلەپ قويۇپ، ئۇز-لىرىنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بېقىپ، كۆچۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. بۇنداق تەلەپلەر سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى پادىشالىق قىلغان يىللاردا (998 — 1030 - يىللىرى) قويۇلۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، مەسئۇد غەزنەۋى پادىشا-لىق قىلغان يىللاردا (1030 - 1041) كۈچىيىپ، ئاخىرى ئوغۇزلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش كېلىپ چىقتى. 1040 - يىلى ساراكىس ۋە مەرۋى ئارىسىدىكى داندانكان يېنىدا ئاخىرى ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى. سۇسىز چۆلدىن ئۆتۈپ، تەشنالىق ۋە ھېرىشتىن كۈچسىزلەنگەن، ئىنتىزامدىن چىقىپ كەتكەن غەزنەۋىلەرنىڭ چوڭ قوشۇنى ئوغۇزلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى. مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ ئۆزى بولسا كىچىك بىر قوشۇن بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. 1040 - يىلدىكى داندانكان

ئۇرۇشى كۈچلۈك غەزنەۋىلەر دۆلىتىنى كىچىك بەگلىككە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ ۋەيرانىسى ئۈستىدە ئۇلۇغ سالجۇقلار دۆلىتى تەشكىل تاپتى. ئوغۇزلارنىڭ باتۇر، جاسارەتلىك يېتەكچىلىرى بولغان توغرۇلبەگ، چاغرىبەگلەر يېڭىدىن تەشكىل تاپقان دۆلەتكە چوڭ دادىسى سالجۇقنىڭ نامىنى قويغان ئىدى. توغرۇلبەگ سالجۇقلار دۆلىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ قالدى. ئۇ ئىراننىڭ شىمالىدا رەي شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. توغرۇلبەگ غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، 1055-يىلى ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتنى بېسىۋالدى. توغرۇلبەگ خەلىپىگە قىلىچ تەگلەپ تۇرۇپ قۇتبىدا ئۆزىنىڭ نامىنىمۇ قوشۇپ ئوقۇشقا مەجبۇر قىلدى. مانا شۇنداق تارىخىي شارائىتتا ئىران، ئىراقتا ناھايىتى نۇرغۇن تۈركلەر (ئوغۇزلار) كۆچۈپ كەلدى. ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكى سالجۇقلار دۆلىتىگە قارام بولۇپ قالدى. سالجۇقلار سۇلتانى مالىكشاھ (1072-يىلدىن 1092) دەۋرىدە بىكەلىرىدىن بىرى تۈركان خاتۇن قەشقەردىن باغداتقا ياتلىق قىلىنغان. شۇ جەسۇر، ئەقىللىق ئۇيغۇر بىكەسى ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكىنى باشقۇرۇپ تۇرغان

بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا مەھمۇت قەشقەرى قەشقەردە خانلىق تەختىنى تالىشىپ قاراخانىلار ئەۋلادى ئىچىدە بىر-بىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشلەر يۈز بەرگەندە قەشقەردىن باغداتقا قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېيىلىدۇ، لېكىن سالجۇقى سۇلتانىغا ياتلىق قىلىنغان قەشقەرلىك قاراخانى بىكەسى تۈركان خاتۇننىڭ باغداتقا كېلىشىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇ ئۆزى بىلەن بىرگە مەھمۇت قەشقەرى قاتارلىق كىشىلەرنى بىللە

ئېلىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ باغداتقا كېلىشى ھەققىدە ئەنە شۇنداق قىياسلار مەۋجۇت.

ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناسلىقتىكى تىل سېلىشتۇرما ئۇسۇلىغا ئاساس سالغۇچى ئۆز زامانىسىنىڭ ئوتەپەككۇرى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»نى 1072 - يىلىدىن 1074 - يىللىرى، يېزىپ تاماملاپ، ئاباسىيلار خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئىبنى ئابدۇللاغا تەقدىم قىلغان. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئەسەردە تۈركى تىللاردىكى سۆزلەرنىڭ ئەرەپچە لۇغەت مەنىسىنى بايان قىلغان.

مەھمۇت قەشقەرى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆگىنىش مەقسىتىدە كەم دېگەندە 15 يىلچە (مارتىن ھارتمانىنىڭ مۆلچەرلىشىچە) سەپەردە بولغان. بۇ قىياس ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئالغان 20 نەچچە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى قىرغىزلار 11 - ئەسىردە ھازىرقى يەنەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدا ياشىغان بولسا، بەجەنەكلەر ھازىرقى دىنېپىر دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان. دېمەك شەرقتە يەنەي بويلىرىدىن تارتىپ غەربتە قارا دېڭىز بويلىرىغىچە سوزۇلغان چەكسىز زېمىندا ياشىغان تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىردىكى قاتناش شارائىتى بويىچە 10 نەچچە يىل ۋاقىتنىڭ سەرپ بولۇشى تەبىئىي. مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىغا قىلغان سەپەرلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەن، ماتېرىيال توپلىغان. ئۇ ئايرىم سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىنى كەڭرەك ۋە ئېنىقراق چۈشەندۈرۈش

ئۇچۇن ئۇزى توپلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرگەن.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرى ئىلىمنىڭ تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئېتنوگىرافىيە قاتارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى مۇھىم، قىممەتلىك ئەسەر.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر بىر نەچچە يۈز كۇپلېت قوشاق ھەم ماقال ـ تەمسىللەر بار، مەزمۇنى جەھەتتىن بۇ قوشاقلارنى مېھنەت مەۋسۇم، مەرسىيە، مۇھەببەت، مۇراسىم قوشاقلىرىغا ئايرىش مۇمكىن. تۆۋەندە مىساللار كەلتۈرىمىز:

ئەمگەك قوشاقلىرى: قوشاقلارنىڭ ناھايىتى قەدىم زاماز ـ لاردىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان تۈرلىرىدىن بىرى مېھنەت قوشاقلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر بىرى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۈزۈمدە يارىتىلغان مېھنەت قوشاقلىرى ئاشۇ ئىقتىسادىي، ئىجتىمـ ـائىي تۈزۈمگە مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى بىر قانچە مېھنەت قوشاق ـ لىرىدا باشلانغۇچ جامائە ئەنئەنىلىرى، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ بىرلىك ـ تە قىلغان مېھنىتى: مېھنەت جەريانلىرى كۆيلەنگىنىگە ئوخشاش؛ ئىجتىمائىي سىنىپىي ئايرىملىق ۋە ئاداۋەتلەرمۇ تەسۋىرلەنگەن. مېھنەت قوشاقلىرى ئېغىر مېھنەتنى يەڭگىللەشتۈرۈشكە، ھاردۇق چىقىرىشقا ۋە قەبىلە ياشلىرىنىڭ مېھنەتكە ئادەتلىنىشىگە ياردەم بەرگەن.

«تۈركى تىللار، دىۋانى» دىكى ئايرىم قوشاقلار ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېخانچىلىق ھاياتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇۋچىـ ـلىق ھاياتىدىكى قوشاقلاردا قەبىلەرنىڭ ئوۋ قىلىش ئۇسۇلى—

ئاتتا يۇرۇپ ئۇۋ قىلىش، ئۇۋ ۋاقتىدا ئىت ۋە ئۇۋ قۇشلىرىدىن پايدىلىنىش تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇۋ مېھنىتىگە بولغان مۇھەببىتى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى توتلىك قوشاقلاردا ئېنىق كورۇش مۇمكىن:

چاغرى بىرىپ قۇشلاتۇ،
تايغان ئىزىپ تىشلاتۇ،
تىلكى - توڭغۇز تاشلاتۇ،
ئاردام بىلەن ئوكرالىم.

مەزمۇنى:

قارچۇغا سېلىپ ئۇۋ قىلايلى،
تايغانلارنى ئىز قوغلىتىپ چىشلىتەيلى،
تۇلكە ۋە توڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرايلى،
پەزىلىتىمىز بىلەن ماختىنايلى.

بۇ توتلىك قوشاقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇۋچىلار قۇش ئۇۋلاش ئۈچۈن ئۇۋ قۇشى ۋە ئۇۋچى ئىتلاردىن پايدىلانغان. تۇلكە ۋە توڭگۇزغا ئوخشاش هايۋانلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئولتۇرگەن ۋە مېھنەت مۇۋاپپەقىيەتلىرى بىلەن پەخىرلەنگەن. يەنە بىر توتلىك قوشاقتا ئاتتا يۇرۇپ، ئۇۋچى ئىتلار ياردىمى بىلەن كىيىك تۇتۇش ۋە ئۇۋ مەھسۇلاتلىرىنى كوپەيتىشكە ئىنتىلىش ئىپادىلەنگەن. چارۋا ماللارنى تۇرلۇك يىرتقۇچ هايۋانلار- دىن ساقلاشتىمۇ ئۇۋچىلارنىڭ رولى چوڭ بولغان. ئۇلار چارۋا ماللارنى يىرتقۇچ هايۋانلاردىن هىمايە قىلغان. بۇ جەهەتتە ئۇۋچىنىڭ بورىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۇرىشىنى تەسۋىرلىگەن مەسىلەن:

كاچا تۇرۇپ يۇرۇر ئەردىم،
قارا ـ قىزىل بورى كوردۇم.
قاتىغ يانى قۇرا كوردۇم،
قويا كورۇپ باقۇ ئاغدى.

مەزمۇنى:
كېچىسى كېتىپ باراتتىم،
قارا ـ قىزىل بورى كوردۇم.
قاتتىق يانى (ئېتىشقا) ھازىرلاندىم،
بورى مېنى كورۇپ يۇقۇرىغا ئورلىدى.

ئوۋچى بورىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشنى داۋام
ئەتكۈزىدۇ:
ئۇزۇ بارىپ ئۇكوش ئەۋدىم،
تەلىم يۇرىب كۇچى گەۋدىم.
ئاتىم بىرلە تەگۇ ئەۋدىم،
مەنى كورۇپ يىنى ئاغدى.

مەزمۇنى:
بورىنىڭ ئىزىدىن ئالدىراپ ماڭدىم،
كوپ قوغلاپ كۈچىدىن كەتكۈزدۇم.
ئېتىم بىلەن يېتىشۋالدىم،
مېنى كورۇپ ئۇ، ھۇرپەيدى.

بۇندىن باشقا توتلىك قوشاقلاردا ئوۋچىنىڭ بورىگە
ئوۋئىتىنى قويۇپ بەرگىنى ۋە بورىنىڭ يېڭىلىشى تەسۋىرلەنگەن.
چارۋىچىلار چارۋا ماللىرىنى قوغداش ئۈچۈن كېچىلىرى

پايلاقچى قويغان، تىۋۋەندىكى قوشاقتا پايلاقچىلىق قىلىپ تاڭ ئاتقۇزغان ئوۋچىنىڭ سوزى بايان قىلىنغان:

قارۇ تونۇڭ كاچۇر سادىم،
ئاغىر ئۇنى ئۇچۇرسادىم.
ياتپىكانىڭ كاچۇرسادىم،
ساقىش ئىچرە كونوم توغدى.

مەزمۇنى:

قاراتوننى ئوتكۈزمەك بولدۇم،
ئېغىر ئويقۇنى قاچۇرماق بولدۇم.
ئىتكان (يەتتە قاراقچى يۇلتۇزى)نى قاچۇرماق بولدۇم،

مەن يۇلتۇزنى سانىماقتا ئىدىم، قۇياش چىقتى.

ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن بىر قاتاردا دىخانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك قەبىلىلەر ھاياتىنىڭ مۇھىم قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇندىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش لازىمكى، چارۋىچىلىقنىڭ ئۆزى دىخانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنىڭ ئوسۇشىگە زىمىن ھازىرلايدۇ. ف. ئېنگېلس ئېيتقاندەك: "...... ئوزاق ۋە قاتتىق قىش پەسلىگە يەم-خەشەك غەملەپ قويماستىن تۇرۇپ چوپانلىق ھاياتىنى كۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. دىمەك پىچانزارلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ۋە ھەرخىل دان تېرىش زورۇر ئىدى" («ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»).

مۇراسىم قوشاقلىرى: تويدا ۋە باشقا مۇراسىملاردا ئېيتىلىدىغان مەخسۇس قوشاقلار مۇراسىم قوشاقلىرى تۈرىگە كىرىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا جەڭ مەيدانىدا قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ ھالاك بولغان قەھرىمانلارغا بېغىشلانغان ماتەم قوشاق-

لىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق قوشاقتا قەبىلە باتۇرىنىڭ مەرتلىكى، غەيرىتى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى ماختىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى قەبىلە ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولغان. قەبىلىداشلارنىڭ قايغۇرۇشلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇنداق قوشاقلاردىن خاراكتېرلىكى ئالىپ ئەرتۇڭاغا بېغىشلانغان ماتەم قوشىقىدۇر.

پەسىل قوشاقلىرى ۋە تەسۋىرى شېئىرلار: يىل پەسىللىرى تەسۋىرىگە بېغىشلانغان قوشاقلار پەسىل (مەۋسۇم) قوشاقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا پەسىل قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر بار. پەسىل قوشاقلىرى بىلەن بىر قاتاردا تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان لىرىك شېئىرلار ھەم بار. بۇنداق شېئىرلارنى تەسۋىرى شېئىرىي مەنزىرە لىرىكىسى دەپ ئاتاش مۇمكىن.

قەدىمقى زامانلاردا كىشىلەر تەبىئەتنىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنى ياخشى چۈشەنمىگەن. يىلنىڭ بىر پەسلى ئۇلارنى ناھايىتى خۇشاللاندۇرسا، ئىككىنچى بىر پەسلى ئۇلارنى قايغۇغا سالغان. مەلۇمكى ياز پەسلى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئۈچۈن ياخشى ئىمكانىيەتلەر ياراتقان. قاتتىق قىش پەسلىدە يېتەرلىك ئوزۇق-ئوقەت ۋە يەم-خەشەك يىغىۋالمىغان قەبىلىلەر قاتتىق قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمقى كىشىلەر ياز ۋە قىشقا بىر خىل قارىماس ئىدى. ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىدا ياز پەسلى چوڭ سۆيۈنۈش ۋە مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەنسە، قىش تەسۋىرىگە بېغىشلانغان قوشاقلىرىدا يىل پەسىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قايغۇرۇش ۋە يازنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى قىشنىڭ باشلىنىشىدىن نارازىلىق كەيپىياتلىرى ئىپادىلەنگەن.

قوشاقلاردا قىش بىلەن ياز بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى قويۇلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قوشاقلاردا يەنە ئىنسانى پەزىلەت تەرغىپ قىلىنغان. ئار-نومۇس، مەرتلىك ۋە غەيرەت، ئەدەپ ۋە ئادەمگەرچىلىك ھۆرمەتلەنگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مىسال كەلتۈرۈلگەن قوشاق ۋە لىرىك شېئىرلار بارماق ۋەزنىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى 7 - 8 بوغۇملۇق. ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆپچىلىكىمۇ 7 - 8 بوغۇملۇق. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قوشاقلاردا تۆتلىكلەرنىڭ قاپىيە ئىسخېمىسى "a - a b"، "b - b - b - o" شەكلىدە بولۇپ، بۇ شەكىل ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق ئەھۋال ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن باشلانغانلىقىنى ۋە ئەڭ قەدىمقى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئايرىملىرىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئايرىم ماقال-تەمسىللەر بەزىبىر ئۆزگىرىشلەر بىلەن ياكى ئەينەن ھالدا ھازىرقى كۈندىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردا پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

قۇت بىلگۈسى بىلىك (بىلىم بەخت بەلگۈسىدۇر)، ئاش تاتىغى تۇز (ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن)، كېڭەشلىك بىلىك ئارتاماس (كېڭەشلىك توي بۇزۇلماس)، قورقنۇش كىشىگە قوي بېشى قوش كۆرۈنۈش (قورققانغا قوش كۆرىنەر)، ئىت ئىسرىماس، ئات تەپمەس دىمە (ئىتنى چىشلىمەس، ئاتنى تەپمەس دىمە).

مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىنى ئىككى يىل ئىچىدە يەنى 1072 - يىلىدىن 1074 - يىلىغىچە يېزىپ تۈگەتتى. لېكىن بۇنداق چوڭ ئەسەرنى يېزىپ تۈگىتىش ئۈچۈن ئىككى يىل ناھايىتى ئازلىق قىلىدۇ. بۇنداق قىسقا مۇددەتتە «دىۋان» دەك مۇھىم بىر ئەسەرنى يېزىپ چىقىشى ئۇنىڭ بۇ ئىشتا چوڭ تەييارلىقى ۋە تەجرىبىسى بولغان ئالىملاردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرى تۈركى خەلقلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، ئېتنوگرافىيىسىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى قىممەتلىك ئىلمىي بايلىق بولغاندىن تاشقىرى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىلمىي ئىشقا تۇتقان سەممىي، جاپالىق، ھەقىقى پوزىتسىيىسىمۇ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىزدۇر.

تۆۋەندە «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى قوشاق، تەمسىل، ماقالاردىن نەمۇنىلەر بېرىمىز:

### ئوۋ قوشىقى (1)

يىگىتلەرنى ئىشلەتۇ،
يىغاچ يېمىش ئىرغاتۇ.
قۇلان كىيىك ئاۋلاتۇ،
بازرام قىلىپ ئاۋنالىم.

(يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، ياغاچ-مېۋە ئىرغىتىپ، قۇلان كىيىك ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى.)

چاغرى بېرىپ قوشلاتۇ،
تايغان ئىزىپ تىشراتۇ.

تىلكى، توڭۇز تاشلاتۇ،
ئەردەم بىلەن ئوكرالىم.
(يىگىتلەرگە قارچۇغا بېرىپ قۇشلىتىپ، تايغانلارنى ئىز قوغلىتىپ چىشلىتىپ، تۈلكە ۋە توڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، پەزىلىتىمىز بىلەن ماختىنايلى.)

## ئوۋ قوشىغى (2)

كاچا تۇرۇپ يۇرۇر ئەردىم،
قارا-قىزىل بورى كوردۇم.
قاتىغ يانى قۇرا كوردۇم،
قويا كورۇپ باقۇ ئاغدى.
(كېچىسى كېتىپ باراتتىم. قارا-قىزىل بورى كوردۇم. قاتتىق يانى ئېتىشقا هازىرلاندىم، بورى مېنى كورۇپ قىبلىپ يۇقۇرىغا ئورلىدى.)
ئۇزۇ بارىب ئوكۇش ئەۋدىم،
تەلىم يۇرىب كۇچى گەۋدىم.
ئاتىم بىرلە تەگۇ ئەۋدىم،
مەنى كورۇپ يىنى ئاغدى.
(بورىنىڭ ئىزىدىن ئالدىراپ، ماڭدىم كوپ قوغلاپ كۇچىدىن كەتكۇردۇم، ئېتىم بىلەن يېتىشۋالدىم، مېنى كورۇپ ئۇ، هۇرپەيدى.)
ئۇتىم توتۇپ قۇزى چالدى،
ئانىڭ توسىن قىدا يۇلدى.
باشىن ئالىپ قۇزى سالدى،
بوغۇز ئالىپ توگەل بوغدى.

(ئەتەم ئۇنى تۇتۇپ يەرگە باستى، ئۇنىڭ تۈكلىرىنى يۇگىزلىدى. بېشىنى توۋەن ئەگدى. بوغۇزىدىن چىشلەپ بوغۇپ تاشلىدى.)

## ياز قوشاقلىرى

ياي باروبان ئەرگۈزى،
ئاقتى ئاقىن مۇندوزى.
توغدى يارۇق يۇلدۇزى،
تىڭلا سوزۇم كۆلگۈسوز.

(ياز كېلىپ قار-مۇز ئېرىدى. تاشقىنلاپ سەل ئاقتى ئاڭلا.)
(ھەم يورۇق يۇلتۇز تۇغدى، بۇسوزۇمنى كۆلمەستىن ئاڭلا.)

ئاغدى بۇلىت كوكرەيۇ،
ياغمور، تولى سەكرەيۇ.
قالتىق ئانى ئۇگرىيۇ،
قانچە بارىر بەلگۈسوز.

(گۈكىرەپ بۇلۇت كوتىرىلدى، يامغۇر-مولدۇر سەكرىدى.)
(شامال ئۇنى ھەيدىدى، نەگە بېرىشى بەلگىسىز.)

تۇرلۇك چىچەك يارىلدى،
بەرچىم يازىم قىرىلدى.
ئۇچماق يەرنى كورۇلدى،
قۇملۇغ يەنە كەلگۈسوز.

(خىلمۇ-خىل گۈل-چىچەكلەر ئېچىلدى، يىپەك گىلەم يېيىلدى. يەر كورۇندى، سوغاق ئەمدى كەلمەيدۇ.)

قۇش قۇرت قاموغ تىرىلدى،
ئەركەك تىشى تېرىلدى.
ئۇگۇر ئالىب تارىلدى،
يىنقا يەنە كىرگۈسۈز.

(بارلىق قۇش، قۇرتلار تىرىلدى، ئەركەك، چىشى يىغىلدى. توپ-توپ بولۇپ تارالدى، ئۇۋىغا قايتا كىرمەيدۇ.)

## باهار يامغۇرى

قار بۇز قاموغ ئارۇشىدى،
تاغلار سوۋى ئاقىشىدى.
كوكىشىن بۇلىت ئورۇشىدى،
قايغۇق بولۇپ ئىگىرىشۇر.

(قار-مۇزلار پۈتۈنلەي ئېرىدى، تاغلاردىن سۇلار ئېقىشقا باشلىدى. كوكۇش بۇلۇت كوتىرىلدى. ئۇ، خۇددى قېيىقتەك چايقىلىدۇ.)

قويدى بۇلىت ياغمۇرىن،
قېرىپ تۇتار ئاق تورىن.
قىرقا قۇزتى ئۇل قارىن،
ئاقىن ئاقار ئەگرە شۇر.

(بۇلۇت يامغۇرىنى توكتى، ئۇ ئاق تورىنى كېرىپ يايدى. تاغلار ئۇستىگە قار تاشلىدى، سەل-قېيان ئىگراپ ئاقتى.)

ئاي قوپۇب ئۇلەنۇب،
ئاق بۇلىت ئورلەنۇب.

بىر - بىر يۈزە ئۆكلۈنۈپ،
ساچلۇب سوۋى ئىگرەشۈر.

(ئاي چىقىپ قوتانلاندى، ئاپپاق بۇلۇت ئۇرلىدى، بولۇتلار بىر - بىرىگە مىنگەشتى، بۇلۇت ئىگراپ سۈيىنى چاچتى.)

ياغمۇر ياغىب ساچىلدى،
تۈرلۈك چىچەك سۇ چۇلدى.
ئىنجىر قابى ئاچىلدى،
چىندان، ئىپار يۇغىرۇشۇر.

(يامغۇر تامچىلاپ چېچىلدى، ھەر خىل گۈللەر ئۈنۈپ چىقتى. گويا ئۈنچە قېپى ئېچىلدى، سەندەل ۋە ئىپاردەك خۇش پۇراق چېچىلدى.)

## قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى

قىش ياي بىلە توقۇشتى،
قىڭىر كوزۇن باقىشتى.
تۇتۇشقالى ياقىشتى،
ئۇتغالىمات ئوغراشۇر.

(قىش بىلەن ياز توقۇنۇشتى (بىر - بىرىگە) يامان كوز بىلەن بېقىشتى. تۇتۇشماق بولۇپ يېقىنلاشتى. (ئۇلار) بىر - بىرىنى يېڭىشنى خالايدۇ.)

قىش يايغىدۇ سوۋلانۇر،
ئەر، ئات مەنىن ياۋرۇيۇر.
ئىكلەر يىمە ساۋرايۇر،

ئەت يەن تاقى تەگرىشۇر.

(قىش يارغا قاراپ ۋاقىرىدى: مەندە ئادەملەر ۋە ئاتلارنىڭ بەدىنى مۇستەھكەملىنىدۇ. ئاغرىق-سىلاق يوقىلىدۇ. (ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ) مۇسكۇللىرى قېتىپ قۇۋۋەت تاپىدۇ.)

تۇل قار قاموغ قىشنى ئىنەر،
ئاشلىغ، تارىغ ئانىن تۇنەر.
ياۋلاق ياغى مەندە تىنار،
سەن كېلىبان تىبرە شۇر.

(دايىم قىشتا قار ياغىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇغداي، تېرىق ئۈنىدۇ. مەندە يامان ياۋمۇ تىنجىپ قالىدۇ، سېنىڭ كېلىشىڭ بىلەن (ئۇلار يەنە) قوزغىلىدۇ.)

ياي قىش بىلە قارىشتى،
ئەردەم ياسىن قۇرىشتى.
چارىك تۇتۇپ كۆرۈشتى،
ئۇقتاغالى ئۇترو شۇر.

(ياز قىش بىلەن ئىتىلاشتى، ھۈنەر-سەنئەت ياسىنى بەتلەشتى. قوشۇن تارتىپ كۆرەشتى، ئوق ئېتىشقا ئىنتىلىشتى.)

سەندە قوپار چازانلار،
قوز غۇسىگەك يىلانلار.
دۆك مىڭ قۇيۇ تومەنلەر،
قۇزرۇك تىكىپ يوگرە شۇر.

(سەندە چايان، چىۋىن، پاشا ۋە يىلانلار مىڭلاپ-ئون-مىڭلاپ تىرىلىدۇ، قۇيرۇق كوتىرىپ يۈگرۈشىدۇ.)

بالچىق بالىق يۈغرۈلۈر،
چىغاي ياۋۇز يىغرىلۇر.
ئەرڭەكلەرنى ئوغرىلۇر،
ئوزغوچ بىلە ئەۋرشۈر.

(قىشتا لاي - پاتقاقلار قېتىپ قالىدۇ، كەمبەغەللەر ناھايىتى قىينىلىدۇ. (سوغاقتىن) بارماقلىرى سىقىرايدۇ، ئوت يېنىدا ئىسسىنىشىدۇ.)

سەندىن قاچار سۈندىلاچ،
مەندە تىنار قارغىلاچ.
تاتلىغ ئوتەر ساندۇۋاچ،
ئەركەك تىشى ئۈچراشۇر.

(سەندىن قۇشقاچمۇ قاچىدۇ، مەندە بولسا قالغاچ تىنىچ ياشايدۇ. بۈلبۈللار تاتلىق سايرايدۇ، ئەركەك چىشى جۈپلىشىدۇ.)

يىلقى يازىن ئاتلانور،
ئوتلاپ ئانىن ئەتلەنۇر.
بەگەر سىمىز ئاتلانور،
سەۋنۇپ ئوگۈر ئىسرىشۇر.

((يازدا) يەلقى ئات بولىدۇ، ئوتلاپ سېمىز ئەت ئالىدۇ. بەگلەر سېمىز ئات مىنىدۇ، (يىلقىلار) سۆيۈنۈپ چىشلىشىدۇ.)

## جەڭ قوشىغى (1)

قۇرۋى چۇۋاچ قۇرۇلدى،
توغۇم تىكىپ ئۇرۇلدى.

سۇسى ئۈتۈن ئۇرۇلدى،
قانچۇق قاچار ئۇل توتار.
((خانىنىڭ گۇنبەزلىك چىدىرى قۇرۇلدى، تۇغ-
ئەلەملەر تىكىلىپ، داقا - دۇمباق چېلىندى، دۈشمەن
خۇددى ئۈتەك ئۇرۇلدى، قەيەرگە قاچمىسۇن ئۇ ئاخىرى
تۇتۇلىدۇ.)
ئېرە ئارىغ ئۇرپەشۇر،
ئۆچىن، كەكىن ئىرتەشۇر.
ساقال تۇتۇپ تارتىشۇر
كوكسى ئارا ئوت تۇتار.
(باتۇرلار بىر - بىرسىگە قاراپ ھۆرپىيىشىپ، (ئۇلار)
بىر - بىرسىدىن ئۆچ، ئىنتىقام ئېلىشنى ئىستەيدۇ. سا -
قاللىرىدىن تۇتۇپ تارتىشىدۇ. (ئۇلارنىڭ) قەلبىدە غەزەپ ئوتى
لاۋۇلدايدۇ.)
ئالپلار ئارىغ ئالقىشۇر،
كۆچ بىر قىلىپ ئارقاشۇر،
بىر - بىر ئوزە ئالقاشۇر،
ئەزكەر مەزىپ ئوق ئاتار.
(باتۇرلار تازا قىرغىن قىلىشتى، كۈچلىرىنى بە-
رىكتۈرۈپ (بىر - بىرسىگە) تايانچ بولدى. بىر - بىرسىنى ماخ-
تىشىپ مەدەت بېرىشتى، ئولۇمدىن قورقماستىن ئوق ئېتىشتى.)
ئوپكەم كىلىپ ئوغرادىم،
ئارسلانلا يۆكۈكرەدىم.
ئالپلار باشىن توغرادىم،
ئەمدى مېنى كىم تۇتار؟

((دۈشمەنگە) ئاچچىغىم بىلەن تاشلاندىم، ئارسىلاندەك ھوكىرىدىم. باتۇرلارنىڭ بېشىنى كەستىم، ئەمدى مېنى كىم تۇتۇۋالالىسۇن.)

ئالدىپ ئېرەننى ئۇزۇردۇم،
بويىنىڭ شانىڭ قازىردىم.
ئالتۇن كۈمۈش يۇزۇردۇم،
سۇسى قالىن كىم ئوتەر؟

(باتۇرلارنى تىرې-پېرەن قىلىۋەتتىم، بويۇنلىرىنى قايرىدىم، ئالتۇن كۈمۈشلىرىنى يىغىۋالدىم، ئۇنىڭ شۇنچىلىك زىچ قوشۇنىدىن كىممۇ بوسۇپ ئوتەلەيتتى؟!)

توقىش ئىچرە ئۇرۇشتۇم،
ئۇلۇغ بىرلە قارىشتىم،
توگۈز ئاتتىن يارىشتىم.
ئەيرىم: ئەمدى ئال ئۇتار!

(دۈشمەننىڭ) چوڭى بىلەن تىركەشتىم، قاشقا ئات بىلەن ھۇجۇم قىلدىم. "ئال بونى ئۇتار"① دەپ (ئوق ئاشتىم).

ئەمدى ئۇزىن ئۈزىندى،
كېدىن تەلىم ئوكوندى.
ئەل بولغالى ئىگەندى،
ئانداغ ئەرنگ كىم ئوتار.

((دۈشمەن) ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى، ئەل بولۇشقا كونىمگەنلىكىگە بەك پۇشايمان قىلدى. بۇنداق ئەرنى مەندىن باشقا كىم يېڭەلەيتتى؟!)

---

① ئۇتار — ئادەم ئىسمى

تابدۇ ماڭا ئىلىندى،
ئەمگەك كەرۇ ئۇلىسىندى.
قىلمىشىڭغا ئىلەندى،
تۇتقۇن بولۇپ ئۇل قاتار.

(تاپدۇ ① ماڭا ئەسىر بولدى، جاپا - مۇشەققەتتە جىنىدىن تويدى. قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى، تۇتقۇن بولۇپ ئەلەم تارتتى.)

كەلدى بەرۇ ئارتۇرۇ،
بەردى ئىلىن ئارتۇرۇ.
مۇندا تالىپ ئولتۇرۇ،
بۇگرى بولىپ ئۇن بۇتەر.

((ئۇ) بۇ ياقىقا ھەددىدىن ئېشىپ كەلگەن ئىدى، ئەمدى ئۆزى ئىلىنى ئۇستەك بەردى. ئۆزى بولسا بۇ يەردە تۇتقۇن بولۇپ ئولتۇردى، ئۈنى پۈتۈپ، مۈكچىيىپ قالدى.)

## جەڭ قوشىغى (2)

كەلدى ماڭا تات
ئەيرىم ئەمدى يات،
قوشقا بولۇپ ئەت،
سىنى تىلەر ئوس بورى.

(ئالدىمغا بىر تات② كەلدى، (ئۇنىڭغا) سەن ئەمدى بۇ يەردە يات، قوشقا ئوزۇق بول، سىنى قوماي بورىلەر كۈتۈۋا -

① تاپدۇ — ئادەم ئىسمى
② تات — غەيرى قەبىلە ۋە خەلقلەر.

تىدۇ — دىدىم.)

كورۇپ نەچۇك قاچمادىڭ،
يامار سوۋىن كەچمەدىڭ.
تاۋارىڭنى ساچمادىڭ،
يېسۇن سېنى ئار بورى.

(مېنى كورۇش بىلەن نىمىشقا قاچمىدىڭ؟ يامار سۈيىنى نىمىشكە كەچمىدىڭ؟ نىمىشقا ماللىرىڭنى چاچمىدىڭ؟ ئەمدى سېنى چىل بورى يېسۇن.)

## جەڭ قوشىغى (3)

بەچكەم ئۇرۇپ ئاتلاقا،
ئۇيغۇر داقى تاتلاقا.
ئوغرى ياۋۇز ئىتلاقا،
قۇشلار كەبى ئۇچتىمىز.

(ئاتلارغا بەلگە تاقاپ، ئۇيغۇر (يېرىدىكى) تاتلارغا — ئوغرى ۋە ياۋۇز ئىتلارغا قارشى خۇددى قۇشتەك ئۇچتۇق.)

قۇدرۇق قاتىغ تۇگدۇمىز،
تەڭرىگ ئوكۇش ئوگدۇمىز.
كەمشىپ ئاتىغ تەگدىمىز،
ئالداپ يانا قاچتىمىز.

((ئاتلارنىڭ) قۇيرۇقلىرىنى قاتتىق تۈگدۈك، تەڭرىنى كوپ ماختىدۇق. ئاتلارنى ئۆزەڭگۈ بىلەن تەپتۇك، (دۈشمەننى ئالداپ كەينىمىزگە قاچتۇق.)

تۈنلە بىلە باستىمىز،
تەگمە ياڭاق يۇستىمىز.
كەسمەلەرنى كەستىمىز،
مىڭلەپ ئەرنى بىچتىمىز.

(كېچىسى بېسىپ باردۇق، ھەر تەرەپتىن يوشۇرۇنۇپ كىر - دۇق. ھەتتا ئاتلارنىڭ يايلىلىرىنى كەستۇق، مىڭلاپ ئادەملىرىنى سويدۇق.)

كەلىگىمىز لەيۇ ئاقىتىمىز،
كەندىلەر ئۈزە چىقتىمىز.
فۇرخەن ئېۋىنى يىقتىمىز،
بۇرخان ئۈزە سىچتىمىز

(كەلكۈندەك ئېقىپ كەلدۇق، قەلئەلەر ئۈستىگە چىقتۇق. بۇتخانىلارنى چېقىپ يىقتۇق، بۇتلار ئۈستىگە تەرەت قىلدۇق.)

## مەرسىيە (1)

ئالىپ ئەرتونگا ئۆلدىمۇ؟
ئېسىز ئاژۇن قالدىمۇ؟
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

(باتۇر ئەرتونگا ئۆلدىمۇ؟ ۋاپاسىز دۇنيا ئۇندىن قالدىمۇ؟ پەلەك ئۇچىنى ئالدىمۇ؟ بۇ قايغۇدىن يۈرەك باغرىمىز يىرتىلماقتا.)

ئۆزلەك ياراغ كۈزەتتى،
ئوغرى تۇزاق ئۈزاتتى.
بېگلەر بېگىن ئازىتتى،

قاچسا قالى قۇرتۇلۇر.

(زامان پۇرسەت كۈتەتتى، (ئۇنىڭغا) يوشۇرۇن تۇزاق قۇردى. بەگلەرنىڭ بېگىنى خورلىدى، (ئۇنىڭدىن) قېچىپ قۇ - تۇلالىسۇن.)

ئۇزلەك قامۇغ كۆۋرەدى،
ئەردەم ئارىغ ساۋرادى.
يۇنچىغ، ياۋۇز تۇۋرادى،
ئەردەم بېگى جارتىلۇر.

(زامان پۇتۇنلەي ئازدى، پەزىلەت، پاكلىق كېمەيدى. يامانلار، ياۋۇزلار قۇتردى، (چۈنكى) پەزىلەت ئىگىسى يوقالدى.)

ئۇركەيۇگى مۇنداق ئۇق،
مۇندا ئازىن تېڭداغ ئۇق.
ئاتسا ئاژۇن ئوغداپ ئۇق،
تاغلار باشى كەرتىلۇر.

(زامانىنىڭ ئادىتى مۇشۇنداق، بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبى بار. دۇنيا ئوق ئاتسا، تاغلارنىڭ بېشىمۇ كېسىلىدۇ.)

بەگلەر ئاتىن ئارغۇرۇپ،
قازغۇ ئانى تۇرغۇزۇپ.
مەڭزى يۇزى سارغارىپ،
كۇركۇم ئاڭا تۇرتۇلۇر.

(بەگلەر ئاتلىرىنى هارغۇزدى، قايغۇ ئۇلارنى جۇدىتىۋەتـ - كەن ئىدى. مەڭزى - يۇزى سارغىيىپ خۇددى زەپىران سۇر - تۇلگەندەك بولدى.)

ئۇلىشىپ ئېرەن بورلەيۇ،
يىرتىن ياقا ئۇرلا يۇ.

سقىرىپ ئۈنى يۇرلايۇ،
سىلتاپ كوزى ئۇرتۇلۇر.
(كىشىلەر) بورىدەك ھۇۋلاشتى. ياقىلىرىنى يىرتىشىپ ۋاقىراشتى. گويا ئۇشتەك ئاۋازىدەك ئىڭراشتى. قاتتىق يىغلاپ (ياشتىن) كوزى ئۇرتەندى.

## مەرسىيە (2)

ياغى ئوتىن ئۇچۇرگەن،
تويدىن ئانى كوچۇرگەن.
ئىشلار ئۇزۇپ كەچۇرگەن،
تەگدى ئۇقى ئولدۇرۇ.

((ئۇ) دۇشمەن ئوتىنى ئۇچۇرگەنتى، ئۇلارنى لەشكەرگاھ-تىن قوغلاپ چىقارغانتى. ئېغىر ئىشلارنى بېشىدىن كەچۇر-گەنتى، بىراق (ئۇنىڭغا) ئەجەل ئۇقى تېگىپ ئولتۇردى.)

تۇرغان ئۇلۇغ ئىشلاقا،
تېرگى ئۇرۇپ ئاشلاقا.
قۇملۇغ قادىر قىشلاقا،
قوزتى ئەرىگ ئۇمرۇرۇ.

((ئۇ) ئۇلۇغ ئىشلارغا چىدام بەرگەن ئىدى. قاتتىق قىشلاردىمۇ داستىخىنى يېمەك-ئىچمەككە مول ئىدى، (شۇنىڭ بىلەن) كىشىلەرنى ئۇمىتلەندۇرگەن ئىدى.)

ئەردى ئاشىن تاتۇرغان،
ياۋلاق ياغىغ قاچۇرغان.

ئوغراق سۇسىن قايتارغان،
باستى ئولۇم ئاختارۇ.

((ئۆكسشىلەرگە) ئاش تارتقان ئىدى. يامان دۇشمەنلەرنى قاچۇرغان ئىدى، ئوغراقلارنىڭ قوشۇنىنى قايتۇرغان ئىدى، (بىراق ئۇنى) ئولۇم يەرگە يىقىتتى.)

## شاراپ قوشىغى

كوگلەر قاموغ تۇزۇلدى،
ئىۋرىق ئىزىش قوزۇلدى.
سەنسىز ئۇزۇم ئوزەلدى،
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم.

(سازلار تەڭشەلدى، ئىۋرىق، قەدەھلەر تىزىلدى. سەنسىز كوڭلۇم يېرىم بولدى، تېزكەل، تېچ ئوينايلۇق.)

ئىۋرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كوزلەيۇ.
ساقىنچ كوزى كىزلەيۇ،
تۇن، كۇن بىلە سەۋنەلىم.

(ئىۋرىق بويىنى غازغا ئوخشايدۇ، لىق تولغان قەدەھلەر كوزگە ئوخشايدۇ. قايغۇ گويا ئۇنىڭ تېگىگە كومۇلدى، تۇنۇ-كۇن شاتلىنايلۇق.)

ئوتتۇز ئىچىپ قىقرالىم.
يوقار قوبوب سەكرەلىم،
ئارسلانلا يۇ كوكرەلىم،
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم.

(ئۈچ قېتىم ئىچىپ ۋاقىرايلى، پەرۋاز قىلىپ سەكرەيلى.
ئارسلاندەك ھوكىرەيلى. قايغۇ قاچتى ئەمدى سۆيۈنەيلى.)

## مەدھىيە

تەركەن قاتۇن قۇتىغا،
تەڭرمەندىن قۇشۇخ.
ئايغىل سىزنىڭ تابۇغچى،
ئۇتنۇر يېگى تابۇغ.

(مەلىكە تۈركەن خوتۇنغا مەندىن شېئىر يەتكۈز: سىزنىڭ
خىزمەتكارىڭىز سىزدىن يېڭى خىزمەت كۈتىدۇ — دىگىن.)

ئۆرۈش ئاژۇن بوسۇغىن،
قىلمىش ئانى بالىغ.
ئەم-سىم ئاڭارتىلەنىب،
سىزدە بولۇر ياقىغ.

(زامان تۈزاق قۇرۇپ، ئۇنى يارىلاندۇردى. ئۇ سىزدىن
داۋالاشنى تىلەيدۇ، پەقەت سىزدىنلا شىپا تاپىدۇ. (دەپ ئېيت.))

تۇتچى ياغار بۇلىت،
ئالتۇن تامار ئارىغ.
ئاقسا ئانىڭ ئاقىنى،
قانچى مىڭىڭ قانىغ.

(ئۇنىڭ شەپقەت بۇلۇتىدىن دائىم ئالتۇن ياغىدۇ. ئۇنىڭ
ئېقىنى ماڭا ئاقسا، شاتلىقتا چۆمۈلىمەن (ئارمىنىم قانىدۇ.))

## مۇھەببەت قوشاقلىرى

باردى كوزۇم يارۇغى،
ئالدى كوزۇم قونۇقى.
قاندا ئەرنىچ قانىقى،
ئەمدى ئۇزىن ئۇزغۇرۇن.

(كوز نۇرۇم كېتىپ قالدى، مېنىڭ جېنىمنىمۇ ئېلىپ كەتتى. ئۇ ھازىر قەيەردە ئىكەن؟ ئەمدى مېنىڭ ئۇيقۇم بۇزۇلار. (ماڭا ئۇيقۇ بەرمەيدۇ.))

ئۇزىك مېنى قومىتتى،
ساقىنچ ماڭا يۇمۇتتى.
كوڭلۇم ئاڭار ئەمىتتى،
يۇزۇم مېنىڭ سارغارۇ.

(ئىشقى ئوتى مېنى ھاياجانغا سالدى، قايغۇ ماڭا يېپىشتى. كوڭلۇم ئۇنىڭغا باغلاندى، مېنىڭ چىرايىم سارغايدى.)

يىغلاپ ئۇزو ئارتادىم،
باغرىم باشتىن قارتادىم.
قاچمىش قۇتۇغ ئىرتەدىم،
يامغۇر كۇنى قان ساچار.

(يىغلاپ كەينىدىن ئاختۇردۇم، قەلبىم يارىسىنى قايتىدىن قوزغىدىم. قاچقان بەختىمنى ئىزلىدىم، كوزۇمدىن يامغۇردەك قان چېچىلدى.)

بۇلنار مېنى ئۇلاس كوز،
قارا مەڭىز قىزىل يۇز.

ئاندىن تامار تۇگەل تۇز،
بۇلناپ يەنە ئۇل قاچار.
(ئەسىر قىلدى خۇمار كوز، قارا مەڭلىك ھىرىل يۇز،
ئۇنىڭدىن پۇتۇنلەي گۇزەللىك ياغار، مېنى ئەسىر قىلدىيۇ —
ئۇزى قاچتى.)
يالقۇن ئانىڭ كوزى،
يەلكىن ئانىڭ ئۇزى.
تولۇن ئايىن يۇزى،
يەردى مېنىڭ يۇرەك.
(ئۇنىڭ كوزى جادۇ كوز. ئۇنىڭ ئۇزى مۇساپىر، ئۇنىڭ
يۇزى تولۇن ئاي، (ئۇ)مېنىڭ قەلبىمنى ياردى.)
ئىگلەدى مېنىڭ ئازاق،
كورمەزىپ ئۇغرى تۇزاق.
ئىكلەدىم ئاندىن ئۇزاق،
ئەملەگىل ئەمدى تۇزاق.
(يوشۇرۇن تۇزاقنى كورمەي، ئۇنىڭغا ئايىغىم ئىلىندى.
(شۇنىڭ بىلەن) ئۇزۇن مۇددەت كېسەل بولدۇم. ئەمدى مېنى
داۋالىغىن، ئەي گۇزەل!)
ئاۋلاب مەنى قويماغىز،
ئايىق ئايىب قايماغىز.
ئاقار كوزۇم ياش تەگىز،
تەگرە يۇرە قۇش ئۇچار.
(كوڭلۇمنى ئەسىر قىلغاندىن كېيىن تاشلاپ كەتمەڭ.
بەركەن سوزىڭىزدىن ياناڭ، كوز ياشلىرىم دېڭىزدەك ئاقماقتا.
ئۇنىڭ ئەتراپىدا قۇشلار ئەگىشىپ يۇرۇشىدۇ.)

يوكنۇپ ماڭا ئىملەدى،
كوزۇم ياشىن ياملادى.
باغرىم باشىن ئەملەدى،
ئەلكىن بولۇپ ئول كوچەر.

(ئىگىلىپ ماڭا ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كوز ياشلىرىمنى ئېرتتى. باغرىم يارىسىنى داۋالىدى. بىراق، ئۇ مۇساپىر بولۇپ كېتىپ قالدى.)

## تەبەت مەنزىرىسى

ياراتتى ياشىل جەش،
ساۋۇردى ئورۇگ قاش.
تىزىلدى قارا قۇش،
تۇن كۇن ئوزە پۇركەنۇر.

(ئاسمان خۇددى زۇمرەتتەك (گۈزەل) يارىتىلدى-يۇ، (ئۇستىگە) يۇرۇڭقاش (پارچىلىرى) چېچىلدى ۋە قارا قۇش (توروزامىزان) يۇلتۇزى تىزىلدى. تۇن (پەردىسى) كۇن ئۇستىگە يېپىلدى.)

ئىتىل سۇۋى ئاتا تۇرۇر،
قاياتۇبى قاقا تۇرۇر.
بالىق تېلىم باقا تۇرۇر،
كولنىڭ ناقى كۇشەرۇر.

(ئىتىل سۇيى ئاقماقتا، قىيا (تاشلارغا) ئۇرۇلماقتا. ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان كولچەكلەردە كوپلەپ بېلىق ۋە پاقىلار پەيدا بولماقتا.)

## پەندى - نەسىھەتلەر

ئەردى ئۆزا ئېرەنلەر،
ئەردەم بېگى بىلىگ تاغ.
ئايدى ئوكۇش ئوگۈتلەر،
كوڭلۈم بولۇر ئاڭار ساغ.

(ئىلگىرى پەزىلەت ئېگىلىرى، ئېلىم تېغىدەك كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار كوپ نەسىھەتلەر قىلغان ئىدى، شۇلاردىن كوڭلۈم يورۇيدۇ.)

ئالغىل ئوگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلگىك ئۇلە.

(ئەي ئوغۇل، مېنىڭ نەسىھىتىمنى قۇلاقتا تۇت، پەزىلەت تىلە، ئەل ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم بول، بىلىمىڭنى تارقات.)

بىلگە ئەرىگ ئېزگۈ تۇتۇپ سوزىن ئىشت،
ئەردەمنى ئوز رەنىبەن ئىشقا سورا.

(بىلىملىك كىشىلەرنى ھورمەتلەپ، سوزىنى ئاڭلا. پەزىلىتىنى ئوگىنىپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇر.)

ئەردەم تىلە ئورگەنىن بولما كۆۋەز،
ئەردەمسىزىن ئوكۇنسە ئېڭمە كۆزە ئېڭىر.

(ئىلىم - ھىكمەت ئىزلە، ئۆگىنىشتە مەغرۇرلانما، نادان كىشى ماختانسا سىناقتا لەت بولىدۇ.)

ياغى ئەرۇر يالڭۇقنىڭ ناگى تاۋار،
بىلىگ ئەرى ياغىسىن مەلىك سەۋەر.

(مال - دۇنيا ئىنسانىنىڭ دۈشمىنى ئىرۇر، بىلىملىك ئەر

دۈشمەننى قانداقمۇ سويسۇن ؟!)

قولداش بىلله ياراشغىل، قارشىب ئادىن ئۆدۈرمە،
بەك تۇت ياۋاش تاقاغۇ، سۇۋلىن يازىن ئەدىرمە.

(قولدىشىڭ بىلەن ياخشى ئۆت، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىپ باشقىلارغا كوز سالما. ئويدىكى يۇۋاش توخۇنى چىڭ تۇت، دالىدىكى قىرغاۋۇلنىڭ پېيىگە چۈشمە.)

قىشقا ئېتىن كەلسە قالى قۇتلۇغ ياي،
تۈن-كۈن كىچە ئالقىنۇر ئۆزلەك بىلە ئاي.

(بەركەتلىك ياز كەلسە قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىل، كۈن ۋە تۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋاقىت ۋە ئايلار تۈگەيدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ.)

قاردۇنى يىنجۇ ساقىنماڭ،
تۆزغۈنى مانجۇ سېزىنمەك.
بولمادىق نەڭگە سېۋىنمەك،
بىلگەلەر ئانى يېرار.

(شۇرمەلنى مەرۋايىت سانىماڭ، ھەدىيەنى ئېمىش ھەققى ھېساپلىماڭ، بولمىغان نەرسىگە خۇشال بولماڭ. دانالار ئۇنى رەت قىلىدۇ.)

كوركلۈگ تونۇغ ئۆزۈگكە،
تاتلىغ ئاشىغ ئازىنقا.
تۇتغىل قونۇق ئاغىرلىغ،
يازسۇن جاۋىڭ بوزۇتقا.

(چىرايلىق كىيىم ئۆزەڭگە، شېرىن تائام ئۆزگىگە، مېھمانلارنى ھۆرمەتلە، نامىڭ خەلق ئىچىگە يېيىلسۇن.)

## ماقال - تەمسىللەر

تىلكۇ ئۆز ئىنىگە ئۈرسە ئۆزۈر بولۇر.
(تۈلكە ئۆز ئۇۋىسىغا قاراپ ھۇۋلىسا قوتۇر بولۇر.)
ئىچە يىتىك بىچاق ئىرسە ئۆز سابىن يونۇماس.
(پىچاق ھەر قانچە ئۆتكۈر بولغىنى بىلەن ئۆز سېپىنى يونالمايدۇ.)

تاغىغ ئۇقرۇقىن ئېگمەس، تېڭىزنى قايغىقىن بوكمەس.
(تاغ ئارقان بىلەن ئېگىلمەيدۇ، دېڭىز قېيىق بىلەن يېپىلمايدۇ.)

ئارپاسىز ئات ئاشۇماس، ئارقاسىز ئالىپ چېرىك سىيوماس.
(ئارپاسىز ئات قىر ئاشالمايدۇ، ياردەمچىسىز باتۇر جەڭدە يېڭەلمەيدۇ.)

ئالىپ چېرىكدە، بىلگە تىزىكدە.
(باتۇر جەڭ مەيدانىدا سىنىلىدۇ، دانا مەجلىستە بىلىنىدۇ.)

قۇش قاتناتىن، ئەر ئاتىن.
(قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن.)

ياغىنى ئاشاقلاسا باشقا چىقار.
(دۈشمەننى سەل چاغلىساڭ، بېشىڭغا چىقىدۇ.)

بىر قاغا بىرلە قىش كەلمەس.
(بىر قاغىنىڭ كەلگىنى بىلەن قىش بولمايدۇ.)

تاغ تاغقا قاۋۇشماس، كىشى كىشىگە قاۋۇشۇر.
(تاغ بىلەن تاغ قوشۇلماس، ئادەم بىلەن ئادەم

قوشۇلار.)

ئاش ئاتۇغى تۇز.

(ئاشنىڭ تەمى تۇزدا.)

قۇت بەلگۇسى بىلىگ

(بەختنىڭ بەلگىسى بىلىم.)

قورقىمىش كىشىگە قوي باشى قوش كورۇنۇر.

(قورققانغا قوينىڭ بېشىمۇ قوش كورۇنىدۇ.)

تۇلۇم ئانۇتسا، قۇلۇن بولۇر،

تۇلۇم ئۇنۇتسا بولۇن بولۇر.

(قورال ھازىرلىغان كىشى قۇلۇن تاپىدۇ، قورالنى يوقاتقان كىشى ئەسىر بولىدۇ.)

ئۇرى قوبسا ئۇغۇش ئاقلىشۇر، ياغى كەلسە ئىمرەن تەبرەشۇر.

(پەريات كوتىرىلسە، ئۇرۇق - تۇققانلار يىغلار، دۇشمەن كەلسە ھەممە تەڭ قوزغىلار.)

ئەمگەك ئەكىندە قالماس.

(مېھنەت بوشقا كەتمەيدۇ.)

ئۇلا بولسا يول ئازماس، بىلىگ بولسا سوز يازماس.

(بەلگە بولسا كىشى يولدىن ئاداشمايدۇ، بىلىمى بولسا سوزدىن ئاداشمايدۇ.)

ئۇما كەلسە قوت كىلەر.

(مېھمان كەلسە بەخت كېلىدۇ.)

ئوغلاق يىلىكسىز، ئوغلان بىلىكسىز.

(ئوغلاق ئىلىكسىز كېلىدۇ، بالا بىلىمسىز.)

ئاۋچى نېچە ئال بىلسە، ئازىغ ئانچا يول بىلىر.

(ئۆۋچى قانچە ھىلە بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە
يول بىلىدۇ.)

ئۆكۈز ئازاقى بولغىنچا، بۇزاغۇ باشى بولسا يىگ
(ئۆكۈزنىڭ ئايىغى بولغىچە، موزاينىڭ بېشى
بولغان ياخشى.)

ئالىن ئارسلان تۇتار، كوچىن ئۇيۇق تۇتماس.
(ھەم بىلەن ئارسلان تۇتۇلىدۇ، كۈچ بىلەن قاراد-
چۇقنىمۇ تۇتقىلى بولمايدۇ.)

ئەرك ئېرنى ياغلىق، ئەرمەگۇ باشى قانلىق.
(تىرىشچان كىشىنىڭ لېۋى ياغلىق، ئېرىنچەكنىڭ
بېشى قانلىق.)

ئىت ئىسىرماس، ئات تەپمەس تېمە.
(ئىتنى چىشلىمەيدۇ دېمىگىن، ئاتنى تەپمەيدۇ.)

كىشى ئالىسى ئىچىن، يىلقى ئالاسى تاشىن.
(ئادەم ئالىسى ئىچىدە، يىلقىنىڭ ئالىسى تېشىدا.)

ئەردەم باشى تىل
(ئەخلاق، پەزىلەتنىڭ بېشى تىل.)

ئوت تۈتۈنسىز بولماس، يىگىت يازۇقسىز بولماس.
(تۈتۈنسىز ئوت بولمايدۇ، نۇقسانسىز يىگىت.)

سابانىدا ساندىرىش بولسا، ئورۇتگۇندە ئىرتەش
بولماس.
(يەر ھەيدىگەندە پۇختا مەسلىھەت بولسا، خاماندا
جاڭجال بولمايدۇ.)

بار باقىر، يوق ئالتۇن.
(بار مىس (قەدىرسىز)، يوق ئالتۇن (قەدىرلىك)).

يازىداغى سۆۋلىن ئىمزەرگەلى، ئېۋدەگى تاقاغۇ ئېچغىنا.

(قىرغاۋۇل ئۇۋىسىغا چىققىمەن دەپ، ئۇيدىكى توخۇدىن ئايرىلما.)

بورىنىڭ ئورتاق، قوزغۇنىڭ يىغاچ باشىدا

(بورىنىڭ تەڭ شىرىك، قوزغۇنىڭ تېرەك بېشىدا.)

ياقا داكى يالغا غالى ئىلىكدەگى ئېچغىنۇر.

(ياقىدىكى ئاشنى يالايمەن دەپ قولىدىكىدىن ئايرىلىدۇ.)

بۇتۇن ئۇملۇك قانچە بولسا ئولتۇرۇر.

(ئىتنى پۇتۇن ئادەم خالىغانچە ئولتۇرىدۇ.)

قۇتسۇز قۇزۇققا كىرسە قوم ياغار.

(بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە، قوم ياغىدۇ.)

يىغاچ ئۇچىڭايىل تېگىر، كوركلىك كىشىگە سوز تېگىر.

(تېرەك ئۇچىغا شامال تېگىدۇ، چىرايلىق، ياخشى كىشىگە سوز تېگىدۇ.)

يازاغ ئاتى چارۇق، كۆچى ئازۇق.

(پىيادىنىڭ ئېتى چورۇق، كۈچى ئوزۇق.)

قورۇق قاشۇق ئاغىزقا ياراماس، قورۇق سوز قولاققا ياقىشماس.

(قورۇق قوشۇق ئېغىزغا ياقمايدۇ، قورۇق سوز قولاققا.)

ئالىمچى ئارسلان، بىرىمچى سىچقان.

(ئالغۇچى ئارسلان، بەرگۈچى (قەرزدار) چاشقان.)

بېشىن ئەرەنگەك تۈز ئېرىمەس.

(بەش قول تەكشى ئەمەس.)

تېزەك قاردا ياتماس، ئەزگۈ ئېسىز قاتماس.

(تېزەك قاردا ياتمايدۇ، يامان ياخشى بىلەن بىرلىشەلمەيدۇ.)

قەرىق يىلقا تەگمىن باي جىغاي تۈزلەنۈر.

(قىرىق يىلدا باي بىلەن كەمبەغەل تەڭلىشىدۇ.)

كۆنگە باقسا كوز قامار.

(كۆنگە قارىساڭ، كوزۇڭ قامىشىدۇ.)

قۇزۇغدا سۇۋ بار، ئىت بۇرنى تەگمەس.

(قۇدۇقتا سۇ بولسىمۇ، ئىتنىڭ بۇرنى تەگمەيدۇ.)

بالىق سۇۋدا، كوزى تاشىن.

(بېلىق ئوزى سۇدا، بىراق كوزى سىرتتا.)

ئېۋدەگى بۇزاغۇ ئوكۈز بولماس.

(ئويدىكى موزاي ئوكۈز بولمايدۇ.)

سىناماسا ئارىسقار، ساقىنماس ئۇتسۇ قار.

(سىنىمىسا ئادەم ئالدىنىدۇ، مولچەرلىمىسە ئۇتتۇرىدۇ.)

كېڭەشلىك بىلىك ئۈزرەشۈر،
كېڭەشسىز بىلىك ئوپراشۇر.

(مەسلىھەتلىك ئىش راۋاج تاپىدۇ،
مەسلىھەتسىز ئىش بۇزۇلىدۇ.)

ئوتوغ ئۇزغۇچ بىرلە ئوچۇرمەس

(ئوتنى يالقۇن بىلەن ئوچۇرگىلى بولمايدۇ.)

ئېتىلى تىرىگاقلى ئېزىرماس

(گوش بىلەن تىرناق ئاجرالماس.)
قالدىن قۇلان چوپغاسىز بولماس.
(قۇلان پادىشاسى يولباشچىسىز بولمايدۇ.)
تاۋغاچ خانىنىڭ تۇرقۇسى تەلىم، تىگلە مەزىب بىچماس.
(چىن خانىنىڭ تاۋار-دۇردۇنى كوپ بولسىمۇ، ئۇلچەمەي كەسمەيدۇ.)
كۇزەگۇ ئۇزۇن بولسا، ئىلىك كويمەس.
(كوسەي ئۇزۇن بولسا، قول كويمەيدۇ.)
ئاتان يۇكى ئاش بولسا، ئاچقا ئاز كورۇنۇر.
(بىر توگىنىڭ يۇكى يىمەك-ئىچمەك بولسىمۇ، ئاچ ئادەمگە ئاز كورۇنىدۇ.)
ئاشىچ ئايۇرتۇبۇم ئالتۇن، قامىچ ئايۇرمەن قايدامەن.
(قازان تۇۋىم ئالتۇن دىسە، چومۇچ مەن نەدە ئىدىم — دەپتۇ.)
ئوت تىپسە ئاغىز كويمەس.
(ئوت دىگەن بىلەن ئېغىز كويمەيدۇ.)
تىرىگ ئىسەن بولسا تاڭ ئوكۇش كورۇر.
(ئادەم ئولمىسە، كوپ قىزىق ئىشلارنى كورىدۇ.)
ئاي تولۇن بولسا، ئېلىگدىن ئىملەمەس.
(تولۇن ئاينى قول بىلەن كورسىتىشنىڭ ھاجىتى يوق.)
ئاچ نە يىمەس، توق نە تىمەس.
(ئاچ نىمە يىمەيدۇ، توق نىمە دىمەيدۇ.)
قاز قوپسا، ئوردەك كولىگ ئىگەنۇر.
(غاز قوزغالسا، كولنى ئودەك ئىگەللەيدۇ.)

ئىككى بۇغرا ئىگە شۇر، ئوترا كوكەگۈن يانچىلۇر.

(ئىككى بوغرا سوقۇشسا، ئارىدا كۆكۈيۈن يەنچىلىدۇ.)

قۇرۇغ يىغاچ ئىگىلمەس، قۇرمىش قىرىش تۈگۈلمەس.

(قۇرۇق ياغاچ ئىگىلمەيدۇ، قۇرۇغان كىرىچ تۈگۈلمەيدۇ.)

ئوكۇنگۇچى ئۆمىندە ئارتادۇر.

(ماختانچاق ئىشتاننى بۇلغايدۇ.)

سۈت ئىچىر مەسكە سۈت بېر.

(سۇ بەرمىگەنگە سۈت بەر.)

ئىرىنگەگە ئەللىك قورى بوزيۇم تىكمەس.

(بويتاققا ئەللىك گەز بوزمۇ ئىشتان چىقمايدۇ.)

ئېرۇسەك ئەرگە تېگمەس، ئېۋۈك ئېۋۈگە تېگمەس.

(بۇزۇق ئايال ئەرگە يالچىمايدۇ، ئالدىراڭغۇ ئۆيىگە يېتەلمەيدۇ.)

قوش قىلىچ قىنقا سىغماس

(ئىككى قىلىچ بىر قىنغا سىغمايدۇ.)

ئىڭەن ئىڭرەسە، بوتوبوزلار

(ھىنگان ئىڭرىسا، بوتا بوزلايدۇ.)

ئىشەك ئايۇر باشىم بولسا، سۇندۇرىدا سۇ ئىچقايمەن.

(ئىشەك ئېيتار: بېشىم ئامان بولسا، دېڭىزدا سۇ ئىچىمەن.)

نىچە مۇندۇز ئىبرسە ئەش ئەزگۈ، نىچە ئەگرى ئەرسە يول ئەزگۈ.

(قانچە ئەخمەق بولسىمۇ، يولداش ياخشى، قانچە ئەگرى

بولسىمۇ يول ياخشى.

ئاغىلدا ئۇغلاق توغسا، ئارىقتا ئوتى ئۇنەر.

(ئېغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېرىقتا ئوتى ئۈنىدۇ.)

تەۋەي يۈك كوتۇرسە، قامىچ يەمە كوتۇرۇر.

(يۈك كۆتەرگەن تۆگە، چوقۇم قامچىمۇ كۆتىرەلەيدۇ.)

ئاتاسى ئاچىغ ئالما يىسە، ئوغلىنىڭ تىشى قامار

(ئاتىسى ئاچچىق ئالما يېسە، ئوغلىنىڭ چىشى قامار.)

ساچراتغۇدىن قورقمىش قۇش، قىرىق يىل ئازرى يىغاچ ئوزە قونماس.

(تۇزاقتىن قورققان قۇش، قىرىق يىل ئاچا ياغاچقا قونمايدۇ.)

ئاناسى تەۋلۈك يۇپقا ياپار، ئوغلى تەتىك قوشاقاچار

(ئانىسى قوۋلۇق قىلىپ نېپىز (نان) ياقسا، بالىسى زىرەكلىك قىلىپ قوشلاپ يەيدۇ.)

تېگىرمەندە تۇغمىش سىچقان كوك كوكرەكىگە قورقماس.

(تۆگەندە تۇغۇلغان چاشقان گۈلدۈرمامىدىن قورقمايدۇ.)

ئودكىچەر كىشى تويماس، يالىڭۇق ئوغلى مەڭگۇ قالماس

(ئالەم ئۆتەر، ئادەم تويماس. ئىنسان بالىسى مەڭگۇ ياشىماس.)

قارغا قازغا ئوتكۇنسە، بۇتى سىنۇر.

(قاغا غازنى دورىسا بۇتى سۇنىدۇ.)

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

ماركس، ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا»
(«دۆلەتلىك سەنئەت نەشرىياتى»
موسكۋا 1957 - يىل، رۇسچە نەشرى)
ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ
چىقىشى» (شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتى.
54 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى).
ۋ. ئى. لېنىن: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا»
(دۆلەتلىك بەدىئى ئەدەبىيات نەشرىياتى،
موسكۋا 1957 - يىل رۇسچە نەشرى).
ماۋزېدۇڭ: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا»
(مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى)
گ. ۋ. پىلخانوۋ: «پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»
(موسكۋا 1958 - يىل، 5 - توم
رۇسچە نەشرى)،
ل. ئى. تېموفېيوۋ: «ئەدەبىيات نەزىرىيىسى»
(دۆلەتلىك مائارىپ نەشرىياتى، 1948 - يىل،
موسكۋا رۇسچە نەشرى).
سىماچيەن: «تارىخنامە» (ھونلار ھەققىدە قىسسە)
بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى» (ھونلار ھەققىدە قىسسە)
دۇسان: «موڭغۇل تارىخى»

ماچاڭشۇ : «شىمالى تورالار ۋە هونلار»
يۇي شىلياۋتى : «غەرپتە بۇددىزىمنىڭ تارقىلىشى»
(يۇقۇرقىلار شاڭخەي شاڭۇۋ، سوڭيۇەن نەشرىـ
ياتى، 1933 - يىل خەنزۇچە نەشرى)
بارتولىد : «بارتولىد تاللانما ئەسەرلىرى»
ۋ.ئى. ئاۋدىيوۋ : «قەدىمى شەرق تارىخى» (دولەتلىك
سىياسى ئەدەبىيات نەشرىياتى، موسكۋا
1951 - يىل رۇسچە نەشرى).
«ئۆزبېكىستان تارىخى» (ئۆزبېكىستان پەنلەر
ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، تاشكەنت 1958 -
يىل، ئۆزبېكچە نەشرى).
«شەرق خەلقلىرىنىڭ مەدىنىيەت ۋە سەنئىتى»
(لېنىنگراد 1965 - يىل رۇسچە نەشرى).
ماركاپولو : «خاتىرىلەر» (موسكۋا 1955 - يىل رۇسچە
نەشرى).
مەخمۇت قەشقەرى : «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (ئۆزبېكىستان
پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1960 - يىل
ئۆزبېكچە نەشرى).
س. مالوف : «قەدىمى تۈركى يازما يادىكارلىقلىرى»
موسكۋا 1951 - يىل رۇسچە نەشرى).
ن. ئا. باسكاكوۋ : «تۈركى تىللار» (موسكۋا 1959 -
يىل رۇسچە نەشرى).
ن. غوپوروۋ «ئەل فارابىنىڭ مەدىنىيەت تارىخىدا تۇتقان
ئا. قاسىمجانوۋ ئورنى» (موسكۋا
1975 - يىل رۇسچە نەشرى).

س. گىلاشتورى: «قەدىمى رۇنىك يېزىقىدىكى يادىكار-
لىقلار — ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ مەنبەئىدۇر»
(موسكۋا 1964 - يىل رۇسچە نەشرى).
ن. ئى. تىخونوۋ: «ئۇيغۇر دولەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئى-
گىلىك قۇرۇلۇشلىرى توغرىسىدا»
(موسكۋا 1966 - يىل رۇسچە نەشرى).
غ. ئابدۇللىن: «تارىخ ئاديان (دىنلار تارىخى)»
(قازان 1918 - يىل تاتارچە نەشرى).

مۇقاۋىنى ۋە رەسىملىرىنى: غازى ئەھەت سىزغان

统一书号：M10098·559
定　价：　0.84元